# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

## تارىخى ئەسلىمىلەر

(29)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

باش مۇھەررىرى: خالىق ساقى
ئەركىن ھوشۇر
جاۋابكار مۇھەررىرلىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى
دىلدار

## مۇندەرىجە

ئوسمان زادى قانداق ئادەم......پاتىقان سۇگۇربايوۋ 1
شىبىلىق شىشسەينىڭ قىپىن ئاتىسى چىۋ-
زۇڭجۇەن ۋە باشقىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ھەققىدە
ئەسلىمە......................فەن زۇڭشىياڭ 120
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە خۇيزۇ پولكى........
.......................مەنسۇر لوسىيوۋ 209
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى باج ئىشلىرى
ھەققىدە ئەسلىمە..................مەھەممەت ھەسەن 226
تىنچلىق بىتىمىنىڭ ھاسىل قىلىنىشى ۋە بۇزۇلۇشى
.......................مەھمۇتجان ئاسىم 239
ئەمەلگە ئاشماي قالغان پىلان....مەھەممەت تۇرسۇن 253
1934 - يىلى 3 - ئايدا قەشقەر يېڭىساردا بولغان قانلىق
ئۇرۇشنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى..........خېۋىر تۆمۈر 269
جەڭ مەيدانىدىكى خاتىرە ..........ئەمەت توختى 276
ئاقسۇدا بولغان ۋەقەلەر..............چاۋار يۇسۇپ 288
كۆرگەن - بىلگەنلىرىمدىن ئەسلىمە ............
........................ موللاخۇن قۇربان 300
خەبىب ئابزىنى ئەسلەيمەن .........ھاكىم جاپپار 309
پېشقەدەم زىيالىي — ئەسەت ئىسھاقوۋ..........
........................شېرىپ خۇشتار 315
ئوقۇتقۇچىمىز گۇلەندەم ئانا ھەققىدە ..........
.........................رىزۋانگۇل ئابلەت 320

# 目 录


乌斯曼其人 …………………………………………帕提汗·苏古尔巴也夫 1

邱家大血案侦破记 ……………………………………………范宗湘 120

三区革命与回族骑兵团 ………………………………………曼苏尔·罗米尤夫 209

回忆三区革命时期的税务 ……………………………………穆罕默德·艾山 226

和平条款的签订和被撕毁 ……………………………………买木提江·阿斯木 239

没有实现的计划 ………………………………………………穆罕默德·吐尔逊 253

喀什噶尔—英吉沙之战之简况 ………………………………海威尔·铁木尔 269

战场回忆录 ……………………………………………………艾合买提·托合提 276

阿克苏发生的几个事件 ………………………………………恰瓦尔·玉素甫 288

我所知道的二三事 ……………………………………………毛拉洪·库尔班 300

忆海比甫·阿比孜 ……………………………………………阿克木·加帕尔 309

老知识分子——艾斯海提·伊斯哈科夫 ……………………谢曰甫·胡西塔尔 315

我们的老师古兰旦木阿娜 ……………………………………热孜婉古丽·阿不来提 320

پېشقەدەم ئىنژېنېر — ئەلى جالالىدىن ………… ………………مەھەممەتقۇربان ئەزىز يارى 330

چاقىلىق مائارىپىنىڭ 50 يىلى …… ئابدۇۋەلى روزى 336

گۇڭ - غوجىلارنىڭ تارىخى …… موللانىيازخان ھاجىم 356

كارىز توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم ……ئەنۋەر ئەزىزى 360

شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپون باشقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرى ۋە ياردەملىرى…… ……………ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 370

老工程师——艾力·加拉力丁 ……………………………………买买提库尔班·艾则孜·牙日 330

婼羌教育50年 ……………………………………………………阿不都外里·肉孜 336

王公与和卓史 ……………………………………………毛拉尼牙孜汗·阿吉 356

我所知道的有关坎儿井的历史 ……………………………………艾尼瓦尔·艾则孜 360

新疆人民在抗日战争时期所作的伟大贡献 ……………………………阿不力孜·穆罕默德·沙依拉米 370


# ئوسمان زادى قانداق ئادەم

پاتقان سۇگۇربايوۋ

## كىرىش سۆز

مەن بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئالتاي ئىنقىلابى توغرىسىدا» ناملىق بىر ماقالە يازغانىدىم. ئۇ «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە 25 - سانىغا بېسىلىپ چىقىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى، شۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىسىدا بېرىلگەن ئەسكەرتىشتە، ئوسماننىڭ 1945 - يىلى 9 - ئايدىن كېيىنكى ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا ئايرىم ماقالە يازماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتقانىدىم. ھازىر شۇ ۋەدەمگە ئاساسەن «ئوسمان زادى قانداق ئادەم» دېگەن تېمىدىكى بۇ ماقالىنى يازدىم.

ماقالە بەش قىسىمغا بۆلۈندى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق نۇقتا 4 - قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قىسىملىرىدا 1940 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە بولغان مەزگىللەردىكى ئوسمان توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۈمەن. بۇ ئىككى قىسىمدا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئالتاي ئىنقىلابى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنە ئۇنىڭ بۇنداق بولۇشىدا بىر قانچە تەرەپلەر كۆزدە تۇتۇلدى. بىرى: نۇرغۇنلىغان كىتابخانلار «ئالتاي ئىنقىلابى» توغرىسىدا يېزىلغان بۇرۇنقى ماقالىنى ئوقۇغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ ماقالىنى ئوقۇغان

چاغدا، ئالدىنقى ماقالىنىڭ ئوسمانغا مۇناسىۋەتلىك جايلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ھازىرقى بۇ ماقالەمگە ئۇلاپ، ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن بىر گەۋدە سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ئوسمان توغرىسىدا بىر قەدەر ئېنىق، توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولار دېگەندىن ئىبارەت. «ئالتاي ئىنقىلابى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدە پەقەت ئوسماننىڭ قاراڭغۇ تەرىپىلا كۆرسىتىلگەن، يورۇق تەرىپى تىلغا ئېلىنمىغان، قىسقىسى تارىخقا، تارىخىي پاكىتقا ھۆرمەت قىلىنمىغان دەپ ئويلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئالدىنقى ماقالىنى پەقەت كۆرمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوسماننىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا خەۋەرسىز ياكى بۇ ھەقتە يۈزەكى چۈشەنچىسى بار بەزىلەر: ئوسمان ئەسلىدە قانداق ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئادەم، دەپ ئويلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا بۇ قېتىم «ئوسمان زادى قانداق ئادەم» دېگەن تېمىدا مەخسۇس توختىلىپ، ئۇنىڭ ھايات ۋەقەلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، ئازراق تەكرارلىنىش بولسىمۇ، ئالدىنقى ماقالىدە بايان قىلىنغان ئوسمانغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى مۇمكىنقەدەر سىستېمىلاشتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم ئىزاھلاپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۈم.

يەنە بىر ئەھۋال، ئوسمان — كۆزقارىشى مۇرەككەپ، سىرلىق ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ بىر مەزگىل بىر قانچە مەسىلىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن شەكلەن قىياپىتى بىلەن ئىچكى دۇنياسىنى پەرقلەندۈرۈپ تونۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىنىڭ قانداق نەتىجە بەرگەنلىكىگە قاراش كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتا بويىچە، بۇ ماقالىدە، ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈم بىۋاسىتە كۆرگەن، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئاساس قىلدىم. ئوسماننىڭ ھەر بىر تارىخىي مەزگىللەردە ئوينىغان رولى توغرىسىدا بىلگەنلىرىمنى قىسقىچە ئىزھار قىلىپ ئۆتتىم.



يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئوسماننىڭ 1946 - يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمىلىك مۇناسىۋىتىدە، ئوبيېكتىپ پاكىتلار تۈپەيلىدىن تا ھازىرغىچە بىلەلمىگەن تەرەپلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا بۇنى بىلىدىغان يولداشلارنىڭ تولۇقلاپ قويۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭدەك يەنە بۇ ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلار بىلەن شۇ پاكىتلار ئاساسىدا بايان قىلىنغان كۆز قاراشلار ھەققىدە ئوخشىمىغان پىكىر، ئوخشىمىغان كۆز قاراشتا بولغۇچىلار بولسا، ئۇلارنىڭمۇ تارىخىي ماتېرىياللارنى يېزىش پرىنسىپى بويىچە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ پاكىتلىرى بىلەن كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## بىرىنچى قىسىم ئوسمان ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى

ئوسمان ئىسلام ئوغلى، مىللىتى قازاق بولۇپ كېرەينىڭ مولقى قەبىلىسى، ئايتوغان بوغۇمىدىن. ئۇ، 1889 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسى ئۆندىرقارا كەنتىدە تۆۋەن ئوتتۇرا چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1940 - يىلغىچە كۆكتوقايدا ئائىلە چارۋىچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. 1940 - يىلى فېۋرالدىكى ۋە 1941 - يىلى ئىيۇندىكى ئالتاي خەلقىنىڭ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىككى قېتىملىق قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. 1941 - يىلى 10 - ئايدىن 1943 - يىلى 7 - ئايغىچە ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ باشلامچىسى، 1943 - يىلى 7 - ئايدىن 1945 - يىلى 9 - ئايغىچە ئالتاي پارتىزانلىق ھەرىكىتىنىڭ باشلىقى، «ئالتاي خەلق ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى»نىڭ باشلىقى، 1945 - يىلى 10 - ئايدىن 1947 - يىلى 2 - ئايغىچە «ئۈچ ۋىلايەت» ئالتاي

ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى، 1946 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭ تەرەپ بىلەن بىتىمگە كەلگەندىن كېيىن) ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1948 - يىلى 2 - ئايدىن 1949 - يىلى ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى يۆلەپ تۇرغۇزغان قورچاق ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان (بۇ قورچاق ۋالىي مەھكىمە گۆچەڭدە ئىدى). 1951 - يىلى مايدا باندىت، ئەڭ ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ بېكىتىلىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن (جەسىتى 1952 - يىلى 11 - ئايدا كۆكتوقايدىكى ماكانىغا ئاپىرىپ قويۇلدى).

ئوسمان ئات ئېڭەك، ئۇزۇن تۇمشۇق، قىزىل ئۆڭلۈك، يوغان كۆز، قويۇق چاچلىق، بومبا ساقال، كۈچلۈك، بەستلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ئاز سۆزلۈك، ئىچكى سىرىنى ئاسانلىقچە ئاشكارىلىمايدىغان، سالماق، شۇنىڭدەك ھوشيار، ئېھتىياتچان، ساۋاتسىز — ئىلىپنى چوماق دەيدىغان ئادەم ئىدى.

ئۇ قىشتا ئۇندىرقارا دېگەن جايدا قىشلاپ، يازدا ئالاغىر، ئارىشاڭ، ئاقبۇلاق، قوجىرتى قاتارلىق جايلاردا تۇراتتى. ئۇنىڭ بوۋىسى بىر قەدەر ھاللىق چارۋىچىلىقنى كەسىپ قىلغان، دىنىي بىلىمدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار موللىلاردىن بولۇپ، دادىسى ئىسلامنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئاستا - ئاستا كەمبەغەللەشكەن. ئوسمان ئۆزى ئائىلە باشلىقى بولغاندىن تارتىپ كەمبەغەلچىلىكتە تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇ، 1941 - يىلىدىن ئىلگىرى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ كۆكلەم ئوتلاقلىقى كورتى دېگەن يەردىكى «ئىككى قىزىلتاش» بۇلىقى بويىغا ئارپا، تېرىق تېرىپ شۇنىڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. بەزەن چاغدا يىپ - يىڭنە، تۈگمە، تاغاق قاتارلىق ئەرزىمەس ماللارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سودا - سېتىقمۇ قىلغان. 1941 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە بولغان ھاياتى شېڭ شىسەيگە قارشى ئېلىشىش



جەريانىدا سەرسانلىقتا، بىر توق، بىر ئاچ يۈرۈپ، «قونالغۇسىنى ساي، ئۇچۇشىنى شامال بىلگەن» دېگەندەك دالا تۇرمۇشىدا ئۆتكەن. پەقەت 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بايان ئىسىملىك بىر تول ئايال بىلەن نىكاھلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىنلا باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەن.

ئوسمان ئاكا - ئۇكا ئىككى ئوغۇل ئىدى. ئىنىسى دەلىلقان ئىسلام 1942 - يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى شېڭ شىسەي دائىرىلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ۋاپات بولدى.

ئوسمان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ خوتۇن ئالغان. بىرىنچى خوتۇنى نۇرەمزا دېگەن ئايال بولۇپ، ئۇنىڭدىن شېردىمان، شېريازدان، نېمەتۇللا، نەبى، بايدۇللا، كارىي ئىسىملىك ئالتە ئوغۇل، كابىرا، پانسىيا ئىسىملىك ئىككى قىز تۇغۇلغان. بىرىنچى خوتۇنى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى خوتۇنى ماھەيدىن قاپىيا، ساپىيا، زامىيا ئىسىملىك ئۈچ قىز كۆرگەن. كېيىن تول ئالغان خوتۇنىدىن ئاماق ئىسىملىك بىر ئوغۇل كۆرگەن. مۇشۇ بالىلاردىن شېريازدان 1940 - يىلىدىكى بىرىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭدىكى قايىرتى ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان. ئىككىنچى خوتۇنى بىلەن ئۈچ ئوغۇل، بەش قىز جەمئىي توققۇز جان ئادەم 1942 - يىلى 2 - ئايدا بۇربىجاي باشچىلىقىدىكى شېڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ، دەسلەپتە سارسۈمبە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى) دە، كېيىن كۆكتوقاي بازىرىدا رىنجىتىش ئاستىدا تۇرغان. 1944 - يىلى 5 - ئايدا پارتىزانلارنىڭ بىر قېتىملىق كۈچلۈك زەربىسىگە ئۇچراپ، تولىمۇ ئۆچلەشكەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كۆكتوقاي بازىرىدىكى قىرىقتىن ئارتۇق يەرلىك بىگۇناھ پۇقرالار بىلەن تۇتقۇنلارنى قىرغاندا، ئوسماننىڭ 18 ياشلىق قىزى كابىرا بىلەن 14 ياشلىق ئوغلى بايدۇللانى ئانىسى ماھەيگە قارىتىپ تۇرۇپ چاناپ ئۆلتۈرگەن. 11 ياشلىق ئوغلى كارىينى 20 نەچچە

مېتر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇققا تاشلاپ ئۆلتۈرگەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھوشىنى يوقاتقان مامەي ئۆزىنى ژۇلقىنىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئاتىدۇ. بىرنەچچە يۈز مېتر يەرگە ئېقىپ بېرىپ ئايلانمىدا تۇرۇپ قالغاندا پارتىزانلار قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. بىراق نېمە ئۈچۈندۇر ئوسمان بۇرۇندىن تارتىپ بۇ خوتۇننى ئانچە ياخشى كۆرمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى يېقىندىلا ھەم دۆلەتلىك، ھەم سۆلەتلىك تۇل خوتۇن بىلەن نىكاھلىنىۋالغانلىقتىن مامەيگە خوتۇنى قاتارىدا ئەمەس، مالىيى قاتارىدا مۇئامىلە قىلاتتى. مۇشۇنداق تەڭسىزلىكتە كۆنەلمىگەن مامەي 1948 - يىلى يازدا ئوسمان بىلەن ئاجرىشىپ كېتىدۇ. پانسىيا ئىسملىك قىزى 1942 - يىلى شىڭ شىسەينىڭ كۆكتوقايدىكى ھۆكۈمەت ئورنى تەرىپىدىن ئوسمانغا خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن ئەۋەتىلىپ، شۇ پېتى دادىسىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ قېلىپ ھايات قالىدۇ. ئوغۇللىرىدىن شىردىخان، نېغمەتۇللا، نەبىلەر 1941 - يىلدىن تارتىپ ئوسماننىڭ يېنىدا بىللە بولۇپ، 1951 - يىلىنىڭ بېشىدا ئوسمان گەنسۇنىڭ خەيزى دېگەن يېرىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن قولغا چۈشكەندىن كېيىن، شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ، بۇرۇنقى ھەمراھلىرىنى توپلاپ، ئالتاي - بوغدا ئارىلىقىدا باندىتلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1952 - يىلى 9 - ئايدا پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇپ، 1969 - يىلى تۈرمىدە ۋاپات بولىدۇ. نېغمەتۇللار 1972 - يىلى ئاغرىق سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ. نەبى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ كورتى يېزىسىنىڭ ئېرتىش قىشلىقىدا، ئاماقى كورتى يېزىسىنىڭ كورتى قىشلىقىدا ھېلىمۇ ھايات بولۇپ، ئەل قاتارى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ.



## ئىككىنچى قىسىم 1940 - يىلىدىن 1943 - يىلى 7 - ئايغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئوسمان

ئوسمان 1940 - يىلى 2 - فېۋرالدىكى ئېسىمخان، ئاقبېتكە، ئېرىسقان، سۇلايمان تۇسىپ رەھبەرلىك قىلغان ئالتاي خەلقىنىڭ شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي جەھەتتىكى فاشىستىك زۇلمىغا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چېكىدىن ئاشقان ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلىڭىغا باشتىن - ئاخىر قاتنىشقان ۋە ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان. مەسىلەن: 1940 - يىلى 7 - ئاينىڭ بېشىدا 40 نەپەردەك ئادەمنى باشلاپ ئۆر ئالتايدىكى جاپسار يايلىقى ئارقىلىق قۇۋ ئېرتىشكە كېلىپ، دەريادىن سال ئارقىلىق ئۆتۈپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىگە قاراشلىق كۆرتى دېگەن جايىدىكى بىر پوچتا پونكىتىغا ھۇجۇم قىلىپ، پونكىتتىكى ئون نەچچە ئەسكەرنى تامامەن يوقىتىپ، پونكىتنى ئىگىلەيدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە سارسۇمبە تەرەپتىن كۆكتوقاي بازىرىغا كېلىۋاتقان ئىككى نەپەر پوچتالىيون بۇلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالىدۇ. ئوسمان ئۇلارنى سوراق قىلغاندا، ئۇلار ئارقا تەرەپتىن بىر ئىزۋوت ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشىدا، شېڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 200 تۆگىگە ئارتقان ھەربىي تەمىناتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئون تۆگىگە ئارتقىنى ئوق - دورا) كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئوسمان ئادەملىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئەپلىك جايدىن يول توسۇپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بىر ئىزۋوت ئەسكەرنى يوقىتىپ 200 تۆگىگە ئارتىلغان ھەممە يۈك - تاقلارنى ۋە قورال - ياراقلارنى غەنىمەت ئالىدۇ.

ئوسماننىڭ بۇ غەلىبىسى خەلق ئىچىگە تارقىلىپ، ماختاشقا، مەدھىيىلەشكە سازاۋەر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوسمان ئاشۇ

قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىللاردىن بولغان تارشاتى، ئارشالى، ئاشاسى، ئىشقىتى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشلاردا باشقا سەپداشلىرى بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ، كۆرۈنەرلىك غەلىبىلەرنى قازىنىدۇ. شىڭ ھۆكۈمىتى 1940 - يىلى فېۋرالدىكى ئالتاي خەلقىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قوزغىلىڭىدا ئاغزى - بۇرنى قانغا بويىلىپ زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، شۇ يىلى 10 - ئايدا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئالتە ماددىلىق كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. لېكىن كۆپ ئۆتمەيلا شىڭ ھۆكۈمىتى ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، خەلقنىڭ بېشىغا يېڭىباشتىن زۇلۇم ئوچىقىنى ئورناتماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭغا قارشى خالىل بىلەن راخات ئاتا - بالا ئىككىسى باشلىغان ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە، ئوسمان بۇ قوزغىلاڭغىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ بەلگىلىك تۆھپە قوشىدۇ. لېكىن بۇ قېتىم قوزغىلاڭچىلار سان ۋە قورال - ياراق تەرەپتىن ئۆزلىرى بىلەن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدىغان شىڭ ئارمىيىسىنىڭ قانلىق باستۇرۇشى ئارقىسىدا مەغلۇپ بولىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ خالىل قاتارلىق باشلىقلىرى قېچىپ كېتىدۇ. خەلق جانىمقانىنىڭ ساختا ۋەدىسىگە ئالدىنىپ قوراللىرىنى تاشلايدۇ. ئوسمان 20 نەچچە ئائىلىنى باشلاپ جوڭغار قۇملۇقى ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

ئوسمان جوڭغار قۇملۇقى ئىچىگە كىرگەندىن باشلاپ نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلىك جەريانلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تاغ ئارىلاپ داۋان ئېشىپ، سەرگەردان يۈرۈپ، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىدا قارنى كۆرپە، مۇزنى ياستۇق قىلىپ، يازنىڭ ھۆلچىلىك چېغىدا يامغۇرنى يېپىنچا قىلىپ، تومۇزنىڭ جانىدىن ئۆتىدىغان چىدىغۇسىز ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، مۇشەققەتلىك باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ.



## بىرىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭغا ۋارىسلىق قىلىپ تەشكىللىنىش

ئوسمان 20 نەچچە ئائىلىنى باشلاپ جوڭغار قۇملۇقىغا كىرىپ كېتىپ كۆپ ئۆتمەي كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن سۇلايمان بېكتۇر، كادىرباي جويجاڭ قاتارلىقلار يىگىرمىدەك ئائىلىنى باشلاپ كېلىپ ئوسمانغا قوشۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەللىككە يېقىن ئائىلە، ئىككى يۈزگە يېقىن ئاھالە جوڭغارنىڭ گوبى قۇمى ئىچىدىكى «قاراغاندىشبە» دېگەن يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنىدۇ. 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئۇزۇق - تۈلۈكتىن قىسىلغاچقا، ئۈرۈمچى تەرەپتىن ئالتايغا 20 نەچچە تۆگىگە گۈرۈچ ئارتىپ كېلىۋاتقان كىراكەشلەرنى توسۇپ، تۆگە بىلەن گۈرۈچلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، ئادەملىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. نەتىجىدە ئوسمان ئۆزلىرىنىڭ كۆزدە تەسلىم بولماي قېچىپ كەتكەنلىكلىرىنى، ھازىر نەدە تۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى دۈشمەنگە ئاشكارىلاپ قويىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان شىڭ ھۆكۈمىتى 1942 - يىلى 2 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئەل باشلىقلىرىدىن ۋاڭ، بېي، ماغاۋىيا زالىڭ ۋە مەمىلە زەڭگى قاتارلىقلارنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئوسماننى «ئەل بولۇپ قايتىپ بارساڭ ھۆكۈمەت تەگمەيدۇ» دېگەن گەپلەر بىلەن ئالداپ تەسلىم قىلدۇرماقچى بولىدۇ. ئوسمان بۇ ئەلچىلەرگە: «باشقىنى دېمەيلى، تېخى تۈنۈگۈنلا بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرىدىن خالىلنى ۋە قوزغىلاڭنى يوشۇرۇن پىلانلىغۇچى دېگەن بوھتان بىلەن بۇقاتۋالىنى ئۈرۈمچىگە بېرىپ دوبەن بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ قايتىدۇ، دەپ ئالداپ ئاپىرىپ، تۈرمىگە تاشلىغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىزگە تەگمەيدىغىنىغا كىم ئىشىنىدۇ» دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئەل بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئېغىز ئاچۇرماي قوغلىۋېتىدۇ.

شىڭ ھۆكۈمىتى «بۇ بالايى - ئاپەتلەر»نىڭ قار كېتىپ،

ياز كەلگەندىن كېيىن ئالتاي تاغلىرى ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنى قومدىن چىقىشتىن ئىلگىرى قورال كۈچى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولىدۇ. 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بوربىجاپنى (موڭغۇل) باشلىق قىلىپ 200 ئەسكەر بىلەن ئەۋەتىدۇ. ئىككى تەرەپ ئۇشبۇلاق ئەتراپىدا ئۇچرىشىپ بىر ئاز ئېلىشقاندىن كېيىن ئوسمان ئۇرۇش شارائىتىنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئون نەچچە ئادىمى بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. بوربىجاپ قالغان قوزغىلاڭچىلارنى، جۈملىدىن ئوسمان، سۇلايمان ۋە قاباسلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى سارسۇمبە شەھىرىگە ھەيدەپ ئەكىلىپ نازارەت ئاستىغا ئالىدۇ. ھۆكۈمەت بوربىجاپنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنى سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

1942 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى باتۇرلىرىنىڭ بىرى كادىرباي جۇيجاڭنى ئاۋۋال بىر مەزگىل ئۆيىگە يوشۇرۇپ، كېيىن ئۇنى ئوسمان تەرەپكە يولغا سېلىپ قويغان كېلەس ئۆزىنىڭ قولغا ئېلىنماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئون نەچچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، قازانقۇم دېگەن يەردە تۇرۇۋاتقان ئوسماننى تاپىدۇ. 1943 - يىلىنىڭ بېشىدا ئوسمان، كېلەسلەر 40 نەچچە ئادەم بولۇپ، بەيتىك تېغىغا يېقىن قارامايىل دېگەن يەرگە بارىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتلاردا بېشىغا كۈن چۈشۈپ خەۋپ ئاستىدا قالغان ماسەي، سىيىت قاتارلىق 20 نەچچە كىشىمۇ ئوسمانغا قوشۇلىدۇ ۋە ھەممىسى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىسىدا ئالتاي تېغى ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

5 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئوسمان ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى دەلىلقاننى «ئەگەر ھۆكۈمەت سارسۇمبىدىكى نەزەربەندتە تۇرۇۋاتقان خوتۇن - بالىلىرىمنى ئەكىلىپ بېرىشكە



ۋەدە بەرسە، قورال تاپشۇرۇپ بېقىنىمەن» — دېگەن سۆزلەر بىلەن كۆكتوقايغا ئەۋەتىدۇ. كۆكتوقايدىكى شېڭ ھۆكۈمىتى ئوسمانغا دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ: «ئىنىڭنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئاغرىپ قالغاچقا قايتالمىدى. خوتۇن - بالىلىرىڭنى 6 - ئاينىڭ × كۈنى مۇئاۋىن ھاكىم قاجىنابى، ماغاۋىيا زالىڭلار ئاپىرىپ قولۇڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئىشقىنىڭدا كۈتۈۋال» دەپ خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ئىشتا ئۇلار ئۆزئارا ئۇنداق - مۇنداق دەپ ۋەدە قىلىشىشمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز كۆڭۈللىرىگە پۈككەن يوشۇرۇن مەقسەتلىرى بار ئىدى. ئوسمان بولسا «مۇشۇنداق قىلساڭ ئەل بولىمەن» دەپ بالىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈۋالماقچى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ مەقسىتى بولسا ئوسماننىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى ۋاستە قىلىپ، ئوسمانلارنى ئالداپ تورنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ ئەدىبىنى بەرمەكچى. كېلىشكەن كۈنى ئۇلار ئوسمان قاتارلىق تۆت ئائىلىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ، ئۈچ يۈزدەك ئەسكەرنىڭ قوغدىشى بىلەن ۋەدە قىلغان جايغا بارىدۇ. ئوسمانلار يىراقتىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر بىلەن كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ، قايرىتىنىڭ بېشىدىكى تاغقا چىقىپ كېتىدۇ.

6 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى شېڭ ھۆكۈمىتى ئوسمانغا سالىق تەيجى، ئەدىلقان بېي قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، قورال تاپشۇرۇپ ئەل بولۇشقا نەسىھەت قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوسمان باشلىق زور كۆپچىلىك كىشىلەر كۆنمەي، ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ئېلىشىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىدۇ. ئەمما قاباس تىركەش، ئابدۇراخمان بېي، كادىرباي جۇيجاڭ قاتارلىق ئالتە كىشى تەلەي سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتە - ئۆتمەستىن كادىرباي يەنە قولغا ئېلىنىدۇ. بىرنەچچە ئايدىن بۇيان كۆكتوقاي بازىرىدا نەزەربەندتە تۇرۇۋاتقان ئوسماننىڭ ئىنىسى دەلىلقانمۇ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ (كېيىن ھەر

ئىنىكىسى تۇرمىدە ئۆلدى)، بۇنى كۆرگەن قاباس تىركەش، ئابدۇراخمانلارلا ئەمەس، ھەتتا ئۆتكەن يىلدىكى كۆتۈرۈلۈشكە قاتنىشىپ كېيىن ئەل بولغان باشقىلاردىمۇ قورقۇنچ پەيدا بولۇپ، جەمئىي 40 نەچچە كىشى قېچىپ چىقىپ ئوسمانغا كېلىپ قوشۇلدۇ. 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا كۆكتوقاي ساقچى ئىدارىسى ئۇرۇمچىدىكى تۇرمىدە ياتقان خالىل، زەينەللەرنى يوقلاپ كەلگەندە نەزەربەند قىلىنغان يېرىدىن قېچىپ كەلگەن قابىي تىمشى، جەمشىت كاكاشالارنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىدۇ. بۇنى كۆرگەن خالىلنىڭ ئىككىنچى ئوغلى سايىپ پۈتۈن ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، ئادەم تۇتۇشقا چىققان 20 نەچچە ئەسكەردىن ئۈچ - تۆتىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىنى باغلاپ قويۇپ، ئۆز كىشىلىرىنى بوشىتىۋېلىپ، غەنىمەت ئالغان مىلتىقلار بىلەن قوراللىنىپ، جەمئىي 30 نەچچە كىشى ئوسمانغا بېرىپ قوشۇلدۇ.

1943 - يىلى 6 - ئايدا چىڭگىل ناھىيىسىدىن سۇلۇباي، تىسكەمباي، توقتاۋايلار يىگىرمىدەك ئادەم بىلەن قېچىپ چىقىپ ئوسمانغا قوشۇلدۇ. قىسقىسى، 1940 -، 1941 - يىلدىكى ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، كېيىن ئىلاجسىز قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولغان ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قولغا ئېلىنىش خەۋپى بولغانلار بىردىن، ئىككىدىن قېچىپ چىقىپ، ئوسمانغا قوشۇلغۇچىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ باردى.

### قانلىق ئېلىشىشلاردىن كېيىنكى قورال ئولجىسى

1942 - يىلى 2 - ئايدا شېڭ ھۆكۈمىتى بوربىجاپ باشچىلىقىدا 200 كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ ئوسمان بىلەن بىرىنچى قېتىم ئېلىشقاندىن كېيىن يەنە نۇرغۇن قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ ھۇجۇم قىلدى، ھەتتا كەينى - كەينىدىن ئىز بېسىپ



قوغلاپ، تىنىماي ئۇرۇش قىلغان ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. بەزىدە ئوسمانلار ئۆزلىرى ئىزدەپ بېرىپ قىلغان ئۇرۇشلارمۇ بولۇپ تۇردى. بۇ ئۇرۇشلاردىن دائىرىسى بىر قەدەر كەڭرەك بولغانلىرى قارامايلى، جىبەك، قولانقۇدۇق، بالئىرتىش، كورتى، قوجىرتى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشلاردۇر. بۇ ئۇرۇشلاردا ئوسمان ھەم قوماندان ھەم جەڭچى بولدى. ئۇ ئېپىنى تېپىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش، گاھىدا قېچىپ يۈرۈپ ئۇرۇشۇش تاكتىكىلىرىنى قوللىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شېڭ ئارمىيىسىنىڭ بىريۈز يىگىرمىدەك ئادىمىنى يوقىتىپ، سەكسەنچە مىلتىقنى غەنىمەت ئالدى.

## ئۈچىنچى قىسىم 1943 - يىلى 7 - ئايدىن 1945 - يىلى 9 - ئايغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئوسمان

### دەسلەپكى ئويغىنىش

1943 - يىلنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئوسماننىڭ سان جەھەتتىن تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆز دۈشمەنلىرىگە تېخىمۇ ئەجەللىك زەربە بېرىشى ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى. لېكىن سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ئادەم سانىنىڭ قىسقىلا ۋاقىتتا مۇنچىلىك چاپسان كۆپىيىپ كېتىشى قولىدا مۇقىم جۇغلانمىسى يوق ئوسمان ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنچە كۆپ ئادەمنى ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، ئات - ئۇلاغ، قورال - ياراق قاتارلىقلار بىلەن ئادەتتىكى ئۇسۇل - چارە ئارقىلىق ھەل قىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «بېشى قايغان تامغا ئۇسەر» دېگەندەك، تەرەپ - تەرەپكە شاپاشلاپ يول تۇتۇپ بۇلاش، ئوغرىلىق قىلىش،

ئېلىپ قېچىشقا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا باندىتلىققا ياتىدىغان قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ بۇنداق قوپال، غەيرىي ئىنسانچىلىق ھەرىكىتىنىڭ زىيان - زەخمىتىدىن ئالتاي - بوغدا تاغلىرى ئارىلىقىدىكى خەلقلەرلا ئەمەس، ھەتتا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىز بىلەن (شەرقىي شىنجاڭ بىلەن) قوشنا رايونلىرىدا ياشايدىغان خەلقلەرمۇ خالىي بولالمايدۇ. نەتىجىدە، 1943 - يىلى 7 - ئايدا موڭغۇلىيە تەرەپ ئوسمانغا خەت يېزىپ قامقاش ئىسىملىك بىر كىشىنى (قامقاش قازاق بولۇپ، ئوسمان بىلەن قەبىلىداش) ئەۋەتىپ: «سىلەرنىڭ شىڭ شىسەيگە، گومىنداڭغا قارشى چىقىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئومۇمىي يۆنىلىشىڭلار دۇرۇس، لېكىن بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قىلىشتەك قوپال، غەيرىي ئىنسانچىلىق ھەرىكەتلىرىدە بولۇشۇڭلار توغرا ئەمەس. ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرۈشۈڭلاردىكى بەزى ئىلاجسىزلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىزمۇ چۈشىنىمىز. سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قوپال، غەيرىي ئىنسانچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن قول ئۈزۈپ، مىلتىقنىڭ ئاغزىنى پەقەت ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قارىتىڭلار. ئەگەر مۇشۇنداق قىلىشقا ماقۇل بولساڭلار، بىز سىلەرنى قوللايمىز. ھەر تەرەپتىن كۆپلىگەن ياردەملەرنى بېرىشكە تەييارمىز» دەيدۇ.

بۇ قوزغىلاڭ جەريانىدا، تەۋەككۇل كېيىنسىگە چىقىۋالغان، ھەرىكەتلىرىگە يۆلەنچۈك بولغۇدەك ئارقا تىرەك تاپالماي يۈرگەن ئوسمان باشلىق قوزغىلاڭچىلار ئۈچۈن بۇ زور خۇشاللىق ئىدى. شۇڭا ئۇلار، موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ بۇ تەكلىپىگە دەرھال ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ جاۋاب خەت يازىدۇ. جۈملىدىن قاباس، تىركەش، شىردىمان، تەسكەمباي قاتارلىق ئادەملىرىنى موڭغۇلـ



يىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بېرىپ بىرقانچە كۈن تۇرۇپ سۆھبەتلىشىپ قايتىپ كېلىدۇ. موڭغۇلىيە تەرەپ بارغانلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ماۋزېر، ئوسمانغا ئاتاپ بىر ئاپتومات، بىر دانە دۇربۇن سوۋغا قىلىدۇ.

ئارىدىن يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئوسمان موڭغۇلىيە تەرەپتىن بىر مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1943 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، موڭغۇلىيە تەرەپ قالقاباي، قابدىل، قۇرمانقان (قازاق) قاتارلىق ئالتە كىشىنى ئوسماننىڭ يېنىدا تۇرۇپ مەسلىھەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي «خەلقنىڭ شىڭ شىسەيگە قارشى تەشكىلاتى» دېگەن بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار تاي سويۇپ، ئات چاپتۇرۇپ توي قىلىپ، جانىبېكنىڭ ① تۇغىنى ئەپچىقىپ تىكلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوسمان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوزغىلاڭچىلار تەدرىجىي ھالدا ئۆتكەندىكى مەقسەتسىز غوۋا، ھەرىكەتتە قوپال، ئىستىخىيىلىك بىر كۈچتىن توغرا يۆنىلىشكە، مۇئەييەن ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە بىر كۈچكە قاراپ قەدەممۇ قەدەم ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان ئۇزۇن ئۆتمەي موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ بىرىنچى قېتىم ئەۋەتكەن 200 دانە بەش ئاتار مىلتىق، 40 دانە پىلىموت، 50 ساندۇق ئوق ۋە باشقا ھەربىي ياردىمىگە ئىگە بولىدۇ. قوشۇنىمۇ كېڭەيدۇ. ئالتايدا تۇرۇشلۇق شىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي زۇلۇمى ۋە ئالۋاڭ - ياساقلىرىدىن جاق تويغان كۆكتوقاي خەلقىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان شىڭ ھۆكۈمىتى كەينى -

① جانىبېك — قازاق خەلقىنىڭ 1700 - يىلى ئەتراپىدا ئۆتكەن بىر باتۇرى. ئۇنىڭ شۇ مەزگىلدە كۆتۈرۈپ يۈرگەن تۇغى چىڭگىل ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق زارىنقاننىڭ (زارىنقان جانىبەكنىڭ 11 - ئەۋلادى) قولىدا ساقلانغانىكەن.

كەينىدىن يەنە بىر زەمبىرەك باتالىيونى، بىر تانكا باتالىيونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت مىڭ ئالتە يۈزدىن ئارتۇقراق ھەربىي كۈچنى يۆتكەپ ئالتايغا ئەكىلىدۇ. ئاندىن 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەتراپىدا تولۇق ئىككى پولك ھەربىي كۈچنى سەپەرۋەر قىلىپ، قارا بۇلغۇن، دۆزە قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلىدۇ. قوزغىلاڭچىلارمۇ بوش كەلمەي ئوسماننىڭ قوماندانلىقىدا قارشىلىق كۆرسىتىپ شېڭ شىسەينىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى يوقىتىپ، بىرمۇنچە قورال - ياراقلارنى غەنىمەت ئالىدۇ. لېكىن شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق يېڭى تىپتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان مۇنتىزىم ئارمىيىسىگە تەڭ كېلىشكە نائىلاج بولۇپ چىڭگىل ناھىيىسى ئىچىگە چېكىنىپ بارىدۇ، بۇلارغا ئۇۋاتقان، جىلقايدار باشلىق چىڭگىل ناھىيىسى خەلقىنىڭ يېرىمى قوشۇلىدۇ، قالغان يېرىمىنى شېڭ ھۆكۈمىتى «قوغدايمىز» دېگەن باھانا بىلەن چىڭگىل بازىرىغا ھەيدەپ ئەكىلىۋالىدۇ.

## ئوسماننىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى بىر بۇرۇلۇش

ئوسمان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار يۇقىرىقىدەك شارائىتتا تۇرغان بىر چاغدا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ ئۆتۈپ كەتكەن دەلىلقان سۇگۇربايوۋ 1943 - يىلى 11 - ئايدا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارقىلىق چىڭگىلدىكى ئوسمان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئىچىگە كېلىدۇ، شۇنىڭدەك سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۆمۈرخان ئەرپباي باشلىق 12 كىشىلىك مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم موڭغۇلىيىدىن كەلگەن بۇ ئىككى تۈركۈم مەسلىھەتچىلەرنىڭ ئولتۇرغان ئۆيلىرىنىڭ رەڭگىگە قاراپ كىشىلەر ئاق ئۆينىڭ كىشىلىرى



(سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى)، كۆك ئۆينىڭ كىشىلىرى (موڭغۇلىيە مەسلىھەتچىلىرى) دەپ ئاتىشىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە سوۋېتلىك گېنېرال پوپوۋ، موڭغۇلىيىلىك گېنېرال دورجىلار موڭغۇلىيىنىڭ مايقانتاس چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنى ئاساس قىلىپ، موڭغۇلىيە زېمىنى ئىچىدە يۆتكىلىپ يۈرۈپ مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان بولىدۇ.

دەلىلقان سۇگۇربايوۋ قوزغىلاڭچىلارغا كېلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئوسمانغا سەمىمىي ئىخلاسى بىلەن ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنى، دەۋر يۈزلىنىشىنى، ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ، ئۆز مىللىتىگە ماس كېلىدىغان، خەلق كۆڭلىگە ياقىدىغان پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ. ئوسمان بۇ مەسلىھەتلەرنى ماقۇل كۆرۈپ، شۇ بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ۋەدە بېرىدۇ. دەلىلقان سۇگۇربايوۋ ئوسمان ئارقىلىق ئوسماننىڭ ئېشىدىكى باشقىلارغىمۇ بىرمۇنچىلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. نەتىجىدە كۆپچىلىك ئىدىيە جەھەتتىن، ھەرىكەت تەرەپتىن دەسلەپكى يوسۇندا بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ. شۇ ئاساستا 1944 - يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇرۇن تارقاق، باش - باشتاق ھالدا ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن قوزغىلاڭچىلار دەسلەپكى قەدەمدە رەتكە سېلىنىپ، تۆت ئەترەتكە ئايرىلغان 800 كىشىلىك پارتىزان قوشۇنى بولۇپ تەشكىللىنىدۇ. ۋاقىتلىق باش شتابمۇ قۇرۇلىدۇ. ئوسمان قوماندان، دەلىلقان سۇگۇربايوۋ مۇئاۋىن قوماندان بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئالتاي خەلقىنىڭ شېڭ شىسەيگە، كېيىن گومىنداڭغا قارشى پارتىزان ئەترىتى مەيدانغا كېلىدۇ.

## ئوڭۇشلۇق باشلىنىش

800 كىشىلىك تۆت پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەنـ
گەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قورال - ياراق جەھەتتىكى ئېھتىياـ
جىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن 1944 - يىلى 2 - ئايدا موڭغۇلىـ
يېدىن يەنە 300 تال قورال (50 دانە ئېغىر - يېنىك
پىلىموت، 50 دانە ئاپتومات، 200 دانە بەش ئاتار مىلـ
تىق) 50 ساندۇق گرانات، 30 ساندۇق ئوق كەلتۈرۈلىدۇ.
3 - ئاينىڭ بېشىدا پارتىزانلار چىڭگىل ۋە بولغۇن
دەريالىرىنىڭ قويغۇنىدىكى ياغاچ ئوبا دېگەن جايغا ئورۇنلاشـ
قان شىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي بازىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشـ
مەن ئەسكەرلىرىنىڭ يېرىمىنى يوقىتىپ، 150 تال قورال - ياراقـ
نى غەنىمەت ئالىدۇ، دۈشمەننىڭ قالغان يېرىمى كۆمۈشىنىڭ
قويغۇنىدىكى ئىستىھكاملىرىغا چېكىنىپ كېتىدۇ.
1944 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا شىڭ ھۆكۈمىتى
چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بازىرى ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان خەلقنى
بىر لىيەن ئەسكەرنىڭ نازارىتىدە گۈچۈڭ تەرەپكە مەجبۇرلاپ
كۆچۈرىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن موڭغۇل ئۇشۇربات، گېرىللەر ئارقىـ
لىق خەۋەر تاپقان ئوسمان، دەلىلقان سۇگۇربايىۋلار 100 كىشىـ
لىك بىر پارتىزان ئەترىتىنى ئەۋەتىپ، مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن
خەلقنى ئوتتۇرا يولدا قايتۇرۇۋالىدۇ. خەلقنى ھەيدەپ ئېلىپ
ماڭغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىدىن 40 نەچچىسىنى يوقىتىپ،
قوراللىرىنى غەنىمەت ئالىدۇ، قالغانلىرى ئالدى - كەينىگە
قارىماي داسىپىن دېگەن يەردىكى پونكىتىغا قاراپ تىكىۋېتىدۇ.
دۈشمەن قولىدىن قۇتقۇزۇلغان 800 ئائىلىدىن كۆپرەك
خەلق پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلىدۇ.
1944 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا كۆكتوقاي ناھىـ



يىسىنىڭ قالغان ئۈچتىن ئىككى قىسمىم خەلقىمۇ پارتىزانلار
تەرەپكە ئۆتىدۇ، شۇنداق قىلىپ پارتىزانلار قوشۇنى چىڭگىل،
كۆكتوقاي ناھىيىلىرىنىڭ 30 مىڭدەك خەلق ئاممىسىنى ئاساس
قىلغان، مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق كۈچكە ئىگە بولغان قۇدرەتلىك
ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.
1944 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، پۈتۈن ناھىيە
خەلقى پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
«ياغاش ئوبا» دېگەن جايدىكى بىر قەدەر مۇستەھكەم قوغدىـ
نىش پونكىتى بۇزۇپ تاشلانغانلىقىدىن چوڭ چۈشكۈنلۈككە ئۇچـ
رىغان شىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چىڭگىل بازىرىدىكى ئارمىيىسى بىلەن
ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئۇ يەردە پۇت
تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقلىرىغا كۆزلىرى يېتىپ، بىگۇناھ پۇقرالارـ
دىن ئون نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، چېكىنىپ كۆكتوقاي بازىرىـ
غا كېتىدۇ. نەتىجىدە چىڭگىل ناھىيىسى ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى
بولۇپ تولۇق ئازاد بولغان ناھىيە بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا ئالتاي
پارتىزانلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك مۇستەھكەم بازىسىغا ئايلىنىدۇ.

## بېلىقنى سۇدىن ئايرىش ستراتېگىيىسى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىسى

1944 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئوسمان، دەـ
لىلقان سۇگۇربايىۋلار مەسلىھەتلىشىپ پارتىزانلىق ھەرىكەتنى
پۈتۈن ۋىلايەت دائىرىسىگە كېڭەيتىش قارارىغا كېلىدۇ، ھەر
بىرسى ئىككى يۈزدىن ئۈچ يۈزگىچە بولغان تۆت پارتىزان
ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا سارسۇمبە، بۇرۇلـ
توقاي، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي ناھىيىلىرىگە ئەۋەتىدۇ. پارتىزانلار
بۇ ناھىيىلەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن بىر مەزگىل
تەشۋىق - تەربىيە ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، نەتىجىدە ئۇـ
زۇن ئۆتمەيلا بۇ ناھىيىلەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ زور كۆپچىلىـ

نكى پارتىزانلارنى قوللاپ، پارتىزانلار تەرەپكە ئۆتىدۇ.

بۇ چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرماي ئەكسىچە نۇرغۇن ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ پارتىزانلار بىلەن خەلق ئاممىسىنى تالىشىدۇ. بۇنداق تالىشىش بەزى ناھىيىلەردە بىر ئاي ھەتتا بىر يېرىم ئاي داۋام قىلىدۇ. ئاخىرى پارتىزانلار ئالدىنى 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئەڭ ئاخىرقىسى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ بارلىق خەلقىنى، ئالتاي ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم خەلقىنى ئالتاي تاغ - داۋانلىرىنى ئاتلىتىپ موڭغۇلىيىگە ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن چېگرىنى ياقىلىتىپ كۆچۈرگەن پېتى قايتىدىن چىڭگىل ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ كېتىدۇ. قابا، جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ خەلقىنى ئۇدۇل كەلگەن ئېغىزلار ئارقىلىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى زېمىنى ئىچىگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزلىرى چىڭگىل ناھىيىسىگە يېنىپ كېلىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئەسلىدە چىڭگىل، كۆكتوقاي ئىككى ناھىيىنى ئاساسىي بازا قىلغان ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ تۆۋەنكى بەش ناھىيىگە قىلغان سەپىرى زور غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئىنقىلاب يالقۇنى پۈتۈن ۋىلايەتتىكى يەتتە ناھىيىنىڭ ھەممە جايلىرىنى قاپلايدۇ. ئىنقىلاب رەھبەرلىرى 1944 - يىلى 9 - ئايدا ئىككىنچى قېتىم 500 كىشىلىك بىر چوڭ پارتىزان ئەترىتىنى مۇشۇ ئىككى ناھىيىگە ئەۋەتىدۇ، ئۇلار بار - يوقى 20 نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە ئالتاي ناھىيىسىنىڭ بارلىق قىر خەلقىنى، بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ يېرىمىنى ئالتاي تېغىنىڭ تۆۋەن ئېتەكلىرىنى ياقىلىتىپ كۆچۈرۈپ چىڭگىلدىكى قوزغىلاڭچىلار تەۋەسىگە ئۆتكۈزىدۇ. بوغدا تەرەپكە ئەۋەتىلگەن پارتىزان ئەترىتى جىمسار، گۇچۇڭ، مورى ناھىيىلىرىگە كىرىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئۈچ ناھىيىدىن بەش يۈزدەك ئائىلە پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ، بەيتىك تېغىنىڭ ئالتاي تەرىپىگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. بۇ ئەھۋال فۇكاڭ، مىچۈەن، سانجى، قۇتۇبى، ماناس ناھىيىلىرىگە خېلى زور تەسىر كۆرسىتىپ،



جامائەتچىلىك ئىچىدە چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن گۇچۇڭدىن تارتىپ شىخوغىچە بولغان ئاۋىلىقتىكى تاشيول قاتنىشى بىر مەزگىل پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن زور بېسىم بولىدۇ، شۇنداق قىلىپ مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ۋىلايەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، كەڭ غۇلاچ يېيىپ پۈتۈن شەرقىي شىنجاڭغا كېڭىيىدۇ.

دېمەك ئالتاي خەلقىنىڭ 1940 - يىلدىن باشلاپ زومىگەرلىككە، زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان ئىستىخىيىلىك ھەرىكىتى تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلىپ، 1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋىلايەتنىڭ يەتتە ناھىيىسىدە قانات يېيىپ، بۇرچىن ناھىيىسى خەلقىنىڭ يېرىمىدىن باشقا قالغان ئالتە يېرىم ناھىيىنىڭ بارلىق خەلقى (ۋىلايەت نوپۇسىنىڭ 90%) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانلىق چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىدۇ. پارتىزانلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ئېھتىياجى بىلەن بىر يادرولۇق رەھبەرلىكنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بۇلغۇن دېگەن يېرىدە بىر قېتىملىق ئاممىۋى يىغىن ئېچىلىپ، 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان «ئالتاي مىللىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلىدۇ، ئوسمان بۇ ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

## گومىنداڭنىڭ نۇقتىلىق ئىككى بازىسى بىلەن تۆت ناھىيە بازىرىنىڭ ئازاد بولۇشى

«ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» قۇرۇلغاندىن كېيىن ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى «بېلىقنى سۇدىن ئايرىش» تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى گومىنداڭنىڭ نۇقتىلىق بازىلىرى بىلەن

ھەرقايسى ناھىيە بازارلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۆزگەرتىدۇ، بۇرۇنقى تۆت پارتىزان ئەترىتىنى توققۇزغا، ئادەم سانىنى ئىككى مىڭ ئىككى يۈزگە كۆپەيتىدۇ. موڭغۇلىيەدىن يەنە 350 تال بەش ئاتار مىلتىق، 100 دانە ئاپتومات، 20 دانە ئېغىر پىلىموت، 30 دانە يېنىك پىلىموت، ئالتە دانە مىناميوت، ئىككى دانە تانكا ئاتار، 100 ساندۇق گىرانات، 500 ساندۇق ھەر تۈرلۈك ئوق كەلتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش تەرتىپى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

(1) 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا چىڭگىل ناھىيىسىگە قاراشلىق كۆمۈشنىڭ قۇيغۇندىكى گومىنداڭنىڭ 500 كىشىلىك بىر ھەربىي ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۈچ - تۆت كۈن جەڭ قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئۈچ يۈزدىن كۆپرەك ئەسكىرىنى يوقىتىپ، 300 ئەتراپىدا ھەر تۈرلۈك قورال، 100 ساندۇق ئوقنى غەنىمەت ئېلىپ، دۈشمەننىڭ بۇ بازىسىنى تەلتۆكۈس ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلايدۇ.

(2) 1945 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كۆكتوقاي بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقى باشلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن ئالدىنئالا خەۋەر تاپقان گومىنداڭ ئارمىيىسى (تولۇق بىر پولك) بىلەن ھۆكۈمەت ئورگان كادىرلىرى قاتتىق ئەنسىزچىلىككە دۇچ كېلىپ، 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كۆكتوقاي بازىرىنى تاشلاپ، سارتوقايدىكى مەركىزىي بازىسىغا چېكىنىدۇ. بۇلارنىڭ چېكىنىپ كەتكەنلىكىدىن سەل كېچىكىپ خەۋەر تاپقان پارتىزانلار كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ، سارتوقايغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئالدى - كەينىدىن تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. نەتىجىدە دۈشمەن بەش يۈزدەك ئادىمىدىن، 400 ئەتراپىدىكى قورال - ياراقىدىن ئايرىلىپ، ئامان قالغانلىرى سارتورقايدىكى مەركىزىي بازىدىن ياردەمگە كەلگەنلەرنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن ناھايىتى



تېزلىكتە قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتىدۇ.

(3) 1945 - يىلى 2 - ئايدىن باشلاپ جىمىنەي ناھىيىسىدىكى تارماق پارتىزان ئەترەتلىرمۇ جىمىنەي ناھىيىسى بازىرىغا بىر نەچچە قېتىم ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. ناھىيە بازىرىدا دۈشمەننىڭ بىر پولك ئەسكىرى بار ئىدى، بىرنەچچە كۈنلۈك تەكرار ئېلىشىشلاردىن كېيىن 29 - فېۋرال كۈنى تاڭ سەھەردە جىمىنەي ناھىيە بازىرىدىن چېكىنىپ، بۇرچىنگە قاراپ قاچىدۇ. پارتىزانلىرىمىز ئىز بېسىپ چالچىقاي ئۆتەڭگە قەدەر قوغلاپ زەربە بېرىدۇ. دۈشمەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت يۈزدەك ئادىمىدىن، يۈزدىن ئارتۇق قورال - ياراقتىن ئايرىلىپ، ئارانلا بۇرچىنگە كېلىۋالىدۇ.

(4) 1945 - يىلى 3 - ئاينىڭ بېشىدا ئالتاي پارتىزانلىرى قوماندانلىق باش شتابى 600 كىشىلىك خىل قوشۇن تەشكىللەپ گومىنداڭنىڭ ئۇر ئالتاي (چىڭگىل، كۆكتوقاي) دائىرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كوزىرى بولغان سارتوقايدىكى سەنتىرلى پونكىتىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولىدى. شۇ چاغدا بۇ پونكىتتا ئۇياق - بۇياقتىن كەلگەنلەر بولۇپ تۆت پولكنىڭ قوشۇلۇشىدىن تەركىب تاپقان ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ھەربىي كۈچى بار ئىدى، پارتىزانلار ئەترىتى بۇ جايغا تېخى ھۇجۇم قىلىپ كەلمەستىنلا دۈشمەن قوشۇنلىرى بەش تانكا، ئۈچ برونېۋىكنىڭ ئالدى كەينى تەرەپتىن ھىمايە قىلىشى بىلەن ئوتتۇزدىن ئارتۇق يۈك ماشىنىغا ئوزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراقلارنى بېسىپ، بازىسىنى تاشلاپ گۈچۈڭغا قاراپ يول ئالدى، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان باش شتاب بۇرۇنقى پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، 200 كىشىلىك بىر ئەترەتنى ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەترەتتىكىلەر ئۇرامبۇلاققا تېخى يەتمىگەن دۈشمەننى قوغلاپ يېتىپ تۆت تەرەپتىن زەربە بېرىدۇ. ئۇشتۇمتۇت بولغان بۇ كۈچلۈك زەربىگە ئۇچرىغان دۈشمەن تانكا ۋە ماشىنىلىرىنى قېلىن قاردا ھەيدەپ مېڭىشقا نائىلاج

بولۇپ بېنزىن چېكىپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ئەڭ قىيىن بولغىنى كۈن شولىسى چۈشكەن ئاپئاق قاردا كۆزلىرى قاماشىپ، توپ-توپى بىلەن ھەر تەرەپكە تاراپ، توزۇپ كېتىدۇ. يول بويىدىكى ساي-جىرالار ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرى بىلەن تولىدۇ. پارتىزانلارغا نىسبەتەن ئالغاندا، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىۋالا زورۇقۇپ ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە گومىنداڭ ئارمىيىسى شۇ قېتىم چېكىنىش جەريانىدا مىڭدىن ئارتۇق ئادەمدىن ئايرىلىپ، 20 نەچچە كۈن جاپا-مۇشەققەتلىك يول بېسىپ، ئاران گۇچۇڭغا بېرىۋاپتۇ.

(5) شارتوقايدىن چېكىنىپ چىققان گومىنداڭ ئارمىيىسى يول ئۈستىدە ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن بۇرۇلتوقاي بازىرىدا تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرى 3-ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كېچىسى سارسۇمبىگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ «ئالتاي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلۇپ 1945-يىلى 4-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان قىسقىغىنە بىرىم يىل ئىچىدە گومىنداڭنىڭ ئىككى ئورۇندىكى مۇھىم ھەربىي بازىسى يوقىتىلىدۇ. ئۈچ ناھىيىنىڭ ناھىيە بازىرى ئازاد قىلىنىدۇ. 8-ئاينىڭ 28-كۈنى قابا ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىمۇ جىمىنەي پارتىزانلىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشتىن خېلى بۇرۇنلا ئازاد قىلىنىپ بولغانىدى. سارسۇمبە، بۇرچىن بازىرى ۋە بۇرچىن ناھىيىسىنى ئاساس قىلغان 10% ئەتراپىدىكى زېمىن گومىنداڭ قولىدا ئىدى.

مۇشۇ جەرياندا ئوسماننىڭ قوشقان ھەسسىسى ئاز ئەمەس. كەم دېگەندىمۇ، ئوسمان مۇشۇ بىر مەزگىلدىكى ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇلۇق قىلمىدى، ئەكسىنچە ئۇنىڭ قوللىغۇچىسى بولدى. دەسلەپتە شىڭ ھۆكۈمىتى، كېيىنرەك گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قايتا-قايتا ۋەكىل ئەۋەتىپ خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئوسمان ئۇلارنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدى.



تەھدىتتىن قورقۇپ قالمايدۇ. ئۈچ قېتىم ئوق تېگىپ يارىلىنىدۇ. ئىنىسى، بەش بالىسى دۈشمەن قولىدا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلىدۇ.

## تۆتىنچى قىسىم 1945-يىلى 9-ئايدىن كېيىنكى ئوسمان

### ياتلىشىش ۋە ھال تارتىش

1945-يىلى 9-ئاينىڭ 2-كۈنى مىللىي ئارمىيە كەڭسايدىكى 3-ئاتلىق پولكى جىمىنەيدىكى ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ تارماقلىرى بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ، دۈشمەننىڭ بىر پولك ئەسكىرىنى يىمىرىپ، بۇرچىن بازىرىنى ئازاد قىلىپ، 9-ئاينىڭ 3-كۈنى سارسۇمبىگە يۈرۈش قىلىدۇ. دەلىلقان سۇگۇربايوۋ قوماندانلىق قىلغان ئالتاي پارتىزانلىرى تۇرغان يەرگە يېتىپ كېلىپ، ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىدۇ. نەتىجىدە شەھەرنى شەرقىي جەنۇب ۋە جەنۇب تەرەپتىن 10 — 15 كىلومېتىر ئارىلىقتا قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. پارتىزانلارنىڭ ۋە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ كۈچلۈك ھەيۋىسىدىن قورققان گومىنداڭنىڭ ئۈچ مىڭدەك ئەسكىرى قورچاق ۋالىي گاۋ بوۋيۈي، قوماندانى ۋەن لىيون باشلامچىلىقىدا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتۈپ پاناھلىنىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپى بىلەن قېچىپ چىقىپ، ئۆرمىگەيتى داۋىنى ئارقىلىق ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ ئالتاي تېغىنى نىشانلاپ سەپەر قىلىدۇ. لېكىن دەلىلقان سۇگۇربايوۋنىڭ قوشۇنلىرى 10-سېنتەبىر كۈنى ئۇلارنى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، تەسلىم قىلدۇرۇپ كېلىدۇ. 20-سېنتەبىرگە كەلگەندە پۈتۈن ۋىلايەتتە يېڭى تەرتىپ يولغا قويۇلۇپ، يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئوسمان كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ تۇرغۇن دېگەن يېرىدىكى ئاۋۇلىدا ئىدى.

دەلىلقان سۇگۇربايوۋ دەرھال ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئالتايدىكى
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇۋىسى بولغان
سارسۇمبە شەھىرىنىڭ ئازاد بولغانلىق ئەھۋالىنى، جۇملىدىن
غۇلجىدىن چىققان مىللىي ئارمىيە 3 - ئاتلىق پولكىنىڭ يېتىپ
كەلگەنلىكىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىدۇ. ئوسمان بولسا خەت ئې-
لىپ بارغان كىشىگە «ئېسىت! بىر ئاتقا ئىككى كىشى مىنگىش-
دىغان بوپتۇق - دە» دېگەن بىر ئېغىزلا سۆزنى قىلىدۇ.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەتراپىدا غۇلجىدىن ئېلىخان
تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر ئالتايغا كېلىپ، ئون
نەچچە كۈن تۇرۇپ قايتىدۇ. ئۇلار شۇ جەرياندا دەلىلقان
سۇگۇربايوۋ باشلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن
بىر قانچە قېتىم سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزىدۇ. كېيىن يەنە
چوڭ ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، ئالتاي ئىنقىلابى ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىلىدىغانلىقىنى، ئالتاي مەمۇرىي
مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، غۇلجىدىكى «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت»نىڭ
بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ
تەركىبىدىكى ئاساسىي رەھبەرلەرنىڭ ئىسمىلىكى قاتارلىقلارنى
ئېلان قىلىدۇ. بۇ ئىككى يىغىنغا ئوسمان ئالاھىدە تەكلىپ
قىلىنغان بولسىمۇ، ئوسمان ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپ كەلمەي-
دۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزىنىڭ نېمە مەنانى بىلدۈرى-
دىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. قىسقىسى، ئوسمان ئۈچ ۋىلا-
يەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇشىنى خالىمىدى.

## دەسلەپكى سۈركىلىش

ئېلىخان تۆرە، ئەخمەت ئەپەندىلەر قايتىپ كەتكەندىن
كېيىن، يەنى 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى پولكوۋنىك
روسكىنوۋ ئوسماننىڭ يېنىغا مەخسۇس بېرىپ، ئوسماننىڭ ۋا-



لىيلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنى ئائىلى-
سى بىلەن سارسۇمبىگە كۆچۈرۈپ ئەكىلىدۇ. لېكىن ئوسمان
ئەمەلىيەتتە بىر كۈنمۇ خىزمەت ئورنىغا كەلمەي، ئۆيىدە يېتى-
ۋالىدۇ. كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ياكى خەت-
چەكلەرگە قول قويغۇزۇش ئىشى ئوسماننىڭ شەخسىي كاتىپى
باغدات زەيتۇنقازى (ھازىر چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسى-
دا تۇرىدۇ) ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇھىم ئىشلارنى
كۆپىنچە دەلىلقان سۇگۇربايوۋ ئۆزى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ
پىكىرلىشىپ ئىش كۆرىدۇ. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتە - ئۆتمەي
ئوسمان قۇتراشقا باشلايدۇ. بۇنى تۆۋەندىكىلەردىن كۆرۈ-
ۋېلىش مۇمكىن.

(1) بورىبجاپ ۋە مانات مەسىلىسى: بورىبجاپ — 1941 -
يىلى ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن
كېيىن گوبى قۇملۇقىغا بېرىپ موكۇنۇپ ياتقان ئوسمانغا قارشى
يۈرۈش قىلغان ۋە ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى سارسۇمبىگە ھەي-
دەپ كەتكەن ئادەم بولىدۇ. مانات بولسا 1945 - يىلى 2 -
ئايدا ئىنقىلابقا ۋاپاسىزلىق قىلىپ، قول ئاستىدىكى بىر قىسىم
پارتىزانلارنى ئەگەشتۈرۈپ گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكە-
نىدى. بۇ ئىككىسى 1945 - يىلى 6 - سېنتەبىر سارسۇمبە
شەھىرى ئازاد بولغاندىن كېيىن قولغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئىككىسى
ئوسماننىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئادىمى ئىدى. ئېلىخان تۆرە،
ئەخمەت ئەپەندىلەر ئالتايدا ئېچىلغان ئاممىۋى چوڭ يىغىندا
«6 - سېنتەبىردىن بۇرۇنقى ھەممە سىياسىي خاراكتېرلىك مەسى-
لىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا تامامەن سالاۋات» دېگەن بەل-
گىلىمىنى جاكارلىغاندىن كېيىن بورىبجاپ، مانات تۈرمىدىن قو-
يۇپ بېرىلگەنىدى. ئوسمان كېيىن بۇنىڭغا نارازى بولۇپ،
ئۇلارنى يېڭىباشتىن قولغا ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. لېكىن
دەلىلقان سۇگۇربايوۋ ۋە باشقىلار «بۇ يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى،

شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسىغا ئاللىقاچان جاكارلىنىپ بولغان ئىش، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىش نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى» دەپ ئوسماننىڭ شەخسىي ئىنتىقام ئېلىشىغا قوشۇلمايدۇ.

(2) كادىرلارنى سەپلەش مەسىلىسى: ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە ھەرقايسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەر بىلەن ۋىلايەتلىك ئىدارىلەرنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى بەلگىلىنىپ بولغانىدى. بۇنىڭغا ئوسمان نارازى بولۇپ، تارمەھكىمىچىلىك خاھىشىنى ئىپادىلىدى. يەنە بىرى ئاتلىق پولكىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىرى ئىچىدە كېلەستىن باشقا كۆكتوقاي، چىڭگىلدىن (ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ھەمىنەپەسلىرىدىن دېمەكچى) نېمە ئۈچۈن بىرەر ئادەم قويۇلمىدى، دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇ ھەربىي ھوقۇق ۋە ساقچى ھوقۇقىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ قاپاس تىركەشنى ئاتلىق پولكقا مۇئاۋىن كوماندىر بولسۇن، قاناتباي مۇئاۋىن ناچالنىك شتاپ باشلىقى بولسۇن، پالان-پالانچىلار ئىسكادرۇن كوماندىرىدىن يۇقىرى ۋەزىپىلەرگە قويۇلسۇن، يىلقايدار ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە مۇئاۋىن، قىستايباي ئاشۇ ئىدارىنىڭ سىياسىي بۆلۈم باشلىقى، زەيتىنقازى مالىيە ئىدارىنىڭ باشلىقى، قايىم بانكا باشلىقى بولسۇن دېگەنگە ئوخشاش ئورۇنسىز تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئادەملىرى ئەمەلىيەتتە بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن، كەسىپتىن مۇتلەق خەۋىرى يوق، لاياقەتسىز ئادەملەر ئىدى. ئەمەلىيەتتە پولك بىلەن ساقچى تەركىبىگە ئەسلى چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىدىن بىر نەچچە كىشىنى قاتناشتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن لاياقەتلىك ئادەم چىقمىغاندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇلمىغانىدى.



(3) مىلتىق يىغىش مەسىلىسى: 1945-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى بولۇپ، 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە سۆھبەت ئىككىنچى باسقۇچقا ئۆتۈپ، 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى مۇزاكىرە قىلىنىشقا باشلىغان. دېمەك بىتىمگە كېلىش مۇمكىنچىلىكى بارلىققا كەلگەن بىر چاغ ئىدى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ سوۋېتكە قارشى، كوممۇنىزمغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتۈر تەشۋىقاتلىرىنىڭ سەلبىي جەھەتتىن خەتەرلىك ئامىلغا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىتىم شەرتىگە قول قويۇلۇشتىن بۇرۇن مۇنداق ئىككى ئىشنى ئىشلەپ بولماقچى بولدى. ئۇنىڭ بىرى: ھەرقايسى ئورۇن ۋە ئورگانلاردىكى مەسلىھەتچىلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان سوۋېت كىشىلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش. بۇ ئىش 1945-يىلى 12-ئاينىڭ باشلىرىدا تەلتۆكۈس ئورۇنلىنىپ بولدى. يەنە بىرى: 1943-يىلىدىن كېيىن (سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شېڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى قورال-ياراق سودا توختامى ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن) سوۋېت زاۋۇتلىرىدىن چىققان مىلتىق بەلگىسى بار قوراللارنى يىغىۋېلىپ قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولدى. بۇنداق قىلىش مەيلى قايسى تەرەپتىن بولسۇن شۇ بىر مەزگىلدىكى كۆرەش شارائىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىش ئىدى. شۇڭلاشقا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 1945-يىلى 12-ئايدا، 1943-يىلدىن كېيىن ياسالغان قورال-ياراقلارنى يىغىۋېلىشقا كىرىشتى. لېكىن ئوسمان نەزەر دائىرىسى تار، گۇمانخور ئادەم بولغاچقا بۇ قېتىمقى قورال يىغىۋېلىشنى شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى قورال يىغىۋېلىش بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇپ، «بۇنىڭ ئارقىغا يوشۇرۇنغان چوقۇم بىر يامان غەرەز بار» دېگەن قاراشتا بولۇپ، ئۇنى يىغدۇرماسلىق

خىيالىدا بولدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ يول قويۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

(4) ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى مەسىلىسى: ئوسمان «ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن ئەقلى قىسقا، پەقەت تاماق ئېتىپ، بالا بېقىپ ئەرلىرىنى كۈتۈش ئۈچۈن يارالغان، باشقا ھېچقانداق ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان مەزلۇملار» دەپ قاراپ ئاياللارنىڭ جەمئىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشىنى چەكلىدى. «ھەرقايسى ئىدارە - جەمئىيەت، مەكتەپ ئورگانلىرىدا ئىشلەۋاتقان بارلىق ئايال كادىرلارنى پۈتۈنلەي خىزمەتتىن بوشىتىپ، ئائىلىلىرىگە قايتۇرۇش، بۇنىڭدىن كېيىن بىرمۇ ئايال خىزمەتچى قوبۇل قىلماسلىق» دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئەلۋەتتە دەۋر ئېقىمىنىڭ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن ئېھتىياجىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان زور پرىنسىپلىق مەسىلە ئىدى. ئەمما ئوسمان مەسىلىگە بۇ جەھەتلەردىن قارىماي ئەكسىنچە «سوۋېتتىن كۆچۈرۈۋېلىنغان، كەم دېگەندىمۇ شۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن بولۇۋاتقان كونا ئۆرپ - ئادەتكە، دىنىي قائىدىگە خىلاپ كېلىدىغان ناتوغرا ئىش» دەپ قاتتىق نارازى بولدى.

(5) دىنىي تۈس ئالغان بەزىبىر مۇتەئەسسىپ ئىدىيىگە دائىر ئىشلار توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلار. ئوسمان دىنىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان، دىنىي قائىدىلەردىنمۇ خەۋىرى يوق بولسىمۇ لېكىن دىنىي خۇراپاتلىقى خېلىلا كۈچلۈك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوسمان سارسۇمبىگە كۆچۈپ كەلگەن ھامان غابباس مۇپتى دېگەن بىرسى ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئادەم 1933 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن بولۇپ دائىم «سوۋېتتە دىن يوقىتىلدى، مال - مۈلۈك ھەتتا ئاياللارمۇ ئومۇملاشتۇرۇلدى. ھازىرقى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇقى قويۇق، كېيىن ئۈچ ۋىلايەتنىڭمۇ ماڭىدىغان يولى سوۋېتنىڭ يولى بولىدۇ» دېگەنگە ئوخ-



شاش سۆزلەر بىلەن ئوسمانغا سوۋېتكە قارشى، كومپارتىيىگە قارشى ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى تەرغىپ قىلىپ، ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلىشىشقا كۈشكۈرتكەن (غابباس مۇپتى 1951 - يىلى قومۇلدا قولغا ئېلىنىپ باستۇرۇلدى). ئوسمان يەنە «شەرىئەت بويىچە جازا قوللىنىپ، ناماز ئوقۇمىغانلارغا 50 قامچا، روزا تۇتمىغانلارغا 100 قامچا، ھاراق ئىچكەنلەرگە 30 قامچا، چاچ قويغانلارغا 40 قامچا، تاماكا چەككەنلەرگە 20 قامچا دەررە ئۇرۇلىدىغان بولسۇن. بۇ توغرۇلۇق ۋالىي مەھكىمىسى، دىنىي نازارەت بىلەن بىرلىكتە مەخسۇس بىر بۇيرۇق چۈشۈرسۇن، شۇنىڭدەك كىنو قويۇشقا، تىياتىر كۆرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى كىنودىكى ئادەم كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ھەممىسى جىن - شەيتانلاردىن دېرەك بېرىدۇ، تىياتىر كۆرۈش ئازغانلار بىلەن نومۇسسىزلارنىڭ ئىشى» دېگەنگە ئوخشاش بىمەنا قالاق سەپسەتىلەرنى تەرغىپ قىلىپ، ئۇنى باشقىلارغا زورلاپ تاڭماقچى بولىدۇ. دەلىلقان سۇگۇرباييوۋ قاتارلىقلار ئۇنىڭ بۇ خىل ئەتمىش - قىلمىشلىرىغا قارىتا ئۇنىڭغا زۆرۈر بولغان چۈشەنچىلەرنى بېرىش ئاساسىدا خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوسمان بۇنى ئۆزىگە بولغان ھۆرمەتسىزلىك ھەتتا ئۆكتەملىك دەپ بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈركىلىش بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ ۋەزىيەت قەدەممۇ قەدەم ناچارلىشىشقا باشلايدۇ.

## تىك - تىڭلاپ بېقىش

ئوسمان سارسۇمبىگە كېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۇقىرىقىدەك سۈركىلىشلەرنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆزىنى «ئالتاي ئىنقىلابىنىڭ پېشىۋاسى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۆز ئىرادىسىنى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتكە تېڭىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىنى سەزگەن بولدى.

شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپتىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن
ئالتاينىڭ يەرلىك پادىشاھى بولۇشۇم كېرەك دەيدىغان غەرە-
زىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن باشقا چىقىش يولى تېپىشقا ھە-
رىكەت قىلىپ كۆرمەكچى بولدى. مەسىلەن: 1944 - يىلى يىل
ئاخىرىدىن باشلاپ پارتىزان ئەترەتلىرى رەسمىي تەشكىل قىلىن-
غاندىن كېيىنمۇ، ئوسماننىڭ ئۆتكەندىكى ئىستىخىيىلىك قوزغىلاڭ-
چىلىرى ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز سانلىق كىشىلەر باش-
باشتاقلىق قىلىپ، رەھبەرلىكتىن يوشۇرۇن ھالدا چەت ۋىلايەت،
يىراق رايونلارغا بېرىپ، بىگۇناھ خەلقنىڭ مال - مۈلكىگە
زىيان سېلىشتەك قەبىھ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن-
لىكلىرى بايقىلىنىپ، بۇنى پارتىزانلارنىڭ باشقا رەھبەرلىرى
چەكلىمەكچى بولغاندا ئوسمان: «بولغۇلۇق بولۇپ بوپتۇ، بۇنىڭ-
دىن كېيىن بۇنداق قىلمىسىلا بولدى، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى
سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى» دەپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ
ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈردى.

(1) ئوسمان ئۆز ئۈمىدىنى ئالدى بىلەن گومىنداڭغا باغلىدى.
لېكىن ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقمىدى. ئوسمان ئوتنى باشقىلارنىڭ قولى
بىلەن كۆچلاپ كۆرمەكچى بولدى - دە، قوبى قۇمىنىڭ ئىچىدە
ئىشلاپ ياتقان قاباس① تىركەشنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن
ئۈرۈمچىدىكى كىشىلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىشىنى كېڭىشىدۇ.

قاباس تىركەش ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1946-
يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا ئوسماننىڭ يەنە بىر ئەڭ ئىشەنچ-
لىك ئادىمى مۇقامەتجان مۇرسالىمە بىلەن بىرلىكتە كەنەن،
(ھازىرقى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ قۇۋ ئېرتىش يېزىسىدا تۇرىدۇ)

① قاباس تىركەش ئوسماننىڭ ئاتا تەرەپ تۇغقىنى 40 - يىلدىن تارتىپ قېشىدا يۈرگەن ئىشەنچلىك شېرىكى. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ ئوسمان بىلەن بىللە خەلق ھۆكۈمىتىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۈرۈمچىدە يارىلىنىپ قولغا چۈشكەندىن كېيىن داۋالىنىشتىن باش تارتىپ ئۆزىنى نابۇت قىلغان.



ئەردىقانلاردىن ئۈرۈمچىدىكى جانىمقانغا ① خەت ئەۋەتىدۇ. خەتنىڭ
مۇھىم مەزمۇنى «ئالتاي قىزىللىشىپ كەتتى. بىز قىزىل بولۇش-
نى خالىمايمىز. كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ خەلق ئاممى-
سى بىزنىڭ چاڭگىلىمىزدا، ئەمەلىيەتتە ئوسمانمۇ بىزنىڭ دېگى-
نىمىزدىن چىقمايدۇ. ئۇنى بىز دېگىنىمىز بويىچە ئىش قىلدۇرا-
لايمىز، پەقەت سىلەرنىڭ يولىيورۇق بېرىپ، ھەرقايسى تەرەپتىن
ياردەم قىلىشىڭلارغا مۇھتاجمىز» دېگەنلەردىن ئىبارەت. جا-
نىمقان خەت ئېلىپ كەلگەنلەرنى ئۆز ئۆيىدە بىر نەچ-
چە كۈن قوندۇرۇپ، مېھمان قىلىپ ئاندىن يولغا سالغان. شۇ-
نىڭدەك قاباسلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ھەر تەرەپلىمە پىكىرلىشىپ
كېلىش ئۈچۈن نۇرغۇجاينى② كەنەنلەرگە قوشۇپ بىللە ئەۋەت-
كەن. ئەمما نۇرغۇجاينىڭ كەلگەنلىكى مەلۇم بولۇپ قالىدۇ.
قاباسلار ئۆزلىرىنىڭ گومىنداڭ بىلەن ئاستىرتىن مۇناسىۋەت قىلى-
ۋاتقانلىقىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، قاباسنى «ئەل
ئارىسىغا ئوغرىلىقچە كېلىپ يۈرگەن يېرىدىن تۇتۇۋالدۇق»

① جانىمقان تىلەۋباي ئوغلى كىرەي قەبىلىسىنىڭ چاقاباي ئۇرۇقىدىن. 1940 - يىلى 10 - ئايدىن 1945 - يىلى 8 - ئايغىچە ئالتايدا قورچاق مۇئاۋىن ۋالى بولغان. 1945 - يىلى 8 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئالتاينىڭ پات ئارىدا قولدىن كېتىشىگە كۆزى يېتىپ، نۆۋىتى كەلگەندە ئالتايدا جاھان ئۆزگەرىشى قىلىش مەقسىتىدە مەخسۇس ئايروپىلاندا ئۈرۈمچىگە ئەكىلىۋالغان ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان، كېيىن (تىنچلىق بېتىمىدىن كېيىن) مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئوسمان بىلەن بىرلىكتە خەلق ھۆكۈمىتىگە قارشى چىقىپ، توپىلاڭ تۇغدۇرغان. 1950 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قولغا چۈشكەن، كۆپ ئۆتمەي ئۈرۈمچىدە باستۇرۇلغان.

② نۇرغۇجاي كىرەينىڭ چاقاباي ئۇرۇقىدىن. بۇرۇن ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان. 1945 - يىلى 6 - ئايدا جانىمقاننىڭ قەبىلىداشلىقتىن پايدىلىنىپ يېنىغا تارتىشى ئارقىلىق ئىنقىلابقا خائىنلىق قىلىپ گومىنداڭغا تەسلىم بولۇپ كەتكەن، شۇ يىلى 8 - ئايدا جانىمقانلار بىلەن بىللە «جاھان ئۆزگەرىشى» قىلغاندا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلگەن.

دەپ سالىق، ۋاھشىلارنىڭ (بۇلار شۇ چاغدا كۆكتوقاي ناھىيە-
سىنىڭ ھاكىمى، مۇئاۋىن ھاكىمى ئىدى) ئەۋەتكەن ئادىمى ساي-
پىل ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەن. نۇرغوجاي بولسا
«ئايرىلىپ كەتكىنىمگە كۆپ ۋاقىت بولغان خوتۇن - بالىلىرىمنى
كۆرۈپ قايتىش ئۈچۈنلا كەلگەنىدىم، بۆلەك نىيىتىم يوق»
دەپ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى ئېيتمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋى-
لايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئۇنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ كۆرمەك-
چى بولۇپ قاماپ قويىدۇ. ئوسمان ئارىدا چۈشۈشكە جۈرئەت
قىلالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوسمان بىلەن جانىمقانلار ئوتتۇرى-
سىدا مۇناسىۋەت باشلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئوسمان بىلەن گو-
مىنداڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى
ئارقا ئىشىكتىن مۇناسىۋەتلىشىشنىڭ باشلىنىشىدۇر.

(2) ئوسمان، قاباسلار نۇرغوجاينىڭ ھۆكۈمەت قولىغا چۈ-
شۈپ قېلىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ دائى-
رىلىرى بىلەن بولغان يوشۇرۇن مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پاش بولۇپ
قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ھەرىكىتىنى بىر مەھەل توختىتىپ
تۇرىدۇ. گومىنداڭ تەرەپ بولسا نۇرغوجاينىڭ خەۋەرسىز يوقى-
لىپ كەتكەنلىكى، شۇنداقلا قاباسلارنىڭمۇ جىمجىت يېتى-
ۋالغانلىقىدىن قاتتىق بىئارام بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ خە-
ۋىرىنى ئېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىچە يول تېپىش ئۈچۈن
1946 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەلەن ۋاڭ بىلەن جا-
نىمقان ئۆز نامىدىن خەت يېزىپ فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ قورچاق
مۇئاۋىن ھاكىمى خۇسەيىنىنى ① كۆپلىگەن سوۋغا - سالاملار بى-
لەن چىڭگىلدىكى نازىر ② قاتارلىق كىشىلەرگە ئەۋەتىدۇ، نازىر

① خۇسەيىن —— فۇكاڭلىق بولۇپ 1943 - يىلىدىن كېيىن شېڭ ھۆكۈمىتى بىلەن گو-
مىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرەپىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئالتاي قوزغىلاڭچىلىرى ئىچىگە نۇرغۇن قېتىم
كېلىپ - كېتىپ نازىر قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تونۇش بولۇپ كەتكەن.

② نازىر —— جانىمقان بىلەن بىر قەبىلىداش ئادەم.



ئۈرۈمچىدىن كەلگەن سوۋغاتلارنىڭ بىر قىسمىنى قاباسقا ئاپىرىپ
بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي مۇناسىۋەتلىشىپ، نۇرغو-
جاينىڭ قانداق ئەھۋال ئاستىدا، قانداق بولغانلىقى،
قاباسلارنىڭ ھېلىمۇ نىيىتىدىن يانمىغانلىقى، شۇنداقتىمۇ بىر ئاز
سەبرى قىلىپ تۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئەھۋالنى
ئۇقتۇرۇپ كېلىپ قوسايىنغا يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوسايىن
قايتىپ كېتىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قوسايىننىڭ نۇرغۇن
سوۋغاتلار ئېلىپ نازىرلار تۇرغان يەرگە كېلىپ - كەتكەنلىكىدىن
شۇ زاماتلا خەۋەر تاپىدۇ. شۇڭا ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي
مەھكىمىسى ئۇنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى سۈرۈش-
تۈرۈش ھەمدە نازىر، قاباسلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن
ۋىلايەتلىك سوت باشلىقى ئەدىلقان، مەمۇرىي مەھكىمە
تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى قاجىنابى ۋالىيۋلارنى
ئەۋەتىدۇ. نازىر، قاباسلار: «بىر ئاز گەزمال، چاي قاتار-
لىق سوۋغاتلىرىنى ئالغىنىمىز راست. بىز ئۇلارنى ئالداپ ئەخمەق
قىلىپ، ئازدۇر - كۆپتۇر نەپ ئېلىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدۇق.
گومىنداڭغا ئۆتۈپ كېتىش بۇياقتا تۇرسۇن ئۇنىڭغا مايىل بولاي-
لى دېگەن نىيىتىمىزمۇ يوق» دەپ راستىنى ئېيتمايدۇ.

(3) ئالدىنقى ئىككى ئېتىملىق بېرىش - كېلىشنىڭ سې-
زىلىپ قالغانلىقىدىن ئوسمان، قاباسلار ئېھتىياتچانلىق بىلەن
ئىش كۆرۈشكە باشلايدۇ. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي جانىم-
قان: «بىز سىلەرنىڭ قىزىللىشىشقا قارشى مەيدانىڭلارنى قوللاي-
مىز. بىزدىن كۈتىدىغان ھەر قانداق كونكرېت تەلەپىڭلار بولسا
ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، بىز ھەممىسىگە ماقۇل» دېگەن مەزمۇندا خەت
يېزىپ نۇرقاسىمنى (نۇرغوجاينىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى) ئەۋەتىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن تەڭ قاباسلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ
يۈرۈشلىرى ئوسمان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى سېزىپ
جانىمقان نۇرقاسىمدىن قاباس ئارقىلىق ئوسمانغا «ئەگەر ئۈچ

ۋىلايەتتىن قول ئۈزۈشكە بەل باغلىساق بارلىق تەلەپلىرىڭنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ بىر نەچچە ۋەكىل ئەۋەت. كېلىدىغان ۋەكىللىرىڭ جۇلۇڭگەي ئەتراپىدىكى قۇمغا يېقىن بىر قىشلاقنىڭ باشلىقى داشىر ئىسىملىك خۇيزۇنى ئىزدەپ تاپسا، شۇ كىشى ئۇلارنى باشلاپ، ساق - سالامەت بىز بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە خەت يازىدۇ. قاباس بۇ خەتنى دەرھال ئوسمانغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ ھەمدە «ئوسماندىن جاۋاب كەلگۈچە كۈتۈپ تۇر» دەپ نۇر قاسىمنى تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. ئوسمان جانىمقاننىڭ خېتىنى ئالغاندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ ئۆزىگە كۈچلۈك يۆلەنچۈك بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندەك بولسىمۇ، ئۇ، قانداقتۇر ئۇزۇن يىللىق «تەجرىبە»سىگە ئاساسلانغان ھالدا «ھوشيار»، «ئېغىر بېسىق» بولۇش دېگەن نىيەتتە بولۇپ، جانىمقاننىڭ خېتىگە دەرھال جاۋاب ياندۇرمايدۇ. ئەكسىنچە قايتا - قايتا ئويلىنىپ ئاسانلىقچە سېزىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان قاباستىن يىراقراق تۇرۇشنى خوپ كۆرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوسمان 1946 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئەتراپىدا «سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، ئاغقا چىقىپ ئارام ئالىمەن» دېگەن باھانە بىلەن سارسۇمبە شەھىرىدىن كۆچۈپ چىقىپ، كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ كورتى دېگەن يېرىگە بېرىۋالىدۇ. ھەمدە نۇرغۇجايىنى تۇرمىدىن بوشىتىپ بېرىشكە زورلايدۇ. دەلىلقان سۇگۇرباييۇ ئىتتىپاقلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ئامالسىز يول قويىدۇ.

## يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ھەرىكەت قىلىش

ئوسمان كورتىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدىن بۆلۈنۈشنىڭ يېڭى قەدىمىنى باشلايدۇ.

(1) ئوسمان ئۆزىگە لاتىپ، مۆمىنباي، مۇقامەتجان، نۇسىپبايلارنى مەسلىھەتچى، قاباس مۇپتىنى قازى قىلىپ تەيىنلەيدۇ.



شۇنىڭدەك رەھىم، ياقۇپبەك مەسئۇللۇقىدىكى 100 كىشىلىك مۇھاپىزەتچى ئەترىتىنى تەشكىللەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت ۋە قوراللىق قوشۇن تەشكىل قىلىشى ئىدى.

(2) كېلىپ - كېتىدىغان مېھمىنىم تولا، چىقىمىم كۆپ دېگەن باھانە بىلەن چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىنىڭ چۆپ ئۈچى بېجىنى ئۆزى يىغىۋېلىپ ئىخراجەت قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى مۇشۇ كىرىم بىلەن مۇھاپىزەت ئەترىتىنى قامداش ئىدى.

(3) 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا جانىمقاننىڭ خېتىنى ئەكېلىپ، ئەتىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ياتقان نۇر قاسىمنى ئەۋەتىپ، جانىمقان بىلەن ئوسمان ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچى بولغان داشىرنى كۆكتوقايغا ئەكەلدۈرىدۇ. مەقسىتى داشىر بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىپ، ئۆزىنىڭ گومىنداڭ بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت قىلىدىغان بىرىنچى قېتىملىق ۋەكىللىرىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن دەل مۇشۇ پەيتتە ئوسمان ئىلىغا كەتكەن لاتىپنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدىغان ۋەكىللىرىنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ قويىدۇ. داشىرنىمۇ ئۆز ئاۋۇلىغا يوشۇرۇپ قويىدۇ.

(4) لاتىپ 1946 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەتراپىدا سارسۇمبىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا «ئۆيۈمگە بېرىپ كېلىمەن» دەپ چىڭگىلگە يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا يولدا ئوسماننىڭ قېشىغا بارىدۇ. لاتىپنىڭ ئىلىغا بېرىپ - كېلىشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى مۇنداق ئىدى: ئوسمان سارسۇمبىگە كېلىپ ۋالىي بولغاندىن كېيىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىش نىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. ئالدى بىلەن ئۇ قۇمدىكى قاباس، مۇقامەتجانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن جانىمقان بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە ئورنىتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غۇلجىدىكى ئېلىخان تۆرىدىنمۇ ئۈمىد كۈتىدۇ. گەرچە ئوسمان 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئېلىخان تۆرىنىڭ قېشىغا كەلمەي قويغان بولسىمۇ، كېيىنرەك ئېلىخان تۆرىنىڭ غۇلجىدا سۆزلىگەن بىر قانچە سۆزلىرى بىلەن ھەرىكەتلىرىدە، بولۇپمۇ دىنىي نۇقتىدىكى مەسىلىلەردە ئۆزى بىلەن خېلى جىق ئورتاقلىقى بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. 1946 - يىلىنىڭ بېشىدا غۇلجىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئالتاينىڭ ھەر تەرەپلىمە خىزمەت ئەھۋاللىرىدىن دوكلات قىلىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن مۇئاۋىن ۋالىي شەمشى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بەدىمالشىباي قاتارلىقلار غۇلجىغا بارىدىغان بولىدۇ. ئوسماننىڭ تەلىپى بويىچە ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لاتىپمۇ بىللە بارىدىغان بولىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە ۋەكىللەر ئالتايدىن يولغا چىقىش ئالدىدا ئوسمان لاتىپ بىلەن بىر قانچە قېتىم يېگانە سۆھبەتلەشكەن. نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكى نامەلۇم. لېكىن ئوسمان ئۆزىنىڭ شەخسىي كاتىپى باغدات ئارقىلىق «رەئىس ئېلىخان تۆرە جانابلىرى، ئىنىم لاتىپ سىز تەرەپكە كەتتى. سىز بىلەن ئايرىم سۆزلەشمەكچى، ماڭا بېرىدىغان يوليورۇقىڭىزنى ئىنىم لاتىپنى ئۆز ئورنۇمدا كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئېيتسىڭىز بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە خەت يازغان.

شەمشى، بەدىلەر غۇلجىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئالتايغا قايتىپ كېلىدۇ. لاتىپ ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ ئېلىخان تۆرە بىلەن يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ ئوسماننىڭ خېتىنى تاپشۇرغان ھەمدە بىر قانچە قېتىم سۆھبەتتە بولغان. لاتىپ غۇلجىدا تۆت ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرۇپ، 5 - ئاينىڭ باشلىرى يولغا چىقىپ، دۆربىلجىنگە كېلىپ، قىرىقئوچاق چېگرىسى



ئارقىلىق سوۋېت تەرەپكە ئۆتۈپ، زايساننى بېسىپ، جىمىنەي چېگرىسى ئارقىلىق سارسۇمبىگە كېلىدۇ. ئۇ يەردىن جازىق ئاچا دېگەن يەردە ئولتۇرغان ئوسماننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئېلىخان تۆرىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى ئوسمانغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. خەتتە «ئىنىم ئوسمان سېنى بىر كۆرۈشكە ئىنتىزار ئىدىم، پۇرسەت كەلمىدى. لاتىپ بىلەن جىق پاراڭ سېلىشتىم، قورقىت① 40 يىل گۆردىن قېچىپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىرىنچى قېتىم كولانغان گۆرگە چۈشكەن ئىكەن، ئۆزۈڭ ئويلىنىپ ئىش قىلارسەن. قالغىنىنى لاتىپتىن ئۇققىن» دېگەن. مۇشۇنىڭدىن 15 — 20 كۈندىن كېيىن ئېلىخان تۆرە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ توغرا يۆنىلىشىدىكى ئىلغار كۈچلەر تەرىپىدىن ئىرغىتىپ تاشلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئېلىخان تۆرىنىڭ ئوسمانغا يازغان خېتىدە نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس.

لاتىپ يەنە ئۆزىنىڭ غۇلجىدا كۆرگەن - بىلگەنلىرى توغرىسىدىمۇ توختىلىپ: «ئۇ يەردىكى ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى ئالتاينىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش ئىكەن، ھەممە يەردە ‹قىزىللىشىش› نىڭ ئىپادىسىنى ئاشكارا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ». دېگەن مەزمۇندىكى پىتنە - ئىغۋالار بىلەن ئوسماننىڭ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

## «قۇۋ تۈي» يىغىنى

«قۇۋ تۈي» يىغىنى 1946 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى ئەتراپىدا ئېچىلغان. ئالدى بىلەن بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بىر

① قورقىت — خىيالىي چۆچەكلەردىكى ئەۋلىيا پالچىنىڭ ئىسمى.

ئەھۋالنى بايان قىلىپ ئۆتەي: 1946 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا كوكتوقاي① كان رايونىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قايتىدىن يېنىپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئوسمان ئۆزىنىڭ ھەمتاۋاقلىرى بىلەن ئاما ئىچىدە تەسىرى بار بىر مۇنچە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ «يەر مېنىڭ تۇرۇقلۇق، ئورۇسلار نېمە ئۈچۈن مېنىڭدىن رازىلىق ئالمايلا بۇ يەرگە كېلىدۇ؟ ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن ھەيدىۋېتىش لازىم» دەپ داۋراڭ سالدۇ. ئايرىم يۇرت مۆتىۋەرلىرى «بۇنداق قىلىشىمىز ئالدىراقسانلىق بولار، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ھازىر بىز بىلەن دوست مەملىكەت، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنىڭ تېگى - تەكتىنى ئوقۇشۇپ كۆرەيلى» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئۇلارغا راقىش بىي بىلەن رىفاغات قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ «نېمىشقا بىزدىن رۇخسەتسىز كېلىسىلەر، مەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ زېمىنىمىزغا قول سۇنۇشىغا، دىنىمىزغا قول تىقىشىغا ھېچقاچان يول قويمايمەن، دەرھال چىقىپ كېتىڭلار» دېگەن تەلەپنى قويىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا سوۋېت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى: «بىز يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە كەلدۇق، پىكىرىڭلار بولسا ھۆكۈمىتىڭلار بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بىلەن سۆزلەشسۇن» دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ. بۇ ئىشلار بولۇپ ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن دەللىقان سۇگۇربايوۋ، مۇئاۋىن ۋالىي شەمشى، ۋالىي مەھكىمىسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ

① كۆكتوقاي كېنى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن داۋاملىق قېزىلىپ كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن — 1950 - يىلى 14 - فېۋرالدا موسكۋادا ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭ جۇشى قول قويغان «جۇڭگو - سوۋېت ئۆز ئارا دوستلۇق ھەمكارلىق شەرتنامىسى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن «جۇڭگو - سوۋېت رەڭلىك مېتال شىركىتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قەدەر پايدىلىنىپ كېلىندى.



باشلىقى قاجىبى، ۋالىي مەھكىمىنىڭ مەسئۇل كاتىپى سالىجان كاكىجانوۋ قاتارلىق كىشىلەر قوبىدا ئولتۇرغان ئوسماننىڭ قېشىغا بارىدۇ. دەللىقان سۇگۇربايوۋ مۇھىمى ئىتتىپاقلىقنى چىقىش نۇقتا قىلىپ ئۇنىڭغا ئۈچ ئايدىن بۇيانقى ئىشلەنگەن ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىدىن دوكلات بېرىدۇ ۋە ئوسماننى شەھەرگە چاپسانراق قايتىپ بېرىپ خىزمەتنى ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئوسمان دەللىقان سۇگۇربايوۋنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى مەنسىتمەي تىڭشاپ ئولتۇرىدۇ، خىزمەتلەر توغرىسىدا بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلمايدۇ. خىزمەت ئورنىغا قايتىپ بېرىش مەسىلىسىدە، سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەر تۇرمۇشىغا كۆنەلمەيدىكەنمەن، پۈتۈن ئۆمرۈم كەڭ سەھرادا، سالقىن ھاۋادا ئۆتكەن ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈن ۋالىي مەھكىمىسى قىشتا ئۈندۈرقارادا (ئوسماننىڭ قىشلايدىغان ماكانى)، يازدا قوۋۇ ئۆيدە (ئوسمان ئاۋۇلىنىڭ ئوتتۇرا يايلىقى) تۇرۇپ خىزمەت ئىشلەيدىغان بولسۇن» دەپ تولىمۇ يولسىزلىق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە «كۆكتوقاي، چىڭگىل جامائەتچىلىكى ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بىر تەرەپ بولماي كېلىۋاتقان بىر قانچە ئادەمنىڭ ئۆلۈم مەسىلىسى توغرۇلۇق يىغىن ئاچماقچىمەن، شۇنىڭغا قاتنىشىپ ئاندىن قايتىڭلار» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئوسماننىڭ بىر رەزىل ئويۇنى ئىدى. ئوسمان كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ ھاكىملىرى شۇنىڭدەك يۇرت باشلىقلىرىغا يۇقىرىقىدەك يىغىن ئاچماقچى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ بولغانىدى. يىغىن باشلانغاندا ئوسمان مۇزاكىرىگە سالماقچى بولغان ئۆلۈم مەسىلىسىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، كۆكتوقاي كان رايونى مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ: «سوۋېت كانچىلىرى مېنىڭ رۇخسىتىمسىز مېنىڭ يېرىمگە نېمىشقا كېلىدۇ. بىكارغا ياتقان بايلىق نەدە باركەن. ئادەم ئەۋەتىپ ئېلىپ چىقىپ كەتسۇن دېسەم ئار-

قىغا سۆرەپ تۇرۇۋالدى. ئەمدىكى بىردىنبىر چارە قورال
كۈچى بىلەن ھەيدىۋېتىش كېرەك» دەپ دەلىلقان سۇگۇربايوۋغا
بېسىم ئىشلىتىدۇ، دەلىلقان سۇگۇربايوۋ ئۇنىڭغا: «بۇ بىرىنچىـ
دىن تارىخىي تومۇرى بار زور مەسىلە، ئىككىنچىدىن بىزنىڭ
ئۆتكەندە موڭغۇلىيىدىن ئېرىشكەن ياردىمىمىز ئەمەلىيەتتە سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ بىزگە موڭغۇلىيە ئارقىلىق بەرگەن خالىسانە ياردىـ
مى ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە ئايان، دېمەك سوۋېت ئىتتىپاقى
بىزنىڭ ئەڭ مۇشكۈل چېغىمىزدا ياردەم قولىنى سوزغان دوستىـ
مىز. ئاچچىق ئازدۇرىدۇ، ئەقىل ئالغا يېتىلەيدۇ، ئالدى بىلەن
ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆزلىشىپ كۆرەيلى» دەيدۇ.
مۇئاۋىن ۋالىي شەمشى باشلىق قاجنابىي، ۋاتقان، ئەدىلقان قاـ
تارلىق كىشىلەرمۇ بۇ پىكىرنى قوۋۋەتلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ
كۆكتوقاي كان رايونىدىكى سوۋېت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىگە قاجنابى،
لاتىپ، ئەدىلقان قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. سوۋېت
ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ۋەكىللەرگە «بۇ ئىشنى بىزنىڭ ئالتايـ
دىكى كونسۇلىمىز بىلەن سۆزلىشىپ بىر تەرەپ قىلىڭلار، ئۇنىڭـ
غىچە بىز كان قېزىش ئىشىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرايلى» دېگەن جاـ
ۋابنى بېرىدۇ. قاجنابىلار يۇقىرىقى جاۋابنى ئېلىپ قايتىپ كەلـ
گەندىن كېيىن ئوسمان دەلىلقان سۇگۇربايوۋ بىلەن مەسلىھەتـ
لىشىپ سارسۇمبىدىكى سوۋېت كونسۇلغا بېرىپ سۆزلىشىشكە ئەـ
دىلقان، ئەسەن ئېرىسقان قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتىدۇ. بۇـ
لارنى كونسۇلغا مەن (پاتىقان سۇگۇربايوۋ) باشلاپ بېرىپ
ئۇچراشتۇردۇم. بۇ چاغدىكى سوۋېت كونسۇلى زارىپ ئىسىملىك
بىر تاتار كىشى بولۇپ قازاقچىنى ئوبدان بىلەتتى. كونسۇل ئۆـ
زىنىڭ ئوسمان قېشىغا بېرىپ سۆزلىشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاز
كۈن تەخىر قىلىپ تۇرۇشىنى ئېيتتى. ئوسمان بۇ جاۋابقا قاتتىق
خاپا بولدى ـ دە، ئۆزىنىڭ بىرقانچە ئەڭ ئىشەنچلىك ھەمنەـ
پەسلىرى بىلەن پىكىرلىشىپ دەلىلقان سۇگۇربايوۋنى زورلاپ



قول قويدۇرۇپ، ئوسمان بىلەن دەلىلقان سۇگۇربايوۋ نامىدىن
بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئالتاي ئاتلىق پولكىنى يۆتكەپ كېلىپ،
كۆكتوقايدىكى سوۋېت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىگە قوراللىق بېسىم ئىشـ
لەتمەكچى بولدى. بۇ ئەھۋالنى ئەسەن ئېرىسقان يوشۇرۇنچە
دەرھال دەلىلقان سۇگۇربايوۋغا يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
دەلىلقان سۇگۇربايوۋ ماڭا (پاتىقانغا) بىر پارچە خەت يازىدۇ،
خەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى «ئوسمان راستىنلا بۇزۇلىدىغاندەك
تۇرىدۇ. ئۇ، ئىشنى ئاۋۋال سوۋېت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىگە تېـ
گىشتىن باشلاش نىيىتى بار. شۇڭا ھەرقانداق شارائىتتا مېنىڭ
قولۇم قويۇلغان تەقدىردىمۇ ئاتلىق پولكنى سارسۇمبىدىن يۆتـ
كەشكە بولمايدۇ. سەن مېنىڭ بۇ بەلگىلىمەمنى شتاپ باشلىقى
ئەيتكە ئامانجۇل بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىـ
قى تاستەمبايغا ئۇقتۇرۇپ قوي» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.
دەلىلقان سۇگۇربايوۋ بۇ خەتنى سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ ئېرتىش
بويىدىكى شىبەتى دېگەن يەردىن تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كۆكـ
توقاي ناھىيىسىگە بېرىپ ـ كېلىپ يۈرىدىغان ناقىپ ئىسىمـ
لىك بىر كىشى ئارقىلىق يوشۇرۇن ئەۋەتىدۇ.

دەلىلقان سۇگۇربايوۋ ئوسماننىڭ ئەسكەر يۆتكەش بۇيرۇـ
قىغا قول قويۇشقا ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوسمان ئۆز مەقسىتىگە
يېتىش ئۈچۈن دەلىلقان سۇگۇربايوۋ، شەمشىلەرنى ھېلىقى «ئاـ
دەم ئۆلۈمى» مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان دەۋا ـ تالاـ
شىشقا سېلىپ قويۇپ، سارسۇمبىگە قايتۇرمايدۇ. يىغىن بىر ھەپتە
داۋام قىلىدۇ، مۇشۇ جەرياندا ئوسمان دەلىلقان سۇگۇربايوۋنى
بويسۇندۇرالماي، قاباس تىركەش، كامال زەڭگى، جامائەت مۇسا
ئۈچەيلەنگە ئۇنى يوشۇرۇن ئېتىپ تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ. لېكىن
بۇلار «ئۇنداق قىلىدىغان بولساق ئۆزىمىزگە دۈشمەننى كۆـ
پەيتىۋالىمىز، كەم دېگەندە تۆۋەنكى بەش ناھىيە خەلقىنىڭ مۇتـ
لەق كۆپ قىسمى بىزگە قارشى چىقىدۇ. ھازىرچە بۇنداق قىلـ

مايىلى. كېيىن بىر گەپ بولار» دەپ نەسىھەت قىلىپ توسۇپ قويىدۇ. ئىشنىڭ بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئەندىشە ئىچىدە قالغان قاجىنابىي، ئەدىلقان ۋە سالىق قاتارلىق كىشىلەر ئوسمانغا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلىپ، قۇۋ ئۆي يىغىنىنى ئاياقلاشتۇرۇشقا ماقۇل كەلتۈرىدۇ.

### بارغانسېرى كەلسە كەلمەسكە يۆزلىنىش

«قۇۋ ئۆي يىغىنى» ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئەتراپىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتايدىكى كونسۇلى زارنىف كۆكتوقاي كان رايونى ئارقىلىق ئون نەچچە تۆگىگە ھەر خىل گەزمال، ئۇن، گۈرۈچ، قەنت، چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى ئارتىپ ئوسمانغا «سالامغا» كېلىدۇ. سوۋېت ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان بىر مەھەل ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ھەققىدە ئېغىز ئاچماي جىم بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئوسماننىڭ ئەسلى «يەر مېنىڭكى»، «مېنىڭدىن رۇخسەتسىز نېمىشقا كېلىپ كان ئاچىدۇ» دېگەن مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىشى خۇددى ئۆز ۋاقتىدىكى گومىنداڭ مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى لۇي چى «ئوسمان ۋە بەيتىك ۋەقەسى» دېگەن ماقالىسىدە ئېيتقاندەك: «ئەمەلىيەتتە ئۇ (ئوسمان) ۋەتەن دېگەننىڭ نېمە ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ‹ۋەتەن› دېگەن بۇ نەرسە ئۇنىڭ تەپەككۇرىدا بىر مۇجمەل چۈشەنچىدىنلا ئىبارەت ئىدى» (شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى ئۇيغۇرچە 2 - كىتاب، 203 - بەت)، ئۇ ئەزەلدىن ۋەتەن دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىپ باققان ئەمەس. ئەمما «ئېلىم»، «يېرىم» دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغانلىقى راست. ئەگەر ئۇنىڭ مۇشۇ «ئېلىم»، «يېرىم» دېگەنلىرى «ۋەتىنىم» دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا ئوسماننىڭ ئاڭ سە-



ۋىيىسى، سىياسىي جەھەتتىكى نەزەر دائىرىسى ھەققا بىرمۇنچە ئەمەلىي سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن بۇنىڭ يەنىلا كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئالتاي ۋىلايىتى دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىمىز. دېمەك ئۇنىڭ «يەر مېنىڭكى»، «مېنىڭدىن نېمىشقا رۇخسەتسىز كان ئاچىدۇ» دەپ غەۋغا قىلىشىدىكى ھەقىقىي غەرىزى، دوق قىلىش ئارقىلىق ئازدۇر - كۆپتۇر ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش ئىدى. ئۇ كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنى ھەتتا پۈتۈن ئالتاينى «مېنىڭ شەخسىي زېمىنىم» دەپ بىلەتتى.

ئوسمان سوۋېت ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ كان قېزىش مەسىلىسىدە بىر مەھەل جىمىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە يېڭى يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي بىلەن قارشىلىشىش، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈشتە ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، بىۋاسىتە ھەرىكەتلىنىشكە كىرىشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي، سىرتىنى يەنە بىر مەزگىل ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن مەخپىي تۇتتى.

(1) 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئوسمان ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىگە ئۆز نامىدىن بىرىنچى قېتىم خەت يېزىپ، گومىنداڭ تەرەپتىن ئوسمانغا ئەۋەتكەن داشىرغا ئۆز ۋەكىللىرى ئاناتباي، كاكاشا، جاناتلارنى قوشۇپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ. جانات يولدا ئاغرىپ قېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. قالغانلىرى فۇكاڭ ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى جانىمقاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشىدۇ. جانىمقان ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى جاڭ جىجوڭغا مەلۇم قىلىدۇ. جاڭ جىجوڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقماي ئالدى بىلەن ليۇمېڭچۈەننى ئەۋەتىدۇ. ئاناتباي، كاكاشالار ئۇنىڭغا ئوسماننىڭ يازغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرىدۇ. ھەمدە جاڭ جىجوڭنىڭ ئۆزلىرى-

نى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن لىۋمېڭـ
چۈەن قاناتباي، كاكاشالار بىلەن يەنە كۆرۈشۈپ «ئوسماننىڭ
خېتىنى جاڭ جىجۇڭغا تاپشۇردۇم، جاڭ ئەپەندىم سىلەرنى قوبۇل
قىلىدىغان بولدى. ئەمما ئۇ ئۆزى يالغۇز قوبۇل قىلسا ئەپلەشـ
مەيدۇ. چۈنكى بۇنداق ئىشنىڭ بولغانلىقىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەـ
كىللىرى سېزىپ قالسا ئۇلارنىڭ نارازىلىق پىكرى تۇـ
غۇلىدۇ، ھەتتا چوڭ مەسىلە كېلىپ چىقىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن.
شۇڭا جاڭ جىجۇڭ سىلەرنى ئەخمەتجان، بورھانلار بىلەن بىرـ
لىكتە قوبۇل قىلماقچى. ئوسماننىڭ يازغان خېتىنى ئەخمەتجانـ
لارغا كۆرسىتىشكە بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەسلىھەتلىشىپ
ئوسماننىڭ خېتى قىلىپ باشقىچىرەك مەزمۇندا بىر پارچە خەت
يېزىپ چىقتۇق، ئۇنىڭغا ئوسماننىڭ مۆھرىسى (تامغىسى) غا ئوخـ
شىتىپ ئويۇلغان مۆھۈر بېسىلدى. بۇ خەتنى ئالدى بىلەن سىلەر
ياخشى كۆرۈپ، مەزمۇنىنى چۈشىنىپ، ئېسىڭلاردا مەھكەم ساقـ
لىۋېلىڭلار، ئەتە جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان ۋە بورھانلار بىلەن
كۆرۈشكەندە ئاشۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدا سۆزلەڭلار، ھەمدە بۇ خەتنى
شۇ چاغدا ئېلىپ چىقىپ جاڭ جىجۇڭنىڭ قولىغا تاپشۇرۇڭلار» دەيدۇ.
ئەتىسى بۇلارنى جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان ۋە بورھانلار
بىرلىكتە قوبۇل قىلىدۇ. دېگەندەكلا قاناتباي، كاكاشالار لىۋـ
مېڭچۈەننىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. جۈملىدىن ھېلىقى
ياسالما خەتنى قاناتباي يانچۇقىدىن ئېلىپ جاڭ جىجۇڭغا تاپشۇـ
رىدۇ. خەتتە، تىنچلىق كېلىشىمگە ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن ئالـ
تاينىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بىلەن ھېچقانداق مۇناـ
سىۋەت قىلمىغانلىقى، شۇڭا ئۆزىنىڭ بىرنەچچە ئادىمىنى سالام
قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكى؛ ئىككىنچىدىن، تىنچلىق بېتىمىنىڭ
مەزمۇنلىرى توغرىسىدا تولۇق چۈشەنچە بېرىش، ئۈچىنچىدىن،
قازاقلار ئىچىدە نام - شۆھرىتى بار، نوپۇزلۇق كىشىلەردىن



بولغان ئەلەن ۋاڭ، جانىمقان ۋە سۇلايمان بەكتۇرلارنى ئالـ
تايغا قايتۇرۇش؛ تۆتىنچىدىن، قۇتقۇزۇش بېرىش؛ بەشىنچىدىن،
ئالتايغا دۆلەت ئارمىيىسىنى (گومىنداڭ ئارمىيىسىنى دېمەكچى)
كىرگۈزۈش قاتارلىقلار يېزىلغان. خوش، ئەمدى ئوسماننىڭ
ئەسلىدىكى خېتىنىڭ مەزمۇنىغا كەلسەك، ئۇنىڭدا «ئالتاي پۈـ
تۈنلەي قىزىللىشىدىغان (كوممۇنىستلىشىدىغان) بولدى. مەن قىـ
زىلغا جان - جەھلىم بىلەن قارشى، چۈنكى قىزىللار دىنىنى يوـ
قىتىدۇ، مال - مۈلۈكنى ئورتاقلاشتۇرىدۇ، موللا، قەبىلە باشلىقـ
لىرىنى چەت، يىراق يەرلەرگە پالايدۇ، قامايدۇ، ئاتىدۇ.
شۇڭا مەن ئۈچ ۋىلايەتتىن قول ئۈزۈشكە بەل باغلىدىم. ئۇلار
بىلەن ئۇرۇشىمەن. ھازىر كۆكتوقايغا سوۋېتنىڭ تاش قازىدىغان
كانچىلىرى كېلىپ چۈشتى. ھەرىكىتىمنى شۇلار بىلەن تۇتۇش
قىلىشتىن باشلىماقچىمەن، ماڭا كۆپ ساندا قورال - ياراق،
ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم قىلىڭلار. جۈملىدىن ئاشلىق، گەزمال،
چاي قاتارلىق تەرەپلەردىنمۇ كۆپرەك ئەۋەتىڭلار» دەپ يېزىلغان.
ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن جاڭ جىجۇڭ يەنە سۇڭ شىـ
لىيەن، لىۋ مېڭچۈەن، جانىمقانلار بىلەن بىللە ئۇلار بىلەن يەنە بىر قېتىم
ئۇچرىشىدۇ ۋە بۇ سوۋېت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ كان ئېچىش
مەسىلىسىنى دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق سوۋېت تەرەپ بىلەن
سۆزلىشىپ بىرتەرەپ قىلىدىغانلىقىنى، ئوسماننىڭ ئۇلار بىلەن
ئۇرۇش قىلىشىغا زادى بولمايدىغانلىقىنى، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن
ئۇرۇش قىلىشقا ئەسكەر ئەۋەتىشنىڭ ۋاقىت - شارائىتى پىـ
شىپ يېتىلمىگەنلىكىنى، شۇنداقلا ياردەم مەسىلىسىدە ھازىرچە
سوۋغا - سالام قاتارىغا كىرىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن بېـ
رىپ تۇرىدىغانلىقىنى، قالغان ئىشلارنى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياـ
تىغا قاراپ ئويلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن لىۋ مېڭچۈەن
جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇ سۆزى بويىچە ئوسمانغا بىر پارچە خەت
يېزىپ كاكاشانى داشىر بىلەن كۆكتوقايغا قايتۇرۇپ قاناتباينى

مۇناسىۋەتلىك ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوسمان، قاباس قاتارلىقلار گومىنداڭ تەرەپ بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىشىشكە باشلايدۇ.

بۇ يەردە بۇنداق بىر ئەھۋالنىمۇ ئالاھىدە شەرھلەپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ. يەنى، 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالتايدىكى سوۋېت كونسۇلى ئوسمان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئوسمان ئاغزىنى ئاچماي جىم بولۇپ قالىدۇ، ئارىدىن بىر يېرىم ئاي ئۆتە - ئۆتمەستىن جاڭ جىجۇڭغا يازغان خېتىدە نېمە سەۋەبلىك بۇ مەسىلىنى يەنە ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقىپ داۋراڭ سالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددى، دېمەك ئۇ، گومىنداڭچى خوجايىنلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ پەقەت ئۈچ ۋىلايەتكىلا ئەمەس، پۈتۈن كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ قەتئىي قارشى تۇرغۇچى ئادەم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ۋە مول ئىقتىسادىي ياردىمىگە تېزلىكتە ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلغان ھەم ئۇنىڭ ھەقىقەتەن رەزىل ئادەم ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گومىنداڭ دائىرىلىرى «بۇ مەسىلىنى پەقەت دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق ھەل قىلىمىز» دېگەندىن كېيىن ئۇ بۇ توغرۇلۇق مۇتلەق ئېغىز ئاچماس بولىدۇ.

(2) كاكاشا قايتىپ كېلىپ ئارىدىن بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۈرۈمچىدە ۋاقىتلىق قېپقالغان قاناتباي قايتىپ كەلمەيدۇ. تاقىتى - تاق بولغان ئوسمان 8 - ئاينىڭ ئاخىرى نۇسىپپاي، زەينەل ۋە ئومەت قاتارلىقلارنى داشىرغا قوشۇپ يەنە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ. ئوسماننىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، بىرى قاناتباينىڭ خەۋىرىنى ئېلىش، يەنە بىرى ئۇ ئورنىنىڭ تەۋرەنمەسلىكى ئۈچۈن گومىنداڭ دائىرىلىرىدىن ۋاقتىدا ياردەم ئېلىش ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا ئۆز



ئادەملىرىدە ئوڭايلا ئۈمىدسىزلىنىش، بۆلۈنۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بار ئىدى.

ئەمەلىيەتتە قاناتباي 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەتراپىدا بىر دانە راتسىيە بىلەن گېنېرال مايور دەرىجىلىك جۇنتۇڭ ئىشپىيونى راۋشىجى، پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئىشپىيون ما شياڭشاڭ (خۇيزۇ بولۇپ، يۇنۇس دەپمۇ ئىسمى بار)، خۇاڭ فامىلىلىك ئۈچ ئادەمدىن تەركىب تاپقان «راتسىيىلەر»نى ئەگەشتۈرۈپ، 20 نەچچە يان قورال، 100 ساندۇق چاي، 100 توپ سوكنو، يەنە كۆپلىگەن تاۋار - دۇردۇن، نەچچە يۈز توپ ھەر خىل گەزمال، بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن بىر جۇۋا (بۇ جۇۋا جاڭ جىجۇڭنىڭ ئوسمانغا مەخسۇس يوللىغان سوۋغىتى) قاتارلىق نەرسىلەرنى ئون نەچچە تۆگىگە ئارتىپ يولغا چىقىدۇ. جانىمقان بۇلارغا قوشۇپ ئوسمانغا مەسلىھەتچىلىككە ھېلىقى سۇلايمان بەكتۇرنىمۇ ئەۋەتىدۇ. لېكىن قاناتبايلار بىلەن نۇسىپبايلار يولدا بىر - بىرسىگە ئۇچرىشالماي ئۆتۈشۈپ كېتىدۇ. ئوسمان كەلگەن «رادىسلەر» بىلەن «مەسلىھەتچى»لەرنى كورتى دېگەن جايدا ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈپ، توي قىلىپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

(3) گېنېرال ئىسھاقبېك مۇنۇنوۋ، گېنېرال دەلىلقان سۇگۇرباييوۋلارنىڭ ئوسماننىڭ قېشىغا بېرىشى: ئوسمان ئىككىنچى قېتىم نۇسىپبايلارنى ۋەكىل قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن، بىرىنچى قېتىملىق ۋەكىلى قاناتباي ئۈرۈمچىدىن تېخى قايتىپ كەلمىگەن شارائىتتا، غۇلجىدىن ئالتايغا كەلگەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك جىددىي تۈس ئېلىۋاتقان ئالتاي ۋەزىيىتىنى بىر ئامال قىلىپ ئوڭشاش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇرباييوۋ بىلەن بىللە كۆكتوقاينىڭ تۇرياۋلاۋىدا ئولتۇرغان ئوسماننىڭ قېشىغا بارىدۇ. ئۇلار ئوسماننى يەنە بىر قېتىم سارسۇمبىدىكى خىزمەت ئورنىغا چاپسانراق قايتىپ بېرىشى

نى تەكلىپ قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە ھۆ-
كۈمىتى نامىدىن بىرىنچى دەرىجىلىك «ئازادلىق» ئالتۇن ئوردېنى-
نى تەقدىم قىلىدۇ. ئۇلار ئوسمانغا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بى-
لەن گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق كېلىشىمىگە قول قويۇشقان
جەريانى بىلەن مۇھىم مەزمۇنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، شۇ ئا-
ساستا نۇرغۇنلىغان مۇھىم مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. لېكىن ئوسمان
ئۇلارنى ئىنتايىن سوغۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ
خىزمەت ئورنىغا يېنىپ بېرىش توغرىسىدىكى بەرگەن تەكلىپىگە
«كۆز كېلىپ، سالقىن چۈشكەندە قاراپ باقاي» دەپ باش - ئا-
يىغى يوق جاۋاب قايتۇرىدۇ. بېتىم ھەققىدە بېرىلگەن چۈشەنچى-
لەرگە مىيىقىدا كۈلۈپلا قويىدۇ. مەيدىسىگە تاقىغان ئالتۇن ئور-
دېنىغا قارىتا «تەنگە — مارجان تاقايدىغان خوتۇن كىشى بوپ
قالدىمما» دەپ زاڭلىق قىلىدۇ. ئىككى گېنېرال ئوسماننى يومشى-
تالماي 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا سارسۇمبىگە يېنىپ كېلىدۇ.

دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوسماننىڭ باشتىنلا
ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن بىر گەۋدە بولۇشىغا خوشياق-
ماسلىق پوزىتسىيىسىنى قوللانغانلىقى، كېيىنچە تەدرىجىي ھالدا
بۆلەك ئوي، يامان نىيەتتە بولۇپ، گومىنداڭ بىلەن يېقىنلىشىپ
يوشۇرۇن بىرلىشىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق زور گۇمانى ئاساسقا ئىگە
بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بېسىمۇ ئىشلەتمەي، ئۇنى چەتكىمۇ
قاقماي ئەكسىنچە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىتتىپاقلىشىش تەرىپىدە
تۇرۇپ، كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدۇ. لېكىن ئوسمان «ئۆلىدىغان
بالا قەبرىستانلىققا قاراپ قاچىدۇ» دېگەندەك ئىنقىلابقا قارشى
ئەكسىيەتچىلىك مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋالىدۇ.

(4) ئوسماننىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن
ۋەكىلى نۇسىپبايلار 9 - ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كې-
لىپ جانىمقان ئارقىلىق جاڭجىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا
ئوسماننىڭ «مەن بۇرۇن سەنلەر بىلەن نەچچە يىل ئۇرۇش



قىلغان، بىراق قازاقلاردا ئازغاشقاننىڭ ئەيىبى يوق، يېنىپ
يۇرتىنى تاپقاچقا دېگەن بىر تەمسىل بار، ئۆتكەندە قارشى تۇر-
دۇڭ دېسەڭ ئىختىيارىڭ، ئۇنداق ئەمەس دېسەڭ، بۇ سۆزلۈكنىڭ
راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ماڭا ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئۇرۇش
قىلىش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم قىل،
ئىككىنچىدىن، 500 دانە قورال - ياراق بەر، ئۈچىنچىدىن،
خەلقىمگە كۆپلەپ گەزمال، چاي، ئاشلىق ياردەم قىل» دېگەن
ئاغزاكى سالامىنى يەتكۈزدى.

جاڭجىجۇڭ ئۇلارغا «بىرىنچى، ئىككىنچى تەلەپنى ئورۇنداش-
نىڭ ھازىرچە ۋاقتى ئەمەس، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىرىنچى قېتىم
كەلگەن ۋەكىللەر ئارقىلىق ئوسمانغا ئۇقتۇرغان، باشقا ماددىي
بۇيۇملار جەھەتتىكى ياردەم بېرىش مەسىلىسىگە كەلسەك بۇنى
ئورۇنداشقا بولىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن گۈچۈڭدىكى خەن بۇۋۇن
شىجاڭنىڭ قولىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىڭلار» دەيدۇ. دېگەندەك بىر
ئايدىن كېيىن جاڭات، قۇمارقان قاتارلىق يەتتە - سەككىز ئادەم
گۈچۈڭگە كېلىپ، ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان نۇرغۇن
ئۇن، گۈرۈچ، سۆك، بۇغداي، گەزمال ھەتتا يىپ - تۈگمە قا-
تارلىق ماددىي نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ.

(5) 1946 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جانىمقان
سۇڭ شىلىيەننىڭ پىلانلاپ يول كۆرسىتىشى بىلەن شۇ چاغدىكى
ئۈرۈمچى باۋئەن سىلىڭبۇسىنىڭ (ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق
شتابىنىڭ) سەنمۇبۇسىنىڭ سەنمۇسى بولۇپ ئىشلەيدىغان ئا-
سىلبېك قابدەشنى ئەۋەتىپ، چىڭگىل ناھىيىسىدىكى ئەسەن ئېرىس-
قاننى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، 1946 - يىلى
10 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت «تىنچ-
لىق بېتىم»نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە ھەرقايسى
ناھىيىلەردە ئېلىپ بارماقچى بولغان سەنيىخۇي ئەزالىرى بىلەن
ھاكىملارنى سايلاش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن

ئالتايغىمۇ بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ ئەۋەتىدۇ. مۇشۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ قورچاق مۇئاۋىن ۋالىيسى تۈركىستان نوغايباي (گومىنداڭ تەرەپنىڭ ۋەكىلى)، گۇرۇپپىنىڭ كاتىپى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ كادىرى كامالبېكلەر ئالتايغا كېتىۋېتىپ، 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېچىدە دۆربىلجىن ناھىيە بازىرىدا ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى مەزمۇندا يېزىلغان تەشۋىقات ۋارىقى تارقاتقانلىقى ئۈچۈن، كىنودىن يېنىپ چىققان بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ. مۇشۇ گۇرۇپپىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى (ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىلى) ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ ئىشلار بۆلۈم باشلىقى داۋباي مازاكوۋنىمۇ قاتتىق ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈرىدۇ. نۇسرەت شەمسى قاتارلىق بىر مۇنچە كىشىلەرمۇ ئېغىر ھالدا ئۇرۇلىدۇ (داۋباي مۇشۇ نۆۋەتتىكى تاياق زەربىسىدىن سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمەي، 1949 - يىلى ۋاپات بولۇپ كەتتى). ۋەقەدىن كېيىن گومىنداڭ رېئاكسيونېرى پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ «بۇ ئىش ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىشى بىلەن قەستەن تۇغدۇرۇلغان ۋەقە» دەپ كارنايلىرى يىرتىلغۇچە ۋارقىراشتى. شۇنداقلا «قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز» دەپ ھەيۋە قىلىشتى. ئەسەن بولسا، ئاشۇ تۈركىستان دېگەننىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى ئېرىسقاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئېرىسقان ئالتاي خەلقىنىڭ شىڭ شىسەيگە قارشى ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىمدىكى قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەسەن ئۆزىمۇ 1943 - يىلى باشلانغان ئالتاي پارتىزانلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ بىرى ھەمدە بىر ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ئىدى. 1946 - يىلىدىن تارتىپ ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت بىلەن قارشىلاشقاندا، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرغان، شۇنىڭدەك يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ جانىمقان بىلەن بىر قەبىلىداش بولۇپ، چىڭگىل ناھىيىسى بويىچە ئەڭ ئىناۋەتلىك ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا گومىن-



داڭ ئەكسىيەتچىلىرى تۈركىستاننىڭ دۆربىلجىندە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈشىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، جانىمقاننىڭ ئۆز قەبىلىداشلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆز تەرەپلىرىگە تارتىپ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى قويماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسەن ئېرىسقان، 1946 - يىلى 12 - ئاينىڭ بېشىدا يېنىغا مەزەپ (نازىرتەيجىنىڭ ئىنىسى)، ئىدرىس قاتارلىقلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئاسىلبېك قابدەش بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە كېلىپ جانىمقاننىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. جانىمقان ئەسەننى تۈركىستاننىڭ ئۆلۈمىگە ئىنتايىن ئېچىنغان قىياپەتتە: «ۋاي قېرىندىشىم، قانداق قىلاي» دەپ ئاھ، ئۇھ بىلەن قارشى ئالىدۇ، ھەممە بارلىق ئۇسۇل - چارىلەرنى ئىشقا سېلىپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، ئارىغا ئوت يېقىپ ئاخىرى ئۆز قارمىقىغا ئىلىندۇرىدۇ. ئەسەن راستىنلا 180 گرادۇس بۇرۇلۇپ گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۈركىستاننىڭ داۋاگەرى بولۇپ ئۈرۈمچىدە بىر يېرىم ئاي تۇرۇپ قالىدۇ. شۇ ئەسنادا ئوسماننىڭ لاتىپ باشچىلىقىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەر گۇرۇھىمۇ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. جانىمقان لاتىپلار بىلەن ئەسەنلەرنىڭ بېشىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ «ئاقسار باش» قويىغا پاتىھە قىلدۇرۇپ سويۇپ، تۇللىرىنى قانغا مىلەپ قەسەمياد قىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىشىدۇ. ئوسماننىڭمۇ چىڭگىل جاھائەتچىلىكى ئىچىدىن لاتىپتىن كېيىن يەنە بىر چوڭ يۆلەنچۈك تېپىلىدۇ. ئۇ ئەسەن بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە يەتكۈزگەن زىيان - زەخمىتى ئاز بولمىدى. ئەسەنلەر چىڭگىلغا قايتماقچى بولۇشتى. ئۇلار قايتىدىغان چاغدا سۇڭ شىلىيەن جانىمقان ئارقىلىق ئەسەنگە بىر دانە ماۋزېر، 30 دانە بەش ئاتار مىلتىق، شۇنىڭدەك يەنە كۆپلىگەن گەزلىمە، چاي قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىدۇ. جانىمقان ئۆزى ئەسەننىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ

ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا «بۇنى كۆرگەندە ئاكاڭنىڭ قىساسى
ئېسىڭگە چۈشسۇن، خاتىرە ئۈچۈن ئالغاچ كەت» دەپ تۈركىستانـ
نىڭ ئۈزۈندىن بۇيان ئىشلىتىپ كەلگەن يان قورالى بىلەن
دۇربۇنىنى بېرىدۇ.

(6) 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا (ئەسەنلەر ئۈرۈمچىگە كېـ
لىشتىن بىر ئاز ئىلگىرى) ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ مەنسەپدارلىـ
رى ئوسماننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئابرويلۇق كىشىلىرىدىن تەرـ
كىب تاپقان بىر تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىشنى
تەكلىپ قىلىپ تېلېگراممىا يوللايدۇ. تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغانـ
دىن كېيىن ئوسمان لاتىپنى باشلىق قىلىپ، قاناتباي، مۆمىنباي
ۋە ئەدىلقان قاتارلىق سەككىز كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەـ
تىدۇ. بۇلارنى گېنېرال مايور «رادىس» راۋىشىجىيە باشلاپ ئۈرۈمـ
چىگە كېلىپ، جانىمقاننىڭ قورۇسىدىكى مەخسۇس كۈتۈش ئۆيىـ
گە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بەش ـ ئالتە كۈندىن كېيىن يەنى 1947 ـ
يىل 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جاڭ جىجوڭ بۇلارنى قوبۇل قىلىـ
دۇ. لاتىپ جاڭ جىجوڭغا ئوسماننىڭ بىر پولك ئەسكەر، 500
دانە بەش ئاتار مىلتىق، 50 دانە پىلىموت، 50 مىڭ
تال ئوق سوراپ يازغان خېتىنى تاپشۇرىدۇ. جۈملىدىن ئوسمانـ
نىڭ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن ئاشكارا ئۇرۇش قىلىشقا
تەييارلىنىپ بولغانلىقىنى دوكلات قىلىپ «بەلكى مۇشۇ كۈنگىچە
ئۇرۇش باشلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن گەپلەرنى
قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ مەنسەپدارلىرى دەرھال ھەرىـ
كەتكە كېلىپ، ئالدى بىلەن گۇچۇڭ ئارقىلىق 400 دانە بەش
ئاتار مىلتىق، 20 دانە پىلىموت، 40 مىڭ تال ئوق،
ئاشلىق، گەزمال، چاي قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى يۈزدەك
تۆگىگە ئارتىپ ئەۋەتىپ بېرىدۇ. كېيىن شۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە
سۇڭ شىليەن ئۆزى بىۋاسىتە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۈرۈمچىدىن ئاـ
لىنىپ، قابدەش باشقۇرغان ئىككى ئىزۋوت پىلىموتچى بىلەن



فۇكاڭدىن لىيەنجاڭ ماتىيەنفۇ باشقۇرغان 200 ئەسكەرنى
ئەۋەتىدۇ. ھەممە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ھالدا مۇشۇنداق
ياردەملەرنى بېرىپ تۇرىدىغانلىقلىرى توغرىسىدا ۋەدە بېرىدۇ.
شۇنداق قىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئوسماننىڭ ئېھتىياجىـ
نى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالتاي ھۆكۈمىتى بىـ
لەن خەلققە قارشى ئوق ئېتىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى تېزلىتىشـ
كە ھەر تەرەپلىمە شەرت ـ شارائىت يارىتىپ، ماددىي تەرەپـ
تىن ياردەم، روھىي جەھەتتىن زور ئىلھام بېرىدۇ.

## ئۇرۇش ئوتى تۇتاشتى

(1) بۇرۇلتوقاي ئۇرۇشى: ئوسمان 1946 ـ يىلى 7 ـ
ئايدا بىر قېتىم، 8 ـ ئايدا بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە ئۆز ۋەكىلـ
لىرىنى ئەۋەتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئەمەلىي
مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرگەنـ
دىن كېيىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولىدۇ. نەتىجىدە چۈمـ
پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئاشكارا ئېلىشـ
شىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوتنى ئەڭ ئاۋۋال
بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازارىغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق تۇتاشتۇرـ
ماقچى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرەپـ
تىكىلەر بىلەن كېلىشەلمەسلىكنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى بولغان
بورىبجاپنى ئىزدەپ تاپىدۇ. بورىبجاپ ئوسماننىڭ ئۆزلىرىگە
بولغان ئىشەنچىسىگە سەجدە قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەمنەپەس بولىـ
دۇ. شۇنىڭ بىلەن مانات، بورىبجاپلار ئىككى يۈزدەك ئادەم
توپلاپ، بۇرۇلتوقاي بازىرىنى بېسىۋېلىپ، خالىغانچە بۇلاڭـ
تالاڭ قىلىدۇ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى خىزمەتچى خادىملار
بىلەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى ئوندەك ئادەم مانات،
بورىبجاپلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ھامان

سارسۇمبىگە چېكىنىپ كېتىدۇ، بۇرۇلتوقاي بازىرىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان شىمالىي يۆنىلىش قوماندانلىق باش شتابى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئالتاي ئاتلىق پولكىدىن پاتقۇللا بىلەن ئىستودىنكوۋ (يەرلىك ئورۇس) ئىسكادىرۇنىنى بۇرۇلتوقايغا ئەۋەتىدۇ. باندىتلار ئۇلار بىلەن ئازراق ئۇرۇش قىلىپ قويۇپلا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقلىرىنى بىلىپ قاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىسكادىرۇن شۇ پېتى بۇرۇلتوقاي بازىرىغا ئورۇنلىشىدۇ.

(2) جۇساتى ئۇرۇشى: 1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاباس تىركەش ئىككى يۈزدىن ئارتۇق قوراللىق ئادىمىنى باشلاپ كېلىپ سارسۇمبە ناھىيىسىنىڭ جۇساتى، شىبەتى قاتارلىق يەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ بىگۇناھ خەلقنى بۇلاپ - تالايدۇ، بۇ چاغدا قوماندانلىق شتاپ خەلقنىڭ ھاياتى بىلەن مال - مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن تۆت روتا ئەسكەر ئەۋەتىدۇ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قاباسلار يول توسۇپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا يەنە بىر قېتىم ئوق چىقىرىدۇ. ئۇرۇش ئىككى سائەتتەك داۋام قىلىدۇ، مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئىزۋوت كوماندىرى توختىيوۋ قاتارلىق بەش ئادەم قۇربان بولىدۇ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئاستا - ئاستا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، قاباسلارنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

(3) شىبەتى ئۇرۇشى: 1947 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قاباس تىركەش، نۇرغوجاي، بورىبجاپلار 250 كىشىلىك باندىتلار گۇرۇھىنى باشلاپ، ئېرتىش دەرياسى بويىغا كېلىپ، ئامما ئوتتۇرىسىغا «ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىدىن قول ئۈزۈڭلار، بولمىسا كېيىن پۇشايمان قىلىسىلەر، بىز پات يېقىندا پۈتۈن ئالتاينى قايتۇرۇۋالىمىز، گومىنداڭ بىزگە ھەمكارلىشىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلاردا ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات تارقىتىش بىلەن بىللە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ قىران دەرياسى ياقىسىدىكى بىتەۋىرگە كېلىدۇ، بۇ چاغدا بىتەۋىر خەلقىدىن شەمەر مامىيوۋ باشلىق كىشىلەر بىر تەرەپتىن سارسۇمبىدىكى ھۆكۈمەت ئورنىغا خەۋەر قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن توپلىشىپ قاباسلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئاسانلىقچە بوي بەرمەيدىغانلىق ئىرادىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئەسئەت مانكەي، ئىنجەن بۇقاتنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، خەلققە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىكنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىغان بولسا ئۆزلىرىنىڭمۇ قول قوشتۇرۇپ تۇرمايدىغانلىقلىرىنى ئوچۇق ئۇقتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قاباسلار ئارقىغا يېنىپ جۇساتىغا كېتىدۇ. قاباسلارنىڭ قىران، ئېرتىش بويىدىكى خەلق ئىچىگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، چارلاش ۋەزىپىسى بىلەن شەھەردىن چىققان ئىسكادىرون كوماندىرى دۆنەي مولدانوۋ باشلىغان يەتمىشتىن ئارتۇق مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى جۇساتىنىڭ بويىغا يېقىنلاپ كېلىشىگىلا، قاباسلارنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرايدۇ، جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ. شۇ ئەسنادا بالباغاي تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن بىر پەي مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن يەرلىك خەلقتىن ئىختىيارىي تەشكىللەنگەن بىر قىسىم ئاممىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن دۇنەيلەر مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىدۇ، قاباسلار گۇرۇھى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولۇشقا باشلىغانلىقىنى سېزىپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ - دە، ئەتراپتىكى خەلقنىڭ ئىككى يۈزدەك يىلقىسى بىلەن تۆگىسىنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىدۇ.

(4) ئىككىنچى قېتىملىق جۇساتى ئۇرۇشى: دۇنەيلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن كېيىن، بىر ياقتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قورال - ياراقلىرى بىلەن قوراللىنىپ، ئۆز سېپىنى كېڭەيتكەن ئوسمان گۇرۇھىنى ئەمدىلىكتە 500 كىشىلىك قورال كۈچىنى تەشكىللەپ قاباس، كاشاپەت ۋە شەيتانكۆز (موڭغۇل، ئەسلى ئىسمى گەردىل) باشلامچىلىقىدا، 1947 - يىلى 3 -

ئاينىڭ بېشىدا ئۈچىنچى قېتىم ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىدىكى جۇساتى ئەتراپىغا ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا قوماندانلىق شتاب مايور ماشان ئەدىلبايوۋ باشلىق كاپىتان شارىپ، مۇئاۋىن كاكىم ئۆمۈربايوۋ مەسلىھەتچى بولغان بىر باتالىيون (يېڭ) قىسىمنى سەپەرۋەر قىلىدۇ، ياردەمگە كېلىش ئۈچۈن بۇرۇلتوقاي بازىرىدا تۇرۇۋاتقان پاتقۇللا ئىسكادرونىنى بۇيرۇيدۇ، مايور ماشانلار 3 - ئاينىڭ 5 - ۋە 6 - كۈنلىرى جۇساتىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئىككى تەرەپ قاتتىق تۇتۇشۇپ قالىدۇ، جەڭ تۆت بەش سائەتكىچە داۋام قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى بېسىپ چۈشەلمەي قاتتىق تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئۇرۇش مەيدانىغا پاتقۇللا باشلىغان ئىسكادرون كېلىپ قالىدۇ. جەڭ تېخىمۇ جىددىي تۈس ئالىدۇ، قاباسلارنىڭ كاكىم ئىسىملىك باشلىقى ھەمدە ئون نەچچە ئادىمىگە ئوق تېگىدۇ، ئاخىرى قاباسلار مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ بېسىم كۈچى ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنگەچ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئىز بېسىپ قوغلاپ ئۇرۇش قىلىپ بارغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى جۇلساي دېگەن يەردە بۇيرۇق بويىچە توختاپ قالىدۇ.

(5) ساربۇلاقتىكى ئۇرۇش: جۇساتى ئۇرۇشى ئاياقلىشىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قاباسلارنىڭ پۈتۈنلەي كەتكەن - كەتمىگەنلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى ئىزۋود چارلاش قوشۇنىنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار ساربۇلاقنىڭ ئېقىنىغا كېلىشىگىلا يېقىن يەردىكى قەبرىستانلىقتا مۆكۈنۈپ يول توسۇپ ياتقان بىر قىسىم باندىتلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ياغدۇرغان ئوقى ئاستىدا قالىدۇ، سەپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىسكادرون كوماندىرى شارىپ بىلەن جەڭچى جۇماغالى شۇ يەردىلا قۇربان بولىدۇ. كاپىتان شارىپ بىلەن جۇماغالىنىڭ ھاياتىغا كەلگەن بۇ قازا جەڭچىلەرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ، جەڭچىلەر دۈشمەنگە دەرھال قايتۇرما زەربە بېرىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، باندىت-



لار گۇرۇھىنى ھەش - پەش دېگۈچە تارمار قىلىدۇ، باندىتلار ئاتامانىنىڭ بىرسى بولغان شەيتانكۆز (گەرىل) ئوق يەپ يەر چىشلەيدۇ، دۈشمەن يەنە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ بىر مۇنچە ئادەملىرىدىن ئايرىلىدۇ. جېنىنى قويىدىغان يەر تاپالمىغان باندىتلار تىرىپىرەن بولۇپ تىكىۋېتىدۇ. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى يەنىلا بۇيرۇققا بىنائەن شۇ ئورۇندا توختاپ قالىدۇ.

## ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشى ۋە ئوسماننىڭ بەيتىككە قاراپ قېچىشى

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن كۆرەڭلەپ كەتكەن ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە، مىللىي ئارمىيىگە ئوق ئېتىپ، قىلىچ كۆتۈرسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىزچىل ھالدا ئېغىر بېسىقلىق پوزىتسىيە قوللىنىپ، دۈشمەن ئۆزى كېلىپ تەگسە زەربە بېرىش، چېكىنسە قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇشماسلىق پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆردى. ئەمما ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ بۇ مەيدانىنى قانداقتۇر بىر خىل ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلىپ، بارغانسېرى غالجىرلىشىپ. ھۇجۇم سېپىنى كېڭەيتىپ، ئادەم سانىنى كۆپەيتىپ بارىدۇ، دېمەك، ئۇنىڭ جىنايى ھەرىكىتى چەكتىن ئېشىپ قارشى تەدبىر قوللانمىسا بولمايدىغان ئەھۋال شەكىللىنىدۇ، شۇڭا ئالتايدىكى شىمالىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئوسمان باندىتلىرىغا قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇنى تېز ئارىدا تەلتۆكۈس تازىلاپ يوقىتىش قارارىغا كېلىپ، مۇناسىپ تەييارلىق ئىشلىرىغا جىددىي كىرىشىپ كېتىدۇ، ئىمادىن پولكوۋنىك لېسكىن مەسلىھەتچى، پولكوۋنىك ئابدۇرېشىت تۇردىيوۋ شىمالىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ شتاب باشلىقى، پودپولكوۋنىك يۈسۈپجان ياسىنوۋ ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى بولۇپ

كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 1947 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى بادەلقان سۇگۇربايوۋ، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى يۈسۈپجان، مەسلىھەتچى لىسكىنلار بولۇپ، تولۇق بىر پولك مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى باشلاپ باندىتلارنى يوقىتىش يۈرۈشىگە ئاتلىنىدۇ.

پولك سارسۇمبىدىن يولغا چىقىش ئالدىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايوۋ جەڭچىلەر بىلەن ئوفىتسېرلارغا قىسقىچىنا سۆز قىلىپ، ئۇلارنىڭ باندىتلارنى يوقىتىش ئۇرۇشىدا باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ چوڭ تۆھپە يارىتىشىنى، ھەربىي ئىنتىزام، قائىدە - تۈزۈملەرگە قاتتىق رىئايە قىلىشىنى، خەلق ئاممىسىنى باندىتلار گۇرۇھىدىن چەك - چېگرا ئايرىتىشقا يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مەزمۇنلۇق ھەم كونكرېت يوليورۇقلارنى بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالنىڭ جەريانى ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ:

(1) ۋپامباي قورۇقىدىكى ئۇرۇش: باندىتلارنى تازىلاش ئۈچۈن سەپكە ئاتلانغان ئالتاي ئاتلىق پولكى ئۈچ كۈن يول مېڭىپ، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم خەلقى توپلىشىپ ئولتۇرىدىغان ساربۇلاقتىكى ۋپامباي قورۇقى دېگەن يەرگە يېتىپ بېرىپ ئورۇنلىشىدۇ - دە، بىر تەرەپتىن ئوسمان گۇرۇھىنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىغا باندىتلارغا ئەگەشمەسلىك ھەققىدە تەشۋىقى - تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللاندى.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئوسمان كۆكتوقاي، چىڭگىل ئىككى ناھىيىدىكى مىڭغا يېقىن ئادەمنى سەپەرۋەر قىلىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا يوقاتماقچى بولۇپ، ئۈچ تەرەپتىن مۇھا-



سىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلدى. قاباس، كاشاپات باشلىق بىر گۇرۇھمۇ غەربىي - شىمالىي تەرەپتىن، ماتيەنفۇ، ئاسىلبېك باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى شەرقىي شىمال تەرەپتىن، جىلقايدار، ئەسەنلەر باشلىق يەنە بىر گۇرۇھ شىمالىي تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇش دەھشەتلىك بولۇپ بىر يېرىم سوتكا داۋام قىلدى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىن باتالىيون (پولك) كوماندىرى مايور ماشان قاتارلىق 20 نەچچە جەڭچى قۇربان بولدى، باندىتلار تەرەپتىنمۇ ئاز بولمىغان كىشى يەر چىشلىدى. مۇشۇ ئەسنادا شىمالىي يۆنىلىش شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن يولغا چىققان قۇبۇق ئاتلىق پولكىنىڭ بىر باتالىيونى (ئۈچ ئىسكادروندىن تەركىب تاپقان) مۇئاۋىن پولك كوماندىرى مايور ئىبراھىمباينىڭ باشچىلىقىدا بۇ يەردىكى ئۇرۇش مەيدانىغا كەلدى. ئۇلار دۈشمەننىڭ شىمالىي تەرىپىدىن كۈچلۈك ئوت ئاچتى، شۇنداق قىلىپ بىردەمدىلا باندىتلارنىڭ بىر قانىتى يىمىرىلىپ كەتتى. دېمەك جىلقايدارنىڭ گۇرۇھى ئەپلەپ - سەپلەپ يۈرۈپ، قاباسلار گۇرۇھىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى پىلىموت، ئىسكادروننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوت كۈچى بىلەن مىناميوت ئىمزۋوتىنىڭ پۈتۈن ئوت كۈچىنى شەرق تەرەپتىكى دۈشمەن ماتيەنفۇ، ئاسىلبېكلەر باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ زەربە بەردى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى، شۇنداق قىلىپ، ئەسلىدە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى ھەش - پەش دېگۈچە يوقىتىۋەتمەكچى بولغان باندىتلار ئاخىرىدا ئۆزلىرى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

(2) ئۆلكىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئالتايغا كېلىشى: ۋپامباي قورۇقىدىكى سوقۇشتا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئوسمان بىلەن جۇنتۇڭ ئىشپىيونى، ئاتالمىش «رادىست» گېنېر-

رال راۋشجىيە ۋە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى ما تيەنفۇلار
بىرلىكتە ئۇرۇمچىدىكى خوجايىنلىرىغا ئالدىراش تېلېگرامما يول-
لاپ «مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىككى پولك ئەسكىرى كۆكتوقاي
دائىرىسىگە ئىچكىرىلەپ كىردى، ھازىر ھەقىقىي ئۇرۇش ۋەزىيىتى
شەكىللەندى» دەپ دوكلات قىلدى، ھەمدە ۋىلىباي قوروقىدى-
كى ئۇرۇش جەريانى ۋە نەتىجىسىدىن مەلۇمات بەردى. بۇ
ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭ كاتىباشلىرى كۆزنى يۇمۇپ
ئاچقۇچە ۋەزىيەتنىڭ مۇشۇ دەرىجىدە بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ھەمدە
ئوسمان گۇرۇھىنىڭ شۇنچىلىك پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان-
لىقىدىن بەكمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. چۈنكى بىرىنچى قېتىملىق
جەڭدىلا ئوسمان گۇرۇھى بولسۇن، گومىنداڭ ئەۋەتكەن ھەربىي
قوشۇن بولسۇن ئېغىز - بۇرنى قانغا بويالدى. ئەمدى قانداق قىلىش
كېرەك؟ كۆپلىگەن ئەسكەرلەرنى يۆتكەپ ئوسمانغا يەنە ياردەم بېرىش
كېرەكمۇ؟ بۇ دەل شۇ چاغدا مەيلى قايسى تەرەپتىن ئالغاندا بولسۇن
ئۇلار ئۈچۈن تەۋەككۇلچىلىك قىلىدىغان ئاددىي مەسىلە ئەمەس
ئىدى. ئۇنداق بولسا «نېمە بولساڭ بول» دەپ تاشلاپ قويۇش
كېرەكمۇ؟ بۇنداق قىلىشقا ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل تەبىئىتى ئەسلا
يول قويمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداق قىلىپ دۈشمەن «بۇ ياققا
تارتسا ئۆكۈز ئۆلۈدىغان، ئۇياققا تارتسا هارۋا سۇنىدىغان»
ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ
ئاخىرى «كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان» شۇنىڭدەك
كېلەچەكتىن ئالغاندا ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر قاتار پايدىلىق بولار
دەپ مۆلچەرلىگەن بىر چارىنى ئويلاپ تېپىپ «ئوسمان بىلەن
دەلىلقاننى كېلىشتۈرۈپ قويۇش» دەيدىغان بىر ئىراگىدىيىلىك
ئويۇننى سەھنىگە ئېلىپ چىقىش قارارىغا كەلدى. شۇنداق
قىلىپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت نامىدىن ئۈچ تەرەپتىن
(گومىنداڭ تەرەپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ، بىتەرەپتىن) تەشكىل
قىلىنغان «ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەمدە



دەلىلقاننى كېلىشتۈرۈپ قويۇش گۇرۇپپىسى» دەيدىغان بىر نېمىنى
قۇراشتۇرۇپ ئالتايغا ئەۋەتتى. گۇرۇپپا باشلىقى، ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بورھان شەھىدى (بىتەرەپتىكىلەر
ۋەكىلى) گۇرۇپپىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى، ئۆلكىلىك ئامانلىقنى
ساقلاش سىلىڭبۇسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى داڭ بىگاڭ (گومىن-
داڭ تەرەپنىڭ ۋەكىلى)، ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ
نازىرى رەھىمجان سابىرھاجىيوۋ (ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ
ۋەكىلى) بولدى. بۇلاردىن باشقا قالى ئاباق، قالى ئىسھاق،
نۇسرەت شەھىدى، ئەنۋەر سالىجان، قاناتباي قاتارلىق بىر گۇ-
رۇپپا خىزمەتچىلىرى بار. بۇ گۇرۇپپا 1947 - يىلى 4 - ئاينىڭ
4 - كۈنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا
يېتىپ باردى. بارغان كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەمدە كەچتە گۇ-
رۇپپىنىڭ ئاساسلىق باشلىقلىرى بىلەن دەلىلقان سۇگۇربايوۋلار
ئارىسىدا رەسمىيەت خاراكتېرلىك بېرىش - كېلىشلەر بولۇپ
ئۆتتى. ئەتىسى ۋالىي مەھكىمىسىدە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر
بىلەن يەرلىك ئورۇندىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باش قوشقان
يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا ئالدى بىلەن بورھان، داڭ
بىگاڭ ۋە رەھىمجانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاساسەن ئوسمان بىلەن
دەلىلقاننى كېلىشتۈرۈشنى نۇقتا قىلغان ھالدا، ئالتاي ئەھۋا-
لىنى تەكشۈرمەكچى بولۇپ كەلگەنلىكلىرىنى سۆزلىدى. ئاندىن
دەلىلقان سۇگۇربايوۋ ئالتاينىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن تەپسىلىي
دوكلات بەردى. جۈملىدىن ئوسماننىڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلقى
بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئەكسىيەتچىلىك يولىغا ماڭغانلىقى، بولۇپمۇ
باندىتلىق قىلىپ، بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، قان تۆ-
كۈلۈش پەيدا قىلغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ، پاكىتلارنى
بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىرىدا ئۇ ئوسمان بىلەن
ھازىرقى بىزنىڭ ئارىمىزدىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەسىلە قان-
داقتۇر ئىككى شەخسنىڭ ئۆزئارا كېلىشەلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىق-

قان ياكى بۇ ئىككىسىز كېلىشىپلا قالساق، ھەل بولۇپ كېتىدىغان ئادەتتىكى مەسىلە ئەمەس. ئۆلكىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا كۆز ئالدىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان زور مەسىلىلەرنى توغرا ھەم تەلتۆكۈس ھەل قىلىشىنىڭ مۇۋاپىق يولىنى تېپىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئاندىن شەمشى مامىيوۋ، مۇقاش جاكە، قاجىنابى ۋالىيوۋ، مۇنەۋۋەر ئابدۇللاھاجىيوۋ، مامۇت ياقۇپبايوۋ قاتارلىق مەسئۇل كادىرلارمۇ ئوسماننىڭ پۈتۈن ئالتاي دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئالتۇپىلاڭ پەيدا قىلىپ، باندىتلىق ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇ كۆپ ساندىكى ئالتاي خەلقى ئالدىدا زور جىنايەتكار ئىكەنلىكىنى، يۇرت نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغانلىقى، ئۇنى يېڭىباشتىن ۋالىيلىققا تەكلىپ قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك دەلىل - ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلدى. بۇ چاغدا داڭ بىگاڭ «ئوسماننىڭ داۋاملىق ۋالىي بولۇشىنى خەلق ئاممىسى راستىنلا قارشى ئالامدۇ؟ ياكى بىر قىسىم كىشىلەر قارشى ئالامدۇ؟ مېنىڭچە بۇ ھېلىمۇ بىر مەسىلە بولسا كېرەك» دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ دەلىلقان سۇگۇربايوۋ، شەمشى مامىيوۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاشۇنداق ئىككى تەرەپ تىركىشىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا رەھىمجان سابىرھاجىيوۋ «ئۇنداق بولسا، بىز بىر قېتىملىق يۇرت - جامائەت يىغىنى ئېچىپ كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقايلى» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى خەلق كۇلۇبىدا ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەردىن بولۇپ 600 — 700 يۈز كىشى قاتناشقان ئاممىۋى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۆزلىرىنىڭ ئالتايغا كېلىشتىكى



مەقسىتى توغرىسىدا نۆۋەت بىلەن سۆزگە چىقتى. ئاندىن كېيىن ئامما ئۆز پىكرىنى بەردى. كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن ئوسماننىڭ بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئېلىپ بارغان زوراۋانلىق، باشباشتاقلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، خەلقتىن 15 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەك قوي، سەككىز يۈزدىن كۆپرەك چوڭ ماللارنى ۋە نۇرغۇنلىغان كىيىم - كېچەك، ئۆي جاھازلىرىنى، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بۇلىغانلىقىنى، نەتىجىدە ئۇنىڭ تەھدىت سېلىشى بىلەن يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ خانىۋەيران بولۇپ، كۈن كۆچۈرەلمەسلىك ئەھۋالىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ئۆزلۈكىدىن سۈركۈلۈپ قان تۆكۈلۈش پەيدا قىلغانلىقىنى، ھەتتا ئاز بولمىغان كىشىلەرنىڭ جىنىغا زامىن بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنى ۋالىيلىقتىن ئېلىپ تاشلىغانلىقىنىڭ تامامەن توغرا ۋە زۆرۈر بولغانلىقىنى، ئۇنى يېڭىباشتىن ۋالىيلىققا تەكلىپ قىلىشقا ئۆزلىرىنىڭ قەتئىي قوشۇلمايدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپ، نۇرغۇن كەسكىن پىكىرلەرنى بەردى. جۈملىدىن داڭ بىگاڭغا قارىتا «مۇشۇنداق خەلقنىڭ قاغىشىغا يولۇققان، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان باندىتنى گومىنداڭ مەنسەپدارلىرى نېمە ئۈچۈن قانات ئاستىغا ئېلىپ قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ؟ نېمە سەۋەبتىن ئۇنىڭغا كۆپلىگەن قورال - ياراق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ‹11 ماددىلىق بىتىم› شەرتىگە ھۆرمەت قىلمايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى ئۈستى - ئۈستىگە ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ شۇ يەردىلا ئېنىق جاۋاب بېرىشىنى قەتئىي تەلەپ قىلدۇ. شۇنىڭدەك يۈرەك - باغرى لەختە - لەختە بولۇپ كەتكەن جامائەتچىلىك «باندىت ئوسماننى تازىلات چىقايلى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىر تەرەپتىن كېلىشىم تۈزۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن كېلىشىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئالدامچىلىق، مۇتتەھەملىك، سۇيىقەستلىك، ئۆكتەملىك ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز»

دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى توۋلايدۇ. داڭ بىگاڭ جاۋاب قايتۇرالماي ئەكسىنچە بورھان بىلەن رەھىمجانغا يېلىنىشلىق بىلەن قارايدۇ. تۆت سائەتكىچە داۋام قىلغان يىغىن داڭ بىگاڭنىڭ مات بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. داڭ بىگاڭ بورھان، رەھىمجان سابىرھاجىيوۋ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ.

(3) قىزىل ئەتەك ئۇرۇشى ۋە ئوسماننىڭ بەيتىككە قېچىشى: ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ كاتىباشلىرى، ئوسمان، راۋشىجيە ۋە ما تيەنفۇلارنىڭ 3 - ئاينىڭ ئاخىرىسىدىكى ھېلىقى ئالدىراش تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن «ئوسمان بىلەن دەلىلقاننى كېلىشتۈرۈپ قويۇش» تراگېدىيىسىنى سەھنىگە ئېلىپ چىققان دەل شۇ چاغدا، ئۇلار يەنە ئۈچ ئايدىن بېرى ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان لاتىپنى قېشىدىكى ئۈچ ئادىمى بىلەن بىللە دەرھال كۆكتوقايغا قايتۇردى. ئۇلار قايتىش ۋاقتىدا بولسا «بىز سارسۇمبىگە ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتتۇق. سىلەرنىڭ ھازىرقى مەزگىلدىكى ئاساسىي ۋەزىپەڭلار كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا، ئەمدىلىكتە ئۆزلىكىڭلاردىن ئىزدەپ بېرىپ ئۇرۇش قىلىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇڭلار، ئۇلار ئۆزلىكىدىن كېلىپ ئۇرۇشىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىمۇ جان تىكىپ، تىركىشىپ تۇرۇۋالماي، ھەرىكەتچان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش تەرىپىدە بولۇڭلار، پەقەت ئالتاي دائىرىسى ئىچىدىن چەتنەپ چىقىپ كەتمەيدىغان، جانلىق كۈچۈڭلارنى ھالسىزلاندۇرۇۋالماسلىقنىڭ چارىسىنى قىلساڭلار بولىدۇ، قالغانلىرىنى نۆۋەتتە كەلگەندە كۆرەرمىز» دېگەنلەرنى تاپىلىدى. شۇنداقلا ھەر بىرىگە 5000 يۈەندىن نەق پۇل سوۋغا قىلدى.

لاتىپلار يۇقىرىقى قىممەتلىك يوليورۇقلارنى ھەم سوۋغىلارنى ئېلىپ ئوسماننىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مۇنچە كىشىلەر ھەتتا ئاتامانلار گۇرۇھىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بەزىبىر



كىشىلەردىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئۈمىدسىزلىنىش ھالەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. لېكىن تولىمۇ ئەشەددىيلىشىپ كەتكەن ئوسمان بۇنداق ھالەتتە بولغۇچىلارغا قارىتا قورقۇتۇش، بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق ھەممە كۈچىنى ئەپلىك، تەبىئىي ئىستىھكام ئەتەك قىزىل دېگەن جايدىن ئابرۇن تۇتۇشقا توپلاپ، شۇ ئارقىلىق مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا تاقابىل تۇرماقچى بولدى. مىللىي ئارمىيە تەرەپ بولسا ۋېلىباي قورۇقىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، چېكىنگەن باندىتلار گۇرۇھىنىڭ ئەتەك قىزىلغا بېرىپ قانداق ئورۇنلاشقانلىق ئەھۋالىنى بىر قانچە قېتىم رازۋېت قىلىش ئارقىلىق ئەھۋالنى ئوبدان ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ھەربىي قىسىملىرىنىڭ يېرىمىنى بىر نەچچە ئىخچام بۆلەكلەرگە ئايرىپ، ئۇرۇش سېپىنى كېڭەيتىپ تەرەپ - تەرەپتىن كۈچلۈك ئوت ئېچىپ، ھەر بىر بۆلەك دۈشمەننىڭ كۈچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ پارچىلاش، ئاندىن كېيىن قالغان يېرىم كۈچىنى 20 مىنامىيوت، قىرىقتەك پىلىموتنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق، ئوسماننىڭ ئۆزى ئورۇنلاشقان ئىستىھكامىغا مەركەزلەشتۈرۈپ زەربە بېرىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. نەتىجىدە دۈشمەن ئەتەك قىزىلدا پۇت تىرەپ تۇرالماي، قۇۋۇئېرتىشتىن ئۆتۈپ، كورتى دېگەن يەرگە چېكىنىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا باندىتلاردىن ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلار 40 — 50 ئادەمگە يەتتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ئىككى ئادەم تىرىك قولغا چۈشتى. چېكىنىش جەريانىدا جىلقايدار ئۆزىنىڭ چېگىل ئېلىدىن ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ، ئوسماندىن ئايرىلىپ ئۆز يېرىگە چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ باندىتلار گۇرۇھى چېچىلىپ نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي قالدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا ئوسمان ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭچى خوجايىنلىرىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلارنىڭ يېقىندىلا لاتىپ ئارقىلىق «ئىلاجى قىلىپ ئالتاي دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك ھەمدە

داق ئەھۋالدا يۈسۈپجانلار بىر تەرەپتىن دەككە - دۈككىدە قالغان ئاممىغا چۈشەنچە بېرىپ خاتىرجەم قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسەنلەرگە قايتىپ كېلىپ ئەل - يۇرت، ئائىلىلىرى بىلەن بىللە بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت ئېلىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ ئەسنادا ئوسماننىڭ ئۆزلىرىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن كۆچكەنلەرنى قوغداپ ئەكىلىشكە ئەۋەتكەن زەينەل، رەخىم ۋە كاشاپات باشلىق 70 — 80 قوراللىق ئادەملىرى يېتىپ كېلىپ، دەريانىڭ ئۇ چېتىدىكى ئەسەنلەر بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ، يۈسۈپجانلار تۇرغان يەردىن 15 كىلومېتىر يۇقىرىقى تەرەپتىن دەريانىڭ بۇ قېتىغا ئۆتۈپ، ئورمانلىقنى ئۆزلىرىگە دالدا قىلىپ مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ئەسەنلەرمۇ لەپپىدە دەريادىن بۇقاتقا ئۆتۈپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئوت ئاچتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئارىلىقتا قېلىپ، ئىنتايىن پايدىسىز ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. شۇنداقتىمۇ تاڭ ئاتقۇچە دۈشمەن بىلەن كەسكىن جەڭ ئېلىپ باردى. لېكىن بىز تەرەپتىن قۇربان بولغان، يارىدار بولغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ، جەڭچىلىرىمىز بەكلا ئاز قالدى. ئوقلىرىمۇ تۈگەي دەپ قالدى. مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەت ئاستىدا پودپولكوۋنىك يارىدارلارنى ماشىنىغا بېسىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئەمما ماشىنا ئەمدىلا ئورنىدىن قوزغالغاندا شوپۇر سۇلتانغا ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. ماشىنىمۇ توختىدى. نەتىجىدە مەيلى ساق، مەيلى يارىدار جەڭچىلەر بولسۇن ئەڭ ئاخىرقى بىر تال ئوقلىرى تۈگىگىچە دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلدى. ئاخىرى ئوقلىرى تۈگەپ، ئىسكادىرون كوماندىرى ئابدۇكېرىم باشلىق يەتمىشتىن ئارتۇق جەڭچى - ئوفىتسىر باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولدى. پولكوۋنىك يۈسۈپجان بىلەن يىگىرمىگە يېقىن جەڭچى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتتى. باندىتلار يۈسۈپجاننى ئوسمانغا ئەكىلىپ تاپشۇرىدۇ.



رەھيان ئىسىملىك بىر يارىدار ئايال سانىتارنى باندىتلارنىڭ بىرى دەپسەندە قىلماقچى بولغاندا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئېتىپ تاشلىنىدۇ. بىر مۇنچە يارىدار جەڭچىلەر داۋالاش يارىدىمىگە ئىگە بولالماي، قانسىراپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئوسمان يۈسۈپجاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ھەممە ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. يۈسۈپجان قەتئىي باش ئەگمەيدۇ. ئامالسىز قالغان ئوسمان ئۇنى ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭچى خوجايىنلىرىغا ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئۇلار «يۈسۈپجاننىڭ ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلىپ قالسا ئۇلار بىزدىن ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلماي قالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەسىلە تۇغۇلىدۇ. شۇڭا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا كۆزدىن يوقىتىڭلار» دېگەن تېلېگراممىنى ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان يۈسۈپجاننى ئېتىۋېتىدۇ.

(3) ئوسمان ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شېرىكلىرى لاتىپ، مۆمىنباي، قاباس تىركەش، ئەسەن قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ بېشىدا لاتىپ، قاباس تىركەش باشچىلىقىدىكى بىر يۈز ئەللىكتىن كۆپرەك قوراللىق گۇرۇھنى چىڭگىل خەلقىنى ھەيدەپ كېلىشكە ئەۋەتتى. لاتىپلار كۈندۈزى مۆكۈپ يېتىپ، كېچىسى يول يۈرۈپ چىڭگىلگە بارغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيىنىڭ جاجىسىنى بېرىشتىن قورقۇپ، ئوتتۇرا يايلاقلاردا ئولتۇرغان لاتىپقا قاراشلىق بەش يۈزدىن ئارتۇق ئائىلىنى بەيتىككە ھەيدەپ كۆچۈردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى باندىتلار ھەيدەپ ماڭغان ئاممىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئاتلاندى. لاتىپلار بىر تەرەپتىن خەلقنى ھەيدەپ مېڭىپ، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ يولىنى توسۇپ ھەرىكەتچان سوقۇش ئېلىپ باردى. سوقۇشۇپ كۆمۈشنىڭ قويغىنىدىكى دۆڭتى دېگەن يەرگە كەلگەندە ئىككى تەرەپ تىركىشىپ قالدى. جەڭ خېلى كەسكىن بولدى. ئاخىرى لاتىپلار بۇ

500 ئائىلە ۋە ئۇلارنىڭ چارۋا - ماللىرىنى ئۇلە - تىرىلىشىگە قارىماي قوغلاپ، دەريادىن ئۆتكۈزۈپ بەيتىك تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ 40 مىڭدىن ئارتۇق قويى مىللىي ئارمىيىنىڭ قولىدا قالدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن باندىتلارنى ئارقىدىن قوغلاپ يۈرمەي ئۆز ئورۇنلىرىغا يېنىپ كەلدى. بۇ نۆۋەتتىكى جەڭدە باندىتلارنىڭ ئالتە ئادىمى يەر چىشلىدى. جۇملىدىن باندىتلارنىڭ باش ئاتامانىنىڭ بىرى بولغان لاتىپنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلاندى. دېمەك 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئوسماننىڭ يېنىدىكى ئاھالە بۇرۇنقى ئالتە يۈزدىن كۆپىيىپ تۆت مىڭغا يەتتى.

(4) 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ قالقاتۇن دېگەن قىشلىقىدا تۇرىدىغان يۇسۇف (ئاق ئورۇس) باشلىق ئون نەچچە نەپەر ئادەم قېچىپ بېرىپ ئوسمانغا قوشۇلدى. بۇلارنىڭ ئادەم سانى ئاز بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئوسمانغا يول كۆرسىتىش جەھەتتە رولى چوڭ بولدى.

## بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرىگە ئايلىنىش

(1) ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ بەيتىككە بېرىشى: ئوسمان 1947 - يىلى 4 - ئايدا بەيتىككە قېچىپ كېلىپلا لاتىپ، مانات ۋە قاناتباي قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ ئالتايغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپلەپ قورال - ياراق بېرىشىنى، ئەسكەر چىقىرىپ ھەمكارلىشىشىنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى. ئۇلارنى ئاسىلبېك قابدەش باشلاپ گۇچۇڭغا كەلگەندىن كېيىن سىجاڭ خەن يۇۋېن مەخسۇس ماشىنا بىلەن ئۈرۈمچىدىكى جانىمقاننىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويىدى. لاتىپلار ئۈرۈمچىگە



كېلىپ بەش - ئالتە كۈندىن كېيىن جانىمقان ئارقىلىق سۇڭ شىلىيەن بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ئەھۋالنى دوكلات قىلىش بىلەن بىللە ئوسماننىڭ يۇقىرىدىكى تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. سۇڭ شىلىيەن ئۇلارغا مەسلىھەتلىشىپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ لاتىپلارنى چاقىرىپ ئوسماننىڭ يۇقىرىدىكى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىنى دېگىنى بويىچە تولۇق قانائەتلەندۈرىدىغانلىقلىرى، شۇنداقتىمۇ شارائىتنىڭ پىشىپ - يېتىلىشىگە قاراپ بىر - بىرلەپ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى، شۇڭا بىرىنچىدىن، ئوسماننىڭ غەم - ئەندىشە قىلماسلىقىنى، ئىككىنچىدىن، ئالدىراپ كەتمەسلىكىنى تاپىلايدۇ. لاتىپ، قاناتباي قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى ھال سوراش ئۆمىكىدىكى زاكىنقان ئەلەن، خەمىت جانىمقان قاتارلىقلار بىلەن بىللە جاڭ جىجۇڭ ۋە سۇڭ شىلىيەنلەرنىڭ ئوسمانغا سوۋغا قىلغان گەزمال، چاي، ئۇن، گۈرۈچ، قەناۋات قاتارلىق نەرسىلەرنى تۆت ماشىنىغا قاچىلاپ، جانىمقان، خادىۋاڭ، خەن يۇۋېن، ئابدۇقادىر (گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ قورچاق شيەنجاڭى) لارنىڭ ئوسمانغا تارتۇق قىلغان ئۈچ دانە ئارغىماق، ئىككى دانە گەنسۇ ئېتىنى ئېلىپ بەيتىككە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

(2) «بەيتىك ۋەقەسى» ۋە بۇ جەرياندىكى ئوسمان: بەيتىك ۋەقەسى 1947 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تۇغۇلغان بولۇپ، ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇش سەۋەبى، جەريانى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا كىشىلەر ھازىرغا قەدەر بىر قانچە تۈرلۈك ئوخشىمىغان كۆز قاراشتا بولماقتا. بىرىنچى تۈرلۈك كۆز قاراشتىكىلەر: بۇ ۋەقە موڭغۇلىيە قوراللىق قوشۇنلىرىنىڭ يامان غەرەز، يامان نىيەتتە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ خاراكتېرى تاجاۋۇزچىلىق، مەقسىتى كېڭەيمىچىلىك دەيدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك كۆز قاراشتىكىلەر بولسا، «بەيـ

تىك ۋەقەسى»نىڭ كېلىپ چىقىشىغا راستىنى ئېيتقاندا ئوسماننىڭ چېگرا ئاتلاپ، موڭغۇلىيە تېررىتورىيىسى ئىچىگە كىرىپ باندىتلىق قىلىشى دەيدۇ. ئۈچىنچى تۈرلۈك كۆز قاراشتىكىلەر، بۇ ۋەقە ئىككى دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئەزەلدىن ئېنىق ئايرىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يىگانە چېگرا سۈركىلىشى دەپ ھېسابلايدۇ، تۆتىنچى تۈرلۈك كۆز قاراشتىكىلەر، بۇ ۋەقەنى ئەسلىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مەخپىي پىلانلاپ، ئوسمان ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىشىدۇ.

يۇقىرىدىكى بۇ تۆت خىل كۆز قاراشلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا ئاتالمىش «بەيتىك ۋەقەسى»نىڭ تۇغۇلۇش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا 1 -، 2 - خىل كۆز قاراشلار ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدىغان چوڭ بىر زىددىيەت مەۋجۇت. 3 -، 4 - خىل كۆز قاراشلار ماھىيەت جەھەتتىن 2 - خىلدىكى كۆز قاراش بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ياكى ئۇنىڭغا مايىل. شۇڭا بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب — بىر قېتىملىق سىياسىي كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ياساپ چىقىلغان پىلانلىق ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنىڭ پىلتىسىنى بېكىتكۈچى سۇڭ شىلىيەن، ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئوسمان. ھەر ئىككىسىنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى لاي سۇدىن بېلىق تۇتۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بۇ يەردە مۇنداق بىر نەرسىنىمۇ ئېنىق ئېيتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئاتالمىش «بەيتىك ۋەقەسى» جەريانىدا، شەخسەن ئوسماننىڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ ئۆتكەندىكى بىر نەچچە يىللىق دالا ئۇرۇشىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن جان ئايىماي جەڭ قىلىپ، ما شىجىن ئەسكەرلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى، موڭغۇلىيە قىسىملىرىنى بىر مۇنچە چىقىمغا ئۇچراتقانلىقى راست، ئەمما ئۇنىڭ بۇنداق قىلمىشتىكى ئاساسىي مۇددىئاسىنىڭ بىرى — ئۇ تېخى يېقىندىلا



ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئېغىز - بۇرنى قان قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئاچچىقىنى يەنە بىر تەرەپتىن چىقىرىۋېلىش، يەنە بىرى، مۇشۇ ئارقىلىق گومىنداڭ دائىرىلىرىگە خۇشامەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك مول ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى بىلەن ئاخىرغىچە دۈشمەنلىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. قىسقىسى، «بەيتىك ۋەقەسى» دېگەن بۇ مەسىلىنىڭ تېگى - تەكتىدىن قانداق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى، نېمە سەۋەبتىن كېلىپ چىققانلىقىنى زامان، ماكان ۋە شارائىت نۇقتىئىنەزەرىدە تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىپ، ئاندىن ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

(3) ئوسماننىڭ سۇڭ شىلىيەن ئارقىلىق ئامېرىكا بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى: يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن «بەيتىك ۋەقەسى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەتراپىدا ئوسمان موڭغۇلىيە تەرەپتىن ئولجا ئالغان بىر نەچچە تال قورال بىلەن بىر نەچچە مېدال قاتارلىق نەرسىلەرنى گومىنداڭ خوجايىنلىرىغا تارتۇق قىلىپ قاناتباي، قۇرمان قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئۇلارنى سۇڭ شىلىيەن باشلىق گومىنداڭ مەنسەپدارلىرى چوڭ زىياپەت بېرىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. زىياپەتكە جانىمقان، خادىۋاڭ، سالىس زاكارىيا، ئەيسا، مەتتىمىن ھەزرەت قاتارلىقلار قاتناشتى. ئاسلىبېك قابدەش تەرجىمانلىق قىلدى. زىياپەتتە سۇڭ شىلىيەندىن تارتىپ جانىمقان ۋە باشقا گومىنداڭ مەنسەپدارلىرى ۋە قاناتبايلار ئوسماننى ئاسمان - پەلەككە يەتكۈچە ماختاپ، ئۇنىڭغا بولۇشچە يەل بېرىپ، ئۇنى ھەر تەرەپتىن قوللايدىغانلىقلىرى توغرىسىدا ۋەدە بېرىشتى. زىياپەتنىڭ ئاخىرىدا قاناتبايلار سۇڭ شىلىيەنگە ئوسماننىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەتىسى سۇڭ شىلىيەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئاسلىبېك قابدەش، قاناتبايلارنى ماشى-

نى بىلەن ياڭخاڭدىكى ئامېرىكا باش كونسۇلخانىسىغا ئاپىرىدۇ. ئۇلارنى باش كونسۇل پاشتۇن ئۆزى قوبۇل قىلىدۇ. قاناتبايلار پاشتۇنغا ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكىدىن ياردەم كۈتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئوسماننىڭ سالىمىنى يەتكۈزىدۇ. پاشتۇن «ئوسمان بەيتىك ۋەقەسىدە دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى، سىلەر جۇڭگو زېمىنىغا يولسىزلىق بىلەن تاجاۋۇز قىلغان موڭغۇلىيىنىڭ بىر پولك (ئەمەلىيەتتە ئۇنچىلىك ئەمەس) ھەربىي كۈچىنى تارمار قىلدىڭلار. ياپونىيىنى تەسلىم قىلغان كۈچ ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسى، ئامېرىكا پەن - تېخنىكا جەھەتتە تەڭدىشى يوق كۈچلۈك دۆلەت. سوۋېتتىن، موڭغۇلىيىدىن قورقماڭلار. بىز سىلەرگە چوقۇم ھەمكارلىشىمىز» دېگەن گەپلەرنى قىلىپ، ئوسمانلارنى كوممۇنىزمغا تىغمۇتىغ قارشى تۇرۇشقا كۈچەپ مەدەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان ئاتالمىش «قىزىل جاھانگىرلىكنىڭ قاراقولى» بولغان ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتى بىلەن ئاخىرقى تىنىقى توختىغانغا قەدەر دۈشمەنلىشىش قارارىغا كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن 1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، سۇڭ شىليەن ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان ۋەكىلى مانانىنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ: «بۇ كىشى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان بولىدۇ. ئوسمانغا سالاملاشقىلى بارماقچى، بۇ ناھايىتى مەخپىي سەپەر بولغاچقا سىزنى يېرىم كېچىدە چاقىرتىۋاتىمەن. سىز مۇشۇ كىشىگە يول باشلاپ بېرىشكە تولۇق ئىشەنچلىك بىر كىشى قوشۇپ بېرىڭ» دەيدۇ. ئاسىلبېك قابدەش تەرجىمان بولىدۇ. ئەتىسى تاڭ يورۇش ئالدىدا ماكنان قېشىدا ئۆزلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى تەرجىمانى مىجىت ئىسىملىك بىرسى بىلەن بىللە كىچىك ماشىنىدا يولغا چىقىپ، بەيتىكتىكى ئوسماننىڭ ئاۋۇلىغا بارىدۇ. ماكنان ئۇ يەردە تۆت كۈن تۇرىدۇ. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ئوسمان بىلەن كېچە - كۈندۈز مەخپىي سۆھبەتتە بولىدۇ.



قۇرمانباي تىياناق ئوسمانغا خەنزۇچىنى قازاقچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن ماكنان جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى ئالتۇن ئۇبا دېگەن تاغنىڭ قاپتىلىدا موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى سۈرەتكە تارتىدۇ.

ئوسمان شۇنداق قىلىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تېخىمۇ زور ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا سۇڭ شىليەن ئۆزى يۈزمۇ يۈز تاپشۇرۇق بېرىپ خۇاڭ سەنمۇ بىلەن ئاسىلبېك قابدەشنى بەيتىككە ئەۋەتىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئوسماننىڭ مىلتىق كۆتۈرەلەيدىغان ئادەملىرىنى تىزىملاپ مەلۇم قىلىش بولۇپ، گومىنداڭ دائىرىلىرى شۇ سان بويىچە ئۇلارنى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ھېسابىدا قورال - ياراق، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا تەرەپلەردىن تولۇق تەمىنلەشنى قارار قىلغانىدى. بۇلارنى ئوسماننىڭ قېشىغا ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ فۇ سەنمۇجاڭى چىڭ بىلەن ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ باشلىقى (جۈنجاڭى) ما چېڭشياڭ ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قايتتى. فۇ سەنمۇجاڭ چىڭ، ما جۈنجاڭلار ئۇ يەردە تۇرغان كۈنلەردە ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ: «ئوسماننى ‹بەيتىك ۋەقەسى›دە تۆھپىسى زور دەپ مەدھىيىلەپ جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرى بۇ ۋەقەنى دۇنياغا ئېلان قىلدى. باتۇرنىڭ نام - شۆھرىتى بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق چوڭ مەملىكەتلەرگە تونۇلدى» دېگەن مەزمۇندا سۆز قىلىپ، ئوسماننى بولۇشىچە ماختىدى. شۇنداقلا «گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باتۇرنىڭ سوۋېت قىزىل جاھانگىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ قارا قولى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئادالەتلىك ھەرىكىتىنى قوللايدۇ، ئۇنىڭغا خالىسانە ياردەم بېرىدۇ. جۈملىدىن باتۇرنىڭ تېز ئارىدا ئالتاينى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشىغا ھەر تەرەپلىمە ياردەملىرىنى بېرىدۇ» دەپ ئوسماننى بولۇشىچە قۇترىتىدى.

چىڭ، مالار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خۇاڭ سەنمۇ، ئاسلىبېكلەر دەرھال ئىشقا كىرىشىپ، ئوسمان باندىتلىرىدىن 800 كىشىلىك قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، ئۇنى ئىككى چوڭ ئەترەتكە بۆلۈپ، بىر ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىغا قاباس تىركەشنى، يەنە بىر ئەترەتنىڭ باشلىقلىقىغا قۇرمان قاپشىنى بەلگىلىدى. بۇ قوراللىق گۇرۇھنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ باشقۇرۇشقا قايىم قازى مەسئۇل بولۇپ تەيىنلەندى. شۇنداق قىلىپ سۇڭ شىلىيەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ كەتتى. نەتىجىدە ئوسماننىڭ ھەيۋىسى بىلەن قارا نىيىتى تېخىمۇ ئۆسۈپ، ئالتايغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان بۇ قوراللىق كۈچكە ئاتاپ ئۈرۈمچىدىن نۇرغۇن قورال - ياراق ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ھەربىي لاۋازىماتلارنى ئەكەلدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئەۋەتكەن مەخسۇس تەربىيەچىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر قانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، قاتتىق ۋە سىستېمىلىق ھەربىي مەشىق ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭتۇڭ ئىشپىيونى، ئاتالمىش «راددىس» پولكوۋنىك ماچىڭشەن (ئۆمەر)نىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشى بىلەن ئالتاي تەرەپكە بىر قانچە قېتىم چارلىغۇچىلىرىنى ئەۋەتىپ، چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئورۇنلاشقان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ھەققىدە ئاخبارات توپلىدى.

## ئوسماننىڭ ئالتاينى ۋاقىتلىق ئىگىلىشى

(1) ئالدىنقى سەپتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى: خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1946 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ ئوسمان بىلەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان



ئۇرۇشلار 1947 - يىلى 20 - ئاپرېلدا ئوسمان گۇرۇھىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ بەيتىككە قېچىپ كېتىشى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئاياغلاشقانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىمالىي يۆلىنىش قوماندانلىق شتابى قۇبۇق ئاتلىق پولكىنىڭ ئۈچ ئىسكادرونىنى، ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ ئىككى ئىسكادرونىنى قوشۇپ، ئىبراھىمباي پولك كوماندىرى، ئالمابېك ناچالنىك شتاب باشلىقلىقىدا بىر ۋاقىتلىق پولك تەشكىللەپ، ئوسمان باندىتلىرىنىڭ ئالتايغا قايتىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ چېگرىسىدىكى شاڭغان دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالدىنقى سەپ سۈپىتىدە كۆكتوقاي ناھىيىسىگە قاراشلىق تۇرغىن دېگەن يەرگە بىر ئىسكادرون، قاراتۇڭگى دېگەن يەرگە بىر ئىسكادرون، چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ چاغانقول دېگەن يېرىگە بىر كۈچەيتىلگەن ئىزۋوت توختاتتى.

1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغا يېقىن، سۇڭ شىلىيەننىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن تەشكىللىگەن 800 كىشىلىك ئىككى چوڭ ئەترەتكە يەنە 200 كىشىلىك ياردەمچى كۈچ سەپلىنىپ قاباس تىركەش باشلىق، قۇرمان قاپشىنى مۇئاۋىن باشلىق، مۆمىن بىلەن شىردىمان مەسلىھەتچى بولۇپ تەيىنلىنىپ ئالتاينى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلاندى. باندىتلار يولغا چىقىش ئالدىدا ئوسمان قاباس، قۇرمان، مۆمىنباي قاتارلىقلارغا سۆز قىلىپ «بىرىنچىدىن، مەيلى قانچىلىك قۇربان بېرىشكە قارىماستىن ئالتاينى ئىگىلەڭلار، ئىككىنچىدىن، ئىمكان قەدەر دۈشمەن تەرەپنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنى كۆپرەك قولغا چۈشۈرۈشكە تىرىشىڭلار، ئۈچىنچىدىن، قوشۇنلىرىمىزنىڭ قىزغىن، ئاكتىپ بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلار ئولجىنى (غەنىمەتنى) قانچىلىك ئالسا (ئەمەلىيەتتە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشمۇ دېمەكچى) ئەسلا توسقۇچى بولماڭلار» دەپ يوليورۇق بېرىدۇ. سۇڭ شىلىيەننىڭ ئەۋەتكەن ۋەكىلى، گومىنداڭ ئارمىيىسى 5 - ئاتلىق دىۋىزىيە-

سى 2 - پولكنىڭ كوماندىرى خەن فەنمۇ باندىتلارنى رىغبەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن سۆز قىلىپ — «سىلەر بىر قەدەم ئىلگىرى باسساڭلار بىز (گومىنداڭ ئارمىيىسىنى دېمەكچى) مۇ بىر قەدەم كەينىڭلاردىن ئىز بېسىپ ئىلگىرىلەيمىز، شۇڭا سىلەر ئارقا تەرىپىڭلاردىن بىئارام بولماي ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىڭلار» دەپ مەدەت بېرىدۇ.

قاباس، قۇرمان باشچىلىقىدىكى بۇ قوشۇن ناھايىتى تېزلىكتە ئالتاي ۋىلايىتى دائىرىسىگە يېتىپ كېلىپ، ئارقىمۇ ئارقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش سارتوقايدا بولدى. قاباسلار دەسلەپ بارلىق كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ مىللىي ئارمىيىنىڭ چىڭگىل ناھىيىسىگە تەۋە سارتوقاي دېگەن يېرىدە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان دۇنەي مولداقان ئىسكادرونىغا ھۇجۇم قىلدى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئۆزلىرىدىن بەش - ئالتە ھەسسە كۆپ بولغان باندىتلار بىلەن يېرىم سوتكىغا يېقىن قەيسەرلىك بىلەن باتۇرانە جەڭ قىلدى. لېكىن كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا داۋاملىق بەرداشلىق بېرىشكە ئىلاجىسىز بولۇپ، بۇرۇلتوقاي دەرياسىنى ياقىلاپ، ئايلىنىپ يول يۈرۈپ سارسۇمبىگە قاراپ چېكىنىپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش چالغىرتىدا بولدى. سارتوقايدىكى ئالدىنقى سەپ مۇداپىئەسىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان كۆكتوقايدىكى پاتقۇللا ئىسكادرونى شىمالىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چاڭغاندىكى ۋاقىتلىق پولك شتابىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ چالغىرتىغا بارغاندا، تۇرغىندىكى زاكىرخان ئىسكادرونىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقان باندىتلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. باندىتلا پاتقۇللا ئىسكادرونىنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئۇرۇش ئېلىپ باردى. جەڭ بىر سوتكىدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. باندىتلار يەنىلا ئادەم



سانىنىڭ كۆپلۈكى، ئوت كۈچىنىڭ چوڭلۇقىدىن تەدرىجىي ھالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. بۇ ئېلىشىشتا يىگىرمىچە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى قۇربان بولدى. يىگىرمىچە جەڭچى، 30 نەچچە تۆگىگە ئارتقان نەرسە - كېرەكلەر دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتتى. پاتقۇللا بىر يۈزبېشىلىكتەك جەڭچى بىلەن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ سارسۇمبىگە قاراپ چېكىندى. ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇرۇش تۇرغىندا بولدى. دۈشمەن چاڭغاندىكى ۋاقىتلىق قۇرۇلغان پولكنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى يوقىتىشقا پايدىلىق شەرت - شارائىت يارىتىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال بۇ پولكقا سارسۇمبە تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەم يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش مەقسىتىدە، دەسلەپكى پىلانلىرى بويىچە چاڭغانىنىڭ غەرب تەرىپى بىلەن ئايلىنىپ، تۇرغىندىكى زاكىرخان ئىسكادرونىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ يەردىكى جەڭ تېخىمۇ جىددىي بولدى. مۇشۇ نۆۋەتتىكى ئېلىشىش جەريانىدا، بۇ قېتىم ئالتايغا يۈرۈش قىلغان باندىتلار گۇرۇھىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان ئوسماننىڭ چوڭ ئوغلى شېرىدىمان ئېغىر يارىلاندى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى ئىككى مۇداپىئەسىنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتقاندىن كېيىن تېخىمۇ غالجىرلىشىپ بۇ مۇداپىئەنىمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتى. مىللىي ئارمىيىدىن ئەللىككە يېقىن جەڭچى - ئوفىتسېرلار باندىتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. خېلى كۆپ جەڭچى قۇربان بولدى. قالغان ئاز بىر قىسمى ۋاقىتلىق پولك شتابى تۇرغان يەرگە چېكىنىپ بېرىۋالدى.

تۆتىنچى قېتىملىق ئۇرۇش چاڭغاندا بولدى. باندىتلار ئەمدىلىكتە ۋاقىتلىق پولك شتابىغا ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇش ئۈچ سوتكا داۋام قىلدى. بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئۈچ ئىسكادرونغا يەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بەردى، لېكىن قۇربان

بولغۇچىلارنىڭ، يارىدارلارنىڭ ۋە كېسەللەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ، جانلىق كۈچى ئازىيىپ كېتىپ، ئىلاجسىزلىقتىن ئىستىھكامنى تاشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، كۆكتوقاي بازىرىغا چېكىندى.

باندىتلار ئاتامانى قاباسلار ئاساسىي كۈچلىرىنى توپلاپ چاڭغاندىكى ۋاقىتلىق پولك شتابىغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر يۈز ئەللىكتىن كۆپرەك كىشىلىك بىر ئەترەتنى ئاجرىتىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ چاغانقۇل دېگەن يېرىدە قاراۋۇللۇق قىلىپ تۇرۇۋاتقان بىر ئىنزۋوت ئەسكىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ ھەش - پەش دېگۈچە بۇ ئىنزۋوتنىمۇ تارمار قىلىۋەتتى، ئون نەپەردىن ئارتۇق جەڭچى قۇربان بولدى. ئىنزۋوت كوماندىرى ئون نەچچە جەڭچى بىلەن ئەسىرگە چۈشۈپ كەتتى. پەقەت 15 نەپەرگە يېقىن جەڭچى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقالىدى. قاباسلار ئەمدىلىكتە چىڭگىل، كۆكتوقايدىكى جامائەتچىلىك ئىچىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنى ئالداپ ياكى زورلاپ ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىپ، جەمئىي بىرمىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق كۈچ بىلەن كۆكتوقاي بازىرى ئەتراپىدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىق پولكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ھۇجۇم قىلدى. جەڭ يەنە ئۈچ سوتقا داۋام قىلدى. ئەڭ قىيىن بولغىنى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئوقى تۈگەپ كەتتى. بۇ ھالدا ئۇلار كۆكتوقاي بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىنمۇ چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمدىلىكتە قاياققا بېرىش كېرەك. سارسۇمبە تەرەپكە ماڭىدىغان يوللار باندىتلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان كېسىپ تاشلانغانىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئىبراھىمباي، ئالمابېك باشلىغان بۇ قوشۇن ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتقان باندىتلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاچ، 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن چىڭگىل، كۆكتوقايدىن ئىبا-



رەت ئىككى ناھىيە پۈتۈنلەي باندىتلارنىڭ قولىغا قالدى.

(2) باندىتلار گۇرۇھى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ سارسۇمبىگە يۈرۈش قىلدى. ئوسمان باندىتلىرى كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىگە كەڭ كۆلەمدە يۈرۈش قىلغانلىقتىن، ئۇ يەردىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئالتە ئىسكادرۇندىن بىر ئىسكادرۇننى سارسۇمبىدە ئامانلىق ساقلاشقا قالدۇردى، ئىككى ئىسكادرۇننى ساربۇلاق دېگەن يەرگە، ئۈچ ئىسكادرۇننى چاڭغىراقتى قىزىل دېگەن يەرگە ئىككىنچى سەپ ھېسابىدا مۇداپىئە قىلىشقا ئەۋەتتى. قۇبۇق ناھىيىسىدە تۇرۇۋاتقان قۇبۇق ئاتلىق پولكىنىڭ (ئۆتكەندە ئىبراھىمباي باشلاپ ئالتايغا كەلگەن بىر باتالىيوندىن باشقا) تۆت ئىسكادرۇننىڭ ئۈچىنى تېزلىكتە ساربۇلاقتىكى ئالدىنقى مۇداپىئە ئورنىغا ياردەمگە كېلىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سارسۇمبە، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي ناھىيىلىرىدە 200 كىشىلىك تۆت پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەندى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن باشلاپ قاباس باشچىلىقىدا مىڭدىن ئارتۇق ئادەملىك بىر چوڭ ئەترەت داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ، ساربۇلاق مۇداپىئەسىدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن تۇتۇشتى، شۇنداق قىلىپ يەنە بىر قېتىملىق جىددىي جەڭ باشلىنىپ كەتتى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كۆكتوقايدىكى قورمان قاپىش باشچىلىقىدىكى بەش يۈزدىن ئارتۇق باندىت يول بويى كۆكتوقاي ناھىيىسىگە قاراشلىق جامائەتچىلىكنى ئالداپ ھەم زورلاپ ئۈچ يۈزدەك ئادەمنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىپ، جەمئىي 800 ئادەم مىللىي ئارمىيىنىڭ چاڭقىراقتى قىزىلدىكى مۇداپىئەسىگە ھۇجۇم قىلدى. مۇشۇ مەزگىلدە تالدى ناغاي باشچىلىقىدىكى جېمىنەي پارتىزان ئەترىتى بىلەن ئىرىمقان باشچىلىقىدىكى بۇرچىن پارتىزان ئەترىتى مىللىي ئارمىيىنىڭ ساربۇلاقتىكى قىسىملىرىغا؛ ئۈگۈزشىباي باشچىلىقىدىكى سارسۇمبە

ناھىيىسىنىڭ پارتىزان ئەترىتى بىلەن چاپپار باشچىلىقىدىكى قابا ناھىيىسىنىڭ پارتىزان ئەترىتى چاڭقىراقتى قىزىلدىكى ھەربىي قىسىملارغا ياردەم بېرىشكە ئاتلىنىپ، جىددىي يۈرۈش قىلىپ ئالدىنقى سەپ ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن پارتىزانلار ئۆزئارا ماسلىشىپ ھەر ئىككى مۇداپىئە باندىتلار بىلەن كەسكىن ئۇرۇش قىلدى. شۇنداقتىمۇ سان جەھەتتىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولغان باندىتلار ئادەملىرىنى بىرقانچە كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، كەڭ كۆلەمدە سەپ تارتىپ، بىرنەچچە تەرەپتىن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئوت كۈچىنى پارچىلاپ ئاجىزلاشتۇرۇش ئۇرۇشى قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل «پارچىلاپ ئاجىزلاشتۇرۇش» ھۇجۇمى كۆپ ئۆتمەستىن ساربۇلاقتىكى ئۇرۇشتا ئۈنۈم بېرىپ، ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولدى. دەل مۇشۇ پەيتتە بۇرچىن پارتىزانلىرىنىڭ باشلىقى ئىرىمقان ئىشەنچسىنى يوقىتىش، شۇنداقلا مەلۇم شەخسىي غەرەز بىلەن بۇرچىن پارتىزانلىرىدىن يۈزدەك ئادەمنى ھەمدە جېمىنەي پارتىزانلىرىدىن ئەللىكتىن ئارتۇق ئادەمنى قۇترىتىپ ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ كەتتى. بۇ ئەھۋال ئۇرۇش مەيدانىدىكى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە پارتىزانلار ئۈچۈن روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە بولدى. بولۇپمۇ پارتىزانلار ئارىسىدا قاتتىق تەۋرىنىش، ھودۇقۇش پەيدا قىلىپ، ئۆزلىكىدىن چېچىلىپ يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشتى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىمۇ تىركىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە كۆزى يەتمەي سارسۇمبىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

چاڭقىراقتى قىزىلدىكى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر بولدى. ئىككى تەرەپ تازا قاتتىق تىركىشىپ ئۇرۇشۇۋاتقان ھەل قىلغۇچ پەيتتە باندىتلار ئىچىدىكى يۈسۈف (ماقالىمىزنىڭ «باندىتلارنىڭ قايتا كۆپىيىشى» دېگەن ماۋزۇدىن تىلغا ئېلىنغان كىرژاك — ئاق ئۇرۇسلاردىن يۈسۈف دېگەن كىشى



شۇ) يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ خىزمەت ئىشلەپ، ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ يەرلىك كىرژاك رۇسلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر ئىسكادرۇن ئەسكەرنى دۈشمەن تەرەپكە ئېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. پەقەت ئىسكادرۇن كوماندىرى ئىستردېنكوۋ نىكپىر بىرنەچچە جەڭچى بىلەن قېچىپ چىقىپ سارسۇمبىگە كەلدى.

مۇشۇنداق مۇرەككەپ شارائىتتا بۇ ئۇرۇش مەيدانىدىكى يەنە بىر مىللىي ئارمىيە ئىسكادرۇنى بىلەن پارتىزانلار بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن سارسۇمبىگە قاراپ چېكىندى. بۇ جەرياندا قۇربان بېرىش بىر قەدەر كۆپرەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلىدە شىمالىي يۆنىلىش شتابىنىڭ ساربۇلاقتىكى مۇداپىئەسىگە ياردەمگە بېرىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان قۇبۇق پولكى (ئەمەلىيەتتە 3 - ئىسكادرۇن) پولك كوماندىرى پولكوۋنىك نۇسىپقان كۇنبايوۋنىڭ باشلامچىلىقىدا بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ قىلى دېگەن يېرى ئارقىلىق ئۇدۇل ساربۇلاققا قاراپ يول ئېلىپ قىران دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مىلگەيتى قاراشونىڭ ئوبالى دېگەن يېرىگە كېلىدۇ - دە، بىر ئاز توختاپ ئوزۇقلىنىۋالماقچى بولىدۇ. بۇ ساربۇلاقتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن پارتىزانلارنىڭ سارسۇمبىگە چېكىنىپ كەتكەن ۋاقتى بولۇپ، نۇسىپقانلار بۇ ئەھۋالدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى. ساربۇلاقتىكى مۇداپىئەنى ئېلىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان دۈشمەن نۇسىپقانلارنى يىراقتىن كۆرۈۋېلىپ، تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىدۇ. نۇسىپقانلار قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. بىراق ھارغىنلىق يەتكەن ھەم يەر شارائىتىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئىككى يۈزدەك جەڭچى ئۇرۇش مەيدانىدا ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كېتىدۇ. پولك كوماندىرى نۇسىپقان كۇنبايوۋ ئون نەچچە جەڭچى بىلەن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ سارسۇمبىگە كېلىدۇ.

(3) ۋاقىتلىق چېكىنىش: ئەڭ ئالدىنقى سەپ ھېسابلىنىـ

دىغان چىگگىل، كۆكتوقاي دائىرىسىنىڭ تولىمۇ كەڭ بـولـۇشى
تۈپەيلىدىن ھەرقايسى جايلارغا جايلاشقان مىللىي ئارمىيە قىسىم-
لىرى باندىتلار تەرىپىدىن كەينى - كەينىدىن تارمار قىلىنىۋېتىلدى.
ئىككىنچى سەپ ساربۇلاق، چاگگىراقتى قىزىلدىكى مىللىي ئار-
مىيە قىسىملىرىنىڭ ۋە پارتىزانلارنىڭ چېچىلىپ كېتىشى ۋە بان-
دىتلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن يىمىرىلىپ كەتتى. قۇ-
بۇق پولكىنىڭ ياردەمگە كەلتۈرۈلگەن بىر ئىسكادرونـى يېرىم
يولدا كۈتۈلمىگەن يەردىن ھۇجۇمغا ئۇچراپ مەغلۇبىيەتكە يۈز-
لەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سارسۈمبە شەھەر ئىچىدىكى دەلىلقان،
جانىمقان، كېرىم زەگگى، ھەيدەرخان شىبارھـاجى، تۇردىـخـان
زەگگى، تۇرسىبېك چۇقاي قاتارلىقلار مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى-
نىڭ ئالدىنقى ئىككى سەپتە ئوڭۇشسىزلىققا ئـۇچرىغانلىقلىرىنـى
كۆرۈپ، ئاشكارا باش كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە تەۋە جايلاردا يەر-
لىك بـاندىتلارنى تـەشكىللەپ، قاباسلاردىن بۇرۇن سارسۈمبىگە
بېسىپ كىرىش تەييارلىقىنى ئىشلىدى. ۋەزىيەت يامانلىشىپ، نە-
تىجىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان كەڭ كـۆلەملىك قىرغىن-
چىلىقتىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن ئالتاي ۋالىي مـەھكىمىسـى
بىلەن شىمالىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى ۋاقىتـلىق چېكىن-
نىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن 1947 - يىلى 16 - سېن-
تەبىردە دەلىلقان سۇگۇربايوۋ مىللىي ئارمىيە خادىملىرى ۋە ھۆ-
كۈمەت ئورگان كادىرلىرىنى باشلاپ سارسۈمبە شەھىرىدىن چې-
كىنىپ چىقىپ، شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغان قاراسۇ يولى-
نىڭ داۋىنىغا كېلىپ توختاپ، قوشۇنىنى قايتا تەرتىپكە سالدى.
ئۈچ - تۆت سائەت ئىچىدە دەلىلقان سـۇگۇربايوۋ بىلەن بىل-
لە كەتمەكچى بولۇپ بۇ يەرگە جەم بولغانلار مىڭغا يېقىن ئا-
دەمگە يەتتى. بۇ چاغدا دەلىلقان سۇگۇربايوۋ كۆپچىلىككە سۆز
قىلىپ: «بىرىنچىدىن، بىزنىڭ بـۇ چېكىنىشىمىز ستراتېگىيىلىك،
ۋاقىتلىق چېكىنىش، ئۇزاق بولسا بىر ئايغا قالماي قايتىپ كې-



لىمىز. ئىككىنچىدىن، ھېلىمۇ بىر قارارغا كېلەلمىگەن، ئائىلىسـ
دە ئالاھىدە ئەھۋالى بارلار قالىمىز دېسەڭلار قالساڭلار بـولـ
دۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن كېيىن بىز سىلەردىن ئەسلا جاۋابكـارلىق
سۈرۈشتۈرمەيمىز. بىرلا شەرت، قالغانلار باندىتلارغا ئـەگىشىپ،
يامان ئىش قىلماڭلار. بىللە كېتىمەن دېگۈچىلەر يۈرۈڭلار، لې-
كىن سەپەر جەريانىدا بۆلۈنۈپ قېلىشقا پەقەت رۇخسەت قىلىن-
مايدۇ، ئۈچىنچىدىن، شەمسى (مـۇئاۋىن ۋالى)، قاجىنابى (سـار-
سۈمبە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى)، ئىجەن بـۇقات (بـەيسى) سىلـەر
ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردە قېلىپ، ئەل يۇرتقا باش پاناھ بولۇپ،
ئىگىدارچـىلىق قـىلىڭلار، سـىلەرگە باندىتلار ھېچنېمـە قىلال-
مايدۇ (بۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ئالتايدىكى ئەڭ چوڭ قەبىلىلەرنىڭ
ئىناۋەتلىك يۇرت مۆتىۋەرلىرى)، ئەكسىچە سىلەر كېتىپ قالساڭ-
لار باندىتلار بۇنى باھانە قىلىپ، يۇرت - جامائەتچىلىككە بې-
سىم ئىشلىتىپ، خەلق ئامىمىسىنى خانىۋەيرانچىلىققـا ئـۇچرىتىشى
مۇمكىن» دەپ مەسلىھەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن شەمسى، قاجى-
نابى ۋە ئىجەنلەر قالىدىغان بولدى. تاستەمباي (ۋىـلايـەتلىك
ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، سـالىجان كـاكاجانـوۋ (ۋالىي
مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇل كاتىبى) قاتارلىق بىر مۇنچە ئـادەملەر
ئۆزلىكىدىن سەپتىن چېكىنىپ قېپقالدى.

گېنېرال دەلىلقان سـۇگۇربايوۋ، گېنېرال مايۇر مـاجـارۇۋ
(يەرلىك رۇس. مىللى ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ نا-
چانلىك شتابى)، پولكوۋنىك بـايچۇرىن (بـۇ ئىككىيلـەن ئـون
نەچچە كۈن ئىلگىرى غۇلجىدىن سارسۈمبىگە كەلگەن)، پودپول-
كوۋنىك بەدەلقان سـۇگۇربايوۋ (ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ كو-
ماندىرى)، مايۇر ئەيتكەن ئامانجانوۋ (ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ
شتاب باشلىقى)، مايۇر ئاسقالى (ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ خۇ-
جۇلۇق ئىشلار بۆلۈم باشلىقى) قاتارلىق ئۈچ يۈزدىن ئـارتۇق
جەڭچى بىلەن ئوفىتسېرلار ھەممە مۇقاش جاكە، مۇنەۋۋەر ئاب-

دۇللا هاجىيوۋ، قادىر ئاسىلقانوۋ، ماھمۇت ياقۇپبايوۋ، مەھەممەت تۆمۈربايوۋ، ئەغزەم مىرەكبايوۋ، نەزەربېك تۇراشوۋ، غالىم قۇسايىنوۋ، پاتۇش دۆلاتوۋ قاتارلىق يۈزگە يېقىن باشلىق ۋە ئىدارە ئورگان كادىرلىرى غەربكە يۈزلىنىپ سەپەرگە ئاتلاندى. قۇبۇق پولكىنىڭ كوماندىرى پولكوۋنىك نۇسۇپقان كۈنبايوۋ ئون نەچچە نەپەر كىشى بىلەن شەرققە يۈزلىنىپ، ئۆرەمگەيتى داۋىنى ئارقىلىق موڭغۇلىيىگە ئۆتۈپ، بىر نەچچە كۈن بۇرۇن كۆكتوقايدىكى ئۇرۇشتا چېكىنىپ موڭغۇلىيىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئىبراھىمبايلارغا بېرىپ قوشۇلدى.

دەلىلقان سۇگۇربايوۋلار سايىرتېغىنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ بارغاندا، دەلىلقان سۇگۇربايوۋلارنىڭ ئايىسى تەرەپكە يۈزلىنىپ چېكىنىشىنى بىلەلمەي ئارىسالدى بولۇپ كېچىكىپ قالغاندا، يەرلىك باندىت كېرىم زەڭگى يۈزدەك ئادەم بىلەن دەلىلقانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ، ئارىلىقتىكى بىر قانچە ئاۋۇلنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ ئوق چىقىرىدۇ. لېكىن دەلىلقان سۇگۇربايوۋ جەڭچىلەرگە «ئۇلار ئاۋۇلدىن بىرى ئۆتۈپ، بىز بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئۇرۇشمىغۇچە ئوق چىقارماڭلار بولمىسا ئوتتۇرىدىكى بىگۇناھ پۇقرالار ئىككى تەرەپنىڭ ئوقى ئاستىدا قىرغىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەن بۇ ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ، دەلىلقان يول بويى خەلقنى تىرىپ كەتتى دەپ پىتنە-ئىغۋا تېرىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈشكە ئورۇنىدۇ» دەپ ئوق چىقارغۇزماي، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ مېڭىپ سايىر تېغىدىن ئېشىپ كەتتى، يەرلىك باندىت كېرىم زەڭگى ھېچنىمە ئۇندۇرالمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قايتىپ كەتتى. دەلىلقان سۇگۇربايوۋلار ئۈچ سوتكا يول يۈرۈپ جىمىنەي ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئەسلىدە دەلىلقان سۇگۇربايوۋلار بىلەن بىللە كەتمەكچى بولۇپ كېچىككەن مايور نىكالايوۋ، كاپىتان ئىستودېتكوۋ باشلىغان ئالتاي



ئاتلىق پولكى، قۇبۇق پولكى، شۇنداقلا ساقچى ئىدارە كادىرلىرىدىن ماۋلىقان نۇغمانوۋ، سايىت ئەخمەتزاكىيوۋ باشلىغان ئوتتۇزدەك كىشى چېگرىدىن ئۆتۈشكە ئۈلگۈرەلمەي، جىمىنەي بازىرىنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن مۇداپىئە قۇرۇپ، پارتىزانلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولۇپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ.

(4) باندىتلارنىڭ كەلتۈرگەن ۋەيرانچىلىقى: دەلىلقان سۇگۇربايوۋلار چېكىنگەندىن كېيىن، ئەتىسىگە قاباسلار سارسۈمبە شەھىرىگە كىردى ۋە ئارقىدىنلا ئەسەنبايىنى ئوسمانغا «غەلىبە خەۋىرى»نى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇرچىن، قابا، جىمىنەي ناھىيىلىرىگە داۋاملىق يۈرۈش قىلدى. ئوسمان گۇرۇھىغا تەۋە جىلقايدار، جەمەت باشچىلىقىدىكى باندىتلار بىلەن سارسۈمبە ناھىيىسىدىكى كېرىم زەڭگى باشچىلىقىدىكى باندىتلار بۇرچىن بازىرى بىلەن قابا بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ يەرلەردە باندىتلارغا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ياكى پارتىزانلار بولمىغاچقا، باندىتلار بۇ ئىككى ناھىيە بازىرىنى ئاسانلا ئىگىلىۋالدى. جۇقاي باشچىلىقىدىكى باندىتلار جىمىنەي ناھىيىسىنى ئالماقچى بولۇپ مېڭىشىدا ئىستودېتكوۋ، ماۋلىقانلارنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ ئارقىغا چېكىنىدى. جۇقايغا ۋە بىر قانچە باندىتقا ئوق تېگىپ ئۆلدى.

ئالتاينىڭ باندىتلار قولىغا ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئوسمان ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ھەمنەپەسلىرى لاتىپ، مۆمىنباي، قۇسايىن ۋە ئاتالمىش «رادىس» ما شاڭشان (ئۆمەر) نى سارسۈمبىگە ئەۋەتىپ، ئالتاي قورچاق ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى. لاتىپ مۇستاپا ۋالى، قاباس تىركەش ھەربىي قوماندان، قۇرمان قاپىش مۇئاۋىن قوماندان، ئەسەن ئىرىسقان ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قاناتباي ئۇنىڭ مۇئاۋىنى، جانكەرەي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇل كاتىپى، قۇسايىن ۋىلايەت-

لىك بانكا باشلىقى بولدى. ساربۇلاق ئۇرۇشىدا باندىتلارغا
تەسلىم بولغان ئىبرىمقانمۇ ئېتىبارسىز قالدۇرۇلماي بۇرچىن ناھىـ
يىلىك ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ يەردە
ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، قاباس باشچىلىـ
قىدىكى كىشىلەر 17 - سېنتەبىر سارسۇمبە شەھىرىگە كىرىپلا
بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتى بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى. ئالدى بىلەن
رەخىم، جۇمجۇما قاتارلىقلار بانكىنىڭ نەچچە مىڭ سەر ئالتۇنـ
كۈمۈشىنى بۇلىدى. ئاندىن ھۆكۈمەتنىڭ سودا دۇكانلىرىنى،
ئامبارلىرىنى، ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئوـ
مۇمىيۈزلۈك بۇلاپ - تالاپ، ھېچنەرسىنى قويمىدى، ئارخىپ ماـ
تېرىياللىرىنى چېچىپ، كۆيدۈرۈپ، يىرتىپ ۋەيران قىلدى. ئاشـ
لىق ئامبارلىرى بوش قالدى. بۇ شۇم نىيەت، ھونتاقلار ئىبلىس
قوللىرىنى يەنە خەلقنىڭ مال - مۈلكىگە سۇندى، خەلقنىڭ
ئۆيلىرىگە ياۋۇزلارچە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان
گىلەم، ئورۇن - كۆرپە، كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت بۇـ
يۇملىرىنى قالدۇرماي بۇلاپ كەتتى. بىر مۇنچە يېزا - قىشلاقـ
لاردا خاماندىكى ئاشلىق، قورۇلىرىدىكى ئوت سامانلارغا ئوت
قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئالتايدىن چېـ
كىنىپ كېتىشتە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قوشۇن بىلەن بىللە
يۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمەي ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان مايور ھاكىم
ئۆمەربايوۋنى بوينىغا سىرتماق سېلىپ، ئاتقا سۆرۈتۈپ ئۆلۈم
ھالىغا چۈشۈرگەندە بەزىبىر ياخشى نىيەتلىك يۇرت مۆتىۋەرلىرى
ئارىغا چۈشۈپ ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. سادىق دۆلەـ
توۋنىڭ بالىسى دەلىلقان سۈگۈربايوۋ بىلەن بىللە كەتكەنلىكى
ئۈچۈن، ئۇنى پۇت - قولىنى باغلاپ قىران دەرياسىغا تاشلىۋەتـ
تى، 1947 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئوسمان باندىتلار
گورۇھى ئالتايدىن تازىلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن تەكشۈرۈپ ئېـ
نىقلانغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، باندىتلار



بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بىگۇناھ خەلقتىن يەتتە ئادەمنى
ئۆلتۈرگەن، ئون ئادەمنى جاراھەتلەندۈرگەن، يىگىرمىگىچە ئايال
ئاياغ - ئاستى قىلىنغان، 3306 تۇياق ئات، 222 تۇياق تۆگە، 824
تۇياق كالا، 11 مىڭ 803 تۇياق قوي، 692 تۇياق ئۆچكە، 1326 توننا
ئاشلىق، 3677 سەر ئالتۇن، 17 مىڭ 435 سەر كۈمۈش، 338 مىلـ
يون 851 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى كىيىم - كېچەك، ئۆي جاھازـ
لار (ئۈچ ۋىلايەت قەغەز پۇلى ھېسابىدا) بۇلانغان. يۇقىرىدىكى
مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا
جەمئىي 10 مىليارد 675 مىليون 361 مىڭ يۈەن بولىدۇ. بۇنىڭـ
دىن باشقا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن بۇلانغان، بۇزۇپ - چېقىلغان،
كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىنغان مال - مۈلۈكنىڭ سوممىسى 2 مىلـ
يارد 942 مىليون 317 مىڭ يۈەن. دېمەك مۇشۇ قېتىم ئوسمان
باندىتلىرىنىڭ ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ۋەيرانـ
چىلىق سېلىپ يەتكۈزگەن زىيىنى 13 مىليارد 617 مىليون
648 مىڭ يۈەن (ئۈچ ۋىلايەت قەغەز پۇلى بويىچە) گە يەتكەن.
بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت ئالتۇننىڭ ئۆزىلا 5500 سەردىن، كۈمۈش
25 مىڭ سەردىن ئارتۇق.

## ئوسمان باندىتلىرىنىڭ ئالتاي دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي تازىلىنىشى

(1) جىددىي ئېلىپ بېرىلغان تەييارلىق ۋە غەلىبە: دەلىلـ
قان سۈگۈربايوۋلار 19 - سېنتەبىردە جېمىنەي ئارقىلىق سوۋېت
چېگرىسى ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، چېگرا ياقىلاپ مېڭىپ 22-
سېنتەبىردە تارباغاتاينىڭ جاغانئوبا چېگرىسى ئارقىلىق چۆچەك
شەھىرىگە كىردى ۋە دەرھال غۇلجىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى،
ئىسھاقبېك قاتارلىقلارغا تېلېگرامما يوللاپ، پۈتۈن ئەھۋالنى ئەتـ
راپلىق دوكلات قىلىش بىلەن تەڭ ئالتاينى تېز ئارىدا قايتۇـ

رۇۋېلىش ھەققىدە ئۆز تەكلىپلىرىنى ۋە پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يولىيورۇق سورايدۇ. شۇنداقلا جىددىي تەييارلىق كۆرۈشكە باشلايدۇ. چۆچەكتە تۇرۇۋاتقان تارغاباتاي پىيادە 3 - پولكى 3 - ئاتلىق پولككە ئۆزگەرتىلدى. غۇلجىدىن 800 كىشىلىك بىر كۈچەيتىلگەن باتالىيون كەلتۈرۈلدى، جۈملىدىن بۇرۇنقى ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ دەلىلقان سۇگۇربايوۋ بىلەن بىللە چېكىنىپ چىققان ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىشىلىك قوشۇنى ئاساسىدا غارباغاتايدا يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەر بىلەن ئالتاي ئاتلىق پولكى (سان جەھەتتىن بىر پولككە دېگەندەك توشمىسىمۇ) قايتىدىن تەشكىللىنىدۇ. ئىككى ئاتلىق پولكقا ئېھتىياجلىق بولغان ئىككى مىڭدىن كۆپرەك ئات ۋە باشقا تەييارلىق ئىشلىرى تارباغاتايدىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئاياىماي كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاندى. شۇنىڭ بىلەن 1947 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئالدى بىلەن خەمىت ئەلىيوۋ كوماندىرلىقىدىكى تارغاباتاي ئاتلىق 3 - پولكى بىلەن دەلىلقان سۇگۇربايوۋ كوماندىرلىقىدىكى ئالتاي ئاتلىق پولكى ئالتاينى قايتۇرۇۋېلىش يۈرۈشىگە ئاتلاندى. ئۇلار قوبۇققا قايتىپ بېرىشى بىلا دەلىلقان سۇگۇربايوۋنىڭ قوماندانلىق ئاپپاراتىدىكى خادىملىرى ۋە لىسكىن باشچىلىقىدىكى كۈچەيتىلگەن باتالىيونمۇ ماشىنىدا يولغا چىقىپ، 12 - ئۆكتەبىردە قوبۇققا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەردىن ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ ئالتايغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

بىرىنچى يۆنىلىشتىكىلەر ئەلىيوۋ پولكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۇلۇڭگۇر كۆلىنىڭ قىلى دېگەن يېرىدىن كېلىپ چۈشۈپ، بۇرۇلتوقاي بازىرىنى ئىگىلەش، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ يەردىن دەريانى بويلاپ سارتوقايغا قاراپ داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ، ئوسمانغا ئۈرۈمچى تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەم يولىنى



كېسىپ تاشلاش، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئوسمان باندىتلىرىنىڭ بۇرۇلتوقايدىن يۇقىرىقى ناھىيىلەرنىڭ خەلقىنى ھەيدەپ ئۈرۈمچى تەرەپكە كۆچۈپ قېچىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

ئىككىنچى يۆنىلىشتىكىلەر بەدەلقان پولكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى: ئۇلۇڭگۇر كۆلىنىڭ غەرب تەرىپى بىلەن ئېرتىش دەرياسىنىڭ سارقارنى دېگەن يېرىدىن چۈشۈپ، سارسۇمبە شەھىرىگە غەربىي جەنۇبتىن يۈرۈش قىلىش، ھەمدە ئېرتىش، قىران دەريا بويىدىكى خەلق ئاممىسىنى خاتىرجەم قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش.

ئۈچىنچى يۆنىلىشتىكىلەر لىسكىن باشچىلىقىدىكى كۈچەيتىلگەن باتالىيون بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ماشىنىلىق ئۇدۇل بېرىپ بۇرچىن بازىرىنى ئېلىش. ئاندىن غەرب تەرەپتىن سارسۇمبە شەھىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلىش. دەلىلقان سۇگۇربايوۋنىڭ قوماندانلىق ئاپپاراتىدىكىلەر مۇشۇ كۈچەيتىلگەن باتالىيون بىلەن بىللە ئالغا ئىلگىرىلەش.

بىرىنچى يۆنىلىش — ئەلىيوۋ پولكى ئۇلۇڭگۇر بويىغا يېتىپ كېلىپ قىلى ئۆتكىلى ئارقىلىق بۇرۇلتوقاي بازىرىغا ئۆتمەكچى بولغاندا جىمىنەيدىكى ئازسانلىق يەرلىك باندىتلاردىن نۇرەكە، بايمۇقان قاتارلىقلار (ئەلەنۋاڭنىڭ ئوغلى دەلىلقانمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە) جىمىنەي ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم خەلقىنى زورلاپ كۆچۈرۈپ، ئەلىيوۋلاردىن بىر ئاز ئىلگىرى قىلىغا كېلىپ چۈشكەن ۋە ئۆتكەلنىڭ غەرب تەرەپ ئېغىزىنى ئىگىلەپ، ئەلىيوۋلارغا قارشى ئوق چىقىرىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە ئەلىيوۋلار جانلىق تاكتىكا قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن نۇرەكەلەرگە قايتۇرما زەربە بېرىش بىلەن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىگە تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر تۈركۈم ئەسكىرىنى بۇرۇلتوقاي بازىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ئايلىنىپ بېرىپ بۇرۇلتوقاي بازىرىنى ئىشغال قىلىشقا، ئاندىن نۇرەكەلەرنىڭ ئارقى تەرىپىدىن

كېلىپ زەربە بېرىشكە ئەۋەتىدۇ. ئەمما باندىتلار ئەلىيوۋلارنىڭ بۇ پىلانىنى دەرھال سېزىۋالىدۇ - دە، جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، قىلىنىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈپ بولغان خەلقنى ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى دۆربىلجىن دېگەن يېرىگە كۆچۈرۈپ ئۆزلىرى يوشۇرۇنچە سال ئارقىلىق سارتوقايىدىكى ئوسمانىنىڭ قېشىغا قاراپ تىكىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالغان ئەلىيوۋ پولكى كۆچكەن خەلقنىڭ ئىزىنى قوغلاپ دۆربىلجىن ئەتراپىدا ئېرتىشنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشىدۇ. بۇ چاغدا دەريا بويىدا ئولتۇرغان ئەل - يۇرت ئىچىدىكى يەنە بىر بۆلۈم يەرلىك باندىتلاردىن تۇرسىبېك چوقاي، تۇردىقان زەڭگى قاتارلىقلار ئەلىيوۋ پولكىغا قارشى ئوق چىقىرىدۇ. ئەلىيوۋ دەريا بويىدىكى قېلىن ئورمانلىقتا يوشۇرۇنغان باندىتلار بارئىكەن دەپ خاتا مۆلچەرلەپ، ئۆز قىسىملىرىغا ھەممە پىلىموت، مىلتىقلىرىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ ئوت ئېچىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ئۇقۇشماسلىقتىن خەلق خېلى چىقىمغا ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە يەرلىك باندىت ئاتامانىدىن بولغان تۇرسىبېك چۇقاي، ئابلاجان موللىلار قولغا چۈشىدۇ. تۇردىقان زەڭگى ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. بۇ ۋەقە خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە «دۆربىلجىن قانلىق ۋەقەسى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئىككىنچى يۆنىلىشتىكى بەدەلقان پولكى ئېرتىشنىڭ سارقارنى دېگەن يېرىگە كېلىپ چۈشۈپ يولبويى خەلق ئاممىسى ئىچىدە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، باندىتلارنىڭ پات ئارىدا چوقۇم پاك - پاكىز تازىلىنىپ بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ قورقۇپ پاراكەندە بولماسلىقى، باندىتلارغا ئەگىشىپ ھەرىكەت قىلماسلىقى، قېچىپ - مۆكۈنۈپ يۈرمەسلىكى توغرىسىدا تەشۋىق ئېلىپ باردى.

ئۈچىنچى يۆنىلىشتىكى كۈچەيتىلگەن باتالىيون 14 - ئۆكتەبىر كېچىسى بۇرچىننىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئېرتىش دەرياسى-



نىڭ بويىدا توختايدۇ. چارلىغۇچىلار قاتناشقا ئىشلىتىلىدىغان كېمىنىڭ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى باندىتلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن 60 جەڭچى سوۋېت ئېكسپېدىتچىلىرىنىڭ پورمىسىدا كېيىنىپ، ئىككى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ دەريا بويىغا بارىدۇ ۋە كېمىچىنى چاقىرتىپ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ نېرىقى قىرغاقتا بېرىشى بىلەنلا بىغەم ياتقان بىر بەن باندىتنى جىمجىتلا يوقىتىدۇ. شۇنداقلا باندىتلار مەركەزلەشكەن ساقچى ئىدارىسىگە كۈچلۈك ئوت ئاچىدۇ. بۇ ئارىلىقتا باتالىيوننىڭ قالغان كىشىلىرىمۇ دەريادىن ئارقا - ئارقىدىن ئۆتىدۇ. تۇيۇقسىزدىن كۈچلۈك ھۇجۇمغا دۇچ كەلگەن باندىتلار ئانچە - مۇنچە قارشىلىق كۆرسىتىپلا ئالدىراپ - تېنەپ سارتوقايغا تىكىۋېتىدۇ. ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇۋالغان ئىرىسجانمۇ قاچقانلار بىلەن بىللە كېتىدۇ.

بۇرچىن، بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازارلىرىنىڭ مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سارسۇمبىدىكى باندىتلار ئۇرۇشۇپ نەتىجە چىقىرالمايدىغانلىقلىرىغا كۆزلىرى يېتىپ 16 - سېنتەبىردە شەھەرنى تاشلاپ شىبەتىنى بېسىپ، ئاقدالا ئارقىلىق سارتوقايغا قاراپ ماڭىدۇ.

خۇددى دەللىقان سۇگۇربايوۋنىڭ سارسۇمبىدىن چېكىنىپ چىقىپ، قاراسۇدا سۆزلىگەن سۆزىدە «كېچىككەندە بىر ئايدا قايتىپ كېلىمىز» دېگىنىدەك، بىر ئاي بىر كۈن بولغاندا ئىككىنچى، ئۈچىنچى يۆنىلىشتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئارقا - ئارقىدىن سارسۇمبە شەھىرىگە كىردى. شەھەر خەلقىنىڭ ئالدى چىمىرچەك ھەتتا يىگىرمە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قارا تاشقىچە ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى.

(2) باندىتلارنىڭ ئالتايدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قول ئۈزۈشى. ئەلىيوۋ پولكىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئەسلىدە بۇرۇل-

توقاي بازىرىنى ئىشغال قىلغان ھامان بۇرۇلتوقاي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سارتوقايغا يۈرۈش قىلىپ، ئوسمان باندىتلىرىنىڭ كۆكتوقاي، چىڭگىل ۋە بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدىكى خەلقنى زورلۇق بىلەن ئۈرۈمچى تەرەپكە كۆچۈرۈش يولىنى توسۇش ئىدى. لېكىن ئۇلار قىلىغا كېلىش بىلەنلا يەرلىك باندىت نۇرەكلەرگە ئۇچراپ قېلىپ، كۆچكەن خەلقنىڭ ئىزىنى قوغلىغان پېتى ئېرتىشنىڭ دۆربىلجىنگە كېلىپ، تۇرسىبېك، تۇرىدىقانلارنىڭ ئاۋارىچىلىقى بىلەن بولۇپ كېتىپ تۆت - بەش كۈننى ئۆتكۈزىۋەتتى، مۇشۇ ئارىلىقتا بۇرۇلتوقايدىن، بۇرچىندىن ۋە سارسۈمبىدىن چېكىنىپ قاچقان باندىتلار ئارقىمۇ ئارقىدىن سارتوقايدىكى ئوسمان تۇرغان يەرگە كەلدى. دەلىلقان سۈگۈربايوۋنىڭ ئىككى پولك، بىر كۈچەيتىلگەن باتالىيونىدىن تەركىب تاپقان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئوسمان ئۈرۈمچى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنىڭ ھەممە خەلقىنى زورلۇق بىلەن ھەيدەپ بەيتىككە يۈزلىنىپ كۆچىدۇ. بۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 3 مىڭ يەتتە يۈزدىن ئارتۇق ئائىلە، 17 مىڭ سەككىز يۈز دەك ئادەم، ئېلىپ كەتكەن چارۋا — چوڭ چارۋىدىن 62 مىڭ تۇياق، ئۇششاق چارۋىدىن 152 مىڭ تۇياق. بۇلار شۇ كۆچكەن پېتى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى مورى، گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ قاتارلىق يەرلەرگە كېلىپ بۆلۈنۈپ ئورۇنلاشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوسمان باندىتلىرى ئالتايغا يەنە ھۇجۇم قىلىشقا ئەسلا جۈرئەت قىلالمىدى، پەقەت بىر قانچە قېتىم ئازساندىكى ئادەملىرىنى يوشۇرۇن ئەۋەتىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىگە جۇملىدىن ئامېرىكىلىق خوجايىنلىرىغا ئاخبارات توپلاپ بېرىش بىلەنلا چەكلەندى.

1947 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئوسمان باندىتلىرى پۈتۈن ئالتاي دائىرىسىدىن تەلتۆكۈس تازىلاپ چىقىرىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى، ۋاقىتلىق



تارقاپ كەتكەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھەربىي قىسىملىرىنى قايتىدىن تەشكىللەش ھەمدە قوشۇنىنى ئالدىنقى ۋە ئارقا سەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش، خائىنلارنى تازىلاپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىنى يولغا سېلىپ خەلق ئاممىسىنى قىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈش ۋە كېلەر يىللىق ئەتىيازلىق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، كۆزدە مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەمكارلىشىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىقلار بولدى.

1947 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي ۋالىي مەھكىمىسى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گېنېرال مايور دەلىلقان سۈگۈربايوۋ قوشۇمچە ۋالى، شەمسى مەمىيوۋ، مۇئاۋىن ۋالى، ئابدىراخمان توقولوۋ مۇئاۋىن ۋالىي بولدى. ۋىلايەت دەرىجىلىك ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ باشلىقلىرى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ئاساسەن بۇرۇنقى ئۆز ئەينىنى ساقلىدى.

ھەربىي قوشۇن قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئالغاندا، غۇلجىدىن كەلگەن كۈچەيتىلگەن باتالىيون تارقىتىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى جەڭچى - ئوفىتسېرلىرى ئالتاي ئاتلىق پولككە قوشۇپ بېرىلدى ۋە سارسۈمبە شەھىرىدە تۇرۇپ ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بولۇپ بېكىتىلدى، كۈچەيتىلگەن باتالىيوننىڭ قالغان قىسمى تارباغاتاي ئاتلىق 3 - پولككە قوشۇپ بېرىلىپ (كۈچەيتىلگەن پولك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ)، چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بەيتىك بىلەن تۇتۇشىدىغان جايى سارتوقاينى بازا قىلىپ، شەرقتىن بولغۇن دەرياسىنىڭ بويىدىن تارتىپ، غەربتىكى بۇرۇلتوقاي بازىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئالدىنقى سەپنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل قىلىندى.

يۇقىرىدىكى ئىشلار ئىشلىنىپ بولغاندىن كېيىن پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھەرساھە خىزمەتلىرىدە بىرمۇنچە

كونكرېتنى ئىشلار ئىشلەندى، مەسىلەن: 1- نويابىر گېنېرال دەللىقان سۇرگۇبايوۋ ئۆز نامىدىن «ئالتاي خەلقىگە مۇراجىئەت» ئېلان قىلىپ، كۆپچىلىكنى ۋىلايەت دائىرىسىدە تولۇق تىنچلىق ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇشقا چاقىردى. ئارقىدىنلا ۋالىي مەھكىمىسى نامىدىن «ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەپ بېلىق تۇتۇش، ئالتۇن قېزىش، رەڭلىك مېتال كانچىلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش ھەققىدە مۇراجىئەت»، «ئورمان بايلىقىنى قالايمىقان كېسىپ، ۋەيران قىلىشنى چەكلەپ، ئورمان بايلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش ھەققىدە مۇراجىئەت» قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى. 1948 - يىلى 2 - يانۋاردا دەللىقان سۇگۇربايوۋ يەنە ئۆز نامىدىن ھەرقايسى يۇرت باشلىقلىرى بىلەن خەلق مۆتىۋەرلىرىگە قارىتىپ، يۇقىرىدىكى ئۈچ مۇراجىئەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە بىر مەخسۇس مۇراجىئەت چىقاردى. 1948 - يىلى 16 - فېۋرالدا دەللىقان سۇگۇربايوۋ باشلىق، شەمسى مۇئاۋىن بولغان، 19 كىشىدىن تەركىب تاپقان «ۋىلايەت بويىچە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى» قۇرۇلدى. 1947 - يىلى 20 - دېكابىردا «ئوسمان باندىتلىرىنىڭ ئالتاي خەلقىگە ئىقتىسادىي تەرەپتىن يەتكۈزگەن زىيان - زەخمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئىنقىلاپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىش كومىسسىيەسى» قۇرۇلدى. كومىسسىيە باشلىقلىقىغا مۇئاۋىن ۋالىي ئابدىراخمان توقۇلوۋ، مۇئاۋىنلىقىغا قاجىنبى، ئەخمەتزاكى ئىمام، مەمىلەر، مەسئۇل كاتىپلىققا پاتىقان سۇگۇربايوۋلار بەلگىلەندى. شۇ ئاساستا پۈتۈن ۋىلايەت خەلقى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا كىرىشىپ كەتتى.



## گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ ئوسماننى داۋاملىق قانات ئاستىغا ئېلىپ ياردەم بېرىشى

(1) ئوسمان مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئالتايدىن گۇچۇڭ ئەتراپىغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، 1947 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 كۈنى ئەتراپىدا قۇرمان بىلەن قاناتباينى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، جانىمقان ئارقىلىق گومىنداڭ دائىرىلىرىدىن ئىقتىسادىي ياردەم تەلەپ قىلدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوسمانغا ھازىرچە تۆت ماشىنا ئۇن، گۈرۈچ، گەزمال، چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بېرىلىدىغان ياردەمنى سالماقلىق بىلەن ئەتراپلىق ئويلاپ كۆرمەكچى بولۇشتى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە بۇنىڭ يولىمۇ تېپىلدى. بۇنداق قىلغاندا گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوسماننى پەقەت ئىقتىسادىي تەرەپتىنلا ئەمەس، سىياسىي تەرەپتىنمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تىزگىنلەشكە پايدىلىق شارائىت ھازىرلىيالايتتى. شۇنىڭ بىلەن 1948 - يىلى 2 - ئاينىڭ بېشىدا گومىنداڭ دائىرىلىرى چېك × × (خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ شۇ چاغدىكى مەسئۇللىرىنىڭ بىرى) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا ئادەم ئەۋەتىپ، گۇچۇڭدا قورچاق «ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى»نى ھەمدە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۈچ ناھىيىنىڭ قورچاق ھۆكۈمەتلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئوسماننى ۋالى، لاتىپنى مۇئاۋىن ۋالى، سالىقنى كۆكتوقاينىڭ ھاكىمى، نازىرنى چىڭگىلنىڭ ھاكىمى، بۇقاتنى بۇرۇلتوقاينىڭ ھاكىمى دەپ ئېلان قىلدى. بىر قانچە مۇئاۋىن ھاكىملارمۇ تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مالىيەسىدىن ئەسلى ئالتاي ۋىلايىتىگە بېرىلىدىغان ھەممە خىراجەتنى ئوسماننىڭ مۇشۇ قانۇنسىز ۋالىي مەھكىمىسىگە بېرىدىغان قىلىپ«قانۇن»لاشتۇردى.

(2) 1948 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۆلكىلىك گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زاكارىيا (زاكىشىن)نى ئەۋەتىپ ئوسماننى ئۈرۈمچىگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ئوسمان ماقۇل بولدى. ئەمما شەھەر ئىچىگە كىرمەي، شەھەرگە يېقىن يەردە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. 1948 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئوسمان لاتىپ، مۆمىنباي، ئەسەن، بۇقالارنى شۇنىڭدەك يۈزدەك ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شىمىگوغا مەخسۇس تىكىپ تەييارلىغان كىگىز ئۆي، چېدىرلىرىغا چۈشتى. ئوسماننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئەيسا، جانىمقان ۋە ئەلەنۋاڭ قاتارلىق كىشىلەر ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئاندىن كېيىن سۇڭ شىليەن، جانىمقان، خادىۋاڭ، لىيۇ مىڭچۈەن قاتارلىقلار ئوسماننىڭ چۈشكەن يېرىگە كېلىپ تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى.

ئوسماننىڭ شەھەرگە كىرمەي مەخسۇس ئۆي تىكتۈرۈپ شىمىگودا تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى: ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچان ھەمدە تولىمۇ گۇمانخور ئادەم بولغاچقا، باشقا ئادەمگە ئاسانلىقچە ئىشەنمەيتتى. دېمەك ئۇنىڭ شەھەر سىرتىدا تۇرۇشى، ئەمەلىيەتتە كۈتۈلمىگەن خەۋپنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئوسمان بەك شۆھرەتپەرەس ئادەم بولۇپ، نام - شۆھرەت ئارقىلىق ئۆز ئابرويىنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. قازاق خەلقىنىڭ ئادىتى بويىچە خاس ئۆي تىكىپ قارشى ئېلىش ناھايىتى چوڭ ھۆرمەتنى دېرەك بېرەتتى.

ئوسمان ئۈرۈمچىدە سەككىز كۈن تۇرۇپ، مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ھەرىكەتتە بولدى: بىرىنچىدىن، تۆت قېتىملىق زىياپەتكە قاتناشتى. ئالدى بىلەن سۇڭ شىليەن بىر قېتىم زىياپەت بەردى. ئاندىن ئەلەنۋاڭ، جانىمقان، سالىس، زاكارىيا قاتارلىقلار ئاتالمىش «قازاق مۆتىۋەرلىرى» نامىدىن زىياپەت بەردى. ئۇنىڭدىن



كېيىن ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسى نامىدىن خادىۋاڭ بىر قېتىم زىياپەت بەردى. تۆتىنچى قېتىملىق زىياپەتنى مەتتىمىن بۇغرا، ئەيسالار ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى نامىدىن بەردى. بۇ زىياپەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ساھىپخانلار ئوسماننى «تەڭدىشى يوق قەھرىمان، قازاق خەلقىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى، گومىنجېڭفۇنىڭ سەمىمىي پۇقراسى، جاڭ ۋېيپۈەنجاڭنىڭ ھۆرمەتلىك ئادەم» دېگەنگە ئوخشاش پۈتمەس - تۈگىمەس ھەدىيە سۆزلىرى بىلەن كۆككە كۆتۈردى. ئۇنىڭ كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ھەرىكەتلىرىنى داۋاملىق ھالدا شەرتسىز قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ھەدەپ قۇتراتتى. بولۇپمۇ گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ياردەملىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، لازىم تېپىلغاندا ئاتوم بومبىسىنىمۇ ئېلىپ، ھەر قانداق دۈشمەننىڭ ئەجەبقىنى چىقىرىدىغانلىقلىرى توغرىسىدا داۋراڭ سالدى. ئىككىنچىدىن، سۇڭ شىليەن بىلەن بىر قانچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، يۈز كىشىلىك (بىر پولكقا تەڭ) رەسمىي قوراللىق قوشۇن تەشكىللەش ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. شۇنىڭدەك سۇڭ شىليەن ئوسمانغا سىياسىي جەھەتتىن تېخىمۇ كۈچلۈكرەك مەدەت بېرىش ئۈچۈن ئۇنى نەنجىڭگە بېرىپ دۆلەت قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. ئوسمان ئۆزى بارماي چوڭ ئوغلى شېرىدىماننى ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمەلىيەتتىمۇ كېيىن شېرىدىمان، تەرجىمان، كاتىپى قۇرمانباي تىياناق بىلەن قامزا چومۇشبايىنى ئەگەشتۈرۈپ نەنجىڭگە بېرىپ كەلدى. ئۈچىنچىدىن: ئوسمان ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى پاشتۇن، مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنان بىلەن ئۇچراشتى. بۇ ئۇچرىشىشنىڭ جەريانى مۇنداق بولدى: 1948 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سۇڭ شىليەن جۇڭتۇڭ ئىشپىيونى ما شياڭشان (ئۆمەر)نى ئۆزىنىڭ ماشىنىسى بىلەن شىمىگوغا ئەۋەتىپ ئوسماننى ئۆز

ئىشخانىسىغا كېلىپ كېڭىشىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدەك ئادەم ئەگەشتۈرۈپ كەلمەسلىكنى، ئەگەر ئەگەشتۈرۈپ كېلىش زۆرۈر بولسا ئەڭ ئىشەنچلىك ئىككى - ئۈچ كىشى بىلەن كېلىشىنى ئەسكەرتتى. ئوسمان ئىشەنچلىك ئادىمى لاتىپنى ھەمدە نەۋرە ئىنىسى قابىلباقىنى، سىڭلىسىنىڭ ئېرى ھەم كانىۋىيى شىپتاننى ئېلىپ سۇڭ شىليەننىڭ ئىشخانىسىغا كېلىدۇ. ئىشخانىدا ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنان ۋە يەنە بىر چەتئەللىك كىشى بار ئىكەن. سۇڭ شىليەن: «بۇ كىشى باش كونسۇل پاشتۇن بولىدۇ. ماۋۇ كىشى مۇئاۋىن كونسۇل ماكىنان، توغرا سىز بۇ كىشى بىلەن بۇرۇندىنلا تونۇش» دەپ ئوسمان بىلەن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرىدۇ. پاشتۇن ئوسمانغا: «سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمغا خۇشالمەن، سىز جۇڭگولۇقلار ئىچىدىن چىققان جىگەرلىك ئادەم. ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو دوست، شۇڭا سىز بىلەن بىزمۇ دوستمىز» دەيدۇ. ئوسمان: «جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ دوست ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىم بار، ئامېرىكىنىڭ ھۈنەرى قالتىس، سانائىتى تەرەققىي تاپقان. كارامەت قوراللىرى بار دەپ ئاڭلايمەن. شۇڭا ئىككى مەملىكەتنىڭ دوستلۇقى ئۈچۈن ماڭا يېڭى - يېڭى قوراللاردىن كۆپرەك ياردەم قىلساڭلار» دەيدۇ. پاشتۇن: «بىزدە قورال بار، ئۇنى بېرىشكە بولىدۇ. بىراق ئالدى بىلەن ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ئادەم بولۇشى لازىم. شۇڭلاشقا سىز ياشلاردىن ئامېرىكىغا بېرىپ تەربىيىلىنىشكە بىر قانچىنى ئەۋەتىڭ» دەيدۇ. ئوسمان ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن پاشتۇن بۇنىڭدىن كېيىن ئۈزلۈكسىز مۇناسىۋەتلىشىپ، ئەھۋال ئۇقۇشۇپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ سۇڭ گېنېرال ئارقىلىق داۋاملىق مۇناسىۋەت باغلاشنى ئېيتىدۇ، خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا ئوسمان شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا قايىم غازىنى ۋەكىل قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئارقىدىن سۇڭ شىليەن: «دوستىمىز ئامېرىكىنىڭ ھەقىقەتەن



ناھايىتى قالتىس، سان - ساناقسىز ۋە كارامەت قوراللىرى بار، مېنىڭ بۇ تاپانچامۇ ئامېرىكىدا ياسالغان. بۈگۈنكى ئالاھىدە باش قوشۇشىمىزنىڭ خاتىرىسى بولسۇن، سىز ئېلىڭ» دەپ تاپانچىنى ئوسماننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. كىم بىلىدۇ! بۇ قورال بەلكى سۇڭنىڭ قولى ئارقىلىق سۇنۇلۇۋاتقان پاشتۇن ئەپەندىنىڭ «مەرتلىكى» بولۇشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ئوسمان كېيىنكى كۈنلەردە «بۇ تاپانچىنى سۇڭ دوستۇم سوۋغا قىلغان، ئۆزى ئامېرىكىدا ياسالغان» دەپ ماختىنىدىغان بولدى.

شۇنداق قىلىپ ئوسمان ئۆتكەندە سۇڭ شىليەن، قاناتبايلار ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكىنىڭ باش كونسۇلى پاشتۇن بىلەن بىر قېتىم ۋاستىلىك، مۇئاۋىن كونسۇل ماكىنان بىلەن بەيتىكتە بىر نەچچە كۈنلۈك بىۋاستە مۇناسىۋەتتە بولغان بولسا، بۇ قېتىم باش كونسۇل پاشتۇن بىلەن ئۆزى بىۋاستە يۈز كۆرۈشۈپ «دوستلۇق» سۆھبىتىدە بولۇپ، ئۈچىنچى قېتىم قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭ تەكلىپى بويىچە مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن مەخسۇس ۋەكىل بەلگىلىدى. جۈملىدىن ئامېرىكىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ تەربىيىلەشكە كېلىشتى. ئاندىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي زالەباي قاتارلىق تۆت نەپەر ياشنى ئامېرىكىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇ تۆت نەپەر ئوقۇغۇچى كېيىن شۇ پېتى ئامېرىكىدا تۇرۇپ قالدى.

(3) ئوسمان ئۈرۈمچىدىن ئۆيىگە يېنىپ بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۈرۈمچىدىن گومىنداڭنىڭ بىر نەچچە ھەربىي ئەمەلدارلىرى ئوسماننىڭ قېشىغا بېرىپ، قازاقلاردىن (ئاز ساندا موڭغۇللارمۇ بار) 700، روسلاردىن 100، جەمئىي 800 كىشىلىك بىر پولك تەشكىل قىلدى. پولك كوماندىرلىقىغا مانات رۇستەم، مۇئاۋىن پولك كوماندىرلىقىغا بوربىجاپ (موڭغۇل)، سەنمۇجاڭلىقىغا قۇرمان، لىيەنجاڭلىقىغا جامائەت، قاباي، قابىسى، نۇرتاي، كاشاپات، نورەكە، ئەبدەقان، ئىسىۋۇ (رۇس) قاتارلىقلار، خوجو-

لۇق ئىشلىرى مەسئۇللۇقىغا نەسىي، شۇكرى ئاقانلار تەيىنلەندى. پولكنىڭ ئورنى جىمسار ناھىيىسىنىڭ سەنتەي رايونى بولۇپ بەلگىلەندى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ پولكنى قورال - ياراق، كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار بىلەن تولۇق تەمىنلەش بىللە ئوفىتسېرلىرىغا ھەربىي ئۇنۋان بەلگىلەپ، مۇنتىزىم ئارمىيە تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، قاتتىق ھەربىي ئىنتىزام ئورناتتى. پولكنىڭ ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ ھەربىي باش ئورگىنى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتىنىڭ لاۋازىمەتچىلىك ۋەزىپىسىگە قايىم غازى قوشۇمچە مەسئۇل قىلىندى. جۈملىدىن ئۈرۈمچىدىن ھەربىي مەكتەپنى رەسمىي پۈتتۈرگەن 40 نەپەر ھەربىي ئوقۇتقۇچى كېلىپ ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە مەشق ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ پولك 1949 - يىلى 7 - ئايغىچە تولۇق بىر يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا گومىنداڭ تەرەپ بۇ پولكنى ماددىي بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەشنى توختاتقاندىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن تارقىلىپ كەتتى.

(4) ئوسمان ئۈرۈمچى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى بىر يېرىم يىل ئىچىدە گومىنداڭچى ۋە ئامېرىكىلىق خوجايىنلىرىغا ئەڭ كەم بولغاندا مۇنداق تۆت جەھەتتىن خىزمەت كۆرسەتتى ياكى خىزمەت كۆرسىتىشكە تىرىشتى.

بىرىنچىسى: 1948 - يىلى 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئوسمان گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە رەخىم، ئۆردەباي باشچىلىقىدىكى ئون نەپەر كىشىنى ئالتايدىكى ئۈچ ۋىلايەت ھەربىي قىسىملىرىنىڭ ئالدىنقى سەپى — سارتوقايغا بېرىپ، ئادەم تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار كۆزلىگەن يېرىگە كەلگەندىن كېيىن خادا تاشلار ئارىسىغا قاراۋۇل قويۇپ، بىرەر ئىش بىلەن يالغۇز چىقىپ قالغان ئادەم بولسا تۇتۇپ كەتمەكچى بولىدۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن ياۋا پىياز تېرىشكە چىققان ئىككى نەپەر مىللىي



ئارمىيە جەڭچىسىنى تۇتۇۋېلىپ، پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، گۇچۇڭدىكى 5 - كورپۇس 2 - پولكنىڭ كوماندىرى خەن تۇەنجاڭغا ئەكىلىپ تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىككىنچىسى: 1948 - يىلى 8 - ئايدا گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە نۇرلان، ئەسەرباي باشلىق 20 نەچچە ئادەمنى يول توسۇپ، ئادەم تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار بۇرچىن - كۆكتوقاي يولى ئۈستىدىكى كۆكتوقايغا تەۋە ساربۇلاققا كېلىپ بۇرچىن تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ماشىنىغا ئالدى - كەينى ۋە يان تەرەپتىن تەڭلا ئوق چىقىرىپ، ھەش - پەش دېگۈچە شوپۇرنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. ماشىنىنىڭ بالونلىرىمۇ پۈتۈنلەي كاردىن چىقىدۇ. ماشىنا سوۋېت ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ بولۇپ، ماشىنىدا شوپۇردىن باشقا ئۈچ ئىنژېنېر، بىر ئايال دوختۇر، ئۈچ نەپەر سوۋېت قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى بار ئىدى. ئۇلارمۇ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ قايتۇرما زەربە بېرىپ، باندىتلارنى ئۆزلىرىگە يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. ماشىنىدىكىلەرنىڭ بىرەرىنىمۇ ئەسىرگە ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەن باندىتلار ئاخىرى سايىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىزلىكتىن پايدىلىنىپ ماشىنىدىكى سوۋېت ئادەملىرىنى پۈتۈنلەي ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلۈك ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى بۇلاپ، ماشىنىنى بېنزىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

ئۈچىنچىسى: 1948 - يىلى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ پىلانى بويىچە ئوسمان دەلىلقان سۇگۇرباييۇۋنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە ماخمۇت، شارىپقان دېگەنلەرگە مەخسۇس تاپشۇرۇق بېرىدۇ. ماخمۇت دەلىلقان سۇگۇرباييۇۋنىڭ يەكشەنبە كۈنى چىمىرچەكتىكى قاراسۇ دېگەن يەردە ئولتۇرغان ئاۋۇلىغا بېرىپ يېرىم كېچىدە ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى بىر چوڭ خادا تاشنى پاناھلاپ، دەلىلقان سۇگۇرباييۇۋنىڭ تاھارەت قىلىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقىشىنى كۈتۈپ ياتىدۇ. لېكىن تاھارەتكە دەلىلقان سۇگۇرباييۇۋ ئە-

مەس، ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئاغزەم مۇقىش چىقىپ قالىدۇ. ئۇمۇ گەۋدىلىك، دەلىلقان سۇگۇربايوۋغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاۋۇل ئادەم ئىدى. شۇڭا ماخمۇت ئالدىراشلىقتا ئاغزامىنى دەلىلقان سۇگۇربايوۋغا ئوخشىتىپ، ئېتىۋېتىپلا ئاۋۇلنىڭ يېنىدىكى قومۇشلۇققا كىرىپ كېتىدۇ. لېكىن ئوق ئاغزامنىڭ باش كىيىمىنىڭ ئۈستى تەرىپىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

تۆتىنچىسى: 1949 - يىلى 7 - ئايدا ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىناننىڭ قايىم غازى ئارقىلىق يەتكۈزگەن تەلىپى بويىچە ئوسمان قول ئاستىدىكى يۇسۇپ (كىرژاك ئاق رۇس) ئەسكەرلىرىدىن رادىف، ئەرەدوۋ ۋە ئاپتۇمۇن قاتارلىق ئالتە نەپەر رۇسنى كۆكتوقاي كېنىدىن چىقىدىغان تاشلارنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ كېلىشكە ۋە كان رايونىنىڭ كۆرۈنۈشىنى سۈرەتكە ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. بۇلار بىر نەچچە كۈن يول مېڭىپ ئالتاي دائىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن، يول ئۈستىدە ئۆزلىرىگە تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان بىر پوچتالىيوننى باشقىلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، دەريا ياقىسىنى بويلاپ بىر ئائىلىگە كېلىپ قونىدۇ. ئەتىسى يولغا چىقىش ئالدىدا بۇ ئائىلىدىكى تۆت ئادەمنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەن بۇ ئىككى قېتىملىق قاتىللىق ئەنزىسى بىلىنىپ قېلىپ، يەرلىك ساقچى ئورۇنلىرى بىلەن ھەربىي قىسىملا بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ، باندىتلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشىدۇ. باندىتلار بىر پەس قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئاخىرى بىرسىگە ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. قالغان بەشى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كىم تەرىپىدىن، قانداق ۋەزىپە بىلەن كەلگەنلىكلىرىنى تولۇق ئىقرار قىلىدۇ.

### ئىنقىلاب بىلەن دۈشمەنلىشىپ ئۆزىنى گۆرگە تىقىش

ئوسمان 1946 - يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا خائىنلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئوق ئېتىش ئارقى-



لىق خەلق بىلەن، ئىنقىلاب بىلەن دۈشمەنلەشكەن بولسا، پۈتۈن مەملىكەت ئازادلىققا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، خەلق ھۆكۈمىتىگە قارشى چىقىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئوق ئېتىپ، قىلىچ چاپتى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇشتا ئۈمىدىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە باغلىغان بولسا، پارتىيىمىزگە، خەلق ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇشتا ئۈمىدىنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىپ ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇللىرى بىلەن تېخىمۇ ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتتى. ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق ئورناتتى. ئۇلارنىڭ تۈزۈپ بەرگەن پىلانى بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئوسمان بۇ خىل جىنايى ھەرىكەت يولىغا ئازادلىقتىن بىر يىل بۇرۇن قەدەم تاشلىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئوسماننىڭ دىنني خۇراپاتلىقىدىن، مۇتەئەسسىپلىكىدىن كوممۇنىزمغا قارشى پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بارلىقىغا كۆزى يەتكەن ماكىنان 1948 - يىلنىڭ ئۆزىدىلا ئوسمان قاتارلىقلار بىلەن جىددىي تىل بىرىكتۈرۈپ «دىننى قوغداپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتى» دېگەن بىر نېمىنى تەشكىللىدى. مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوسمان، جانىمقانلار تەرەپ - تەرەپتىن ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. خەلق ئازادلىق ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ بۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىمۇ بارغانسېرى جىددىي تۈس ئالدى. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئوسمان 1948 - يىلى 9 - ئايدا ئۆزىنىڭ جان دوستلىرى لاتىپ، مۆمىنباي، قاباس تىركەش، ئابباس مۇپتى، مانات، قاناتباي، ھەسەنلەر بىلەن بىر قېتىملىق مەخپىي يىغىن ئېچىپ «ئەگەر خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش توغرا كەلسە، ئۇنداقتا قومۇلدىكى يولۋاس، سۇلتانشارىپلەر بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت

قىلىشىمىز لازىم. ئۆزىمىز يەككە ـ يىگانە ھېچقانداق بىر ئىش-
نى باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز» دېگەن يەرگە كېلىپ، ئۇلار بى-
لەن مۇناسىۋەت قىلىش ھەققىدە جانىمقانغا تەكلىپ بېرىدۇ، شۇ-
نىڭ بىلەن جانىمقان يولۋاس ۋە سۇلتانشارىپلەرنى ئۈرۈمچىگە
چاقىرتتى. يولۋاس ئۆزى كەلمەي سۇلتانشارىپ بىلەن تۈركىستان
قاتارلىق بەش كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇلار 10 ـ ئاينىڭ بىرىدە يول-
غا چىقىپ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ جانىمقان-
نىڭ ئۆيىگە چۈشتى. مۇشۇ ئارىلىقتا ئوسماننىڭ ۋەكىلى لاتىپ-
مۇ كەلدى. بۇلار مەسلىھەتلىشىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن
يىغىن ئۆتكۈزۈشكە كېلىشتى. بۇ يىغىن 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈ-
نى ئېچىلدى. يىغىنغا يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغانلاردىن باشقا يەنە
تاكمان، ئاقموللا، سەيدۇللا، سادىق قاتارلىق ئونبەشتەك ئادەم
قاتناشتى. ئۈچ تەرەپ ــ ئوسمان تەرەپ، يولۋاس تەرەپ، قالى-
بېك، تاكمان تەرەپ بولۇپ بىرلىشىپ كۈچ توپ-
لاپ، ئۈرۈمچىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇ-
رۇشنى ئاساس قىلىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرى-
شىگە يول قويماسلىق قارارىغا كېلىشتى.

(2) ئوسمان بىلەن جانىمقان يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلى-
گەن ھالدا «بىر يەردە بولۇش» قارارىغا كېلىپ 1949 ـ يىلى
8 ـ ئايدا جانىمقان ئۈرۈمچىدىن كۆچۈپ چىقىپ گۆچۈك ناھى-
يىسىنىڭ چۆيگىنتاي يايلىقىدا ئولتۇرغان ئوسماننىڭ قېشىغا بار-
دى ھەمدە دەرھال بىر يىغىن ئاچتى. يىغىنغا ئوسمان، جانىمقان،
زاكىنقان ئەلەن، دەلىلقان جانىمقان، تاكمان، ئورازباي موللا،
شايمەردان ئىبرەمەك قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم قاتناشتى. ئۇلار
ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى قازاقلارنى قوتۇرتىپ توپىلاڭ قوزغاپ،
شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا قارشى تۇرۇش
مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشتى. بۇ مۇھاكىمە ئۈچ كۈن
داۋام قىلدى. ئاخىرىدا جانىمقان، ئورازباي، شايمەردان ئىبرەمەك-



لەر سانجى، قۇتۇبى تەۋەسىدىكى ئەلنى قوزغاشقا، قالىبېك، تاك-
مانلار ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن تېغىدىكى ئەلنى قوزغاشقا، ئوسمان
جىمسار، گۆچۈك، مورى تەۋەسىدىكى ئەلنى قوزغاشقا مەسئۇل
بولىدى.

(3) ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان
1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدىن ئوغرىلىقچە قېچىپ
چىقىپ جىمسار ناھىيىسىنىڭ تېغىغا بارغاندىن كېيىن ماشىنىلىرىنى
ئورمانلىقتىكى بىر جىلغىغا تاشلاپ، ئۇ يەردىن ئات بىلەن گۆچۈك
ناھىيىسىنىڭ يايلىقىدا ئولتۇرغان ئوسمان، جانىمقانلارنىڭ يې-
نىغا باردى ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىپ: «قەتئىيلىك بىلەن كەڭ
دائىرىدە ھەرىكەت قىلىش، لېكىن ئۈرۈمچىنىڭ ئېگىكى ئاستىدا
تۇرۇۋالماي، بارىكۆل تەرەپكە كۆچۈپ، ئارىلىق ساقلاپ، يىراقلى-
شىۋېلىش لازىم» دەپ قۇتراتتى. ماكناننىڭ بۇ خىلدىكى «دانا»
تەۋسىيىسىگە قوشۇلغان ئوسمان بىلەن جانىمقان 1947 ـ يىلى
كۈزدە ئۆزلىرى ئالتايدىن كۆچۈرۈپ ئەكەلگەن تۆت مىڭدەك
ئائىلە بىلەن جىمسار، مورى ۋە گۆچۈكتە ئولتۇرۇشلۇق 15
مىڭدىن كۆپرەك ئائىلىنى بارىكۆلگە كۆچۈرۈپ ئۈرۈمچىدىن يى-
راقلىشىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. بۇ چاغدا دەلىلقان سۇگۇر-
باييۇۋ 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئوسمانغا بىر پارچە ئوچۇق خەت
يېزىپ ئەۋەتتى. خەتنىڭ مەزمۇنى: «ئىلگىرى چۈشەنمەسلىك تۈ-
پەيلىدىن خەلقنىڭ تىنچ ھاياتىغا ئالا ـ توپىلاڭچىلىق سېلىپ،
بىر قانچە مىڭلىغان ئاممىنى چەت ـ يىراق جايلارغا كۆچۈرۈپ
كەتكەن ئىدىڭىز، شۇ ئاممىنى ئەمدىلىكتە يەنە سەرسانلىققا
ئۇچراتماي، ئۆزىڭىز باشلاپ ئانا ماكان ئالتايغا ئەكىلىپ ئورۇن-
لاشتۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى ھازىرقى دۇنيا ئېقىمى
مەملىكەت ئەھۋالى قارا ھاكىمىيەت قالدۇقلىرىنىڭ خالىغانچە ھەرى-
كەتلىنىپ، دېموكراتىك يولغا توسالغۇ بولۇپ، خاتىرجەملىك-
كە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشكە ھېچقاچان يول قويمايدۇ ...

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، قارا ھاكىمىيەت قالدۇقلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى زور غەلىبىگە ئېرىشتى. دېمەك پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەكسىيەتچىلەرنى ۋە ئەكسىيەتچى گۇرۇھلارنى تامامەن تازىلاپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلماقتا. ئۆلكىمىز شىنجاڭدىكى قارا ھاكىمىيەتمۇ ئاغدۇرۇلۇپ گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ھەرقانچە جان تالىشىپ، تىپىرلىغىنى بىلەن كۈنى تۈگەپ، ئۇنى ئۆچىدىغان ۋاقتى يېقىنلاشتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن ۋاقتىدىكى ھىيلە-مىكىرلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، خەلقنى پاراكەندىچىلىككە ئۇچراتماي، ئۆزىڭىز باشلاپ ئالتايغا قايتىپ كەلسىڭىز. بۇرۇنقى خاتا ئوي-پىكرىڭىزدىن يېنىپ، خىزمەت كۆرسەتسىڭىز ھۆكۈمەت بىلمەسلىكتىن ئۆتكۈزگەن خاتالىقىڭىزنى ئەپۇ قىلىپ قارشى ئالىدۇ. ھېچقانداق جازا بەرمەيدۇ. بۇنىڭغا مەن كاپالەتلىك قىلىمەن» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن ئوسمان خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئەكسىلئىنقىلابىي مەيداندا چىڭ تۇردى. دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ئوسمانغا ئاشۇ خەتنى يازغاندا ئەل باشلىقلىرىدىن لاتىپ، ھانات، ئەدىلقان، مۆمىنباي، شەمشى، سالىق، ۋاھىت، جۇكەي، ئورىستەم قاتارلىق 29 نەپەر كىشىگىمۇ يۇقىرىدىكى مەزمۇندا بىر پارچە خەت يازغانىدى. بۇ خەت يۇقىرىدىكى ئەل باشلىقلىرىنىڭ قولىغا تەگكەندىن كېيىن كۆرسەتكەن تەسىرى زور بولدى. دېمەك شۇ چاققىچە ئىككىلىنىپ، بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغان ئەل باشلىقلىرىدىن لاتىپ، ئەدىلقان، سالىق، ۋاھىت، شەرىي، مۆمىنبايلار باشلامچى بولۇپ دەرھال ئوسماندىن چەك-چېگرا ئايرىپ، بۆلۈنۈپ چىقتى. نەتىجىدە ئوسمان، جانىمقانلار 1949-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۆتكەندە ئالتايدىن مەجبۇرىي ھەيدەپ كەلگەن ۋە مورى، گۇچۇڭدىكى ئولتۇراقلىق ئاھىدىن بولۇپ جەمئىي 5-6 مىڭ ئائىلىدىن پەقەت نۇرلان، قاباس تىرەكەش، كاشاپات، قۇسايىن قاتارلىقلار باشلىغان 3 يۈزدەك ئائىلىنىلا ئەگەشتۈرۈپ بارىكۆلگە كۆچتى. بۇلار بارىكۆلگە بارغاندىن كېيىن يولۋاس، سۇلتانشارىپ قۇچاق يېيىپ قارشى ئالدى.



ئەسلى دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ئوسمانغا ۋە لاتىپ باشلامغان باشقا ئەل باشلىقلىرىغا خەت يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بارىكۆل، قۇمۇلدىكى ئەل باشلىقلىرىدىن سۇلتانشارىپ، غوسمان، مۇقادىل، ئالتۇنبېك قاتارلىقلارغىمۇ «ئوسمان ئۆز ئەتراپىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ بارىكۆل تەرەپكە كۆچمەكچى، كېيىن يەنە گەنسۇ، چىڭخەي تەرەپكە ھەتتا چەتكە چىقىپ كېتىش نىيىتى بار. سىلەر ئوسماننىڭ مۇنداق ئەكسىيەتچىل، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، خەلقنى ئېغىر كۈنلەرگە گىرىپتار قىلماڭلار» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ، ھەر قايسىغا بىر كىيىملىكتىن گاباردىيون سوۋغات قىلىپ مۇنتاي ئىسىملىك بىر كىشىنى ئەۋەتكەنىدى. كۆپ ئۆتمەي بارىكۆلدىكى ئەل باشلىقلىرىدىن يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوسمانغا ئەگەشمەيدىغانلىقلىرىنى، بەلكى ئوسمانغا مەسلىھەت بېرىپ، ئۇنى ئەكسىلئىنقىلابىي يولدىن توسىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ دەلىلقان سۇگۇربايېۋغا جاۋاب خەت يازدى (بۇ خەت كەلگەن ۋاقىتتا دەلىلقان سۇگۇربايېۋ بېيجىڭغا كېتىپ قالغان بولۇپ، مەن تاپشۇرۇۋېلىپ مۇۋاققەت ۋالىي شەمشىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنىدىم)، ئەمما كېيىن ئۇلار ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلمىدى.

(4) ماكىناننىڭ شىنجاڭدىن كېتىشى: ئوسمان، جانىمقانلار بارىكۆلگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن يوشۇرۇنچە قېچىپ چىقىپ بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ماكىنان پاكىستانغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن با-

رىكۆلدىن گەنسۇ ـ چىڭخەي تەرەپكە يۆتكەلدى. ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا ئوسمان، جانىمقان، يولۋاس، سۇلتانشارىپ قاتارلىقلار بىلەن يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە توپىلاڭ تۇغدۇرۇش ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ يوليورۇق بەردى. جۈملىدىن لازىم تېپىلغاندا، ئامېرىكىدىن ئايروپىلان ئارقىلىق قورال ـ ياراق يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىش بىلەن بىللە «ئەگەر زادىلا پۇت تىرەپ تۇرغۇچىلىك شارائىت قالمىغاندا شىنجاڭغا بېرىپ ئۇ يەردىن پاكىستانغا ئۆتسەڭلا بولىدۇ، مەن جۇڭگو چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىش ئالدىدا سىلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم گۇۋاھلىق خەت ئەۋەتىپ بېرىمەن. شۇ گۇۋاھلىق خەت ئارقىلىق سوۋېت بىلەن موڭغۇلىيىدىن باشقا ھەر قانداق بىر دۆلەتكە چىقساڭلار، ئۇلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىسىلەر» دەپ ئىشەندۈرىدۇ ۋە ئۇلارنى رەسمىي بارماق ئىمزاسىنى قويدۇرۇۋالىدۇ. ماكىنان 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەتراپىدا يولغا چىقىپ شىنجاڭدىن ئايرىلىدۇ. چىڭخەيگىچە يول باشلاپ مېڭىشقا زەلباي، زىراتباي، قارىيا، قىبىسا ئىسىملىك كىشىلەرنى قوشۇپ بېرىدۇ. ئۇلار ماكىناننى چىڭخەينىڭ گاس دېگەن يېرىدە ئولتۇرغان قۇسايىن تەيجىنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزىدۇ. زىراتباي، قارىيا ۋە قىبىسالار شۇ يەردىن بارىكۆلگە قايتىدۇ. قۇسايىن تەيجى يەنە بىر كىشىنى قوشۇپ بېرىپ ماكىناننى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. زەلبايلار قايتىشىدا ماكىنان، ئوسمان، جانىمقانلارغا بىر مۇنچە «گۇۋاھلىق خەت» يېزىپ بېرىدۇ. بۇ «گۇۋاھلىق خەت»لەرنى ئوتتۇرا يولدا قۇسايىن تەيجىلەر ئۆزلىرى چەتكە قېچىپ ئۆتۈشتە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئېلىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن ئوسمان خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قاتتىق خاپا بولۇپ، ئۇ خەتلەرنىڭ بىرىنى قالدۇرماي ئېلىپ كېلىشكە زەلباينى يەنە قۇسايىنلارنىڭ قېشىغا ئەۋەتىدۇ. لېكىن قۇسايىنلار خەتلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىمايدۇ.



ئىككى نار تۆگىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان زەلباي ئوسماننىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ شۇ پېتى قۇسايىننىڭ قېشىدا قېلىپ، كېيىن قۇسايىن بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدۇ (بۇ كىشى ھېلىمۇ ھايات بولۇپ، تۈركىيىنىڭ ئىستامبۇل شەھىرىدە ياشىماقتا). شۇنداق قىلىپ ماكىناننىڭ ئەۋەتىپ بەرگەن «گۇۋاھلىق خېتى» ئوسماننىڭ قولىغا تەگمەيدۇ.

(5) پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئوسمان بىلەن جانىمقانلارنى ئەكسىلئىنقىلابىي يولدىن قايتۇرۇپ، قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، سەۋرچانلىق بىلەن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. بىرىنچى قېتىم: گېنېرال ۋاڭ جېن ئۆز نامىدىن مەخسۇس خەت يېزىپ، نۇرغۇنلىغان سوۋغاتلار بىلەن ۋاجىت قاتارلىق كىشىلەرنى بارىكۆلدىكى توقتارساي دېگەن يەردە ئولتۇرغان ئوسماننىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇلار ئوسمانغا ۋاڭ جېننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇش بىلەن بىللە ئەمدىلىكتە خەلق بىلەن دۈشمەنلەشمەي، توغرا يولدا مېڭىپ، ئالتايغا ياكى ئۈرۈمچىگە قايتىپ بېرىپ، ھۆكۈمەت يۈكلىگەن بىر كىشىلىك ۋەزىپە ئۆتەشنى، مۇشۇنداق قىلىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئۆتكەندىكى ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما ئوسمان ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەي، پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈنلا قۇرمان قاتارلىق بىر نەچچەيلەننى ۋاڭ جېنغا سالامغا ئەۋەتتى. ئوسماننىڭ مۇنداق قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى بىر تەرەپتىن تەييارلىق ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ، ۋاقىت جەھەتتىن ئۇتۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قوراللىنىش ئەھۋالىنى رازۋېت قىلىپ كېلىش ئىدى. گېنېرال ۋاڭ جېن قۇرمانلارنى ئوبدان كۈتۈۋالدى. قايتىشىدا ئۇلارغا يەنە گۇمان ـ ئەندىشىدە بولماسلىق، پارتىيىمىزنىڭ ئۆز گېپىدە تۇرىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ قىلىش توغرىسىدا چۈشەندۈرۈشلەر بېرىپ، ئوسمانغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى قاتتىق تەكىتلەپ تاپىلىدى. شۇ-

ئىگىدەك يەنىمۇ كۆپلىگەن سوۋغاتلارنى ئەۋەتتى. لېكىن ئوسمان پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىغا قارىتا باشقىچە تونۇشتا بولۇپ، ھەددىدىن ئېشىپ غادىيىۋالدى. 1950 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا يولۋاس بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭ قوزغىماقچى بولدى.

ئىككىنچى قېتىم: 1950- يىلى 2- ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋاھىت خېلىل، قۇرمانباي تىياناق ھەمدە گومىنداڭ ئاتلىق 5 - كورپۇسىنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان ماتۇەنجاڭ قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار ئاتلىق بىر ھەپتە يول مېڭىپ باركۆلنىڭ غەربىي تاغ دېگەن يەردە تۇرغان ئوسماننىڭ قېشىغا بېرىپ ئوسماننى توغرا يولغا قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى. جۈملىدىن خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن، خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىپ، پۇشايمانغا پېتىپ قالماسلىقنى ئېنىق ئاگاھلاندۇردى. ئوسمان دەسلەپتە ھاياتلا بولسا باش ئەگىپ بېقىنمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ جاھىللىقىنى ئىپادىلىدى. كېيىن جانىمقاننىڭ مەسلىھەتى بويىچە تەييارلىقلارنى پۇتتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىر ئۆرۈلۈپ: «تەسلىم بولساق بولايلى، لېكىن بىر قانچە تەلەپلىرىمىز بار. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىرىگە ئېيتىپ كەلسۇن» دېگەن جاۋابنى بېرىپ، قاناتباي، شايىمەردان، ئېرمەك قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ، ۋاھىتلار بىلەن بىرگە ئەۋەتتى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاناتبايلارنى چوڭ ئېتىبار بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. ھەممە تەلەپلىرىنى ئاساسەن قوبۇل كۆرۈدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى. پارتىيىمىزنىڭ سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەتراپلىق، چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ، نۇرغۇن سوۋغاتلار بىلەن يولغا سالدى. ئۆزئارا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە چۈشىنىش ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە ۋاكارىيا (زاكىشىن — قورچاق ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان مۇئاۋىن سىلىڭى)، نازىر ئۇماروۋ (قورچاق شىنجاڭ گېزىت ئىدارىسىنىڭ



ھەقىقەتكە قايتقان مۇئاۋىن باشلىقى) لارنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن يەنە بىر قېتىم ۋەكىل قىلىپ قاناتبايلارغا قوشۇپ ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئوسمان «شەرت شارائىت پىشىپ يېتىشتى، ئەمدىلىكتە ۋاقىت مەن ئۈچۈن پايدىلىق» دېگەن مۆلچەرگە كېلىپ بولغانىدى. يولۋاسمۇ 20 نەچچە ئادىمى بىلەن قۇمۇلدىن قېچىپ چىقىپ ئوسمانغا قوشۇلدى. شۇڭا ئوسمان، جانىمقانلار ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەممىي نىيەتتە ئېيتقان نەسىھىتىگە قۇلاق سېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە 1950- يىلى 4 - ئاينىڭ بېشىدا قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق شىمالىي تاغنىڭ تارشوۋ دېگەن يېرىدە يولۋاس، سۇلتانشارىپلەر بىلەن بىرلىكتە بىر يىغىن ئېچىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش قارارىغا كېلىپ ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشتى. جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئامما ئارىسىدا تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ: «كوممۇنىستلار دىنىنى يوقىتىدۇ، قەبىلىلەرنى ئىنكار قىلىدۇ، ئەل باشلىقلىرىنى، موللىلارنى قولغا ئالىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، بايلارنى چۆل - جەزىرىلەرگە سۈرگۈن قىلىدۇ. ھەممە شەخسىي مال - مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىدۇ. خوتۇننى ئومۇمنىڭ قىلىدۇ، ياشلارنى ئومۇميۈزلۈك ئەسكەرلىككە تۇتىدۇ. شۇڭا ھەممىمىز بىرلىكتە كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرايلى، كىمدە-كىم كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرمىسا، شۇ ئادەم دىنىنىڭ دۈشمىنى، مىللەتنىڭ ساتقۇنى، ئالدى بىلەن ئاشۇنداقلارنى كۆزدىن يوقىتايلى» دېگەنلەرنى تەرغىپ قىلدى. شۇنداقلا يول توسۇپ، ئەلنى بۇلاپ رەسمىي باندىتلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. قاباس، تىركەش قاتارلىق قىرىقچە باندىت يەتتە قۇدۇق دېگەن جايدا يول توسۇپ ئارمىيىمىزنىڭ مۇئاۋىن دېۋىزىيە كوماندىرى يولداش لىيۇشاۋۋېي بىلەن تۆت نەپەر جەڭچىنى ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىبلىس قولى تۆتىنچى قېتىم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى

نىڭ قېنى بىلەن بويالدى.

مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ئارمىيىمىز ئوسمان باندىتلىرىغا بىر نۆۋەت ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ 1950- يىلى 6 - ئايدا ئارمىيىمىز تارسۇ دېگەن يەرنىڭ ئەتراپىدىكى باندىتلار ئۇۋىسىغا يۈرۈش قىلىپ بېرىپ، باندىتلارنىڭ ئەدىۋىنى راسا كېلىشتۈرۈپ بەردى. ئوسمان، جانىمقان، يولۋاس، سۇلتانشارىپ قاتارلىق كۆپ قىسىم باندىتلار شىمالىي تاغنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چاتقاللىق ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى، قاباس تىركەش، كاشاپات قاتارلىقلار 20 نەچچە ئادىمى بىلەن فۇكاڭغا، قاناتباي، قۇسايىن، قۇرمان باشلىق ئوتتۇزدەك ئادەم گۇچۇڭغا كېلىپ قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى.

(6) جانىمقاننىڭ قولغا چۈشۈشى ۋە ئوسماننىڭ چىڭخەيگە قېچىشى: ئوسمان، جانىمقانلارنىڭ شىمالىي تاغنىڭ شەرقىگە يۆتكىلىپ چىڭخەي ئارقىلىق چەتئەلگە قېچىش غەرىزىدە ئىكەنلىكىنى سەزگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىزمۇ- ئىز قوغلاپ 9- ئاينىڭ 20 - كۈنى ئەتراپىدا ئاقبۇت دېگەن يەردە ئوسمان، جانىمقانلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، يەنە بىر قېتىم شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ قاتتىق جەڭ قىلدى. بۇ نۆۋەتتىكى ئۇرۇشتا باندىتلار گۇرۇھىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاتامانلىرىدىن بولغان جانىمقان تىلەۋباي تىرىك قولغا چۈشتى ۋە 1951- يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدە ئوچۇق سوت قىلىنىپ قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

بۇ ئۇرۇشتا زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قاتتىق چۆچۈگەن ئوسمان، يولۋاس، سۇلتانشارىپلەر ھەمدە جانىمقاننىڭ دەللىقان، خەمىت، مىجىت قاتارلىق باللىرى ئاستا - ئاستا سىلجىپ كۆچۈپ 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا چىڭخەينىڭ خەيزى دېگەن يېرىگە يېتىپ باردى. دەل شۇ



مەزگىلدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر قېتىملىق ھۇجۇمىدا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن فۇكاڭ، گۇچۇڭلارغا كېلىپ تەسلىم بولغان قاباس تىركەش، كاشاپاتلار 9 - ئايدا خېمىغا يېنىپ، ئوسماننىڭ ئارقىسىدىن چىڭخەي تەرەپكە قاراپ كۆچكەنىدى. ئۇلار يولبويى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىر قانچە قېتىم كىچىكرەك دائىرىدە ئۇرۇش قىلدى. مۇشۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە قاباس تىركەشنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلاندى، شۇنداقتىمۇ باندىتلار سەپەرلىرىنى داۋام قىلىپ، ئەپلەپ - سەپلەپ يۈرۈپ، چىڭخەينىڭ خەيزى دېگەن يېرىگە ئەمدىلا يېتىپ بارغان ئوسمانغا بېرىپ قوشۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ ئەدىپىنى بېرىشتىن قورققان يولۋاس قاتارلىقلار توختىماي مېڭىپ گاس دېگەن يەردىكى قۇسايىن تەيجىلەر تۇرغان جايغا باردى. ئوسمان بولسا ئېغىر يارىلىنىپ ياتقان نەۋرە تۇغقىنى — بىر چاغلاردىكى ھەربىي قوماندانى قاباسنى تاشلاپ كېتەلمەي خەيزى ئەتراپىدا تۇرۇپ قالدى.

يولۋاس قاتارلىقلار گاسقا بېرىشقىلا شۇ مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق قاچقان قالىبېك، تاكمان، بالا قامزا، سالىسلارمۇ چاقىلىق ناھىيىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ گاسقا يېتىپ بېرىپ يولۋاس، سۇلتانشارىپلەر بىلەن جەم بولدى. ئاندىن ئۇ يەردىمۇ كۆپ ھايال بولماي ھەممىسى بىرلىكتە بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ئاشۇ قاچقان پېتى پاكىستانغا ئۆتۈپ كەتتى. يولۋاس پاكىستان چېگرىسىغا يېقىن بارغاندا، ھەمراھلىرىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق ئېسىل نەرسىلىرىگە قىزىقىپ قېرى - ياش، ئەر - ئايال دېمەستىن ھەممىنى تامامەن قىرىپ تاشلىدى، سالىسنىڭ يەتتە - سەككىز ياشلاردىكى ئوغلى ئاپسەن، ئابدۇكېرىمنىڭ ئوغلى توختارلار تېزەك تېرىپ كېلىشكە چىقىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن قىرغىندىن ئامان قالدى.

(7) ئوسماننىڭ قولغا چۈشۈشى: 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئوسماننىڭ چىڭخەيىنىڭ خەيزى دېگەن يېرىدە مۆكۈنۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يول باشلىغۇچىلارنىڭ باشلىشىدا تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەندە ئاۋۇلنى ئىسكەنجىگە ئالىدۇ. پۈت تىرەپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئوسمان ئالدىراپ - تېنەپ، ئىگەرسىز - ياۋداق ئېتىغا مىنىپلا تاڭ قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ قاچىدۇ. ئۇنى يول باشلىغۇچى توقاناي كۆرۈپ قېلىپ قىسىم كوماندىرىغا مەلۇم قىلىدۇ. بەش - ئالتە جەڭچى دەرھال كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ قوغلايدۇ. ئوسمان قېچىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ماۋزۇردىن ئۈزلۈكسىز ئوق چىقىرىدۇ. بىراق ئۇنىڭ بىرمۇ ئوقى قوغلىغۇچىلارغا تەگمەيدۇ، جەڭچىلەر بولسا ئېتىلىۋاتقان ئوققا پەرۋا قىلماي قوغلاۋېرىپ، ھەش - پەش دېگۈچە ئوسمانغا يېتىشىۋېلىپ باغلاپ قوماندانلىق شتابىغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئۇ ماشىنا بىلەن قۇمۇلغا كەلتۈرۈلۈپ، ئاندىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ.

ئاشۇ كۈندىكى ئىسكەنجىگە ئېلىشتا قاباس تىركەشمۇ قولغا چۈشىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يارىسى يامانلىشىپ كەتكەنلىكتىن، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئوسماننىڭ شىردىمان، نىئمەتۇللا ۋە نەبى ئىسىملىك ئوغۇللىرى بىر نەچچە ئادەم بىلەن قېچىپ، شىنجاڭغا يېنىپ كېلىپ بوغدا ئېتىكىدىكى قۇرمان، نۇرلان، قۇرمانباي، قاناتباي قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، يېڭىباشتىن تەشكىللىنىپ بىر يېرىم يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۈزلۈكسىز ھالدا بانديتلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. كېيىنچە ئارمىيىمىزنىڭ تەشۋىق قىلىشى نەتىجىسىدە ئالتاينىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدە قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى. ھۆكۈمىتىمىز ئېيتقىنىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا ھېچقانداق جازا قوللانمىدى. بەلكى شىردىماننى ئالتاي



ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مال - چارۋىچىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قاناتباينى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ دۆرە رايونىغا رايون باشلىقى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. قالغانلىرىنىڭمۇ نورمال تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

1951 - يىلى 2 - مايدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ خەلق مەيدانىدا 50 مىڭ كىشىلىك ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىلىپ، ئوسمانغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ شۇ ئاندىلا ئىجرا قىلىندى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ 1946 - يىلدىن ئارتىپ بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن داۋاملىق ھالدا ئىنقىلابقا قارشى چىقىپ، خەلق بىلەن دۈشمەنلەشكەن بانديتلىق ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ئۆز بېشىغا ئۆزى چىقىش بىلەن ئاياقلاشتى.

# شىڭ شىسەيىنىڭ قېيىن ئاتىسى چيۇ زۇڭجۇن ۋە باشقىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ھەققىدە ئەسلىمە

فەن زۇڭشياڭ

گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى لەنجۇ ئەزەلدىنلا تىنچ شەھەر ئىدى. لېكىن، 1949 - يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئۇشتۇمتۇت بۇ شەھەردە پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «چيۇ جەمەئەتىدىكى قانلىق دېلو» يۈز بېرىپ، سابىق شىنجاڭ مىلىتارىسى شىڭ شىسەيىنىڭ قېيىن ئاتىسى چيۇ زۇڭجۇن باشلىق 11 كىشى تۈگەل قەتلى قىلىندى. شۇ چاغدا مەن لەنجۇ شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدە جازا ساقچىلىرى باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيتتىم. شۇڭا بۇ دېلونى مۇقەررەر ھالدا مېنىڭ ئىشلىشىمگە توغرا كەلدى. بىر ئايدىن ئارتۇق كېچە - كۈندۈز زەربىدارلىق بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئەنزە ئاخىرى پاش بولۇپ بىر ياقلىق قىلىندى. ھازىر شۇ ئەھۋاللارنى ئېسىمدە قالغىنى بويىچە ئەسلەپ ئۆتىمەن.

## ئېسىلزادىلەر ھويلىسىدىكى بالايى - قازا

5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا مەن يىغىندا ئىدىم. شۇ ئەسنادا مەركىزى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گو جۇاڭ ماڭا تېلېفون بېرىپ:



«سول تەرەپ تاشيول ياقىسىدىكى 69 - نومۇرلۇق ھويلىدا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپتۇ، دەرھال بېرىپ قاراپ باققىن» دەپ ئېيتتى. مەن شۇ ئانلا ئاپتوموبىل بىلەن نەق مەيدانغا باردىم. سول تەرەپ تاشيول يەنى ھازىرقى كونا تاشيول ئەسلىدە قاقاسلىق جاي بولۇپ، ئاندا - ساندا ئۆيلەرلا بار ئىدى. بىز نەق مەيدانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ھويلىنىڭ شىڭ شىسەيىنىڭ قېيىن ئاتىسى چيۇ زۇڭجۇنغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

بۇ يېڭىدىن سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئۆيلۈك ھويلا بولۇپ، خېلى كەڭ جاينى ئىگىلىگەن، ئالدى - كەينى ئىككى ھويلىغا بۆلۈنەتتى. ئالدى ھويلىدا دەرۋازا، ماشىنا توختىتىلىدىغان مەيدان، كىچىككىنە گۈلباغ بار ئىدى. كەينى ھويلىدا تۆت تەرەپكە چۆرىدەپ سالغان كۆركەم ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. چيۇ زۇڭجۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى چيۇ دىڭكۈن (يەنى بىر ئىسمى چيۇ يۈشيۈك) گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن ئىدى. ئەتراپتىكىلەر بىلەن قوشنىدارچىلىقى يوق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى بىلىدىغانلار چىقمىدى. ساقچى 4 - شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇ چىڭخۇي نەق مەيدانغا بىزدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭ بىزگە تونۇشتۇرۇشىچە، چيۇ ئائىلىسىنىڭ ئاشپىزى ليۇچىڭخەي تاڭ سەھەردە تاماق ئېتىشكە كەلگەندە دەرۋازىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن، دەرۋازىۋەن فۇگۇەن چى يۈتىيەننىمۇ تاپالمىغان، ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىدىن ئىس - تۈتەك چىقىۋاتقۇدەك، توۋلىسىمۇ بىرەرسىنىڭ زۇۋانى چىقماپتۇ، ئىشىكنى ئىتتىرگەن ئىكەن ئىس پۇرقىراپ چىقىپتۇ، ئۇ ئۆيگە كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ دەرھال 4 - شۆبە ساقچىغا كېلىپ دوكلات قىپتۇ. ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن لاۋۇلداپ

يېنىۋاتقان ئوتنى ئۆچۈردى. بىز ئوت ئۆچۈرۈلۈپ، ئىس-تۈتەكلەر تارقاپ ئۆينىڭ ھاۋاسى يېڭىلانغاندىن كېيىن، ئۆي ئىچىدىكى ئۈستەل - ئورۇندۇق، كرىسلو قاتارلىق ياغاچتىن ئىشلەنگەن ئۆي جاھازلىرىنىڭ ئۈستى - ئۈستىگە تاشلىنىپ، ئاستى ·تەرەپكە ئەدىيال، گىلەم، يوتقان - كۆرپە قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ تاشلانغانلىقىنى كۆردۇق. ئۆيدە كۈچلۈك بېنزىن ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. نەرسە - كېرەكلەرنى ئويياق - بۇياققا يۆتكىگەندە تويۇقسىز ئادەمنىڭ پۇتى كۆزىمىزگە چېلىقتى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋەتتۇق، جەسەت قانغا مىلەنگەن ھالدا ياتاتتى، جەسەتنىڭ ئاستىغا بېنزىنغا چىلانغان توم پىلتا باستۇرۇلغان بولۇپ، پىلتىنىڭ بىر ئۇچى ئۆينىڭ بۇرجىكىدىكى موم شامغا باغلاپ قويۇلغانىكەن. بۇنىڭدىن بۇ دېلونىڭ پىلانلىق، تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلغانلىقى مەلۇم بولدى.

## نەق مەيداننى تەكشۈرۈش

نەق مەيداننى تەكشۈرۈۋاتقىنىمىزدا، بۇ خەۋەر تېزلىكتە پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىپ بولدى. لەنجۇدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت، ساقچى، ژاندارما ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل ئەربابلىرى كەينى - كەينىلەپ نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گومىنداڭ غەربىي - شىمال ھەربىي مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسىنىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك فۇگۇەن باشقارما باشلىقى قوشۇمچە قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بەي ۋېي، ژاندارما قىسىملىرىنىڭ لەنجۇدا تۇرۇشلۇق 22 - پولك كوماندىرى ساۋ شوشى قاتارلىقلار ۋە بازار - مەھەللە باشلىقلىرى، گېزىتخانىلارنىڭ مۇخبىرلىرى ھەم يېتىپ كېلىشتى. ئەتراپتىكى خەلقمۇ دەرۋازىنىڭ سىرتىغا ئولاشتى. بىز جەسەت تەكشۈرۈش



ۋە نەق مەيداننى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى رەسمىي باشلىدۇق. نەق مەيداندىن جەمئىي 11 ئادەمنىڭ جەسىتى تېپىلدى. بىز چيۇ زۇڭجۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى تونۇمىغانلىقىمىز ئۈچۈن نوپۇس دەپتىرىنى ئاختۇرۇپ ئۇلارنىڭ جىنسىي ئايرىمىسى ۋە ياش قۇرامىنى بىلدۇق ۋە بىلىدىغانلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن جەسەتلەرنى بىر - بىرلەپ پەرق ئېتىپ چىقتۇق. ئۇلار:

1. چيۇ دىڭكۈن، 40 ياش بولۇپ، ماناپولكىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئوق ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن كىرىپ سول قولىقىنىڭ تۈۋىدىن تېشىپ چىقىپ كەتكەن، قان كۆپ چىقمىغان. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا سېرىق سارجا ھەربىي فورما بولۇپ، گېنېرال مايورلۇق باگون — كاكار تاقىغانىدى.

2. چيۇ زۇڭجۈن، شىڭ شىسەينىڭ قېيىن ئاتىسى، ئۇخلاپ ياتقىنىدا بوغۇزلانغان، قورسىقىغىمۇ پىچاق تىقىلغان، باش تەرىپىگە ئۈچ پالتا چېپىلغان. بويىنىدا قول بىلەن بوغۇلغان ئىز بار.

3. خېي بوپىڭ، چيۇ دىڭكۈننىڭ خوتۇنى، 30 ياشتىن ئاشقان. ئۇ مانجۇ مىللىتىدىن بولۇپ، بېيجىڭلىق ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىكەن. ئۇنىڭ گەجگىسىنىڭ ئىككى يېرىگە پالتا چېپىلغان، ئاغزىغا لۆڭگە تىقىلغان. ئۇ خېلى سەتەڭ ئايال ئىكەن.

4. چيۇ گۇاڭخۇا، چيۇ دىڭكۈننىڭ تۇنجى ئوغلى بولۇپ، 15 ياشقا كىرگەن. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەن. ئۇ شۇ كېچىسى بوۋىسى چيۇ زۇڭجۈننىڭ يېنىدا يېتىپ قالغان. گەجگىسىگە پالتا چېپىلغان. دۈمبە تەرىپى ۋە قورسىقىدىمۇ پالتا چېپىلغان ئىزلار بار، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى بەكمۇ پاجىئەلىك ئىدى.

5. چيۇ گۇاڭرۇي چيۇ دىڭكۈننىڭ كەنجى ئوغلى، يەتتە ياشتا. ئۇ كىچىك كارىۋىتىدا ئۇخلاۋاتقىنىدا پولات تۇرۇبا بىلەن

بېشى يەنچىۋېتىلگەن. چىرايى تونۇغۇسىز ئىدى.

6. چيۇ گۇاڭلى، چيۇ دىڭكۇننىڭ كەنجى قىزى، بەش ياشتا، ئۇمۇ پولات تۇرۇبا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكەن، چىرايىنى تونۇش مۇمكىن ئەمەس.

7. بى دىيەنجۇن، چيۇ ئائىلىسىنىڭ شوپۇرى، 30 ياشتىن ئاشقان، ئۇنىڭ جەسىتى بەكمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى.

8. گو شىفا، چيۇ ئائىلىسىنىڭ سۇچىسى، بېشىغا پالتا چېپىلىپ جان بەرگەن.

9. خې دېيۈەن، چيۇ جەمەتىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى، بېشىغا پالتا چېپىلغان. پېشانىسىگە پولات تۇرۇبا تېگىپ باش سۆڭىكى سۇنغان.

10. خې دېفا، خې دېيۈەننىڭ ئىنىسى، ئۆي خىزمەتچىسى، ئۇ ئادەتتە چيۇ زۇڭجۇننىڭ ئامانلىقىنى قوغدايدىكەن. ئۇنىڭ بېشىغا ئۈچ يەرگە پالتا ئۇرۇلغان.

11. چېن زۇڭشى، 30 ياشتىن ھالقىغان، سودا بانكىسىنىڭ مۇدىر بوغالتىرى، باش تەرىپىگە ئۈچ پالتا ئۇرۇلغان، بويىنىدا بارماق ئىزلىرى بار.

تەكشۈرۈش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئىسپاتلىق ھادىسىلەر سۈرەتكە ئېلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن ئەھۋال ئىگىلەندى. نەق مەيدان پېچەتلەندى.

ئالدى ھويلىدا روسىيەدە ئىشلەنگەن سۇس كۆلرەڭ بىر پىكاپ تۇراتتى. پىكاپنىڭ ئارقا ساندۇقىدا بىر سېۋەت نەشپۈت، ئىككى يەشىك قىيملىق بولكا بار بولۇپ، قارىغاندا شۇ كۈنى كەچلىكى سېتىۋېلىنىپ چۈشۈرۈۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن. پىكاپنىڭ كەينى ئورۇندۇقىدا بىر ئايالچە ئۇزۇن چاپان تۇراتتى، ئۇ فېي بوپىڭنىڭ كىيىمىدەك قىلاتتى.

ھويلىنىڭ غەربىي - جەنۇب بۇرجىكىدە بىر ئېغىزلىق مۇنچا بار بولۇپ، مۇنچىنىڭ پولىدا ۋە لوڭگىلەردە قان داغلىرى بار ئىدى. دېمەك، قاتىللار ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن مۇنچىغا



كىلىپ يۇيۇنغان. غەربىي ھۇجرىدىكى چاي ئۈستىلىدە تۇرغان كۈلدان تاماكا قالدۇقلىرىغا توشۇپ كەتكەن. ھاراق بوتۇلكىلىرى چېستى قۇرۇتۇلغان، ھاراق ھىدى كۈچلۈك ئىدى ۋەھاكازالار.

بىز يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى تېخنىكا جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن دېلو سادىر قىلغۇچىلارنىڭ ئونچە ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئىچكى جەھەتتىن ئۇلارغا ماسلاشقان ئادەم بارلىقىنى ھەمدە بۇ ئىشنىڭ پىلانلىق، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلدۇق.

شەرق تەرەپتىكى ھۇجرىنىڭ قاچا - قومۇچ ئىشكاپ ئارتمىسىدىن بىر مۇنچە ئاچقۇچ ۋە ئون نەچچە ھېسابات دەپتىرى تېپىلدى. ئاچقۇچلارغا سىنىقلىق بەلگە قويۇلغانىدى، ھېسابات دەپتىرىمۇ تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئەمما بىزنىڭ دىققىتىمىز ھەر خىل تاپانچا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئېلېكترونلۇق قىلىچ، خەنجەر، بۆكەن مۈڭگۈزى، زىقچە ئالتۇن، ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى، كۈمۈش تەڭگە، قەدىمىي يادىكارلىقلارغا مەركەزلەشتى. ھەر خىل سائەت، يۇڭ - ئىپەك، گىلەم - ئەدىياللار، خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك، رەخت قاتارلىق پۇللۇق نەرسىلەرنى ھېساب دەپتىرى بىلەن سېلىشتۇرغىنىمىزدا، ئېغىر نەرسىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆپىنچە نەرسىلەرنىڭ تىزىمى بار، ئۆزى يوق ئىدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ قەيەردىلىكى نامەلۇم. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، دېلو سادىر قىلغۇچىلار ئادەم ئۆلتۈرۈشنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە مال - مۈلۈك بۇلاشنىمۇ مەقسەت قىلغان. بۇ دېلونى پاش قىلىشتا ئىنتايىن پايدىلىق يىپ ئۇچى ئىدى.

بولغان ۋەقەنى دەسلەپتە مەلۇم قىلغان ئاشپەز ۋە باشقا ئادەملەردىن بەزىبىر ئىشلارنى ئىگىلىدۇق. ئىشىك باقارچى يۈتيەن ئەپيۇنكەش بولۇپ، پۇلى قالمىغاندا خوجايىنىدىن پۇل سورايدىكەن. خوجايىنى بولسا تىللاپ ئاھانەت قىلىپ بىر - ئىكك

كى تەڭگە بېرىدىكەن. چى يۈتيەن 40 ياشتىن يۇقىرى دۆكبىيلىق ئادەم بولۇپ، خۇجايىنى ئۇنى شىنجاڭدىن بىللە ئېلىپ كەلگەنىكەن. چيۇ دىڭكۇي ئۇنىڭ ئەپيۇنكەشلىكىدىن بىزار بولۇپ بىر نەچچە قېتىم قوغلىۋەتمەكچى بولغاندا دادىسى ئۇنىمىغانىكەن. مەن بۇ ئىشتىن چى يۈتيەننىڭ يوقاپ كېتىشى بىرىنچىدىن، جىنايەتچىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ مەلۇم بىر يەرگە كۆمۈپ تاشلىغان بولۇشى مۇمكىن؛ يەنە بىرسى چى جىنايەتچىلەرگە ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەزگە كەلدىم. كېيىنكى ئېھتىمال چوڭراق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ چيۇ ئائىلىسىدىكى ئەھۋالى ئۇنىڭدا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىشى مۇقەررەر ئىدى.

بىز تاشيول ئىدارىسىدىكى فەن كېجاڭنىڭ خانىمىنى چاقىرتىپ گەپ ئالدۇق. بۇ كېلىشكەن، چىرايلىق ياش ئايال ئىدى. ئۇ: «تۈنۈگۈن ئاخشام فېي بوپىڭ مېنى كىنو كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىپ، چيۇ دىڭكۇن، چېن زۇڭشى ۋە شوپۇر بولۇپ بەشەيلەن بىللە كىنوغا باردۇق. كىنو تۈگىگەندە سائەت 11 بولۇپ قالغانىدى. پىكاپ بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە چيۇ خېنىم مېنى ئۆز ئۆيىگە بېرىپ قونۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن قاتتىق چارچىغانلىقىمنى باھانە قىلىپ چۈشۈپ قالدىم. بۇنداق چوڭ پىشكەللىكنىڭ بولۇشىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن» دېدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن ھېلىقى پىكاپتىكى نەرسە-كېرەكلەرنىڭ نېمىشقا شۇ پېتى تۇرۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۇق. فەن خېنىم يەنە: «چيۇ دىڭكۇننىڭ قىزى چيۇ گۇاڭسى بادام بەز ياللۇغى كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئاپىسى ئۇنى مەركىزىي دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويغانىدى، ئۇنىڭغا ئائىلە خىزمەتچىسى سۇۋڭ يەڭگە ھەمراھ بولۇپ قالغان» دېدى. مەن دەرھال دوختۇرخانىغا تېلېفون بەردىم، دوختۇرخانا باشلىقى بۇلارنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ قىز قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان بىردىنبىر تىرىك جان ئىدى، مەن قىزنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئادەم قويدۇم.



ھەش-پەش دېگۈچە 17-چېسلا بولۇپ قالدى. بىز قوغداش ساقچىلىرىنى ھويلا ۋە نەق مەيداننى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. قاتناش تەكشۈرۈش تارماقلىرىغا شەھەر ئەتراپىدىكى مۇھىم ئۆتكەل-ئۆتەڭلەرنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ، قاتىللارنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ۋە بۇلانغان نەرسىلەرنىڭ يۆتكەپ كېتىلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى.

## كۆتۈلمىگەن يىپ ئۇچى

نەق مەيداننى داۋاملىق تەكشۈرۈش، مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاش داۋامىدا يېڭى گۇمانلىق نۇقتىلار تېپىلىپ، دېلونىڭ يېشىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى يىپ ئۇچى ھازىرلاندى.

1. فېي بوپىڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئىنىسىغا يازغان تېخى پوچتىدىن سالمىغان بىر پارچە مەكتۇپى تېپىلدى. مەكتۇپتا: «دادام ۋە ئاپامنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ بىئارام بولدۇم. بىر ئاز ئاقچا ئەۋەتىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن ئۆيدە بۇنىڭغا قۇربىتىم يەتمەيدۇ، خېلى بۇرۇنلا ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىشنى خىيال قىلغانىدىم، لېكىن بالامنىڭ مېھرىدىن كېچەلمىدىم. ئۇ مېنى ئوغرى ئورنىدا كۆرىدۇ، بۇنداق ئادەم بىلەن قانداقمۇ بىللە ئۆتكىلى بولسۇن. ئۇ ھە دېسىلا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ، دائىم ئۇرۇپ خورلايدۇ. يەنە ئۇرىدىغان بولسا ئۆلتۈرۈۋەت دەپ يېپىشىمەن...» دەپ يېزىلغان. چيۇ دىڭكۇننىڭ خەت-چەك خالتىسىدىن ئۇنىڭ نۇرغۇن ئايال دوستلىرىنىڭ رەسىملىرى ۋە مۇھەببەت مەكتۇپلىرى تېپىلدى. بۇنىڭدىن بىز چيۇ دىڭكۇن ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

2. شيەڭ شىسەينىڭ 1949-يىل 4-ئاينىڭ 30-كۈنى

تەيبېي شەھىرىدىكى ئۆيىدىن قېيىن ئاتىسىغا يازغان بىر پارچە مەكتۇپى تېپىلدى. مەكتۇپنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق: «قېيىن ئاتام ئالىيلىرىغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، بىزلەر دىداركۆرۈشمىگىلى بەش يىل بولدى. مۇبارەك چىرايلىرى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمىدىن كەتمەيدۇ. ئۆزلىرىنى سېغىنىش بىلەن دائىم ئازاپلىنىمەن. كۈيئوغۇللىرى سۆيۈملۈكۈم بىلەن (چيۇ ليۇفاڭ) تەيۋەنگە كەلگەندىن بېرى ھەر تەرەپتىن ئوبدان ئۆتۈۋاتىمىز. ئائىلىمىزنىڭ پېشىۋاسى ۋە يېڭى بوزرۇكۋارىم (شېڭ بۇ يەردە ئۆز دادىسى ۋە ئۆگەي ئانىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ) ھەم ساق تۇرۇۋاتىدۇ. شىتۇڭ (شېڭ شىسەينىڭ تۇل سىڭلىسى) خاڭجۇدا قالغان. ئىنىم شىجۇن ۋە سىڭلىمنىڭ يولدىشى پېڭ جيۈەن شاڭخەيدە قالغان. ئىنىم شىيىڭ تەيۋەننىڭ تەيجۇ شەھىرىدە تۇرۇۋاتىدۇ. يېقىندا شاڭخەي، خاڭجۇنىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ ئىنىم شىجى، شىجۇن، پېڭ جيۈەنلەر پاراخوت ئارقىلىق تەيۋەنگە يېتىپ كېلىۋالدى. بالىلىرىم كېچىن، كې جيەن، كېچىڭ، كېۋېنلەرنىڭ ھەممىسى ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىر ۋەزىيەت بەكمۇ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. تەييۈەننى كوممۇنىست باندىتلار بېسىۋالدى. تەييۈەننى ئىشغال قىلغان قىزىللارنىڭ سەنشىگە بېرىش ئېھتىماللىقى بار. مۇبادا شىئەن تەرەپتە ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا لەنجۇ چوقۇم تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. كەمىنە كۈيئوغلىڭىزنىڭ پىكرىچە، ھەزرىتى دادىمىز ئائىلىنى ئېلىپ لەنجۇدىن بۇرۇنراق بىخەتەر جايغا يۆتكىلىۋالسىلا بولاتتى، قەيەرنىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا مېنىڭ قارىشىمچە ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا شياڭگاڭغا (كوممۇنىست باندىتلار تەھدىت سېلىشتىن ئاۋۋال) ياكى تەيۋەنگە كەلگەن بىخەتەررەك. ئۆزلىرى ئويلىشىپ كۆرسىلە. تېزرەك قارارغا كەلگەنلىرى تۈزۈك. كېچىكىپ تۆمۈر قەپەزنىڭ ئىچىگە تىقىلىپ قېلىپ، كۈرەشكە سېلىنىپ بىكار ھەسرەتتە قالمىغايلا. بەك ئەندىشىدە قالدۇق. لەنجۇ دېڭىز بىلەن تۇتاشمايدۇ. جىددىي ئەھۋالدا قاتناش مەسىلىسىدە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشتىن باشقا ئامال يوق. ئاپتوموبىل بىلەن چوڭچىڭغا بېرىۋالغىلى بولسىمۇ، ۋەزىيەت جىددىيلەشكەندە تاشيول كوممۇنىست باندىتلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپلا قالماي، قاچىدىغانلار كۆپىيىپ ئايروپىلان بېلىتى سېتىۋېلىشمۇ قىيىنلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ھازىرلا لەنجۇدىن كېتىۋېلىش ئەڭ مۇۋاپىق. لەنجۇدىن ماشىنا بىلەن يولغا چىقماسلىق لازىم. ئايروپىلاندىن بىرنى بىراقلا كۆتۈرۈۋالسىلا، بۇ بىخەتەر. ئۆينى ساتالمىدىم دەپ ئەنسىرىمىسىلە. نەرسىلەرنى ساتىمەن دەپ ۋاقىتنى كېچىكتۈرمىسىلە. ئۆي سېتىلمىسا سودىگەرلەرگە ياكى دوست بۇرادەرلىرىگە ئارىيەتكە بەرسىلە. مۈلۈكلەرنىڭ مۇھىملىرىنى ئېلىپ قالغانلىرىنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلسىلا، ئايروپىلان بىرسى يەتمىسە ئىككىنى ئالسىلا، ناۋادا تۆمۈر قەپەز ئىچىدە قالسىلا، مۈلۈكتىنمۇ، جاندىنمۇ ئايرىلىلا، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق. لەنجۇدىن قوزغىلىش ۋاقتى قەتئىي مەخپىي تۇتۇلسۇن. ئاداۋىتى بارلارنىڭ قەست قىلىشىدىن ساقلانسىلا. سىلىگە باش ئۇرۇپ ئامانلىق تىلەيمىز. كۈيئوغۇللىرى شېڭ شىسەيدىن. 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قىزلىرىمۇ سىلىگە باش ئۇرۇپ ئامانلىق تىلىدى».

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شېڭ شىسەي يەنە بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتكەن بولۇپ ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغان: «قېيىن ئاتام ئالىيلىرىنىڭ سەمىگە سالايكى، لەنجۇنىڭ مۇھىتى كۈندىن - كۈنگە مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋېتىپتۇ. شىنجاڭدىن لەنجۇغا چىققانلار كۆپ ئىكەن، جانابىڭىزنىڭ چوڭچىڭغا كۆچۈش تەييارلىقىنى قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، باشقا ئىشلارنى باشقارما باشلىقى پېڭنىڭ بېجىرىشىگە بەرسىلە. كۈيئوغۇللىرى شېڭ شىسەيدىن سالام. 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى» دەپ يېزىلغان. ۋەقەدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن شېڭ شىسەيدىن يەنە بىر پارچە تېلېگرامما كېلىپ: «پۈتۈن ئائىلىنى ئېلىپ تەيۋەنگە تېزىراق كېلىۋېلىڭلار، كوممۇنىست ۋە ئاداۋەتچىلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن پەخەس بولۇڭلار» دەپ ئېيت-

غان. يۇقىرقىلاردىن باشقا چيۇ زۇگجۇننىڭ ياتاق ئۆيىدىن شىڭ شىسەيگە يېزىلىپ تېخى سېلىنمىغان بىر پارچە مەكتۇپ تېپىلدى. ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق: «ۋاپادار كۈيئوغلۇم شىڭ شىسەي، خېتىڭنى ئېلىپ ۋاقىپلاندىم. ھازىر باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىشكە قۇربىتىم يەتمەيدۇ، لەنجۇدا باشقا كەلگەننى كۆرەي دەيمەن. ھەممىيلەن تىنچ-ئامان، غەم قىلماڭلار، قۇلىقىم ئېغىرلىشىپ، كۆزلىرىم بەك تورلۇشىدىغان بولۇپ قالدى. دەردىمنى ئېيتىشقا بىلمەيمەن. دوست-بۇرادەرلىرىمگە سالام ئېيت، نەۋرىلەرنىڭ ئوبدان ئوقۇپ ئالغا بېسىشىنى تىلەيمەن. بىزدىن پەقەت ئەنسىرىمەڭلار، قىزىم يۇفاڭمۇ خەتتىن خەۋەر تاپسۇن. قېيىن ئاتىڭىز چيۇ زۇگجۇندىن. 5-ئاينىڭ 16-كۈنى...»

3. چامدانلارنى ئاختۇرغاندا بىر پارچە ھۆججەت چىقتى. ھۆججەتتە نيۇ-يوركتىكى مەلۇم بىر بانكىغا چىلىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى گۇەن زېشياڭ ئارقىلىق 40 مىڭ دوللار ئامانەت قويۇلغانلىقى يېزىلغان. بۇ ھۆججەت چيۇ ئائىلىسىنىڭ خېلى بۇرۇنلا چەت ئەلگە قېچىشنى پىلان قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

يۇقىرىقى خەت، ھۆججەتلەرگە ئاساسەن چيۇ ئائىلىسىنىڭ چەت ئەلگە قېچىش پىلانىنىڭ «قىساسكار»لارغا پاش بولۇپ قالغانلىقىنى، چيۇنىڭ ئۆي خىزمەتچىلىرى ئىچىدە جىنايەتچىلەرگە ماسلاشقانلارنىڭ بارلىقىنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## رازۋېتكا باشلاندى

غەربىي-شىمال ھەربىي مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ما يۇفاڭ ۋە ئۆلكە شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە كادىرلىرىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى «دېلو پاش قىلىش ھەيئىتى»نى ئۇيۇشتۇردى. ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ۋە تۆۋەندىكى ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى.



1. پۈتۈن شەھەردىكى ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلاملار ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇرۇش بولدى. جەمئىيەتتىكى خىلمۇ خىل سورۇنلار ئىچىگە ئادەم كىرگۈزۈپ رازۋېتكا ئېلىپ بېرىلدى.

2. پوچتا-تېلېگراف، قاتناش ئورۇنلىرىغا ئادەم ئەۋەتىلدى. شەھەر سىرتىدىكى ئۆتەڭ-چازىلارغا ئادەم قويۇلدى.

3. چيۇ ئائىلىسى بىلەن ئالاقىسى بارلار بىلەن سۆھبەت بولدى. ئايرىم گۇمانلىق كىشىلەر تۇتۇپ تۇرۇلدى ۋە سوراق قىلىندى.

4. دەرۋازىۋەن چى فۇگۇەننى ئىزلەپ تېپىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا بارلىق چارىلەر ئىشقا سېلىنىپ چاپالىق رازۋېتكا خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى.

## كەچۈرگۈسىز قان-قەرزلەر

نەچچە كۈنلۈك رازۋېتكا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، شىڭ شىسەي چيۇ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا خېلى مەلۇماتلىق بولۇپ قالدۇق.

شىڭ شىسەي 1892-يىلى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەيۈەن ناھىيىسىدىكى بىر پومېشچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1915-يىلى شاڭخەيدە ھۆكۈمەت ئاچقان مەكتەپنىڭ سىياسىي-ئىقتىساد فاكۇلتېتىنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەن. 1917-يىلدىن كېيىن ئىككى قېتىم ياپونىيىگە بېرىپ زاۋداۋتيەن ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە سىياسىي-ئىقتىساد ۋە ھەربىي ئىلىم ئۆگەنگەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شەرقىي-شىمالدىكى جاڭ زولىننىڭ 8-بىرىگادا كوماندىرى گو سۇڭلىڭنىڭ قول ئاستىدا پەيجاڭ، لىيەنجاڭ ۋە شتاب سەنمۇسى بولغان. بۇ چاغدا خوتۇنى ۋاپات بولۇپ كېتىپ چيۇ زۇگجۇننىڭ قىزى چيۇ ليۇفاڭ بىلەن تۇرمۇشلۇق بولغان. 1930-يىلى لۇ شاۋزۇ بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ شۇ چاغدى-

كى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جىن شۇرېننىڭ ئەۋەتمىشى بىلەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولىدۇ. «12 - ئاپرېل» ۋەقەسىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ دۇبەنلىك تەختىگە ئولتۇرىدۇ. 1937 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن «سەككىز ماددىلىق بۈيۈك خىتاپنامە»نى جاكارلاپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مىللىي بىرلىكسەپ سىياسىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئارقىدىنلا «ئالتە چوڭ سىياسەت»نى ئېلان قىلىدۇ. 1942 - يىلى 9 - ئايدا ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىپ كوممۇنىستلار ۋە ئىنقىلابىي ئاممىنى قىرغىن قىلىدۇ. 1944 - يىلى 8 - ئايدا گومىنداڭ مەركىزىي ئۇنى چۇڭچىڭغا يۆتكەپ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شىڭ شىسەي ئازادلىق ھارپىسىدا تەيۋەنگە قېچىپ بېرىۋالغان. شۇ مەزگىلدە شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۇۋال قىلىنغانلار بىرلىشىپ «شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا سالغان كۈلپەت - تالاپىتى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان، مەزكۇر كىتاب جەمئىيەتتە كەڭ تارقالغان.

چيۇ فامىلىلىك ئاتا - بالا ئىككىيلەن شىڭ شىسەينىڭ ئەتىۋارلىشى ئارقىسىدا نۇرغۇن جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ قاتتىق قان - قەرزلەرگە بوغۇلغان. چيۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قىرغىن قىلىنىشى دەل «ئەل قىساسى مىنەلھەق» ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ. شىڭ شىسەينىڭ قېيىن ئىنىسى چيۇ دىڭكۈن 40 ياشقا كىرگەن، سابىق بېيپىڭ (بېيجىڭ) پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيە ئىنستىتۇتىنى ئوقۇپ پۈتتۈرگەن. گومىنداڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىدا گېنېرال مايور ئۇنۋانلىق ئالىي دەرىجىلىك سەنمۇ بولغان. شىمالىي ئەنخۇي باشلىق مەھكىمىسىنىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك ئالىي



دەرىجىلىك سەنمۇسى بولغان. شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسى ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، سوت كاللوگىيىسىنىڭ ئەزاسى، گارنىزون قوماندانلىق شتابى سىياسىي تەلىم - تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 9 - شۆبە مەكتەپ سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شىڭ شىسەي شىنجاڭدىكى چاغدا چيۇ دىڭكۈن قېيىن ئاكىسىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى بىلەن يامانغا يانتاياق بولۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بىۋاسىتە قاتنىشىپ شىنجاڭدا چەكسىز قان قەرزگە بوغۇلغان. شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن يۆتكەلگەندىن كېيىن چيۇ ئائىلىسى بارلىق مال بىساتىنى ئېلىپ لەنجۇغا كۆچكەن. ئۇلار لەنجۇدىكى يېڭى قەسرىدە تۇرمۇشنى ئەيش - ئىشرەت، كەيپى - ساپا ئىچىدە ئۆتكۈزگەن، قول ئاستىدىكىلەرگە، ئەل - ئاغىنىلىرىگە تولىمۇ بېخىللىق قىلغان. مۇشكۇل كۈنگە قالغان يۇرتداشلىرىنىڭ ھالىغا يەتمىگەن، «پۇلۇمنى خۇاڭخې دەرياسىغا تاشلىۋېتىشكە رازىمەنكى، شەرقىي - شىمالىق پەسىلەرگە بەرمەيمەن» دېگەن. چيۇ دىڭكۈن سېپى ئۆزىدىن بولغان قىمارۋاز بولۇپ، ھەدېسىلا دوغا چىقىپ، ھېسابسىز زىنچە ئالتۇن ۋە كۈمۈش تەڭگىلەرنى تىكىپ ئوينىغان.

ئۆلتۈرۈلگەن يەنە بىر شەخسىي چيۇ زۇڭجۈن يېشى يەتمىشتىن ئاشقان بولۇپ، ئىلى رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. شىنجاڭدا شىڭ شىسەيدىن قالسا شۇنىڭ ھوقۇقى چوڭ ئىدى. ئۇ ئىلى گارنىزون قوماندانى بولغاندىن كېيىن توپىلاڭنى تىنچىتىشنى باھانە قىلىپ، تۆھمەت چاپلاش ئۇسۇلى بىلەن بىگۇناھ خەلقنى تۇتقۇن قىلىپ قىرغان، مال - مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلغان، ئارمىيە، ھۆكۈمەت، دىن ساھەسىدىكى زاتلارنى، باي سودىگەر ۋە مۆتىۋەرلەرنى قىرغىن قىلىپ مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. ئۇلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايى قىلمىشلىرى خەلقنىڭ چوڭقۇر ئۆچمەنلىكىنى

قوزغىغان. شىنجاڭ خەلقى ئىچىدە ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىسىلا نەپرەتلەنمەيدىغان ئادەم يوق ئىكەن. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىچىك خوتۇنىنىمۇ كۈنلەپ، بەتنام بىلەن تۆرەمگە تاشلاپ قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

چيۇ زۇڭجۈن، چيۇ دىڭكۈن ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ پاجىئەلىك قەتلى قىلىنىشىنى ئۆزلىرى تاپقان بالا دېيىشىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ۋە مالاي ـ چاكارلىرىنىڭ جىنىدىن جۇدا بولۇشى جىنايى قەرزگە بوغۇلغان چيۇ زۇڭجۈن، چيۇ دىڭكۈنلەرنىڭ كاساپىتىدىن بولغان.

بىز يەنە، چيۇ دىڭكۈنگە يېزىلغان بىر پارچە تەھدىت خېتىنى ئاقتۇرۇپ تاپتۇق، خەتتە چيۇ ئائىلىسىدىن 100 مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە، ئون زىقچە ئالتۇن بېرىش تەلەپ قىلىنغان. چيۇ دىڭكۈن بۇ خەتنى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلغان.

دېلو پاش قىلىش ھەيئىتى يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن بۇ قانلىق قىرغىنچىلىقنى ئۆچمەنلىك ۋە بايلىق مۇددىئاسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىش دەپ قارىدى.

## ئۆلگۈچىلەرنىڭ بىر ياقلىق قىلىنىشى

ئۆلگۈچىلەرگە دائىر ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، سودا بانكىسىنىڭ بوغالتىرى چىن زۇڭشىننىڭ جەسىتى ئۆيىگە ئەكىلىپ دەپنە قىلىنغاندىن باشقا، ئون ئادەم ھۆكۈمەت تەرىپىدىن دەپنە قىلىندى.

مال ـ مۈلۈك ئېنىقلاش خىزمىتىمۇ ئوڭۇشلۇق ئىشلەندى. مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ تىزىمى ئىشلىنىپ، نەرسە ـ كېرەكلەر 31 دانە چوڭ ساندۇققا قاچىلىنىپ پېچەتلەندى. ئومۇمەن ئېيتقاندا كىيىم ـ كېچەك كۆپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىق پۇللۇق نەر-



سىلەر ئاز ئىدى. پۇللۇقراق نەرسىدىن بىر دانە گۆھەر ساپلىق خەنجەر چىقتى، خەنجەر سېپىنىڭ ئىچىدە چيۇ قورۇسىنىڭ يەر خېتى بار ئىكەن، يەنە لەنجۇ ئۇن زاۋۇتىنىڭ بىر پارچە پاي چېكى چىقتى، چەكتە جەمئىي 12 پاي يېزىلغان بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ قىممىتى 10 مىليون فرانك ئىدى، ھەممىدە ھەر 10 مىليون فىرانىك بىر سەر ئالتۇنغا تەڭ ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چىن يازەي ۋەكالەتخانىسىغا گۆرۈگە قويۇلغان بىر پارچە گىلەمنىڭ ھۆججىتى چىقتى. ئۇلاردىن باشقا يەنە قىممەت باھالىق خۇرۇم كىيىملەر ۋە سايمانلار چىقتى.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن كىشىلەر چيۇ ئائىلىسىنىڭ يەر ئاستى قازنىقى بار، قازناقتا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، مەرمەر، ياقۇتلار بار دېيىشتى. شۇنچە ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگەن بولساقمۇ تېپىلمىدى. بىر تۇتام ئاچقۇچ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ قۇلۇپىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلمىدۇق.

ئۆلگۈچىلەرگە دائىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھەيئىتى يىغىن ئېچىپ، مال ـ مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاش ئەھۋالىغا ئاساسەن تەيېيدىكى شىڭ شىسەيگە تېلېگرامما يوللاپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىش قارار قىلىندى.

5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىڭ شىسەي شەرقىي شىماللىق يۇرتداشلار جەمئىيىتىگە بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ، يۇرتداشلار جەمئىيىتىنىڭ ياردىمىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىللە چيۇ دىڭكۈننىڭ ساق قالغان قىزى چيۇ گۋاڭسىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى، ئەنزىنى تېزراق پاش قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

ئىش مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ژاندارما پولكى ئەۋەتكەن جېسەكچى قاراۋۇللار قايتۇرۇپ كېتىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ساقچى ئىدارىسى بىلەن شەرقىي شىماللىق يۇرتداشلار جەمئىيىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. چيۇ ئائىلىسىنىڭ ئاشخانىسى ئۆلگۈچى-

لەرگە دائىر ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئىشخانى-سىغا ئۆزگەرتىلدى.

## تۇغقانلىرىنىڭ لەنجۇغا يېتىپ كېلىشى

ئەنزە يۈز بېرىپ ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە، چيۇ زۇڭجۈننىڭ كەنجى قىزى چيۇ يۈيىيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئېرى ۋاڭ خۇڭزاۋ نىڭشيادىن لەنجۇغا يېتىپ كەلدى. ۋاڭ خۇڭزاۋ ئەسلىدە گومىنداڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ گېنېرال لېتنانت دەرىجىلىك ئالىي سەنمۇسى بولۇپ، كېيىن فۇزوبې قىسىملىرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك سەنمۇسى بولغان. بېيپىڭنىڭ (بېيجىڭ) ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ كەتكەندە نىڭشياغا يۆتكىلىپ بارغان. ئۇ ئەنزىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپلا نىڭشيادىن لەنجۇغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئۆلكىنىڭ، شەھەرنىڭ ئامانلىق قوغداش تارماقلىرىنىڭ كاتىپباشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەنزىنى تېزلىكتە پاش قىلىپ چىقىشنى تەلەپ قىلغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆي، مال - مۈلۈكلەردىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن مېھمانخانىدىن قەسىرگە كۆچۈپ كىرىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان، دەل شۇ چاغدا شېڭ شىسەيمۇ ۋاڭ خۇڭزاۋنىڭ ئوغلى ۋاڭ دىڭتاۋنى تەيۋەندىن ئەۋەتتى. شېڭ شىسەينىڭ ھېمىنپەس ئادىمى خۋاڭ گوۋېن قاتارلىقلارمۇ ئالاقىدار ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. ئۆلگۈچىلەرگە دائىر ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ھەيئىتى ۋاڭ خۇڭزاۋنىڭ تەلىپى بويىچە ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، چيۇ ئائىلىسىنىڭ مال - مۈلكىنى بىر - بىرلەپ ۋاڭ خۇڭزاۋغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشىغا شەھەرلىك ھۆكۈمەت، ژاندارما پولكى، ساقچى ئىدارىسى ئادەم ئەۋەتىپ نازارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىش قارار قىلىندى.



ئاخىرىدا ۋاڭ خۇڭزاۋ ئىپادە بىلدۈرۈپ، بېيجىڭدا تۇرۇش تەسلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، پاناھلىنىش ئۈچۈن نىڭشياغا كەلگەنىدىم، چيۇ دىڭكۈن پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن قەتلى قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، تولىمۇ ئازابلاندىم. چيۇ گۋاڭسى تا ھازىرغا قەدەر ئۆز ئائىلىسىنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇنى تەيۋەنگە ئەۋەتىپ مەكتەپكە بەرمەكچى بولىۋاتىمىز، — دېدى. ئەڭ ئاخىرىدا مال - مۈلۈكلەر ئېنىقلانغان تىزىملىك بويىچە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## ئەنزە پاش قىلىشنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى

ئون نەچچە كۈن كېچە - كۈندۈزلەپ ئاۋارە بولغان بولساقمۇ چيۇ جەمەتىدىكى قاتىللىق ئەنزىسىنى پاش قىلىش خىزمىتىدە قىلچە ئىلگىرىلەش بولمىدى، قاتتىق باش قاتۇرۇش ئارقىلىق قولغا چۈشۈرۈلگەن تۈرلۈك گۇمانلىق يىپ ئۇچلىرى بىھۇدە بولۇپ چىقتى. تۇتۇپ تۇرۇپ سوراق قىلىنغان زور تۈركۈمدىكى گۇمانلىق كىشىلەرنىڭ سوراق داۋامىدا ئېيتقانلىرى تەكشۈرۈلگەن پاكىتلار بىلەن ئۇيغۇن بولمىدى.

شېڭ شىسەي ۋاڭ دىڭتاۋ، خۋاڭ گوۋېنلارنى ئەۋەتكەندە غەربىي شىمال مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ما بۇفاڭغا يۈز تۇرانە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بىر پارچە خەت يازغان بولۇپ، ئۇنى ۋاڭ خۇڭزاۋ ما بۇفاڭغا يۈز تۇرانە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇنىڭدا ما بۇفاڭدىن قاتىللارنى پات ئارىدا تۇتۇش تەلەپ قىلىنغان. نەتىجىدە ما بۇفاڭ كاتىپى ما يۈيلۇڭنى بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئەۋەتكەن. ما يۈيلۇڭ «ئۈچىنچى سۆيۈش» زالىغا مېنى چاقىرتىپ ئاپىرىپ، «باشلىقىمىز ما بۇفاڭ مەنسەپكە تەيىنلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بىزنىڭ باشلىق مەھكىمىمىزنىڭ يېنىدىلا مۇشۇنداق زور قانلىق ئەنزە يۈز بەردى، بۇ بىر سىياسىي

سۈيىقەست، باشلىق مابو فاك بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولدى،
سىلەر ئەنزىنى تېزلىكتە پاش قىلىپ چىقىشىڭلار كېرەك. جىنا-
يەتچىلەر دەرھال تۇتۇلۇشى شەرت» دېدى. شۇ ۋەجىدىن گەنسۇ
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ بۇ ئەنزىنى رازۋېتكا قىلىپ پاش قىلىش-
قا ئىنتايىن ئېتىبار بەرگەنىدى. ئەنزە يۈز بەرگەندىن كې-
يىن، ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىغا «بىر ھەپتە ئىچىدە ئەنزىنى
پاش قىلىپ بولۇش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. بىر ھەپ-
تە ئىچىدە ئەنزە پاش بولمىغاندىن كېيىن شەھەرلىك ساقچى
باشلىقى گو جۇاڭ مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاش ئېنىق بولۇش
پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئۆزىنى جازالاشنى
تەلەپ قىلغان. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يەنە ساقچى ئىدارىسىغا:
«يەنە ئون كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمىز، ئۆزۈڭلەرگە تەۋە ھەممە
كۈچلەرنى تولۇق ئىشقا سېلىپ بۇ ئەنزىنى تېزلىكتە پاش قىلىپ
چىقىڭلار. 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە يەنىلا پاش قىلىنمىسا
ئۇ چاغدا چارە كۆرۈشنى ئويلىشىمىز، جازا بېرىشنى ھازىرچە
كەچۈرۈم قىلىدۇق» دەپ تېلېفون بەرگەن. 5 - ئاينىڭ 31 - كۈ-
نى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكە مەركىزى شەھەرلىك ساقچى
ئىدارىسىغا ئالاھىدە تېلېفون بېرىپ، جىنايەتچىلەرنى پاش قىلغۇ-
چىلارغا مۇكاپات بېرىش ھەققىدە ئېلان چىقىرىپ، بەلگىلەنگەن
مۆھلەت ئىچىدە ئەنزىنى پاش قىلىپ بولۇشنى تەلەپ قىلغان.
تېلېفوننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: «...... چىۋ جەنتىدە
يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەلىك ئەنزىگە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زات-
لىرى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلمەكتە، خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسى-
مۇ بۇ ئەنزە تېخىچىلا پاش بولمايۋاتىدۇ. بۇ ئىشتا سىلەرنىڭ
ئىدارەڭلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. جايلاردىكى ئامانلىق ساقلاش
ئورگانلىرى بىلەن دەرھال قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، ھەر
تەرەپلىمە چارە قوللىنىپ، پائال ھەرىكەت قىلىشىڭلار كېرەككى،
سۆرەلمىلىك قىلىشقا، ئىشنى كەينىگە سۆرەشكە يول قويۇلمايدۇ



ھەمدە ساقچى ئىدارىسى نامىدىن گېزىتكە قاتىللارنى پاش قىل-
غۇچىلارغا ئىنئام بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئېلان چىقىرىڭلار،
قاتىللار ئۆزلىكىدىن ئىقرار بولسا قانۇن بويىچە يېنىك-
لىتىپ چارە كۆرۈشكە بولىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلسە بولىدۇ،
شۇ ئارقىلىق ئەنزىنى بالدۇرراق پاش قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش
لازىم ......». گەنسۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى گو جىچياۋمۇ
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت زالىدا نۇتۇق سۆزلەپ ئەنزىنى تېز-
راق پاش قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلغان. ئۇ سۆزىدە چىۋ فامى-
لىك ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بىللە شىن-
جاڭدا تۇرغاندا ئاۋۋال گومىنداڭچىلارنى قىرغان، كېيىن كومم-
ۇنىستلارنى قىرغان. ئاخىرىدا شىنجاڭ خەلقىنىمۇ قىرغىن قىلغان-
لىقى ئۈستىدە توختالدى. ئادەتتىكى بىر مىسال ئالساق، بىر قې-
تىم بىر ساتىراش شېڭ شىسەينىڭ چېچىنى ياساپتۇ. ئۇنىڭ
ساقىلىنى قىرماقچى بولغاندا، شېڭ شىسەي مېنى ئۇستۇرا بىلەن
بوغۇزلىماقچى بولدۇڭ دەپ بەتنام چاپلاپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ
ئاتتۇرۇپ تاشلاپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ نەقەدەر ياۋۇزلۇقىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شېڭ شىسەي قانلىق قىرغىنچىلىق يۈر-
گۈزۈپ، سانسىزلىغان بىگۇناھ جانلارغا زامىن بولغان. بۈگۈنكى
كۈندە بۇنداق پالاكەتكە ئۇچراش ئۇلارنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى
دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ھېچبىر ئېچىنغۇچىلىكى يوق. ئەمما
جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ
ئەنزىنى ئىمكانقەدەر تېزراق پاش قىلىش لازىم ۋەھاكازالار دېدى.
بۇنىڭغا ساقچى ئىدارىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجىلىك ھەم-
مىلا ئادىمى زور بېسىم ھېس قىلىپ، ئەنزە ئىشلەۋاتقان 2 يۈز-
دىن ئارتۇق خادىم تېخىمۇ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ھەرياققا
قاتراپ يۈرۈپ، چارچاپ ماجالى قالمىدى. بۇ چاغدا يەنە يۇقى-
رىنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن پۈتۈن شەھەرگە تۆۋەندىكىدەك ئېلان
چىقىرىلدى:

گەنسۇ ئۆلكىسى مەركىزىي شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ
ئېلانى قانۇن تەكشۈرۈش (38) × × نومۇرلۇق

1. شەھىرىمىزنىڭ سول تەرەپ تاشيول 69- نومۇرلۇق قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق چيۇ زۇگېجۇننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر 16 - ماي كېچىسى پاجىئەلىك تۈردە تۈگەل ئۆلتۈرۈلدى.

2. ئىدارىمىز بۇ ئەنزىنى بۇرۇنراق پاش قىلىش مەقسىتىدە قاتىللارنى تۇتقۇچىلارغا ئىنئام بېرىشنى قارار قىلدى. قاتىللارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى، يوشۇرۇنغان جايىنى بىلىدىغانلار ئىدارىمىزگە خۇپىيانە مەلۇم قىلىپ ئەنزىنى پاش قىلىشىپ بەرسە 500 سەر تەڭگە ئىنئام بېرىلىدۇ.

3. قايتا - قايتا تەكشۈرۈلۈپمۇ جىنايىتى سىزىلمىگەن ئەمما ئۆزى ئىقرار بولغان جىنايەتچىلەرگە يېنىكلىتىپ چارە كۆرۈلىدۇ. جازا قانۇنىنىڭ 62 - ماددىسىدىكى ئېنىق بەلگىلىمە بويىچە، بۇ ئەنزىنى سادىر قىلغان قاتىللار قىلمىشىغا توۋا قىلىپ، ئۆزلىكىدىن تاپشۇرۇدىغانلار بولسا قانۇن بويىچە يېنىكلىتىپ چارە كۆرۈلىدۇ.

4. بۇ ئۇقتۇرۇشنى جامائەتكە ئالاھىدە ئېلان قىلىدۇق.

ئىدارە باشلىقى گو جۇاڭ

× يىل × ئاينىڭ × كۈنى

6- ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئەنزىنىڭ باش - ئايىقى تېپىلمىدى، ئەنزە پاش قىلىش ھەيئىتى قولغا چۈشۈرگەن يىپ ئۇچلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ نۇرغۇن يىغىنلارنى ئاچقان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. پەقەت ئەنزىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا كۆپچىلىك، ئەنزىنى قىساسكارلىق تۈپەيلىدىن سادىر بولغان دەپ ھېسابلىدى. بەزىلەر: ئەگەر بۇ قىساس ئېلىش تۈپەيلىدىن ئادەم ئۆلتۈرۈش بولسا، قانۇن ئىلمىي نۇقتىسىدىن



قارىغاندا، قاتىللار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن تارتقان جەبىر - زۇلۇم، ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى تۆكۈپ، ئۆلگۈچى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان راست ئەھۋالنى ئىقرار قىلسا جازانى مۇۋاپىق يېنىكلىتىشكە بولىدۇ، — دېيىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا باش - ئايىقى يوق بۇ ئەنزىنى پاش قىلىش مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ دېگۈچىلەرمۇ بولدى. جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەرلەردىمۇ تۈرلۈك ئىنكاسلار بولدى. ئومۇمەن ئالغاندا، جامائەتنىڭ ھەممىسى چيۇ فامىلىلىك ئاتا - بالا ھايات ۋاقتىدا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماي، تولىمۇ كۈچلۈك ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغان، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى گۇناھىنىڭ تېگىشلىك ئاقىۋىتى دېيىشكە بولىدۇ. جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر باشقا جايلاردىن كەلگەن ئۆچ - ئاداۋىتى بار كىشىلەر، بۇ شەھەردە نوپۇسى يوق، ئەنزە سادىر قىلغاندىن كېيىنلا پەشنى قېقىپ چىقىپ كېتىپ قالغان، ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ ھەرقانچە بىلگىسى بولسىمۇ بۇ ئەنزىنى پاش قىلالمايدۇ، خەلقنىڭ پۇخادىن چىققىنىغا كۆز يۇمۇپلا ئۆتكۈزۈۋەتكەنگە يەتمەيدۇ دېيىشتى. مۇلاھىزىلەرنىڭ ھەممىسىدە چيۇ فامىلىلىك ئاتا - بالا ئىككىيلەننى ۋەھشىلىكتە ئۆچىغا چىققان بىرنېمىلەر ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بويىچە قىرغىن قىلىنىشىمۇ جىنايىتىنى يۇيالمايدۇ، دەپ قارىدى.

تەيۋەندە تۇرۇۋاتقان شىڭ شىسەي جامائەت پىكىرىنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقىغا سۆھبەت بايان قىلدى. تەيبېي رادىئو ئىستانسىسىدا ئاڭلاتقان خەۋەردە مۇنداق دېيىلدۇ: شىنجاڭنىڭ سابىق دۇبەنى، ھازىر دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدە گېنېرال لېيتېنانت مەسلىھەتچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان شىڭ شىسەي قېيىن ئىنىسى چيۇ دېڭكۈنىنىڭ ئائىلىسى خوجايىن، مالاي بولۇپ 11 كىشىنىڭ قەتلى قىلىنغانلىقىنى مال - مۈلكىنى

دەپ جانغا زامىن بولغان ئەنزە دەپ ھېسابلىدى.
شىڭ شىسەي مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ زىيارى-
تىنى سوبول قىلغاندا: چيۇ دىڭكۇن شەرقىي شىمالدىن شىنجاڭغا
مېنىڭدىن ئۈچ يىل كېيىن بارغان، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەربىي
مەكتەپتە ئىنسپېكتور ۋە مۇئاۋىن مۇدىر بولغان، ئۆلۈشتىن بۇ-
رۇن غەربىي شىمال باشلىق مەھكىمىسىدە گېنېرال مايور دەرىجى-
لىك كېڭەشچى ئىدى. ئۇ ئادەتتە ھېچكىم بىلەن ئاداۋەتلەشمى-
گەن. «20 يىللىق ئىنتىقام بىر كېچىدە ئېلىنىدى» دەپ تامغا
يېزىپ قويۇلغان خەت (ئەنزە تۇغدۇرغۇچىلار ئۆيىنىڭ تېمىغا
شۇنداق يازغان) كە كەلسەك، بۇ ھەرگىزمۇ قاتىللار قاتىللىق
قىلىۋاتقاندا يازغان ئەمەس، بەلكى بۇنى ئىش ئۆتۈپ بولغان-
دىن كېيىن ئۇلارنىڭ شېرىكلىرى يازغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ-
لار ئەتەي ساختىپەزلىك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مال - مۈلۈك كو-
يىدا بىگۇناھ جانلارغا زامىن بولغان قىلمىشلىرىنى پەدازلاپ ياپ-
ماقچى بولغان. كېيىن ھۆكۈم قىلالايمەنكى، بۇ ھەرگىز سىياسىي
سۇيىقەست ئەمەس، ئاساسلىق قاتىلنىڭ بىرى چوقۇم ئىشىك باقار
فۇگۇەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەنزىنى پىلانلىغانلار ئۇزاقتىن بۇيان
يوشۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان تەشكىللىك بولاڭچىلار گۇرۇھى بولۇشى
مۇمكىن، ئۇلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئادەتتە چيۇ ئائىلىسىگە
كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلاردىن بولۇشى مۇمكىن. قاتىللىق قىلغان-
دا مالاي - چاكارلار تونۇپ قالغانلىقتىن ئۇلارمۇ قوشۇپ ئۆلتۈ-
رۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. چى فۇگۇەن قاتارلىق جىنايەتچىلەر
ھېلىمۇ لەنجۇ شەھىرى ئىچىدە ياكى شەھەر ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ
يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. يوشۇرۇنغان جايىنىڭ ئىشتىن ئاۋۋال
مۇۋاپىق تاللىنىۋېلىنغانلىقى شۈبھىسىز» دېدى. شىڭ شىسەي يەنە:
«چى فۇگۇەن شەرقىي شىماللىق كىشى، سەككىز يىلدىن بۇيان
چيۇ زۇڭجۈنگە مالاي بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇ كۆرۈنۈشتە سادىق،
ماھىيەتتە ساختىپەز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھەيدىۋەتمەكچى بولۇپ،



كېيىن يەنىلا قالدۇرۇپ قالغان، ئۇ بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ ئاداۋەت
ساقلىغان. بۇ ئەنزىدە چى فۇگۇەن ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ
قاتىللارنى ئالدىنئالا ئۆيگە يوشۇرغان. چيۇ فامىلىلىك ئاتا - بالا
ساقلاۋاتقان ئۈچ دانە يان قورال بار ئىدى، قاتىللار ئۇنىمۇ
قولغا چۈشۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، ئاندىن كېيىن ......» دېگەن.
مەيلى ئەنزە پاش قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇھاكىمىلىرى، جەمئى-
يەتتىكى ھەر ساھەنىڭ مۇلاھىزىلىرى بولسۇن ياكى شىڭ شىسەي-
نىڭ يولسىز پاراڭلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ كونكرېت ئەنزە ئىش-
لەۋاتقانلارغا ھېچبىر ياردىمى بولمىدى. يۇقىرىدا بىزگە خوجا-
يىنلىق قىلىدىغانلار خېلىلا كۆپ بولۇپ، كۈنىمىزمۇ مۈشكۈل
ئىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەدەپ مۆھلەت چېكىنى ئۇزارتىپ
بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنزە يەنىلا پاش بولمىدى. ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ساقچى باشلىقى گوجۋاڭغا ئىككى قېتىم چوڭ
گۇناھ يېزىلدى. جازا ساقچىلىرى باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى فەن
زۇڭشياڭ، 4 - شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇجىڭخۇي قاتارلىقلار
خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ ۋاقىتلىق ئىشلىتىش جازاسىغا ئۇچ-
رىدى. يۇقىرىنىڭ تۈرلۈك ئەيىبلەشلىرى، ھەر ساھەدىكى جاما-
ئەت پىكرىنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن كېچە كۈندۈز تىنىماي چېپىپ
يۈردۇق. چى فۇگۇەننىڭ غايىپلىقى، باشقا جىنايەتچىلەرنىڭ زادى
كىملەر ئىكەنلىكى، يوقالغان بۇيۇملارنىڭ بازارغا چىققانلىقى بىز-
نى تىت - تىت قىلاتتى، بىز خۇددى بېشى ئۈزۈلگەن چىۋىندەك
ھەر ياقلارغا نىشانسىز دۈققۇراتتۇق. بىرمۇنچە كۈلكىلىك ئىشلارمۇ
سادىر بولدى. مەسىلەن، بىز مال - مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاۋاتقىنىمىزدا،
چيۇ دىڭكۇننىڭ كىتاب ژۇرناللىرى ئارىسىدىن 5 - ئاينىڭ 13-
كۈنى ئۇنىڭ خۇاڭمياۋ بۇتخانىسى ئالدىدىكى «تۆمۈر بۇت»
(ئىسمى شى شياڭچېن، لەقىمى «يېرىم پېرىشتە») قا سالدۇر-
غان پال خاتىرىسى تېپىلغان. بۇ پالدا: «ئەگەشسىمۇ، باشلاپ
ماڭسىمۇ ئىشلىرى ئاسان بولغاي، دېدەك - چۆرىلىرى كۆپ بولغاي،

ھەممە خوتۇنلار ئامراق بولغاي، ياشلىرى بىلەن قىزلىرى چەمبەرچەس باغلىنىپ بىر - بىرىدىن ئايرىلمىغاي» دەپ يېزىلغان. ساقچىلار ئەنزىنى تېزراق پاش قىلىش ئويىدا، پال قەغىزىنى ئېلىپ شى شياڭچىننى تېپىپ بۇ گەپلەرنى يېشىپ بېرىشنى سورىغان. ئۇ نۇرغۇن بىمەنە گەپلەرنى قىلىپ قەمەرىيە 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەتراپىدا بۇ ئەنزە جەزمەن پاش بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.

يەنە بىر قانچە پېشقەدەم خادىملارمۇ چىۋ جەمەتى ئەنزىسىنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن روھىي جەھەتتە تولىمۇ پەرىشان بولۇپ، خۇاڭمياۋ بۇتخانىسىغا كۆپ قېتىم بېرىپ، يوشۇرۇنچە پال ئاچقۇزغان. خۇراپاتلىق ئەۋج ئالغان كونا جەمئىيەتتە بۇ ئاغزىغا كەلگەن سۆزلەنگەن تۇتۇرۇقسىز قۇرۇق پاراڭلار نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ روھىي تېرىكمىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا ساقچىلار ھەم مۇشۇ رەم، پاللار بىلەن ئۆزلىرىگە تەسەللى بەرگەن، ھەم قايتىۋاشتىن ئۈمىدۋار بولۇشۇپ، شەھەر بويىچە يەنە بىر قېتىم ئەنزە پاش قىلىپ، قاتىل تۇتۇش دولقۇنىنى قوزغىۋەتكەن.

## قورقۇنچلۇق ۋەھىمىلەر

ئەنزە يۈز بېرىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، 1949-يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىئەن ئازاد قىلىنىپ، ما جەمەتىنىڭ قىسىملىرى ئارقا - ئارقىدىن لەنجۇغا قېچىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار لەنجۇدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم جان تالىشىپ باقماقچى بولدى. ئالتۇن شەھەرنىڭ ئاسمىنىنى بىردىنلا ئىس - تۈتەك قاپلاپ، ھەممە كىشىلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. چىۋ جەمەتىدە يۈز بەرگەن قانلىق ئەنزىنى پاش قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە يۈزلىگەن ساقچىلارنىڭ شەھەرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا تارقىلىپ قاتراپ يۈرۈشى — ئالتۇن



شەھەردىكى تېررورلۇق كەيپىياتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. پۈتۈن شەھەرنىڭ بارلىق چايخانىلىرىدىن قاۋاقخانىلىرىغىچە، ئۆي ئىچىدىن ھويلىلارغىچە، يۇقىرىدا چوڭ ھوقۇقدارلاردىن تۆۋەندە مەدىكارلارغىچە ھەممىلا ئادەم بۇ ئىشنى غۇلغۇلا قىلىشاتتى. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇنلىغان داشقاللار ھە دەپ قۇتراپ ئەنزە سادىر قىلىشقا باشلىدى. جەمئىيەت تەرتىپى ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتتى، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان نۇرغۇنلىغان ئەمەلدار، ئاقسۆڭەك، بايۋەچچىلەر ھەممىلا يەرگە تورسىلىنغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

شۇ كۈنلەردە، مەركىزىي دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى جاڭ چالى تۇساتتىن بىر پارچە تەھدىت خېتى تاپشۇرۇۋالىدۇ. خەتتە ئۈچ كۈن ئىچىدە 3000 سەر تەڭگە جايلاپ، بەلگىلەنگەن جايغا ئاپىرىپ قويمايدىغان بولساڭ كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمىز، دەپ يېزىلغانىدى. يەنە شۇ كوچىسىدىكى جيۈەن زەرگەرلىك دۇكىنىنىڭ دىرېكتورى سۇ ۋېنچىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پارچە تەھدىت خېتى تاپشۇرۇۋالىدۇ. بۇ ھارام نىيەتلەر قاراپ تۇرۇپ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ نامىنى سۈيئىستېمال قىلىپ، سۇ ۋېنچىڭدىن بىر قانچە تال زىقچە ئالتۇن چىقىرىشنى، بولمىسا جېنىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى يازغانىدى. ئۆلكىلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، بانكىنىڭ دىرېكتورى قاتارلىق كىشىلەرمۇ تەھدىت خېتى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇلار خەتلەرنى جازا ساقچىسى ئەترىتىگە ئاپىرىپ كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى تەلەپ قىلغانتى. جازا ساقچىلىرى ئەترىتى ئىمكان قەدەر تېزلىكتە يىپ ئۇچى تېپىپ ئەنزىنى رازۋېتكا قىلىپ پاش قىلىش ئۈچۈن، ھەممە كۈچىنى سەپەرۋەر قىلغانىدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئادەم ئاجرىتىپ ئۇلارنى نۇقتىلىق قوغداشقا مەجبۇر بولدى.

بايۋەچچىلەرنىڭ بالىلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان «13 ھەزرەت، 72 جاناب» دېگەنلەرمۇ قوللىرىغا قاتىللىق قوراللىرىنى ئېلىشىپ،

شەھەردىكى كىنوخانا، تىياتىرخانا، پاھىشىخانا، ئاشخانا قاتارلىق سورۇنلاردا بىكار يەپ، بۇلاپ - تالاپ، ئۇرۇپ - چېقىپ ھەدەپ ماجىرا تۇغدۇرۇشقا باشلىدى.

جەمئىيەتتە بولسا پىتنە - ئىغۋالار تازا ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ئالايلۇق، قۇلۇن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، چيۇ جەمەتىنىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى جاڭ جيەنۋېن 16 - ماي كەچقۇرۇن چيۇ ئائىلىسىدىن مەكتەپكە ياتاققا قايتىپ كېتىۋاتقاندا كىشىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دېگەن گەپلەر تارقالغان بولۇپ، تەكشۈرگىنىمىزدە، جياڭ جيەنۋېننىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. چيۇ جەمەتىنىڭ قەسرىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان ژاندارمىلارنىڭ ئېيتىشىچە، كېچىلىرى ساراي ئۆيدە (ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن ئۆيدە) شىبىلىت كىيگەن ئادەمنىڭ ئاياغ تاۋۇشى، ئىشىك دېرىزىلەرنىڭ جالاقشىغان ئاۋازى، چويۇن تۇپنىڭ دومىلاپ كېتىۋاتقان ئاۋازى، پىچىرلىشىپ سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازلار دائىم ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن ئىمىش، بۇنىڭدىن قورققان قاراۋۇللارنى سۇر بېسىپ قارا تەرگە چۆمۈشۈپ كېتىكەن. سول تەرەپ تاشيول ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇشۇپ، قاراڭغۇ چۈشمەيلا ئىشىك - دېرىزىلەرنى چىڭ تاقىشىپ، سىرتقا چىقىشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇ ئەھۋالدا ژاندارما - ساقچى ئورگانلىرى قاراۋۇللارنى كۈچەيتىشكە مەجبۇر بولدى. خۇراپى كىشىلەر بولسا راھىب - شەيخلارنى تەكلىپ قىلىپ ئايەت ئوقۇتۇپ، پېرە ئويناتىپ، جىن - ئەرۋاھلارنى ھەيدەش كېرەك، بولمىسا ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئەرۋاھى پاراكەندىچىلىك سېلىۋېرىدۇ، دېيىشكەن. بەزىلەر تەيۋەندىن بۇرۇنراق ئايروپىلان كېلىپ يېتىم قىز بىلەن 11 جەسەتنى ئېلىپ كېتىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ھەركېچىسى جىن - ئەرۋاھلارنىڭ كۇسۇرلاشلىرىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، بولمىسا بىزگە خاتىرجەملىك بولمايدۇ، دېيىشكەن. چيۇ جەمەتى قەسرى ئەتراپىدىكى



ئاھالىلەر قايتا - قايتا مۇراجىئەت قىلىش بىلەن ئۆلگۈچىلەرگە دائىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ھەيئىتى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چيۇ جەمەتى قەسرى ئىچىدە تۇغ باغلاپ، پېرە ئويناتىپ، جىن - ئەرۋاھلارنى ھەيدىگەندىن كېيىن، ۋەھىمىلىك، تېررورلۇق كەيپىياتىنى سەل - پەل پەسەيتكەندەك بولغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ ئۇمىدى ئاياقلىشىپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى. بىر كىچىك شەخسلەر بولساق جان بېقىش كويىدا يەنىلا ئۇلارنىڭ گېپىدىن چىقالمايتتۇق. ۋەھالەنكى، بولغۇلۇق ئىش بولۇپ بولدى. ھەر قانداق قىلىپمۇ ئۇنى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. بىز بولساق كەلگۈلۈكنى كۈتۈپ تۇرۇشتىن باشقا چارىمىز يوق ئىدى.

### يېتىم قىزنىڭ نالىسى

ئەنزە سادىر بولغاندىن كېيىن، بىز دوختۇرخانىغا ئادەم ئەۋەتىپ، چيۇ دىڭكۇننىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان چوڭ قىزى چيۇگۇاڭسىنى كۈتۈلمىگەن پېشكەللىكتىن ساقلاش ئۈچۈن يوشۇرۇن قوغدىدۇق. ئەنزە يۈز بەرگەن ئاخشىمى چيۇ گۇاڭسىنى ئاپىسى فېي بوپىڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويۇپ كېتىپ قالغان. ئەتىسى ئوپېراتسىيە قىلىش قارار قىلىنغان. فېي بوپىڭ ئوپېراتسىيىدىن بۇرۇن يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. چيۇ گۇاڭسى شۇ كېچىسى زادىلا كۆز يۇمماي، توختىماي «ئاپا! ئاپا!» دەپ توۋلاپ چىققان، سۇڭ شيۇيىڭمۇ ئۆزلۈكىدىن بىئاراملىق ھېس قىلىپ، كۆڭلى غەش بولۇپ، چيۇ گۇاڭسىنى تىنىچ يېتىپ ئۇخلاڭ! دەپ بەزلىگەن. ئېھتىمال شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكىلىرى جەھەننەمگە كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشقاندۇر. ئەتىسى چيۇ گۇاڭسى ئۆيىدىن ئاپىسى ياكى باشقىلارنىڭ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ يىغلاپ - قاقشاپ،

ئۆيۈمگە قايتىپ كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالغان. دوختۇر، سېستىرالار قايتا - قايتىلاپ نەسىھەت قىلىپ توسىغان. ئۆيىدىن ژادىلا ئاتام كەلمىگەندىن كېيىن دوختۇرخانىدىكىلەرگە ئۆزۈمنى دەرياغا ئاتىمەن، بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋالىمەن دەپ تەھدىت سالغان. ئەگەر ئۇ بۇ چاغدا ئۆيىگە قايتىدىغان بولسا روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرايتتى. دوختۇرخانىدىكىلەر بۇيرۇققا بىنائەن كۆتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بالىنىڭ ھەددىدىن زىيادە قايغۇرۇپ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويۇپ، ئوپېراتسىيە ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتماي «ئاتا - ئانىڭىز قىمار ئوينىغانلىقتىن ژاندارمىلار ئۇلارنى تۇتماقچى بولغاندا، ئۇلار ژاندارمىنىڭ ئادىمىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ تۈرمىگە چۈشۈپ قالدى، شۇڭا كېلەلمىدى» دەپ ئالدىغان. قىزچاق بۇ گەپلەرگە ئىشەنگەن، لېكىن ئۆزى تېرىككەك، ھاڭۋاقتى بولۇپ قالغان. توختىماي تىپچەكلەپ يىغلىغان، يۈزىنى تاتىلاپ يارا قىلىۋەتكەن. يوقلاپ كەلگەن كىشىلەرگە ئۆيىدىكىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قىلىڭلار، دەپ يېلىنغان. لى فاسىلىڭ بىر ئايال يوقلاپ كەلگەندە، ئۇ دوختۇرخانىدىن قەلەم - قەغەز ئېلىپ، باشلىق مەھكىمىسىدىكى باشقارما باشلىقى بەي ۋېيىنىڭ خانىمىغا يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق بىر پارچە خەت يازغان: «بەي موما، يېقىندىن بۇيان ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟ بايا لى ھاماچام مېنى يوقلاپ كېلىپ، تۆت سەر تەڭگە، تۆت بولاق يېمەكلىك بەردى. مەن سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزگە چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، ھاماچامنىڭ يوقلاپ كەلگىنىگە سىزنىڭمۇ رەھمەت ئېيتىشىڭىزنى سورايمەن. سىز ماڭا كۆپ غەمخورلۇق قىلىۋاتىسىز، ئۆلۈشكۈن لى ھاماچام كەلگەندە ماڭا يەنە پۇل بەردى. ھازىر قولۇمدا پۇلۇم بار، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھاماچاممۇ مېنى يوقلاپ كەلدى. لىۋ بوۋام بىلەن باشقارما باشلىقى جاڭ تاغاممۇ، يەنە ئەترەت باشلىقى خېي



تاغام (ئىسمى خېي لىن، بېيپىڭلىق، 20 ياشتىن ئاشقان، دەسلەپتە جازا ساقچىلىرىنىڭ ئەترەت باشلىقى، كېيىن گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىشپىيونلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان. چوڭ قىمارۋاز، چوڭ لۈكچەك، دائىم چىۋ دېگۈن بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ، بىللە بۇزۇقچىلىق قىلىپ يۈرگەن. ئازادلىق ئەرپىسىدە شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن، ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان) ۋە دادامنىڭ بىر قەدىناس دوستىمۇ يوقلاپ كەلدى، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن ... مەن ھازىر ئىچىم تىتىلداپ تولىمۇ بىئارام بولۇۋاتىمەن ... نىڭشانىڭ رەئىسى ما (ماخۇڭكوي) نىڭ خانىمى بىز ئىككىمىزگە بەك ئىللىق قارايدۇ. ئەتىدىن - كەچكىچە ماڭا ئۇنى - بۇنى بېرىپلا تۇرىدۇ .... مەن سىزنىڭ مېنىڭ نامىمدىن رەھمەت ئېيتىشىڭىزنى سورايمەن .... سىزگە ئامانلىق تىلەيمەن. قىزىڭىز گۇاڭشەن. 20 - ماي» خەتنىڭ يۇقىرىسىغا يەنە مۇنداق گەپلەرمۇ قىستۇرۇلغانىدى: «سىز ماڭا ياردەم قىلسىڭىز، دادامنى، ئاپامنى، بوۋامنى، ئاكامنى، سىڭلىمنى، چېن زۇڭشى تاغامنى ۋە مالايلارنى ئاشۇ بورۇختۇرلۇق جايدىن تېزراق چىقىرىۋەتسە، بىز ھەممىسىگە رەھمەت ئېيتاتتۇق، كەلگۈسىدە چوقۇم ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇراتتۇق». ئۇنىڭ خېتى چىرايلىق، مەزمۇنى سىلىق بولۇپ، قىزچاقنىڭ سەبىي قەلبى تولۇق ئىپادىلەنگەنىدى. كىشى ئۇنىڭ خېتىنىڭ ئاخىرىسىنى ئوقۇپ تۈگەتمىشكە چىدىماي قالىدۇ.

ئىشى مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە قىزچاق يەنىلا ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز يۈرگەنىدى. ئۇ دائىم توختىماي كۆز يېشى قىلاتتى. كېيىن كېسەللى ساقايغان بولسىمۇ لېكىن ئەقلىدىن ئېزىپ قالدى. ۋاڭ خوڭزاۋ قاتارلىقلار لەنجۇغا كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا چيۇ گۇاڭشىننى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشكە پېتىنالماي، ئۇنى ۋاقىتىنچە يېمىن يولىدىكى لى جىڭچىن دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ تۇر-

غۇزدى. كېيىن ئۇ ئاتا - ئانامنى كۆرمىسەم بولمايدۇ، دەپ قاتتىق تۇرۇۋالغانلىقتىن يەنە ئۇنى ئالداپ: «ھەممەيلەن تەڭ كۈچ چىقىرىش ئارقىلىق ئاتا - ئاناڭ ھۆددىگە ئېلىنىپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن پۈتۈن ئائىلەڭنى ئېلىپ ئالدىراش - تېنەش يولغا چىقىپ، ئايروپىلان بىلەن تەيۋەنگە كېتىپ قالدى. سېنىمۇ تەيۋەنگە يولغا سېلىپ قويىمىز، شۇ يەرگە بارغاندا ئاتا - ئاناڭ بىلەن دىدارلىشىسەن» دېگەن.

شۇ ئارىدا بىزمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلار دېگەن نام بىلەن جاڭ چالىننىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇنى ئىككى قېتىم يوقلاپ باردۇق. ئۇ تەيۋەنگە مېڭىش ئالدىدا باشلىق مەھكىمىسىدىكى باشقارما باشلىقى بە يۈننىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ ئاپىرىلدى. ئۇ ئايروپىلانغا چىقىش ئالدىدىمۇ قاتىللىق يۈز بەرگەنلىكىنى ئېنىق ئۇقالمىدى، ئېھتىمال كىشىلەرنىڭ چىراي تۇرقىدىن، ئۆزىگە قىلىۋاتقان ئالاھىدە غەمخورلۇقىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ بۇ دۇنيادا بار - يوقلۇقىدىن گۇمان قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ ئايروپىلانغا چىققاندىن كېيىن ئۆزىنى ئېلىپ ماڭغان ئادەمگە: «سىلەر مېنى ئالداپ ئەخمەق قىلماڭلار، ئەگەر مەن تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىنمۇ ئاتا - ئانامنى، ئاكا - ئۇكامنى كۆرەلمەيدىغان بولسام جەزمەن ئۆلۈۋالماي قويمايمەن» دېگەن. تەيۋەنگە كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالالمىدۇق.

## يېڭى يىپ ئۇچى

چيۇ جەمەتىدىكى ئەنزە يۈز بېرىپ بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بىز لەنجۇدا تۇرۇۋاتقان شەرقىي - شىمالىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى بولۇپمۇ شىنجاڭدىن لەنجۇغا كۆچۈپ كەلگەن شەرقىي - شىماللىقلارنى، شېڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن



كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقتۇق. تۈرلۈك يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن، گۇمانلىق كىشىلەردىن 40 نەچچەيلەننى چاقىرىپ تۇتۇپ تۇردۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەرتىۋىسى بىر قەدەر يۇقىرىراق بولغان غەربىي - شىمال باشلىق مەھكىمىسى خوجىلۇق باشقارمىسىنىڭ مايور دەرىجىلىك فوگۇەنى جىڭ بى، مەلۇم سانائەت ئىدارىسىنىڭ دىرېكتورى ليۇ ×، كومپارتىيە ئەزاسى ئىنژېنېر جاڭ خاۋ (ئۇ شىنياڭلىق بولۇپ، تۆت يىلنىڭ ئالدىدا شىنجاڭدىن لەنجۇغا كەلگەن. شۇ چاغدا 8 - جەڭ مەيدانى قوماندانلىق شتابى ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە شىنجاڭدىن لەنجۇغا كەلگەن كومپارتىيە ئەزالىرىنى باشلاپ، بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە لەنجۇدىن كېتىشكە بۇيرۇغان بولسىمۇ كەتمىگەنىدى. بۇ قېتىم يەنە گۇمانلىق ئادەملەر قاتارىغا كىرىپ قالغان) قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار كېيىن ھۆددىگە ئېلىش بىلەن بوشۇتۇلدى. جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ھەتتا ئۆيىدە خەنجەر ساقلىغانلار، توخۇ، قوي بوغۇزلاپ قان دېغى پاكىز سۈرتۈلمىگەن پىچاق تېپىلغانلار، يېنىدا ئالتۇن، كۈمۈش ئېلىپ يۈرگەن ياقا يۇرت سودىگەرلەر، باشقا جايلاردا تۇتۇلغان «كالا پارتىيىسى»نىڭ ئەزالىرىمۇ مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ قاتتىق تەكشۈرۈلدى.

چىڭباڭ گۇرۇھىنىڭ كاتىپىشى ياڭ زۇنيى، جاڭ يۇشيەن، خۇڭباڭ گۇرۇھىنىڭ كاتىپىشى ۋۇ لەنتىڭ، فېن چۇجيۇ، شۇنىڭدەك باشقا گۇرۇھ - جەمئىيەتلەر، تەسىر كۈچى بار ئەربابلارمۇ ئەنزە پاش قىلىش يولىدا بىز بىلەن تەڭ قېتىراپ ھەمكارلاشتى. ئەنزە پاش قىلىش ھەيئىتى تۆۋەنگە چۈشۈرگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى، ئىزدىغا (يېپىنگە) چۈشۈش گۇرۇپپىلىرى، تەكشۈرۈپ سوراق قىلىش گۇرۇپپىلىرى بىر قانچە ئون كۈن ئاساسىي قاتلاملارغا چۆكۈپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بىر قېتىملىق ئەنزە پاش قىلىش يىغىنىدا ھەركىم ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەنزە ئەھۋالىنى تەھلىل قىلدى. يىغىندا چۈش

كەن پىكىرلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك: (1) چيۇ جەمەتىدە يۈز بەرگەن بۇ ئەنزىنىڭ خاراكتېرى سىياسىي خاراكتېرلىك ئىنتىقام ئېلىش ۋە مال-مۈلۈك بۇلاشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىمىلىككە ئىگە. پەقەت مال-مۈلۈك بۇلاشنىلا كۆزدە تۇتقان ئەمەس، شۇڭا جىنايەتچىلەر ئولجا ئالغان مال-مۈلۈكلەرنى سېتىپ خەجلەشكە ئالدىرىمايدۇ، پات ئارىدا ئەنزىنى پاش قىلىشتا مۇئەييەن قىيىنچىلىق بار؛ (2) ئىشىكباقارچى يۈيتيەننىڭ قاتىللارغا ئىچكىي جەھەتتىن ماسلاشقانلىقىدا شەك يوق. ھازىر ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، شېرىكلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغانمۇ يوق، بۇنى بىر نېمە دېيىش تەس؛ (3) نەق مەيدان بۇزۇپ تاشلانغانلىقى ۋە ئىشەنچلىك ئىز ئۇچى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، جىنايەتچىلەرنىڭ زادى كىملەر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى لەنجۇدىن قېچىپ چىقىپ يىراق جايلارغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن؛ (4) ۋەزىيەت داۋالغۇپ، ئۇرۇش يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقتىن باشقا ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇش ئىمكانىيىتى يوق. بۇ، ئەنزە پاش قىلىنىشقا بەكمۇ قولايسىز ئەھۋال، بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن: لەنجۇدا ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ئۆلكىلەر شۇندىقلا ئالاقىلىشىش مۇمكىن بولغان جايلاردا جىنايەتچىلەرنى داۋاملىق قوغلىغاننىڭ سىرتىدا، ئاساسىي كۈچنى يەنىلا يوقالغان مال-مۈلۈكلەرنى تېپىشقا مەركەزلەشتۈرۈش بولۇپمۇ شەھەر ئىچىدە تورنى كەڭ يېيىپ تۈرلۈك چارىلەر بىلەن يىپ ئۇچى تېپىش، بۇلانغان مال تېپىلىش بىلەنلا دەرھال شۇ يەردىن بۆسۈپ چىقىش قارار قىلىندى. لايىھە بەلگىلەنگەندىن كېيىن، پۈتۈن شەھەرنىڭ ساقچىلىرى ھەر ساھەدىن سەپەرۋەر قىلىنغان كۈچلەر ۋە ئاخباراتچىلار شەھەردىكى، بارلىق ساھە ئورگانلارنى قاتتىق كونترول قىلدى.

1949-يىلى 6-ئاينىڭ 16-كۈنى تاڭ سەھەردە، بىر خالىسانە ئاخباراتچى ماڭا: «بىراۋنىڭ بۆكەن مۈڭگۈزى ساتقان-



لىقىنى كۆرۈپ قالدىم، بۇ ئادەم خۇددى ئۇكسىراپ تۇرىدۇ. سودا قىلىشنى بىلمەيدىكەن، بۆكەن مۈڭگۈزىنىڭ خەلقئارا باھاسى ئالتۇن بىلەن باراۋەر، بۇ ئادەم بولسا تېزراق سېتىۋېتىشكە ئالدىراپ ئىنتايىن تۆۋەن باھا قويۇۋاتىدۇ» دەپ دوكلات قىلدى. بۇ ئاخباراتچىنىڭ ئىسمى ۋاڭيۈجې بولۇپ، يۇڭدىڭ ناھىيىسىدىن ئىدى. شۇ چاغدا لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ستاتىستىكا ئىشخانىسىدا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىگە مەخپىي ئىشپىيون بولغان. مەن بىر ئاغىنەمنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئۇنى تېخى يېقىندىلا خالىسانە ئاخباراتچىلىققا قوبۇل قىلغانىدىم. ئۇ ماڭا بۇ ئاخباراتنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، مەندىن ئۆز ئىسىم-فامىلىسىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقنى، بۇنى ئىشپىيونلۇق ئىشخانىسى بىلىپ قالىدىغان بولسا قاتتىق جازاغا تارتىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەنزە پاش قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزىنى جازا ساقچىلىرى ئەترىتىگە قوبۇل قىلىپ بىر گۇرۇپپا باشلىقى قىلىسىلا كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا ئۆتۈنۈپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا شۇ ئانىلا: «سەن يەتكۈزگەن ئاخبارات بۇ ئەنزىنى پاش قىلىشقا پايدىلىق بولسىلا، سېنى جازا ساقچىلىرى باش ئەترىتىنىڭ ئاخبارات گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ تەيىنلەشكە ھۆددە قىلىمەن» دەپ ۋەدە بەردىم.

ۋاڭ يۈجېننىڭ يېزنە ئاتىسى لەنجۇنىڭ نەنگۇەن كوچىسىدىكى چوڭ سودا سارىيىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ، مەخسۇس يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بىلەن مېلىچ مال سودىسى قىلاتتى. ئاستىرتتىن ئەپيۇن ئەتكەسچىلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك تىجارىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق، بىخەتەر بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن جازا ساقچىلىرى ئەترىتىگە ئەتەي يېقىنچىلىق قىلىپ، ئۆزىگە يۆلەنچۈك تېپىشنىڭ ئېپىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. شۇڭا ۋاڭ يۈجېننىڭ يېزنە ئاتىسى ئىشەنچلىك «تومار» غا ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاڭيۈ-

جىيىنى جازا ساقچىلىرى ئەترىتىگە كىرىشكە بۇيرۇغان ئىكەن. شۇ چاغدا ئىشپىيونلار ئىچىدە ھەقىقەتەن بىر تۈركۈم ئاخبارات ھايانكەشلىرى بار ئىدى، ئۇلار ھەدەپ ئارىغا قىستۇرۇلۇپ راست، يالغان ئاخباراتلارنى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەمەلىنى ئۆستۈرۈپ بېيىشقا ئۇرۇناتتى. بۇلارغا قارىتا جازا ساقچىلىرى ئەترىتى ئەنزىنى پاش قىلىشقا ياردىمى بولسىلا ھەممىگە ماقۇل بولاتتى، چاتاق چىقسا باشقىچە چارە قىلاتتى.

مەن شۇ ئانىلا جىددىي يىغىن ئېچىپ، ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇ يۈيچۈەنگە ئالاھىدە رازۋېتكا گۇرۇپپىسىدىن قابىل كىشىلەرنى تاللاپ، جوڭخۇا يولىدىكى لاۋ فىڭشياڭنىڭ زەگگا دۇكىنىغا بېرىپ يوشۇرۇنۇشنى، پەۋقۇلئاددە رازۋېتكا گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىرچىڭغا «چەبدەس» يىگىتلەرنى باشلاپ يىراقتىن كۆزىتىپ، مېنىڭ يوشۇرۇن ئىشارەتلىرىم بويىچە ئىش كۆرۈشنى ئورۇنلاشتۇردۇم.

بۇ ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن مەن دەرھاللا باشقىچە ياسىنىۋېلىپ، ۋاڭ يۈگۈچىي بىلەن بىللە كەيمىڭ سودا سارىيىغا باردىم. سودا سارىيىنىڭ دىرېكتورى بۆكەن مۈڭگۈزى ساتماقچى بولغان كىشىنى ئۆزىنىڭ دىرېكتور بۆلۈمىگە چاقىرىپ كەلدى. مەن مالنى كۆرگەندىن كېيىن باھاسىنى كېلىشتۇق. ئاندىن پۇلنى لاۋ فىڭشياڭدىكى زەگەر دۇكىنىدا بېرىمەن دەپ ئۇنى ئېلىپ ماڭدىم. لاۋ فىڭشياڭ زەگگا دۇكىنىغا بېرىپ يەنە بۆكەن مۈڭگۈزىنى كۆرۈپ تۇرغاندا دۇكانغا يوشۇرۇنۇۋالغان لىيۇ يۈيچۈەن قاتارلىقلار ئۇشتۇمتۇت ئېتىلىپ چىقىپ، ئىككىمىزنى بىللە تۇتۇپ جازا ساقچىلىرى ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئارام ئالدۇرماي سوراق قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئۆز ئىسمىنىڭ لياڭ تيەنخى ئىكەنلىكىنى، تۇراقلىق كەسپى يوقلۇقىنى، بۆكەن مۈڭگۈزىنى ئۇنىڭ ياغاچچى ئاغىنىسى جياڭ جېنشىڭنىڭ ھاۋالىسى



بويىچە ئېلىپ چىقىپ ساتقانلىقىنى، جياڭ جېنشىڭنىڭ ئائىلىسى خۇاڭخېنىڭ شىمالىي بويىدىكى لى جياۋەن كوچىسى 13- قورۇ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. شۇنداق قىلىپ توغرا بىر ئاي بولغاندا چيۇ جەمەتىدە يۈز بەرگەن بۇ قانلىق ئەنزىنى پاش قىلىشتا چوڭ يوچۇق ئېچىلدى. بۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ غەنىمەت ئىدى. بىزگە مەلۇمكى، 40 — 50 سەر بۆكەن مۈڭگۈزى يەنە 40 — 50 سەر ئالتۇن قىممىتىدىكى مال قانداقمۇ بىر ياغاچچىنىڭ ئۆز مۈلكى بولسۇن؟

## ئۈمىد ئۈچقۇنى

لياڭ تيەنخى تەمىنلىگەن يىپ ئۇچى بويىچە بىز لى جياۋەندىكى 13 - نومۇرلۇق قورۇدا ھەقىقەتەن جياڭ جېنشېڭ دېگەن بىر ياغاچچىنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. بىز شۇ ئانىلا ئۇنىڭ ئۆيىنى قورشىۋالدۇق. 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن مەخپىي رازۋېتكا گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى باشلاپ ماشىنا بىلەن جياڭ جېنشېڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنى قولغا ئالدۇق. جياڭ جېنشېڭ خۇددى ھەممە ئىشنى ئالدىن سەزگەندەك كۆرۈنەتتى، چىرايىدىن بەكمۇ ئالاقزادە بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ، بۇ تۇيۇقسىز زەربىگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى. جياڭ ئائىلىسىدىن فۇ بوپېڭنىڭ ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى يەنى ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن زىرە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاختۇرۇپ تېپىۋالدۇق. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال جازا ساقچىلىرى ئەترىتىدە سوراق باشلىدۇق. بۆكەن مۈڭگۈزىنى سورىغاندا، بۇنى مەن قومۇلدا ياغاچچىلىق قىلىپ يۈرگەن چېغىمدا پۇل تېپىپ سېتىۋالغان دەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن جالاقلاپ تىترەپ تۇراتتى، يۈزلىرى تامدەك تاتىرىپ ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى، ئۇ ئۆزىدىكى جىنايەتچىلەرگە خاس تەلەي سىناپ بېقىش روھىي ھالىتىنى يوشۇرالماي قالدى.

بىز ئۇنىڭغا پايدا - زىياننى چۈشەندۈرۈپ يۇمشاق گەپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئاخىرى ئىقرار قىلىپ: «5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كەچتە مەن بىلەن شىنجاڭدا بىرگە ياغاچچىلىق قىلغان لىيۇ يۈيشەن دېگەن ئاغىنەم تۇساتتىن ئۆيۈمگە كېلىپ، بىر جىددىي ئىشقا مېنىڭ ياردەم قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى. دەرۋازا سىرتىغا چىققاندىن كېيىن، ئاپتوموبىلغا سېلىپلا ماڭدى، شۋاڭچېڭ قۇۋۇقى، نەنمىڭ ئاچىلىدا توختاپ بىر قانچە ئادەم ئالغاندىن كېيىن سول تەرەپ تاش يول ياقىسىدىكى بىر ئائىلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى، لىيۇ يۈيشەن ماڭا سىرتتا تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزىتىشنى، بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالغۇدەك بولسا هويلا ئىچىگە ئىما - ئىشارەت بىلەن خەۋەر قىلىشنى تاپشۇردى. يېرىم كېچە بولغاندا مېنىمۇ هويلا ئىچىگە كىرگۈزدى. مەن كىرىپلا ئۆيان - بۆيان ياتقان جەسەتلەرنى كۆرۈپ بەك هودۇقۇپ كەتتىم...... ئۇلار ماڭا بىر ئاز نەرسە بۆلۈپ بېرىپ، مەندىن هەرگىزمۇ پاش قىلىپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى. تاڭ ئاتقاندا ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئائىلەم بەك نامرات بولۇپ تىرىكچىلىك تەس بولغاچقا بۇ بۆكەن مۈڭگۈزلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولدۇم......» دېدى. جىنايەتچىلەردىن پەقەت لىيۇ يۈيشەن بىرەيلەننىلا تاپشۇرۇپ ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. قىستاپ سورىغىنىمىزدا جياڭ جەنشېڭ ئاغزىغا كەلگەن 20 — 30 نەپەر بىگۇناھ كىشىلەرنى گۇمانلىق دەپ تاپشۇردى. بىز بۇ كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ چاقىرىپ سوراق قىلغىنىمىزدا هېچقانداق نەتىجە بولمىدى. ئەكسىچە بىر مۇنچە كىشىلەرنى بىهۇدە چۆچۈتۈپ قويدۇق.

جياڭ جەنشېڭنىڭ ئاغزىدىن تېخىمۇ كۆپرەك نەرسە ئېلىش ئۈچۈن، بىز چارچىتىپ سوراق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نۆۋەتلىشىپ سوراق قىلىۋەردۇق. نەتىجىدە جياڭ جەنشېڭ يەنە بىر بۆلۈم مال - مۈلۈكلەرنى ئىقرار قىلدى. 18 - چېسلا چۈشتىن كېيىن سائەت



يەتتە يېرىمدا بىز جياڭ جەنشېڭنىڭ ئۆيىنى قايتا ئاختۇرۇپ، دېسكىلىق بىر تاپانچا، بەش تال ئوق، چوڭ - كىچىك يەتتە تال بۆكەن مۈڭگۈزى، 16 تاشلىق بىر قول سائىتى تېپىۋالدۇق. جياڭ جەنشېڭنىڭ سوراق داۋامىدىكى ئالاقزادە هالىتىدىن بىز ئۇنىڭ يەنە تېخىمۇ چوڭ مەسىلىنى تاپشۇرمايۋاتقانلىقىنى سەزدۇق. شۇڭا ئەتىسى جياڭ جەنشېڭنىڭ ئۆيىگە يەنە بېرىپ ئىنچىكىلەپ ئاختۇردۇق، ئۇن خالتىسى ئىچىدىن ساغۇچ بىر خۇرۇم سومكا چىقتى، سومكىدا بىر قىزىل ئالتۇن بولاپكا، يۇمىلاق شەكىلدىكى بىر ياقۇت ۋە بىر ئاق مەرۋايىت، بىر جۈپ قىزىل ئالتۇن ئۈزۈك، ياقۇت كۆزلۈك ئىككى ئالتۇن تۈگمە، بىر جۈپ ياقۇت كۆزلۈك هالقا، ئىككى تال كىچىك مەرۋايىت، بىر ئۇزۇنچاق ئايالچە كىروم قول سائىتى بار ئىدى. ئۇنىڭ قوشنىلىرى بىزگە: «جياڭ ياغاچچىنىڭ ئائىلىسى ئەسلىدە بەك نامرات ئىدى. يېقىندىن بۇيان تۇساتتىن بېيىپ كەتتى. ئالدىنقى كۈنى تېلېگراف ئىدارىسى ئۇنىڭغا تېخى جىددىي تېلېگرامما ئېلىپ كەلدى» دېيىشتى، بىز «تېلېگرامما» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇشۇپ كەتتۇق. ئۇنىڭ ئۆيىدىن چوقۇم بىر نەرسىگە ئېرىشىش كېرەك دېگەن نىيەتتە يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ ئاختۇرۇپ قارىدۇق. تۇرۇس بورىسىنىڭ يىرتىلغان ئىزىنى سىزىپ، سىلاپ كۆرسەك بىر پارچە خەت قولغا چىقتى. بۇ «شەن» (تاغ) دەپ ئىمزا قويغان بىرسىدىن كەلگەن تېلېگرامما بولۇپ، جاڭيى شەهىرىدىكى بىر مېهمانخانىدىن ئەۋەتىلگەن ئىكەن. تېلېگراممىدا: «جياڭ جەنشېڭ، مەن جاڭيى شەهىرىگە يېتىپ كەلدىم. ساقلاپ قويغان نەرسىلەرگە هەرگىز قول تەگكۈزگۈچى بولما، ئۆزۈم قايتىپ بارغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىمەن. شەن» دەپ يېزىلغانىدى. بۇ پاكىتنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن جياڭ ئائىلىسىنىڭ ئەتراپىدا بولۇنغۇسى هەرىكەتلەرنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ نەپەر

ئادەم قالدۇرۇپ، باشقىلىرىمىز دەرھال ئەترەتكە قايتىپ كېلىپ ياغاچچى جياڭ جەنشېڭنى داۋاملىق سوراق قىلدۇق. ئىسپاتنى كۆرسەتسەكمۇ جياڭ ياغاچچى يەنىلا بويىنىغا ئالمىدى. جازا قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ قېيىنىغاندىن كېيىن ئىقرار قىلىپ: «بۇ تېلېگراممىنى ليۇ يۈيشەن جاڭېيدىن ئەۋەتكەن. ليۇ يۈيشەن قاتارلىقلارنىڭ پۈتۈن ئائىلەمنى قىرىپ تاشلىشىدىن قورقۇپ راست گەپ قىلمىغانىدىم» دېدى. يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئىگىلىنىپ، بىزدە چوڭ ئىشەنچ پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي جىنايەتچىلەرنىڭ بىرەرسىمۇ تېخى تۇتۇلغىنى يوق. بۇ بىزنى يەنىلا بىئارام قىلاتتى.

## زور نەتىجە

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جازا ساقچىلىرى ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى ۋاڭ دېشاڭ ئەترەتنىڭ قابىل تەجرىبىلىك ئەزالىرىدىن ۋاڭ شىنمىن، جۇ پۇشەن، ليۇ خاۋلىن قاتارلىقلارنى باشلاپ ماشىنىغا چۈشۈپ، كېچىچە يول يۈرۈپ جاڭېيگە بېرىپ، يەرلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن بىرگە مېھمانخانا تەكشۈرۈش نامى بىلەن ئىزدىگەن بولسىمۇ نەتىجە چىقىرالمىدى. جيۇچۈەنگە بېرىپمۇ قۇرۇق قول قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار قايتا جاڭېيگە كېلىپ كۆچمە ئېلىپ - ساتارلار قىياپىتىدە ياسىنىۋېلىپ رازۋېتكا قىلىپ، 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جاڭېي شەھىرىنىڭ غەربىي گاۋجياۋ دېگەن يەردە ليۇ يۈيشەننى تۇتتى. ئەسلىدە ليۇ يۈيشەن جاڭېيدىكى مېھمانخانىدا ئىككى كۈنلا تۇرۇپ، شەرقىي - شىماللىق يۇرتداشلىرىنىڭ ئۆيىگە يۆتكىلىپ بېرىۋالغان. مېھمانخانىدىن كېتىدىغان چاغدا مېھمانخانا خوجايىنىغا جيۇچۈەن ئارقىلىق شىنجاڭغا بارىمەن دەپ قويغان. ليۇ يۈيشەن تۇتۇلغان چاغدا ئۇ يېڭى نىكاھلىق بولغىنىغا يېرىم ئايمۇ بولمىغانىكەن.



پۈت - قولىغا كويزا كىشەن سېلىنغاندا، ئۇ يىغلاپ تۇرغان خوتۇنىغا مەردانىلارچە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ماڭا قارا، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. مېنىڭ ئىز دېرىكىمنى قىلالمىساڭ، قايتا ياتلىق بولغىن» دېگەن، قاتتىق سۆڭەكلىك بۇ ئەزىمەت يېڭى ئالغان نازلىق خوتۇنى بىلەن مانا شۇنداق خوشلاشقانىدى.

ليۇ يۈيشەن جاڭېي ساقچى ئىدارىسىدە قاتتىق سوراق قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزى بىلەن جاڭېيگە كېلىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە لەنجۇغا قايتقان يەنە بىر ئاساسلىق جىنايەتچى سۈن لىشۈننى ئىقرار قىلدى. ئۇ لەنجۇدىكى شىمالىي سۇ دەرۋازىدا تۇرىدىكەن. بۇ ئەھۋال شۇ كېچىسىلا لەنجۇغا تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىندى. مەن مەخپىي رازۋېتكا گۇرۇپپىسىنىڭ بارلىق ئادەملىرى ۋە 1 -، 3 - شۆبە ئىدارىنىڭ ئادەملىرىنى ئېلىپ شىمالىي سۇ دەرۋازا ئەتراپىنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالدۇق. نوپۇس تىزىملىكى دەپتىرىنى تەكشۈرگەندە سۈن لىشۈننىڭ شاڭشۈي مەھەللىسىدە تۇرىدىغانلىقىنى، بىر قانچە كۈن ئىلگىرى كۆچۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. نوپۇس تىزىمىغا تىزىمدىن ئۆچۈرۈلدى دېگەن تامغا بېسىلىپ «باشقا جايغا كۆچۈپ كەتتى» دەپ ئەسكەرتىش يېزىلغانىدى.

شۇ ئەسنادا ۋاڭ خۇڭزاۋ باش ئەترەتنىڭ ئىشخانىسىغا ھاپىلا - شاپىلا يېتىپ كېلىپ: بۇرۇن شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىنىڭ 3 - قارارىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئاتلىق دېۋىزىيىدە لىيەنجاڭ بولغان چىن يۈكچۈن ئىسىملىك بىرەيلەن قېشىمغا كەلدى، ئۇ ھازىر گۇاڭۋۇ قوۋۇقىدىكى تاشقى ئارقا كوچا 28 - نومۇرلۇق قورۇدا ئولتۇرىدىكەن. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن مېنى يوقلاپ چيۇ زۈڭجۈننىڭ قەسىرىگە كەپتۇ (ۋاڭ خۇڭزاۋ بۇرۇن شىنجاڭ ھەربىي مەكتىپىدە تەلىم - تەربىيە باشقارما باشلىقى بولغان)، قارىسام روھىي ھالىتى ئانچىلا نورمال ئەمەس، مەن بەكمۇ گۇمانسىراۋاتىمەن، شۇڭا بىرەر ياردىمى

بولارمىكىن دەپ كەلگەنىدىم، دېدى. مەن شۇئان 3 - شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى ۋېنچېڭ، ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇ يۈيچۈەن، ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق پەيچۇسونىڭ باشلىقى جىن ياۋكۇن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرگە گۋاڭجۇمىن سىرتىدىكى 28 - نومۇرلۇق قورۇغا باردۇق. ئالدى بىلەن بۇ ھويلىنى كۆزىتىشكە كۆزەتچى قويۇپ، شۇ ئەتراپنىڭ نوپۇس ساقچىسى، ئامانلىق قوغدىغۇچىسى بىلەن بىللە ھويلىغا باستۇرۇپ كىردۇق. بۇ چاغدا شاڭشۈي مەھەللىسىدىن كۆچۈپ چىققان چېن يۈچۈن بىلەن بىر ھويلىدا تۇرۇۋاتقان سۈن لىشۈن دېرىزىدىن بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى كۆرۈپ، ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ مىلتىق ئېلىپ بىز بىلەن ئېلىشىپ كۆرمەكچى بولدى. مۇشۇ خەتەرلىك دەقىقىدە بىز ئۈچقاندەك تېزلىكتە ئارقىسىدىن كىرىپ ئۇنى تۇتۇۋالدۇق. بىرلا ۋاقىتتا لىيۇ يۈيچۈەن ۋە باشقا ساقچىلار يەنە بىر ئۆيگە بېسىپ كىرىپ چېن يۈچۈننى تۇتتى، بۇ چاغدا چېن يۈچۈننىڭ خوتۇنى چىرايى تامدەك تاتىرىپ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. بۇلانغان نەرسە - كېرەكلەرنى سورىغىنىمىزدا، ئۇ بىزنى ھاجەتخانىدىكى ئۆركىنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپ، بۇلانغان نۇرغۇن نەرسىنى قېزىپ چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتۇن سائەت، ئامېرىكا دوللىرى، كۈمۈش تەڭگە، پەيكى قەلىمى، ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، ياقۇت، غەربچە تاماقلىنىش سايمانلىرى ۋە توك نۇرلۇق سول دېسكىلىق تاپانچا، بەيلاڭنىڭ تاپانچا ۋە ئوقلىرى بار ئىدى. سۈن لىشۈن تۇرغان ئۆيدىن روسىيە گىلىمى، ئالىي دەرىجىلىك ئەديال، تەييار كىيىم، ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، ئالتۇن قەلەم، ئالتۇن سائەت، ئىككى دانە سول دېسكىلىق تاپانچا ئوقلىرى بىلەن ئاختۇرۇپ تېپىۋېلىندى ۋەھاكازالار. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت تولىمۇ خەتەرلىك بولدى. ئەگەر سەللا كېچىككەن بولساق ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر



قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

سۈن لىشۈن دەل شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن چېن يۈچۈننىڭ ھويلىسىغا كۆچۈپ كىرگەن ئىكەن. چېن يۈچۈن بولسا ئۇستازىمنى يوقلايمەن دېگەن نام بىلەن جيۇ زۇچۈننىڭ قەسىرىگە بېرىپ ۋاڭ خۇڭزاۋ بىلەن كۆرۈشكەچ ئەنزىنىڭ رازۋېتكا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكچى بولغان، لېكىن ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ۋاڭ خۇڭزاۋنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، نەتىجىدە ئۇ ئۇستىلىق قىلىمەن دەپ چاندۇرۇپ ئۆزىنى تورغا تاشلاپ بەردى.

چېن يۈچۈن ھېلىمۇ لەنجۇدا تۇرۇۋاتقان گۇەنزىجاڭ، ۋاڭ شياگرېن دېگەن ئىككى نەپەر ئاساسلىق جىنايەتچىنى ئىقرار قىلدى. گۇەنزىجاڭ شىنجاڭدا تۇرغىنىدا ۋاڭ خۇڭزاۋغا شوپۇر بولغان بولۇپ، ھازىر لەنجۇ سودا بانكىسىدا كونا كەسپى بىلەن مەشغۇل ئىدى. بىز دەرھال بانكىغا بېرىپ ئۇنى قولغا ئالدۇق. ۋاڭ شياگرېن بولسا شىنجاڭدا جيۇ دىڭكۈنگە روسچە تەرجىمان بولۇپ يۈرگىنىدە، جيۇ دىڭكۈن بىلەن قاتتىق ئۆچلىشىپ كەتكەن ئىدى. شۇ تاپتا ۋاڭ شياگرېن لەنجۇ شەھىرىدىكى گو فامىلىلىك بىر ئائىلىگە ئاشپەزلىك قىلىۋاتقانىكەن. مەخپىي رازۋېتكا گۇرۇپپىسىدىكى ۋاڭ جېڭچېڭ قاتارلىقلار بېرىپ تەكشۈرگەنىدە، 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېتىپ قالغان بولۇپ، نەگە كەتكەنلىكى نامەلۇم ئىدى. ۋاڭ جېڭچېڭ دەرھال ئاشپەزنى تونۇشتۇرغۇچى لۇەن شيۇلىننى ئېلىپ ئىزلەپ، 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تاڭ سەھەردە جۇڭشەن يولىدا توساتتىن ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ قېلىپ قولغا چۈشۈردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئەنزىنىڭ باش جىنايەتچىلىرىدىن لىيۇ يۈيشەن، چېن يۈچۈن، سۈن لىشۈن، گۇەن زىجاڭ، ۋاڭ شياگرېن قاتارلىقلار ۋە بۇلانغان ماللارنى يوشۇرۇپ بەرگەن ئالتە كىشى قولغا چۈشكەن بولدى. لىيۇ يۈيشەن قاتارلىقلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئەنزىدىكى ئاساسلىق پىلانلىغۇچى شىنجاڭدا! شىڭ شىسەي

دەۋرىدە ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى بولغان جاڭ دېيۋي دېگەن كىشى بولۇپ، ھازىر خىزمەتتىن بوشاپ، لەنجۇ شەھىرى غالىبىيەت يېڭى مەھەللىسىدىكى 7 ـ نومۇرلۇق قورۇدا ئولتۇرىدىكەن. ئاساسلىق جىنايەتچىلەردىن يەنە ليۇ زىلى، زاڭ جىڭجۇ، ليۇ چۇڭشەن، دۇڭ پۇيياۋ، شاڭ دېرۇڭ، چېن يۈيتىيەن قاتارلىق ئالتەيلەننى تۇتقاندا ئۇلار جەمئىي 12 ئادەم ئىكەن. چيۇ ئالىسىنىڭ قەسىرىگە بېرىپ ھەرىكەتكە قاتناشقۇچىلار ليۇ زىلى، ليۇ يۈيشەن، سۇن لىشۇن، چېن يۈكچۇن، ۋاڭ شياگۈيىن، دۇڭ پۇيياۋ، ليۇ چۇڭشيەن، گۇەن زىجاڭ، چى يۈيتيەندىن ئىبارەت توققۇز ئادەم ئىكەن. ئەنزىدىكى جىنايەتچىلەر تولۇق پاش قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن قاچقان جىنايەتچىلەرنى تېپىش، بۇلانغان مال ـ مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىش يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۈل ئىدى.

## باش جىنايەتچىلەرنىڭ تورغا چۈشۈشى

جاڭيېدە تۇتۇلغان ليۇ يۈيشەننىڭ ئىقرارى بويىچە مەن دەرھال مەخپىي رازۋېتكا گۇرۇپپىسىغا شەخسەن يېتەكچىلىك قىلىپ غالىبىيەت يېڭى كەنتى 7 ـ نومۇرلۇق قورۇغا يەنى جاڭ دېيۋي تۇرۇۋاتقان قورۇغا باردىم. لېكىن جاڭ دېيۋي ئاللا بۇرۇنلا ياقا يۇرتقا چىقىپ كەتكەن، ئۇنىڭ خوتۇنى كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان ئىكەن. ئۇ جاڭ دېيۋينىڭ ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، باشقا خوتۇن ئېلىپ كېتىپ قالغانلىقىدىن يىغلاپ تۇرۇپ شىكايەت قىلدى. نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاختۇرۇپمۇ ھېچنېمە تاپالمىدۇق. مەن ھويلىدا ھەر تەرەپكە كۆز تاشلىغاچ نېمە قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرغۇنىمدا، تام تۈۋىگە سۈپۈرۈپ دۆۋىلەنگەن ئەخلەتلەر ئارىسىدىكى كىرلىشىپ كەتكەن بىر دانە كونۋېرتقا كۆزۈم چۈشتى. كونۋېرتىنىڭ ئاستى تەرىپىگە: «جونى ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابىدىن» دەپ يېزىلغانىكەن. تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق بۇ خەت جاڭ دېيۋينىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان بولۇپ چىقتى. بۇنىڭدىن جاڭ دېيۋينىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ جونىلىق ئىكەنلىكىنى، جاڭ دېيۋينىڭ چوقۇم جونىدا بولۇشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىشتۇق. ئۇنىڭ جونى ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ نامىنى ئىشلىتىشى پەقەتلا باشقىلارنىڭ گۇماندىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىلىنغان نەيرەڭ بولۇپ، چېنىپ قېلىشنى ئويلىمىغان. بۇ مۇھىم يىپ ئۇچى تېپىلغاندىن كېيىن بىز دەرھاللا گەنسۇ ئۆلكىلىك ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ، ئۇلاردىن جونى ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ ئۇلاردىن جونى ئامانلىق ساقلاش شتابىنىڭ قوماندانى ياڭ فۇشىڭغا جىددىي تېلېگرامما بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق. بۇ چاغدا ياڭ فۇشىڭ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن لەنجۇدا تۇرۇۋاتقانىكەن. شۇڭا بىز بۇ ئىشنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قوماندانى گوجىچياۋغا دوكلات قىلدۇق. گوجىچياۋ ياڭ فوشىڭغا جاڭ دېيۋينى تۇتۇشقا يۈز تۇرانە بۇيرۇق چۈشۈردى.

ياڭ فۇشىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە جونىغا قايتىپ بېرىپلا چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىپ جونىنىڭ بوگو دېگەن يېرىدە جاڭ دېيۋينى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. يەنە جاڭ دېيۋي بىلەن بىللە قاچقان ليۇزىلىنىڭمۇ يېقىندىن بۇيان جاڭ دېيۋينىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شۇ كۈنى بازارغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، دەرھال جونى شەھىرىگە كىرىپ، بازار ئىچىدىكى بىر ئاشخانىدا ھاراق ئىچىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋاتقان ليۇ زىلىنى تۇتۇپتۇ. جاڭ دېيۋي بىلەن ليۇ زىلى ۋاقىتىنچە جونى ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىدا تۇتۇپ تۇرۇلدى. ئارقىدىن ياڭ فۇشىڭدىن بىزنىڭ قابىل ئادەملەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئېلىپ

كېتىش توغرىسىدا تېلېگرامما كەلدى.

ساقچى ئىدارىسى باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇيۇيچۇەن باش بولۇپ، 7 - شۆبە ئەترەت باشلىقى شى زىنتاۋ، شۆبە ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ جيەنيە قاتارلىق 13 كىشى بېرىپ، جاك دېيۋي بىلەن ليۇ زىلىنى ئېلىپ كېلىشنى قارار قىلدى. ئۇلار يولغا چىققاندا، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گۇ جۇاڭ ئارمىيە قوماندانى جياڭ يۇنتەيگە ئاغىنىدارچىلىق يۈزىسىدىن ئىلتىجا قىلىپ، جونى ئامانلىق ساقلاش قوماندانى ياڭ فۇشىڭغا بىر پارچە خەت يازدۇردى. خەتتە جىنايەتچىلەرنى ئېلىپ كېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشى ئۈچۈن يېقىندىن ياردەمدە بولۇش تەلەپ قىلىنغانىدى. تەييارلىقلار پۈتۈپ 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت يەتتە بولغاندا ئاپتوموبىل بىلەن لەنجۇدىن يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان شەھەر خەلقى يول ئۈستىگە يىغىلغانىدى. تولۇق قوراللانغان ساقچىلار ماشىنىغا ماي تۆكۈپ، شىڭلى، كويزا - كىشەن، ئوق - دورا قاتارلىقلارنى تېزلىكتە قاچىلاپ، ئادەملەر توپى ئىچىدىن يول ئېچىپ ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى. بۇنىڭدىن شەھەر ئاھالىسىنىڭ بۇ ئەنزىگە نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلار يولدا ھايال بولۇپ قېلىپ، 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاران يېتىپ باردۇ. ساقچىلار ليۇ زىلىغا كويزا - كىشەن سېلىنىپ، جاك دېيۋيگە سېلىنمىغانلىقىنى كۆرگەن. جاك دېيۋي بىلەن ليۇ زىلى سوراق قىلىنغاندا، جاك دېيۋي ئەنزىنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، پەقەت ئىشتىن كېيىن بىلگەنىدىم دەپ تۇرۇۋالدۇ. ليۇزىلى دەسلىپىدە تېنىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى تاپشۇردۇ. ھەمدە بۇلانغان ماللار



يوشۇرۇنغان جاينى ئىقرار قىلدۇ. ھەيدەپ كېلىشكە بارغانلار 2 - قېتىم جونىغا ئۇن چاقىرىم كېلىدىغان جەنۇب تەرەپتىكى بوگو دېگەن يەرگە بېرىپ، جاك دېيۋينىڭ كىچىك خوتۇنىنى ئالدىغا سېلىپ، مال يوشۇرۇلغان جاينى تېپىپ، يۈز سەردىن ئارتۇق زىنقچا ئالتۇن، 49 سەر ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن يامبۇ، تۆت تاپانچا، ئىككى دانە بۆكەن مۈڭگۈزى، تۆت تال ياقۇت، روسىيە ئەدىيلى، يۇڭ رەخت، نۇرغۇنلىغان ئايالچە كىيىملەرنى تاپىدۇ. جاك دېيۋينىڭ لەنجۇدىكى تۇرالغۇ جايىدىن روسىيىدە ئىشلەنگەن ئىككى تال غىلاپلىق خەنجەر (خەنجەردە قان داغلىرى بار ئىدى)، بىر تال رەسىم تارتىش ئاپپاراتى قاتارلىقلار تېپىلغان.

جونىدا ھاۋا تۇتۇلۇپ، ئۇدا ئۈچ كۈن سىم - سىم يامغۇر يېغىپ پاتقاقچىلىق بولۇپ، بارغانلار ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قېلىپ 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى لەنجۇغا قاراپ يولغا چىقىپ، 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچ سائەت توققۇزلاردا تەسلىكتە لەنجۇغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ جاك دېيۋي بىلەن ليۇزىلىنى ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىپ بىر ئاز ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشتۈردۇق. ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى جايىدا ئىدى. كۈلۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇراتتى. گېزىتخانىنىڭ مۇخبىرلىرى: «ھازىر سىلەر چېيۇ جەمەتىدە يۈز بەرگەن ئەنزە توغرىسىدا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىلەر» دەپ سورىغاندا، جاك دېيۋي كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئۇنىڭ ئويلىنىپ ئولتۇرغۇچىلىكى يوق. ئەمما بۇ قېتىم مەن كۆپچىلىكنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدىغان بولدۇم!» دېدى. ليۇ زىلى بولسا مەردانىلەرچە: «بۇنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئۆچ ئېلىش دېگەن يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىش دېگەنلىكتۇر. چېيۇ زۇڭجۇن دېگەن قېرىنى ۋە ئۈچ بالىنى ھەتتا چېيۇ دىڭكۈننىڭ خوتۇنى بىلەن يەنە بىر مالايىنىمۇ مەن جايلىۋەتتىم...» دېدى. جاك دېيۋي بىر

چەتتە ئۇندىمەي كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. كۆپ ھايال بولماي
تاماق كەلتۈرۈلدى. ئۇلار غىزالانغاندىن كېيىن، تۈرمىگە ئاپىرىپ
قاماپ قويدۇق.

شۇ چاغقىچە يەنە ليۇجۇڭشيەن، زاڭ جىڭجىڭ، شاڭ دېرۇڭ،
دۇڭ پۇمياۋ ۋە چى يۇيتەندىن ئىبارەت بەش كىشى تېخى قول-
غا چۈشمىدى. تەكشۈرۈشىمىزچە ليۇ جۇڭشيەن 39 ياش بولۇپ،
ئەسلىدە لەنجۇ شەھىرى باغچا يولى 27 - قورۇدا تۇرىدىكەن.
ئەنزە يۈز بەرگەندىن كېيىن شەھەر ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ،
5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگە كەلگەندە ساقچى ئىدارىسىدىن يول
خېتى ئېلىپ لەنجۇدىن غەرب تەرەپكە قاراپ كېتىپتۇ. شاڭ
دېرۇڭ 43 ياشتا بولۇپ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ مىيەنشيەن ناھىيە-
سىدىن ئىكەن. 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يول خېتى ئېلىپ
شىنجاڭغا كېتىپ قاپتۇ. دۇڭ پۇمياۋمۇ شىنجاڭغا قېچىپ كېتىپتۇ.
غەربىي شىمال باشلىق مەھكىمىسى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ دىخۇا
(ئۈرۈمچى) شەھىرىگە قاتىللارنى تۇتۇشقا ھەمكارلىشىش توغرى-
سىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ تېلېگرامما بېرىلگەن بولسىمۇ، ھېچقانـ-
داق نەتىجە بولمىدى. زاڭ جىڭجىڭ 40 ياشتىن ئاشقان لياۋنىڭـ-
لىق بولۇپ، بۇرۇن ماجەنشيەننىڭ قول ئاستىدا بىرگادا كو-
ماندىرى بولغان. ئۇ لەنجۇ شەھىرىنىڭ سول تەرەپ تاشيول 9 -
نومۇرلۇق قورۇسىدا تۇراتتى، ئەنزە سادىر بولۇپ ئۈچ كۈن
ئۆتكەندە خوتۇن - بالىلىرىنى تاشلاپ ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ
كەتكەن. ليۇ زىلىننىڭ ئېيتىشىچە، چى يۇيتيەن قاتىللىق يۈز
بەرگەن ئاخشىمى ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ، چيۇ زۇڭجۈن
قەسىرىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەن، ئاپشاركىلارنى ئالدىن-
ئالا باغلىۋەتكەن. نەرسە - كېرەكلەرنى ئاختۇرۇشقا ياردەملەشكەن.
ئۇنىڭغا 100 سەر كۈمۈش تەڭگە بەرگەندىن كېيىن غايىپ بول-
غان، ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ئۇنىڭ ليۇ جۇڭشيەن بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى يېقىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىمقى ۋەقەدە ئىچكى



جەھەتتىن ماسلاشقۇچى ۋە سىرت بىلەن ئالاقىلاشقۇچى بولدى.
ليۇ جۇڭشيەننىڭ خوتۇن - بالىلىرى ھېلىھەم شىنجاڭدا تۇرۇ-
ۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ليۇ جۇڭشيەنگە ئەگىشىپ شىنجاڭغا بېرىشتىن
باشقا جايىمۇ يوق.

لەنجۇنىڭ ئۇزۇنغا بارماي جەڭ مەيدانى بولۇپ قېلىش
ئېھتىمالى بولۇۋاتقان، ئازادلىق ئۇرۇش ئاخىرقى غەلىبىگە يېقىن-
لىشىۋاتقان پەيتتە، گومىنداڭنىڭ لەنجۇدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت،
ئارمىيە، ساقچى، ژاندارما ئورگانلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئە-
مەلدارلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ ھالدا ئۇلار
بۇ ئەنزىگە ئارتۇقچە قول سېلىشنى خالىمىدى، ساقچى ئىدارى-
سىنىڭ ئەنزە ئىشلىگەن خادىملىرىمۇ قاتتىق چارچىدى ۋە «ئاسا-
سىي جىنايەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قولغا چۈشتى، قالغان جىنا-
يەتچىلەرنىڭ نەگە كەتكەنلىكى نامەلۇم» دېگەننى باھانە قىلىپ
ئىشنى يىغىشتۇرۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ پەقەت سەككىز نەپەر
جىنايەتچىلا تۇتۇلغان بولۇپ، قالغان بەش نەپەر جىنايەتچى
ھەققىدە پەقەت ئادەتتىكىچە تۇتۇش ئېلانى تارقىتىلىپ ئىش
تاماملاندى.

## قاتىللىق قىلىشتىكى سەۋەبلەر

بۇ ئەنزىنىڭ خاراكتېرى دەسلەپتىلا ئاساسىي جەھەتتىن
ئۆچمەنلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈش يەنى ئىنتىقام ئېلىش دەپ
بېكىتىلگەنىدى. سوراق جەريانىدا ئىسپاتلىنىشىچە: ئەنزىگە
ئىشتىراك قىلغان 12 كىشىنىڭ كۆپىنچىسى شېڭ شىسەي، چيۇ
زوڭجۈنلەرنىڭ يۇرتداشلىرى ياكى قول ئاستىدىكى ئادەملىرى
ئىدى. شېڭ شىسەي بىلەن چيۇ زۇڭجۈن شىنجاڭدىكى چاغدا
ئۇلارنىڭ تۇغقان ۋە يار - بۇرادەرلىرىنى ۋەھشىيانە رەۋىشتە
ئۆلتۈرۈپ، ئائىلىلىرىنى خانىۋەيران قىلىپ، پاجىئەلىك ئەھ-

ۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. بۇ ئۇلاردا شېڭ شىسەي، چيۇ زۇڭجۇنلەرگە قارىتا چەكسىز ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ، ئۇلار ئۇزاقتىن بۇيان ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ كەلگەن، ئاخىرى بۇ ئىشنى سادىر قىلغان. ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسىنىڭ ھاياتىنى مىسال قىلساقلا ئەھۋال چۈشىنىشلىك بولىدۇ. ئەنزىنى پىلانلىغۇچى ئىككىنچى ئاساسىي شەخسىي زاڭ جىڭجۇ لياۋنىڭلىق بولۇپ، 1931 - يىلدىن بۇرۇن ئۆز يۇرتىدا «باندىت» بولغان، لەقىمى «ئۇچ قىزىل» بولۇپ، شەرقىي شىمالدىكى مەلۇم بىر قىزىل مىلتىقلىقلار جەمئىيىتىگە كاتىباش بولغان، «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىگە قاتناشقان. ئۆزى باتۇر، چاقىرىق قىلىش كۈچىمۇ كۈچلۈك ئىكەن. كېيىن ماجەنشەنگە قاراشلىق 5 - كورپۇسنىڭ قوماندانى ليۇ بىڭنىڭ قول ئاستىغا ئۆتۈپ بىرىگادا كوماندىرى بولغان. بىر قېتىملىق جەڭدە يالغۇز ئۆزى دۈشمەن ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئىككى دانە ئېغىر پىلىموتنى تارتىۋالغان. 1933 - يىلى قىسىملار چېكىنگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن. شېڭ شىسەينىڭ سەنموسى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1941 - يىلى ئالتايدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە 2 - پارتىزانلار باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، بىر قېتىملىق جەڭدە يالغۇز ئۆزى يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ۋەھشىلىكتە داڭقى چىققان. 1942 - يىلى ئالتاي توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن شېڭ شىسەي باھانا تېپىپ ئۇنى قولغا ئېلىپ، تۈرمىگە تاشلىغان. شېڭ شىسەي ئىچكىرىگە يۆتكەلگەندىن كېيىنلا قويۇپ بېرىلگەن. 1946 - يىلى لەنجۇغا كۆچۈپ كېلىپ چار بازارچىلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ قېتىم ۋەقەنى ئۇ جاڭ دېيۈي بىلەن بىللە پىلانلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى نەق مەيدانغا بارمىغان. ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان نەرسىلەرنى جياڭ



جەنىشىغا بېرىۋەتكەن.

ئەنزىدە ئەڭ كۆپ ئادەم ئۆلتۈرگەن ليۇ زىلى شەرقىي شىماللىق بولۇپ، ئىلگىرى دىخۇا (ئۈرۈمچى) گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ لېيتېنانت دەرىجىلىك كاتىپى بولغان. ئۇنىڭ ئىنىسى 1944 - يىلى شىنجاڭنىڭ غۇلجا ناھىيىسىدە ساقچى ئىدارە باشلىقى بولۇپ تۇرغاندا، پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە (خوتۇنى ۋە ئىككى بالىسى بالىلارنىڭ بىرسىنى ليۇ زىلى بېقىۋالغان) شېڭ شىسەي، چيۇ زۇڭجۇن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئۇنىڭ يېقىن ئاغىنىسى سۇن جىبىي، گو شيەنتەنلەرمۇ شۇ چاغدا قازاغا ئۇچرىغان. مانا شۇ سەۋەپتىن ئۇ چيۇ ئائىلىسىدىكى قېرى - چۈرىلەرنىڭ ھەممىسىنى خەنجەر ئاستىدىن ئۆتكۈزگەن.

ليۇ يۈيشەن ئەسلىدە ياپونغا قارشى ھەققانىيەتچىلەر قوشۇنى 3 - بىرىگادا 5 - پولكىدا بەنجاڭ بولغان. 1933 - يىلى دادىسى بىللەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن، كېيىن دادىسى قۇتۇبى ناھىيىسىگە ھاكىم بولۇپ تۇرغاندا، شېڭ شىسەي يوقىلاڭ بەتناملارنى چاپلاپ، دادىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ بۇ ئاداۋەتنى كۆڭلىگە چوڭقۇر پۈكۈپ، ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ يۈرگەن.

ئۇلارنىڭ ئاز قىسمى چيۇ زۇڭجۇن، چيۇ دىڭكۇنلەرنىڭ بېخىللىقى، رەھىمسىزلىكى ۋە يۇرتداشلىرى بىلەن قول ئاستىدىكىلەرگە قىلچە كۆيۈنمەسلىكىدىن ئۇلارغا ئۆچلۈك قىلغان. يەنە بىر جەھەتتىن شېڭ شىسەي، چيۇ زۇڭجۇنلەرنىڭ شىنجاڭدا بىر قانچە ئونمىڭلىغان بىگۇناھ جانلارغا زامىن بولۇشتەك فاشىستىك زوراۋانلىقى ئۇلاردا ھەققانىي غەزەپ قوزغىغان. مەسىلەن، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق پىلانلىغۇچىسى بولغان جاڭ دېيۈي 47 ياشتا بولۇپ، ئەسلى خېنەنلىك، ياش ۋاقتىدىلا جاھانگىزەر پالۋان بولۇپ، شەرقىي شىمالدىكى چاغدىلا ئانچە - مۇنچە داڭقى چىققان. كېيىن شەرقىي شىمالدىكى ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋە-

تەننى قۇتقۇزۇش قوشۇنىغا قاتنىشىپ. شىمالىي مانجۇرىيەدە يا-
پون قاراقچىلىرى بىلەن جەڭ قىلغاندا، شەرقىي شىمال ياپونغا
قارشى بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى ماجەنشەننىڭ قول
ئاستىدا پەيجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. كېيىن سوۋېت
ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىپ لىتىنات لىيەنجاڭ بولغان.
شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ 3 - قارارىدا ھەربىي تەلىم -
تەربىيە ئالغاندىن كېيىن ئالتايدىكى چېگرا قاراۋۇللۇق پونكىتى-
دا ئەترەت باشلىقى بولغان. ئالتايدا يۈز بەرگەن بىر قانچە
قېتىملىق جەڭلەرگە قاتناشقان. ئۇ شۇ چاغلاردا شېڭ شىسەينىڭ
ئەڭ باتۇر ئەزىمەتلىرىدىن ئىكەن. ئىلى «توپىلاڭ»نى باستۇ-
رۇشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە كۆرسەتكەن. شېڭ شىسەينىڭ شىن-
جاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتە جان
كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ دەرىجىسى پەيدىن-
پەي ئۆرلەپ لىيەنجاڭ، تۇەنجاڭ ۋە شىنجاڭ ئاتلىق ئەسكەر-
لەر دىۋىزىيىسىنىڭ گېنېرال مايور ئۇنۋانلىق كوماندىرى بولغان.
شېڭ شىسەينىڭ بىر قانچە قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىقىدىمۇ جاڭ
دېيۈي ھېچنېمە بولمىغان. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە
يۆتكەلگەندىن كېيىن، جاڭ دېيۈيمۇ 1946 - يىلى لەنجۇغا كې-
لىپ ئولتۇراقلىشىپ، گېنېرال مايور دەرىجىلىك مائاش تەمىناتى-
دىن داۋاملىق بەھرىمان بولغان. كېيىنچە ئۇنىڭ چيۇ فامى-
لىلىك ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ قالغان.
جاڭ دېيۈي قىمار، ئەپيۇن خۇمارى بولۇپ، ئىككى خوتۇنى
بار ئىكەن. تۇرمۇشتا چىرىك ۋە چۈشكۈن بولغانلىقتىن ھال
ئوقىتى بارا - بارا كاساتلاشقان. 70 ياشلىق ئاپىسىنى كۈتۈشكە
ئادەم ئېلىش، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان چوڭ خوتۇنىنى دا-
ۋالىتىش، كىچىك خوتۇنىنىڭ ئىككى ياشلىق بالىسىنى باقتۇرۇش
ۋە ئىككى قات بولغانلىقى ئۈچۈن ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قا-
تارلىق ئىشلاردا پۇلى يېتىشمەي قىسىلىپ قالغان. ئۇ شىنجاڭ-



دىكى چېغىدا چيۇ دىڭكۈن بىلەن بىرلىشىپ بىر تاختاي زاۋۇتى
قۇرغانىكەن. لەنجۇغا كەلگەندىن كېيىن يەنە چيۇ دىڭكۈن
بىلەن بىرگە نيۇجۇاڭدا ئۇن زاۋۇتى قۇرغان. جاڭ دېيۈي تۇر-
مۇشتا پىلانسىز، بەتخەج بولغانلىقى ۋە تىجارەتتىكى تەدبىرسىز-
لىكىدىن ئۇن زاۋۇتى يېپىلىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا
ئۇ قىمار ئويناش، ئەپيۇن چېكىش سەۋەبىدىن قاتمۇ قات
قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان. قەرز سۈيلىگۈچىلەرگە تەھدىت سال-
غان. نەتىجىدە دوست - يارەنلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئاخىرى
پەقەت چيۇ جەمەتىدىكىلەر بىلەنلا بېرىش - كېلىش قىلىدىغان
بولۇپ قالغان. ھەدېسىلا چيۇ جەمەتىگە بېرىپ قىمار ئوينىغان،
ئەيش - ئىشرەت قىلغان. كېيىن جاڭ دېيۈي چيۇدىڭكۈنگە
لەنجۇدا يەنە بىر قېتىم ھەمكارلىشىپ دەسمايە سېلىپ كارخانا قۇرۇ-
شنى، پايدىنى شەرقىي شىماللىق يولداشلارغا ئىئانە قىلىشنى (جاڭ
دېيۈينىڭ قول ئاستىدىكىلىرىدىن لەنجۇغا كۆچۈپ كەلگەنلەر كۆپ
بولۇپ، بۇ قېتىمقى ئەنزىگە قاتناشقانلار قوشۇلۇپ، دائىم جاڭ
دېيۈينىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى توغرىسىدا زار-
لىنىدىكەن) تەكلىپ قىلغاندا، چيۇ دىڭكۈن رەت قىلغان. نەتىجىدە
بۇ ئىش ئۇنىڭدا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ قىساس ئېلىش نىيى-
تىگە كېلىپ، ئاخىرى جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ ۋەقە-
نىڭ باش قەھرىمانى بولغان. چى يۈيتيەننى ئالىدىغان بولساق،
ئۇ شەرقىي شىماللىق بولۇپ، سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا شىنجاڭدا
تۇرغاندا چيۇ زۇڭجۈننىڭ يېقىن ئادىمى ۋە قابىل قولچومىقى بولغان.
چيۇ زۇڭجۈن خىزمەتتىن بوشاپ دەم ئالغاندىن كېيىن ئۇ چيۇ زۇڭجۈن-
نىڭ ئەپيۇن چېلىمىنى تازىلاپ، ئەپيۇن قاچىلاپ، ئوت تۇتاش-
تۇرۇپ يۈرۈپ ئۆزىمۇ ئەپيۇن خومارى بولۇپ قالغان. لەنجۇغا
كەلگەندىن كېيىن چيۇ جەمەتىگە ئىشىكباقار بولغان. ئۇ 40
ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ يەنىلا تەنھا بويتاق يۈرۈپ، تۇرمۇشتا
كۆڭۈلسىز ئۆتكەن. چيۇ فامىلىلىك ئاتا - بالىنىڭ تىل - ئا-

ھانەت ۋە تاياق - توقمىقىدىن خالىي بولالمىغان. دائىم جاڭ دېيۈينىڭ يېنىغا بېرىپ دەرت تۆككەن. بۇ قېتىمقى ۋەقەدە ئۇ ئىچكى جەھەتتىن ئوبدان ماسلىشىپ، ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرگەن، غەنىمەت بۆلۈشكەندە ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان يۈز سەردىن ئارتۇق كۈمۈشتىن باشقا يەنە فېي بوپېڭنىڭ ياقۇت، مەرۋايىت، گۆھەر قاچىلانغان قول سومكىسىنىمۇ ئېلىپ كەتكەن.

قالغانلارنىڭ بىۋاسىتە ئۆچ ئاداۋىتى بولمىسىمۇ، ئۇلار شىيېك شىسەي، چيۇ زۇڭجۇنلەرنىڭ يۇرتداشلىرى، قول ئاستىدا ئىشلىگەن كىشىلىرى بولۇپ، شىيېك شىسەي، چيۇ زۇڭجۇنلەرنىڭ ئۆز چۆنتەكلىرىنى لىق توشقۇزۇپ، ئۆزلىرى بىلەن كارى بولمىغانلىقىغا نارازى بولغان. ئانچە - مۇنچە ياردەم سورىسا زاكات - سەدىقە ھېسابىدا ئىلتىپات قىلىش ئورنىغا ئەكسىچە «بايلىقىمىزنى خۇاڭخې دەرياسىغا تۆكۈۋېتىشكە رازىمىزكى، ئىنساپسىز، ۋىجدانسىز شەرقىي شىماللىقلارغا بەرمەيمىز» دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تېگىپ، ئۇلارنى قىساس ئېلىش يولىغا مېڭىشقا مەجبۇر قىلغان. جىنايەتچىلەرنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن ئەنزىنىڭ خاراكتېرى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. بۇ ئەنزىنىڭ مال قەستى ياكى قىساس ئېلىش ئىكەنلىكى شۇ چاغدا خېلى بەس - مۇنازىرە پەيدا قىلغانىدى.

### ئەنزىنىڭ يۈز بېرىش جەريانى

جىنايەتچىلەرنىڭ ئىقرارىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەنزىنىڭ يۈز بېرىش جەريانىنى ئالاقىلىشىش، پىلانلاش، قول سېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئالاقە باغلاش جەريانى تەبىئىي شەكىللەنگەن. بۇ ئەنزىنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شىيېك شىسەي، چيۇ زۇڭجۇن، چيۇ دىڭكۇن، ۋاڭ خۇڭزاۋلار شىنجاڭدا تۇرغاندا ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا ئوفىتسېر بولغانلار



ياكى شەرقىي شىماللىق يۇرتداشلاردىن بولۇپ، لەنجۇغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشىپ تۇرغان. تۇرمۇشىنىڭ كاپالەتسىز بولغانلىقىدىن بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولۇشقان. شىنجاڭدا تارتقان كۈلپەتلىرى ھازىرقى بەختسىزلىكلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقان، شۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ كونا - يېڭى ئاچچىقى شىيېك شىسەي بىلەن چيۇ زۇڭجۇنغا مەركەزلەشكەن. شىيېك شىسەي بولسا ئاللىبۇرۇنلا ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېلىپ، غىپپىدە تەيۋەنگە تىكىۋەتكەن. ئەمدىلىكتە چيۇ دىڭكۇنمۇ مىڭ تال زىقچە ئالتۇننى ئېلىپ تەيۋەنگە مېڭىش تەييارلىقىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئۇققان. ئۇلار بۇ پۇرسەتنى قولدىن چىقىرىپ قويماي دەرھال ھەرىكەتكە كېلىشنى نىيەتكە كەلگەن ۋە جاڭ دېيۈي (دىۋىزىيە كوماندىرى)، زاڭ جىڭجۇ (بىرىگادا كوماندىرى) باشچىلىقىدا ھەرىكەت پىلانى تۈزگەن. پىلان تۈزۈش باسقۇچىدا ئايرىملارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلاشقىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇلار جەمئىي ئۈچ قېتىم يىغىلىپ باش قوشقان. 4 - ئاينىڭ باشلىرى ۋە 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىككى قېتىم جاڭ دېيۈينىڭ ئۆيىگە جەم بولۇپ مەسلىھەتلەشكەن. 3 - قېتىمدا 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا جۇڭشەنلىك باغچىسىنىڭ چايخانىسىغا يىغىلغان. ئۇلار ھەر ئېھتىمالنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېيىن پاش بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، چيۇ جەمەتىنىڭ خوجايىنلىرى ۋە چاكار - مالايلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى قارار قىلىشقان.

ئۇلار ئەسلىدە چيۇ زۇڭجۇننىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە ھەرىكەت قىلىپ، چيۇ زۇڭجۇننى تۇغۇلغان كۈنىنىڭ ئۆزىدە جېنىدىن جۇدا قىلىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، لېكىن شۇ كۈنى كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ جەزمەن كۆپ بولىدىغانلىقىنى، بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ قۇربان بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىپ، 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كېچىدە قول سېلىشنى قارار قىلغان.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە ليۇ جۇڭشەن ئىشىراكچىلارنى جاڭ دېيۈينىڭ ئۆيىگە يىغقان، جاڭ دېيۈي ھەممەيلەننىڭ ئىش تەقسىماتىنى بېكىتكەن. جاڭ دېيۈي، ليۇ زىلى، ليۇ يۈيشەن، سۈن لىشۈن، چېن يۈكچۈن، ۋاڭ شياگۈرىن، دوڭ پۈمىياۋ، ليۇ چۈڭشيەن، گۇەن زىجاڭ، چى يۈيتيەن، زاڭ جىڭجۇ، شاڭ دېرۇڭدىن (جاڭ جەنشىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمەس) ئىبارەت 12 ئادەم بولۇپ، زاڭ جىڭجۇ بىلەن شاڭ دېرۇڭ يىغىنغا كەلمىگەن، ئەنزە نەق مەيدانىغىمۇ بارمىغان. چى يۈيتيەن ئۆي ئىچى ئەھۋالىغا مەسئۇل بولغانلىقتىن كەلمىگەن. چى يۈيتيەن ئۇقتۇرۇشنى ئالغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى كەچ كىرىشى بىلەنلا بۆرە ئىتلارنى خالىي جايغا ئاپىرىپ باغلىۋەتكەن. كەچ سائەت توققۇز ئەتراپىدا ئۇلار ئاپتوموبىل بىلەن چيۇ جەمەتىنىڭ قورۇسى ئالدىغا بېرىپ توختاپ، ليۇ جۇڭشيەن مەخپىي ئالاقە بەلگىسى بەرگەندىن كېيىن چى يۈيتيەن دەرۋازىنى ئاچقان، ئالدى بىلەن سۇ توشۇغۇچى گوشفانى، مۇھاپىزەتچى خې دىيىۋەن، خې دېفا ئاكا - ئۇكىلارنى قولىنى ئارقىغا قىلىپ باغلاپ، ئاغزىغا لاتا تىقىپ قويغان. ئۇلار نىمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە ليۇ زىلى، ۋاڭ شياگۈرىن، دوڭ پۈمىياۋلار تەڭلا قول سېلىپ پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرگەن. ليۇ يۈيشەن بىلەن چېن يۈكچۈن پىلان بويىچە چيۇ دىڭكۈن ئەر - خوتۇن ياتىدىغان ھوجرىنىڭ قاغا تۇمشۇقىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۆي ئىچىدە ساقلاپ ئولتۇرغان. ليۇ زىلى، ۋاڭ شياگۈرىن، دوڭ پۈمىياۋ ئۈچەيلەن چيۇ زۇڭجۈننىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ ئۇنى پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرگەن. چيۇ دىڭكۈننىڭ چوڭ ئوغلى 15 ياشلىق چيۇ گۇاڭخۇا چيۇ زۇڭجۈن بىلەن بىر كارىۋاتتا ئۇخلىغان بولۇپ، ئۇنىمۇ چېپىپ ھوشىدىن كەتكۈزگەن. ئاندىن كېيىن ئۇلار ھەرقايسى ئۆيلەرگە بۆلۈنۈپ كىرىپ، چيۇ دىڭكۈننىڭ يەتتە ياشلىق كەنجى ئوغلى چيۇ گۇاڭرۇينى، بەش ياشلىق كەنجى قىزى چيۇ گۇاڭلىنى پالتا، تۆمۈر توخماق،



پىچاقلار بىلەن چېپىپ، چاناپ، سانچىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ چاغدا ليۇ يۈيشەن چيۇ دىڭكۈننىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن تاقەتسىزلىنىپ، چيۇ زۇڭجۈن ياتقان ئۆيگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا چيۇ گۇاڭخۇا تېخى ئۆلمىگەن. ئۇ ئىچ ئاغرىتىپ، چيۇ جەمەتىنىڭ بىر تال مايسىسى بولسىمۇ تىرىك قالسۇن دېگەن ئوي بىلەن ئۇنى يوتقانغا ئوراپلا كارىۋات ئاستىغا يوشۇرغان، كېيىن ليۇ زىلى كىرىپ نەرسە - كېرەك ئىزدەۋاتقاندا، كارۋات ئاستىدا ئادەم بارلىقىنى سېزىپ قېلىپ ئۇنى تارتىپ چىقىدۇ. چيۇ گۇاڭخۇا ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن غالىلداپ تىترىگەن ھالدا يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىپ، بىر قوشۇن قېنىدىن كېچىشىنى ئۆتۈنىدۇ. لېكىن ليۇ زىلى قىلچە ئىككىلەنمەيلا پالتا بىلەن بىر ئۇرۇپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. ليۇ زىلى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق قىلمىسا ئاقىۋەت ئوبدان بولمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تۇغقان، يار بۇرادەرلىرىدىن ئالتەيلەن شىلىڭ شىسەي، چيۇ زۇڭجۈنلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، قانغا - قان، جانغا - جان ئالمىسا ۋىجدانى قەتئىي ئۇنىمايتتى.

ئۇلار يەتتە ئادەمنىڭ جېنىنى جۇدا قىلغاندىن كېيىن چيۇ دىڭكۈن ئەر - خوتۇننىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۇدۇ. چى يۈيتيەن ئۇلارغا چيۇ دىڭكۈن ئەر - خوتۇن دوستلىرى چېن زۇڭشى، فەن خېنىم ۋە شوپۇر بى دېيەنجۈنلەر بىلەن جىنچېڭ تىياتىرخانىسىغا كىنو كۆرۈشكە كەتكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. كەچ سائەت ئونبىرگە يېقىنلىشىپ ھەممەيلەن تازا تىت - تىت بولۇپ تۇرغاندا دەرۋازا سىرتىدىن ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا دەرۋازىنى ئېچىشقا چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلانغان. ھەممەيلەن دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتى ئارقىسىغا مۆكۈنۈپ، دەرۋازا ئېچىلىپ، پىكاپ ئالدىنقى ھويلىغا كىرىپ توختاش بىلەن ھەممەيلەن تەڭ يوپۇرۇلۇپ بېرىپ، پىكاپنى قورشىۋېلىپ ناھايىتى چاققانلىق بىلەن چيۇ دىڭكۈن، فېي بوپىڭ

قاتارلىقلارنى تارتىپ چۈشۈرۈپ، لوڭگە بىلەن ئاغزىنى ئېتىپ،
كۆزلىرىنى تېڭىپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلىغان. لىيۇ
يۈيشەن قاتارلىقلار چيۇ دىڭكۇننى ھەيدەپ ھوجرىسىغا ئېلىپ
كىرگەن، ئۇنى باغلىمىغان. ئەسلى پىلان بويىچە ئۇنىڭغا پۇل،
مال - مۈلۈك ساقلانغان جايىنى ئىقرار قىلدۇرتۇۋېلىپ ئاندىن جاي-
لىشىۋەتمەكچى بولغان. فېي بوپىڭ دەرۋازا يېنىدىكى چى يۈيتيەن
تورۇۋاتقان ياتاققا ئېلىپ كىرىلگەن. چيۇجەمەتىنىڭ قىمارۋاز
ئاغىنىسى جېن زۇڭشى ماشىنىدىن تارتىپ چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن
ئاغزى توختىماي ۋاتىلداپ، ئۆزىنىڭ ھېچبىر مۇناسىۋەتسىز ئا-
دەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ دەرھال قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغان.
لىيۇ زىلى، ۋاڭ شياگرىنلارنىڭ بۇ قۇرۇق پاراڭلارنى ئاڭلاپ
تۇرۇشقا نەدە ئۇنچىۋالا ۋاقتى بولسۇن. پالتىنى بىر سىلكىپلا ئۇ-
نى جەھەننەمگە يولغا سالغان، شوپۇر بى دىيەنجۇن ئىشىنىڭ
راستىنلا چاتاق بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن
ئېلىشماقچى بولسىمۇ پۇت - قولى خېلى بۇرۇنلا چىڭ تۇتۇۋې-
لىنغانلىقتىن، لىيۇ زىلى بوينىنى سىقىپ ئۇنى جايلىۋەتكەن.
سۇن لىشۇن بى دىيەنجۇننىڭ تولۇق ئۆلمەي قېلىشىدىن ئەن-
سىرەپ يەنە بىر پالتا چېپىۋەتكەن. ئەمەلىيەتتە خېلى بۇرۇنلا
جېنى تېنىدىن جۇدا بولغان.

فېي بوپىڭ ئۆيىدىكى «جازا مەيدانى»غا باغلاپ ئاپىرىل-
غاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاغزىنى ۋە كۆزىنى ئېچىۋەتكەن. ئۇ
يەردە يېتىشىپ كەتكەن جەسەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن
قاتتىق قورقۇپ ۋەھىمە يېگەن ۋە ساراسىمگە چۈشكەن. قانداق-
لا قىلغان بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ،
نالە - پەرياد قىلغان. لىيۇ زىلى بىلەن ۋاڭ شياگرىنغا: «شىنجاڭدا
ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر شىڭ شىسەي بىلەن چيۇ زۇڭجۈن تۇرسا،
ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنىڭ سازايىنى مەن تارتىشىم كېرەكمۇ؟
ئۇلار مېنىمۇ ئادەم دەپ قارىمايدۇ، دائىم بوزەك قىلىنىپ كەم-



سىتىلىمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ جان قەرزىنى مەن تۆلى-
سەم ماڭا ھەقىقەتەن ئۇۋال بولىدۇ» دېگەن. لىيۇ زىلى بۇ گەپ-
لەرگە پىسەنت قىلماستىن، قولىدىكى پالتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ
بىرلا شىلتىغەندە، فېي بوپىڭنىڭ ئارقا مېڭىسىنىڭ قېتىقى چې-
قىپ، جەھەننەمگە كەتكەن.

چيۇ دىڭكۇن ئۆيگە كىرىپلا جان - پېنى چىقىپ، يېلى
چىققان توپتەك بولۇپ قالغان. ئۆزىنى كىرىسلوغا تاشلاپ، بىر-
ئاز ئېسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، سۈيىقەست، ھىيلە - مىكىر
ئىشلىتىشكە كىرىشكەن: «سىلەر بۇرادەرلەردىن قانچىڭلار كەل-
دىڭلار؟ ھېچ ۋەقەسى يوق. بىرئاز پۇل ئالغاچ كېتىپ خەجلەڭلار،
ھازىر ئۆيدە ھېچقانچە پۇل يوق. يۈزنەچچە تال زىقچە ئالتۇن
مۇھاجىرلار بانكىسىغا ئامانەتكە قويۇلغان. ئۆيدە پەقەت بىرتاللا
زىقچە ئالتۇن بار. يىگىرمە نەچچە سەر ئۇۋاق ئالتۇن بار، يەنە
باشقا زىننەت بۇيۇملىرى بار ......، سىلەرگە يېتىشمىسە كەمىنەڭ-
لەر ئېلىشقا بولىدىغان قىلىپ خەت يېزىپ بېرەي ياكى ئۇ-
زۇم بىللە بېرىپ ئېلىپ بەرسەممۇ بولۇۋېرىدۇ» دېگەن. لىيۇ يۈي-
شەن ئۇنىڭغا: بىز ئىنتايىن نۇرغۇن ئادەم، ھەممىمىز سىلەردىن
ئىنتىقام ئېلىشقا كەلدۇق، سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارنىمۇ تاما قىلماي-
مىز» دېگەن. بۇ چاغدا، چوڭ ئۆيدىن ئاچچىق چىقىرىغان ئا-
ۋاز ئاڭلانغان. چيۇ دىڭكۇن ئاڭلاپلا خوتۇنىنىڭ ئۈنىنى تونۇغان
ۋە ئۆڭكى ئۆچۈپ، رەڭگى تاتىرىپ، قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە
قالغان، خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن، ھايات قېلىشىغا كۆزى يەت-
مىگەن ھالدا: «ھەممە بىلەن كونا تونۇشلاردىنكەنمىز، شۇڭا مېنى
قىينىمايلا بىرتەرەپ قىلىڭلار، دادام قېرىپ قالدى، ئۇنى چۆ-
چۈتۈپ قويماڭلار، ھەممىگە ئۆزۈم جاۋاب قىلاي، يەنە بىرسى
بىرتال مايسا قالدۇرۇپ قويساڭلار» دېگەن ھەم قولىدىكى
قول سائىتى بىلەن ئالتۇن ئۈزۈكنى چىقىرىپ لىيۇ يۈيشەنگە سۇ-
نۇپ: «بۇ قول سائەت بىلەن ئۈزۈك مەندىن خاتىرە بولۇپ

قالسۇن» دېگەن. ليۇ يۈيشەن قولىغا ئالغاندىن كېيىن چيۇدىڭ-
كۇن بىلەن داۋاملىق پاراڭلاشقان. چيۇ دىڭكۇننى ئالتۇن، كۇ-
مۈش بايلىقلارنى ساقلىغان جاي بىلەن ساندۇق - ئىشكاپلار-
نىڭ ئاچقۇچ نومۇرىنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇرلىغان. كېچە سا-
ئەت ئۈچتىن ئېشىپ، تاڭ ئېتىشقا يېقىنلاپ قالغان چاغدىلا
ليۇ يۈيشەن چيۇ دىڭكۇننى قانداق ئۆلتۈرۈش ئۈستىدە ئويلانغان.
ئۇنىڭ قىينىماي ئۆلتۈرۈش تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ قويغانلىقتىن،
چيۇ ئائىلىسىنىڭ قوش ئوۋلايدىغان مىلتىقى بىلەن جېنىنى
ئېلىش قارارىغا كەلگەن. يەنە بىر مەھەل ئىشكاپ ساندۇقلارنى
ئاقتۇرۇپ مال - مۈلۈك بايلىقلارنى قولغا چۈشۈرگەندە كېچە
سائەت تۆتتىن ئېشىپ كەتكەن. جەسەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مېھ-
مانخانىغا توپلاپ، يوتقان كۆرپىلەر بىلەن يۆركەپ، ئۈستىگە
بېنزىن چېچىپ، ئوت ئالدۇرىدىغان پىلتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ،
مال - مۈلۈكلەرنى ماشىنىغا قاچىلاپ ئاندىن ھېچ ئىش بولمى-
غاندەك نەق مەيداندىن كېتىپ قېلىشقان، بۇ چاغدا تاڭ ئېتىپ
قالغان.
چى يۈيتيەننىڭ زادى نەگە كەتكەنلىكى ھەققىدە ئۇ-
لارنىڭ ئىقرارىچە، ئەنزىگە قول سېلىش ئالدىدا جاڭ دېيۈي
كۆپچىلىككە: «چى فۇگۇەندىن پەخەس بولۇڭلار، ئۇ چيۇ جە-
مەتىدە ئۇزاق تۇرغان. چيۇ جەمەتىنىڭ ئادەملىرى ئۆلۈۋاتقان
پاجىئەلىك سورۇننى كۆرگەندىن كېيىن ئېچىنىپ، ئىچ ئاغرىتىپ
قالسىلا، ھەممە ئەجرىمىز بىكار كېتىدۇ. ئىشىمىزغا قاتتىق كاشىلا قى-
لىدۇ» دېگەن. شۇڭا چى يۈيتيەنگە كۆپ ۋەزىپە تاپشۇرۇلمىغان.
ئەنزە داۋامىدا چى يۈيتيەنگە يۈز سەر تەڭگە تەقسىملەپ بېرىلگەن.
چيۇ ئائىلىسىنىڭ بىر قاپچۇق ياقۇتى بار بولۇپ، فېي بوپىڭ
كىشىلەرگە ئۆزى قولىدىن چۈشۈرمەي ئېلىپ يۈرىدىغان سومكىغا
چيۇ جەمەتىنىڭ ھەممە تەئەللۇقاتى قاچىلانغان دېگەنىكەن.
چى يۈيتيەن چيۇ جەمەتىنىڭ تېگى تەكتىنى ئوبدان بىلگەچكە



ئاشۇ سومكىنى قولغا چۈشۈرۈپ قىممەت، باھالىق مال - مۈ-
لۈكنى ئۆزى يالغۇز ئېلىۋالغاندەك تۇرىدۇ. چيۇ ئائىلىسىدىن
كېتىدىغان چاغدا چى يۈيتيەننى ھېچكىم كۆرمىگەن. ئۇنىڭ
قاچان كېتىپ قالغىنىنى، قەيەرگە كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمىگەن.

## شىنجاڭدىن كەلگەن ۋەكىللەر

شىنجاڭدىكى ھەر ساھە خەلقى لەنجۇدا چيۇ جەمەتىنى
قىرغىن قىلىشتەك چوڭ قانلىق ئەنزە يۈز بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تې-
پىپ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمگەن. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا
36 كىشىدىن تەركىب تاپقان «شىنجاڭدىكى ھەر ساھەنىڭ قەھ-
رىمانلاردىن ھال سوراش، ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۆمىكى»
ئەيسا ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە لەنجۇغا يېتىپ كېلىپ، چيۇ
جەمەتىنى قان بىلەن يۇيۇۋەتكەن قەھرىمانلاردىن ھال سوراپ،
ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرگەن. ھەر مىللەت خەلقى نامىدىن گەن-
سۇدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى جىنايەتچىلەرنى كەڭچىلىك بى-
لەن بىر ياقلىق قىلىشقا ھەمدە قەھرىمان دەپ تەقدىرلەشكە
دالالەت قىلغان.
ئۆمەك غەربىي شىمال مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسى، گەن-
سۇ ئۆلكىسى، لەنجۇ شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەربابلار
بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە بې-
رىپ، بىر تەرەپتىن ئەنزىنىڭ پاش قىلىنىش ئەھۋالىنى سۈ-
رۈشتۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن جىنايەتچىلەرنى يوقلايدىغانلىقىنى
ۋە ئۇلاردىن ھال سورايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەيسا: «چيۇ جە-
مەتىدىكى قانلىق ئەنزە يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۈرۈمچىمۇ
بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى. ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۆمىكىمىز
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت زاتلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن چيۇ دىڭ-
كۇن ئائىلىسىنى قىرىپ تاشلىغان قەھرىمانلاردىن ھال سوراش

ۋە ئۇلارغا ئىھتىرام بىلدۈرۈش ھەمدە گەنسۇ دائىرىلىرىدىن
ئۇلارنى كەڭچىلىك بىلەن بىرتەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىش
ئۈچۈن كەلگەن. بىز بەزىلەرنىڭ قەھرىمانلارنى مال - مۈلۈك
ئۈچۈن جانغا زامىن بولغان، قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىنىدۇ،
دېيىشىپ يۈرگەنلىكىنى، شىڭ شىسەينىڭمۇ چىۋ جەمەتىنىڭ مال -
مۈلۈكلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن لەنجۇغا ئادەم ئەۋەتكەنـ
لىكىنى ئاڭلاپ چەكسىز غەزەپلەندۇق. شىڭ شىسەي ۋە چىۋ زۇڭـ
جۈن ئېقىمىدىكىلەرنىڭ شىنجاڭدا ئۆلتۈرگەن ئادىمى جاڭ دېـ
يۈي قاتارلىقلارنىڭ چىۋ جەمەتىدە ئۆلتۈرگەنلىرىدىن تۈمەن
ھەسسە كۆپ، ئەگەر جاڭ دېيۈيلەر جىنايەت ئۆتكۈزدى دېيىلـ
سە، شىڭ شىسەي ۋە چىۋ فامىلىلىك ئاتا - بالا ئەڭ ئاۋۋال
قانۇنىي جازاغا تارتىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولمىسا قانۇننىڭ
نېمە رولى بولىدۇ؟ مال - مۈلۈكنى قەستلىگەن دېيىلسە، چىۋ
جەمەتىنىڭ ھەممە مال بىساتى شىنجاڭ خەلقىنىڭ قان تەرى،
ئۇ شىنجاڭ خەلقىگە قايتۇرۇپ بېرىلىشى، شىنجاڭدا مەكتەپ
ئېچىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئوقۇتۇش
كېرەك. شىڭ شىسەي تەيۋەندە تۇرۇپ، چىۋ دىڭكۇندىن قالغان
مۈلۈكلەر ئارىسىدىن مەرۋايىت كەشتىلەنگەن كۆڭلەكنى ئالدى
بىلەن سېتىش..... ھەققىدە تېلېگراممىا بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇق.
مەرۋايىت كەشتىلەنگەن بۇ كۆڭلەك شىنجاڭنىڭ سابىق مالىيە
نازارەت نازىرى چېن دېلىنىڭ كۆڭلىكى ئىدى. چېن دېلى شىڭ
شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەندىن
كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ دەرت - ئەلەم دەستىدىن كېسەل بو-
لۇپ ئۆلگەن. ئۇنى دەپنە قىلىشقا پۇل بولمىغانلىقتىن نۇرغۇن
دوستلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئاران تەسلىكتە دەپنە قىلغان.
بۇ قىممەتلىك بۇيۇم چېن ئائىلىسىنىڭ پەرزەنتلىرىگە قايتۇرۇپ
بېرىلىشى كېرەك» دېگەن.
ئۈمەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مياۋ فېيرەن ئەپەندى مۇنداق



دېگەن: «دىخۇا (ئۈرۈمچى) دىكىلەر چىۋ جەمەتىدىكىلەرنىڭ
ئائىلە بويىچە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالتىس خوش بولدى.
ئۇلار ياخشىلىق قىلساڭ ساۋاپ تاپىسەن، يامانلىق قىلساڭ ھا-
مان بىر كۈنى جازايىڭنى تارتىسەن دېگەن مانا شۇ، دېيىشتى.
بىز بۇ ئەنزىنى بىرتەرەپ قىلغاندا ئادىل ئىش قىلىشنى، قا-
نۇننى خەلق رايىغا قاراپ ئىجرا قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز، ئا-
دالەتنى ياقلايدىغان كۈچ بولغاندىلا كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىل-
لىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مېنىڭ كۈيئوغلۇممۇ شىڭ
شىسەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئائىلىسى تاما-
مەن خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن. چىۋ جەمەتىنىڭ بۈگۈنكى
ئاقىۋىتى ھەققەتەن «ئاسماندا تۇرغىرە - سىرە، چۈشۈپ قال-
ماس ھېچبىر نەرسە» دېگەندەك بولغانلىقىنى چۈشەندۈردۇ. بىز
تۇتۇلغانلارنى كەڭچىلىك بىلەن بىر ياقلىق قىلىشنى، شىنجاڭ
خەلقىنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى، جەمئىـ
يەتتىكى ھەر ساھەگە ئادالەتنى ياقلاشنى مۇراجىئەت قىلىمىز.»
ئۈمەكتىكىلەر زور مىقداردىكى ھال سوراش بۇيۇملىرىنى
ئېلىپ 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئەتىگەن سائەت ئوندا شە-
ھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە كېلىپ، چىۋ جەمەتىدىكى ئەنزىنىڭ
جىنايەتچىلىرىدىن ھال سورىماقچى بولغان، ئىدارە باشلىقى
گوجۇاڭ ئۇلارنى دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان، ئەدلىيە
بۆلۈمچە باشلىقى ۋاڭ دېمىڭ بىلەن جازا ساقچىلىرى باش
ئەترىتىنىڭ باشلىقى فەن زۇڭشياڭ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان.
مېھمانلار بىلەن ساھىبخان ئۆزئارا بىرقانچە ئېغىز تەكەللۇپ
سۆزى قىلىشقاندىن كېيىن، ساقچىلار ھەرقايسى كامېرلارغا
بېرىپ جىنايەتچىلەرگە خەۋەر قىلغان. جاڭ دېيۈي ئىشتىن بو-
رۇن شىنجاڭلىقلار كەلگەنلىكىنى بىلمىگەن، ئۇ ئاڭلاپ بەك
ھاياجانلانغان. بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن قولىدا كويزا، پۇ-
تىدا كىشەن كۆرۈشۈش زالىغا كىرگەن. ھال سورىغۇچىلار قىز-

غىن چاۋاك چېلىپ سالام بەرگەن. جاڭ دېيۈي قايتا - قايتا ئېگىلىپ تەزىم قىلغان ھەمدە ئۈستەل ئالدىغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن سۆز قىلىپ: «بۇ ئەنزىدىكى ئىشلارنى مەن ئىشتىن بۇرۇن بىلمەيتتىم. ئۇلار ئىشلەپ بولۇپ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن. چيۇ فامىلىلىك ئاتا - بالا شىنجاڭدىكى چاغدا بىزنىڭ قىلغانلىرىمىزدىن نەچچە ھەسسە زەھەرلىك، قەبىھ شۇملۇقلارنى قىلغان. شىنجاڭلىق قېرىنداشلار ئۇلارنىڭ قاتتىق زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. شېڭ شىسەي، چيۇ زۇڭجۈن ئاتا - بالا ئەسلىدە قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما قانۇن ئۇلارنى زادىلا سۈرۈشتۈرۈپ باقمىدى. ئۇلار ئىلگىرى دائىملا كىشىنى ئۆلتۈرسەكمۇ ئۆلتۈرۈۋېرىمىز، ھېچكىم بىزنى بىرنېمە قىلالمايدۇ، دېيىشىپ يۈرەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار تېگىشلىك جازاغا تارتىلدى» دېدى. ئەيسا ئورنىدىن تۇرۇپ: «شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ قول چوماقچىلار گۇرۇھى شىنجاڭدا ئۆتكۈزگەن جىنايى شۇملۇقلار ھەممىگە مەلۇم. ھەر مىللەت خەلقىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قىرغىن قىلىنىپ، خەلق ئاياغ - ئاستى قىلىندى، مال - بىساتى بۇلاپ - تالاندى. كىشىلەر يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولۇپ كەتتى. نامراتلىشىپ جان باقالماس ھالغا كەلدى. بىر دۆلەتتە مۇشۇنداق ئادەمنىڭ چىقىشى شۇ دۆلەت ئۈچۈن چوڭ نومۇس، دۆلەت ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشى كېرەك. شۇڭا مەن ھەر قايسىڭلارغا ھېسداشلىق قىلىمەن ۋە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەردە شەرقىي شىماللىقلارغا قارىتا ئۇقۇشماسلىق بولغان. ھازىر سىلەر نومۇسىڭلارنى يۇدۇڭلار. ھەممە كىشى سىلەرگە ھېسداشلىق قىلماقتا. بۈگۈنكى كۈندە سىلەرنى تۇتۇش ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەجبۇرىيىتى، بىز ئەڭ يۇقىرى دائىرىلەردىن خەلق رايىغا بېقىشنى، ئەنزىنى ئادىل بىرياقلىق قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگە ئۇيغۇر ۋەكىل



ئابدۇللا جاڭ دېيۈيگە تاۋۇز، تاماكا، تورت قاتارلىق بۇيۇملارنى تەقدىم قىلدى. جاڭ دېيۈي ئاخىرىدا سۆز قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر ساھەنىڭ لەنجۇغا ھال سوراش ئۆمىكى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنى قوللىغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، چاۋاك ئاۋازى ئىچىدە زالدىن چىقىپ كەتتى.

چېن يۈچۈن، سۇن لىشۈنلەر ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ كۆرۈشۈش زالىغا كىرگەندە، سورۇن تېخىمۇ قىزغىن بولۇپ، جانلىنىپ كەتتى. چېن يۈچۈن ئۆرە تۇرۇپ ھاياجانلانغان ھالدا: «بىز ئەسلىدە شىنجاڭ خەلقىگە ۋەھشىيانە زىيانكەشلىك قىلغان بۇزۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتمەكچى ئىدۇق. ھازىر ئازغىنە بىر قىسمىلا ئۆلتۈرۈلدى. پىلاننى تولۇق ئورۇندىيالمىدۇق. شۇڭا ئالدىڭلاردا تولىمۇ خىجالەت بولۇۋاتىمىز، شىنجاڭلىق قېرىنداشلارنىڭ ھال سوراش ئۆمىكى ئالدىدا ئىچ - ئىچىمىزدىن ئۆكۈنۈپ بىئارام بولماقتىمەن. بۇ قېتىم لەنجۇدىكىلەرگىمۇ نۇرغۇن ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەردۇق. ئۇلار بىز تارتقان ناھەقچىلىكتىن بىخەۋەر، بىز ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، شىنجاڭدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدۇق ....» دېدى.

سۇن لىشۈن: «كۆپچىلىكنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلدىم. بىز شىنجاڭدىكى 14 مىللەتنىڭ 4 مىليون خەلقىگە ۋەكالىتەن لەنجۇغا يېتىپ كېلىپ ئىنتىقام ئالدۇق. كېيىن شېڭ شىسەينىڭ تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى، يەنە تېخى چيۇ جەمەتىدىكىلەرنىمۇ تەيۋەنگە تېزراق قېچىپ بېرىۋېلىشقا دەۋەت قىلىپ تېلېگرامما ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق - دە، ۋاقىتنى سوزماي دەرھال قول سالدۇق» دېدى، سۇن لىشۈن سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئابدۇللا ھاياجانلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىدا «ياشاپ كەت ئەزىمەتلەر» دەپ ۋارقىراپ سالدى ھەم ئۇلارغا سوۋغا بۇيۇملىرى تەقدىم قىلدى.

ئەڭ ئاخىردا ليۇ زىلى، ليۇ يۈيشيەن، ۋاڭ شياڭرېن، جاڭ جەنشىڭ تۆتەيلەن ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ كەلدى. ھال سوراش ئۆمىكىدىكىلەر چاۋاك چالغاچ ھەر بىرسىنىڭ ئىسمىنى سورىدى، يالغۇز ئۆزى سەككىز ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ليۇ زىلىنى تونۇغان ھەممەيلەن ھەيرانلىق ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ھېسسىياتى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشتى، ئارقىدىن ئەيسا ئۆزلىرىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ: «سىلەرنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشۈڭلار ئادەتتىكى ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇشقا ئوخشىمايدۇ، دۆلەتكە، خەلققە زىيان سالغان ھارام نىيەتلىكلەرنى ئۆلتۈرۈش — خەلقنى زىياندىشلاردىن قۇتۇلدۇرغانلىق، شۇڭا سىلەرنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش لازىم...» دېدى. ليۇ يۈيشەن، ليۇ زىلىلار تەشەككۈر بىلدۈرۈشتى. ليۇ زىلى چيۇ جەمەتىدىكى قانلىق قىرغىنچىلىقنىڭ مەنبەسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن: «شىڭ شىسەي تەيۋەنگە مىڭ تال زىغچە ئالتۇننى يۆتكەپ كەتتى. چيۇ جەمەتىدىكىلەرمۇ چەتكە قېچىپ كەتمەكچى بولۇشتى. شۇڭا ئاۋۋال ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىۋېتىپ، ئاندىن باشقا كەلگەننى كۆرمەكچى بولغان ئىدىم، شۇڭا خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان، ھايات تۇرسام خۇشال بولۇپ كەتمەيدىغان، ئۆلۈپ كېتىشكە توغرا كەلگەندە ئەپسۇسلانمايدىغان، ئۆلسەممۇ ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايدىغان بولۇپ قالغانىدىم...». ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندە يەنە چاۋاك - ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، ئۇلارغىمۇ ھال سوراش بويۇملىرى تەقدىم قىلىندى. شۇ ئارىدا، ئەيسا ۋەكىللەر سۇنغان ئىككى پارچە باغاقچىنى ئوقۇدى، ئۇنىڭدا 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چيۇ جەمەتىدە يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىقنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى بايان قىلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنغانىدى. ئەيسا: «بۈگۈن ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئەڭ ياخشىسى قەھرىمانلار يېزىپ چىقىپ بىزگە بەرسە، بىز شىنجاڭغا ئېلىپ كېتىپ تۈرلۈك يېزىقتىكى گېزىتلەردە ئېلان قىلساق. ھەممەيلەن ئوقۇپ



راسا پۇخادىن چىقسا» دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن جىنايەتچىلەر تۈرمىگە ئېلىپ كېتىلدى، ئۆمەكتىكىلەر بىر ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، تۈرمىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ جىنايەتچىلەرنى يوقلاپ، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ كېتىپ قېلىشتى.

## كىشىلەر كۆڭلىنىڭ مايىللىقى

چيۇ جەمەتىنى قىرغىن قىلىش ئەنزىسىنىڭ باش جىنايەتچىلىرى قولغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەرجىمھالى بىلەن ئىقرارنامىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى گېزىتتە ئېلان قىلىندى، نەتىجىدە جامائەت پىكرىدە يەنە بىر قېتىم داۋالغۇش بولۇپ، شەھەر ئاھالىسى ھەممىلا يەردە غۇلغۇلا قىلىشقاندىن تاشقىرى، ھەر ساھەدىكى بىلىملىك زاتلارمۇ ئۆلكە ۋە شەھەردىكى ھەرقايسى گېزىتخانىلارغا ماقالە ئەۋەتىپ ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىشتى، ھەممەيلەن بىردەكلا چيۇ فامىلىلىك ئاتا - بالىنىڭ شىنجاڭدا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، قاتمۇ قات قان قەرزگە بوغۇلغان، تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى، ئۇلارنى ئۆلتۈرگۈچىلەر ھەققانىي غەزەپ بىلەن ئۆزلىرى ۋە بىر قانچە تۈمەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدى، بۇ گۇناھ ئەمەس، زور تۆھپە، ئۇلار مۇكاپاتلىنىشقا، تەقدىرلىنىشكە تېگىشلىك، دەپ ھېسابلىغان. مەن بۇ يەردە شۇ چاغدا ئېلان قىلىنغان بىر قانچە پارچە ماقالىنى كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنىمەن.

«تىنچلىق گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 38 (1949) - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى سانىنىڭ 4 - بېتىگە مۇنۇلار بېسىلغان: «گېزىتخانىمىز چيۇ جەمەتىدىكى قانلىق ئەنزە توغرىسىدا غەلىتە پىكىر بايان قىلغان ئىككى پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى.

گېزىتىمىز خەۋىرى: چيۇ جەمەتىدىكى ئەنزە پاش قىلىنغان-

ىدىن كېيىن، تۇنۇگۇن چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەر ئەترا-
پىدا، گېزىتىمىزنىڭ تىجارەت بۆلۈمى تازا ئالدىراش ئىشلەۋات-
قاندا، ئۇشتۇمتۇتلا «ۋاڭ مىنشىڭ» (خەلق رايىغا نەزەر سالغۇ-
چى)، «فەۋ باۋلى» (زوراۋانلىققا قارشى تۇرغۇچى) دېگەن تە-
خەللۇس ئىشلىتىلگەن ئىككى پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى،
ئالدىنقى خەت پوچتا ئارقىلىق كەلگەن، كېيىنكى خەتنى بىراۋ
گېزىتخانىمىزغا كېلىپ تاپشۇرغان، يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە
خەتنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قاتىللارنىڭ
ئىنتىقام ئېلىش ھەرىكىتىگە تامامەن ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلار-
نى ئاقلاش يۈزىسىدىن يېزىلغان، گېزىتىمىز جەمئىيەتكە مۇلازى-
مەتچىلىك قىلىدۇ، شۇڭا بۇ ئىككى پارچە خەتنى مۇھىم دەپ
قاراپ، جەمئىيەتتىكى زاتلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇپ بېرىش
يۈزىسىدىن تولۇق تېكىستى بىلەن باستۇق. چىۋ جەمەتىدىكى
ئەنزە پاش قىلىنغاندىن كېيىن تۇتۇۋېلىنغان جىنايەتچىلەرنى قان-
داق بىر تەرەپ قىلىشتا قانۇن ئورگانلىرى ئۇلارنى قانۇن
بويىچە جازاغا تارتىدۇ. ھەر قانداق ئادەم ئۇلارنى قانات
ئاستىغا ئالالمايدۇ. ھېچكىمنىڭمۇ ھۆكۈم قىلىش ھوقوقى يوق.
ئىنسانپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ گەپ قىلغاندا، چىۋ دىڭگون-
نىڭ جىنايىتى پەلەككە يەتكەن بولۇپ، ئۆلتۈرۈلسىمۇ كۇپايە
قىلماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ گۆدەك، نارەسىدە پەرزەنتلىرى،
دوست - بۇرادەرلىرى، چاكار - مالايلىرى قاتارلىقلارنىڭ نېمە گۇناھى
بار؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا شۇنچىۋالا زەھەرخەندىلىك قىلىنىدۇ؟
بۇ گېزىتخانىدىكىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىمىز ئەلۋەتتە (تۆۋەندىكى
ئىككى پارچە خەتنىڭ خاتالىقلىرى بەك كۆپ بولسىمۇ ئەسلى
قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە، تەھرىر تۈزىتىش
كىرگۈزمىدى).



# بىرىنچى پارچە خەت

تەھرىر ئەپەندى: گېزىتىڭلار ئەزەلدىن تارتىپلا ئادا-
لەتنى ياقلاپ، يامانلىقتىن يىرگىنىپ، دۆلەتنىڭ مۇنا-
پىقلارنى تازىلىشى، خەلقنىڭ زوراۋانلىقنى يوقىتىشى
ئۈچۈن يار - يۆلەك بولۇپ، رېئال جەمئىيەتتىكى نا-
ھەقچىلىقلارنى پاش قىلىپ كەلدى. شۇڭا مەن ئەرزى-
مەس ماقالەمنىڭمۇ گېزىتتە ئېلان قىلىنىشىنى ئۈمىد قى-
لىمەن. بېسىم قانچە زور بولسا، قارشىلىقمۇ شۇنچە كۈچ-
لۈك بولىدۇ، بۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت.
مېنىڭ ئەنزە توغرىسىدا ئادىل مەيداندا تۇرۇپ يازغان
بۇ تەھلىلىي ماقالەمنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىدى-
كى ھەر دەرىجىلىك ئەربابلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، خەلق
تەشكىلاتلىرى، ئادالەتپەرۋەر زاتلارنىڭ باھالىشى
ۋە ئاقلانە ھۆكۈم قىلىشى، قاتىللارنىڭ پۇشايمان قى-
لىشىغا پايدىسى تېگىپ قېلىشى مۇمكىن.

تەھرىر ئەپەندىگە ئامان ئىسەنلىك تىلەپ
فەن باۋلى 29 - ئىيون

1. ئەنزە يۈز بەرگەندىن كېيىن جەمئىيەتتىكى زات-
لار كۆپىنچە ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نەتىجىسىگىلا
كۆڭۈل بۆلۈپ، ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىگە
ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. ئادالەتپەرۋەر زاتلار ۋە ھوقۇق-
دار ئەربابلارنىڭ ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە
يەكۈنىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئېتىبار بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.
شىنجاڭدا 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ قىرغىن قىلىنىشى
بۇ ئىشنىڭ ئەسلى سەۋەبى بولۇپ، تەپسىلىي ئەھۋالىنى
«شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا سالغان كۈلپەت - تالاپە-

تى» دېگەن كىتابنىڭ 1 ـ، 2 ـ قىسىملىرىنى كۆرۈپ چىقسىلا، شېڭ شىسەيدىن ئىبارەت بۇ دىۋىنىڭ شىنجاڭنى دەپسەندە قىلغان پاكىتلىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

2. زوراۋان، ياۋۇز ھوقۇقدار شېڭ شىسەي، چيۇ زۇڭجۈن، زاڭ خۇڭزاۋ، لى يىڭچى، لى پۇلىن قاتارلىقلار شىنجاڭدا ئون يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا، شىنجاڭ خەلقى ۋە شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىسىدىن جەمئىي يۈز نەچچە مىڭ كىشىنى تۇتقۇن قىلىپ، 50 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قىرغىن قىلغان. ئاتا ـ ئانا، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىدىن كېچىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي شىمالدىن شىنجاڭغا بارغانىنىڭ نەتىجىسى ئۆلتۈرۈلۈش بولسا، جەمئىيەتتىكى ھەققانىيەتچىل كىشىلەر ئۇلار تارتقان ناھەقچىلىققا چىداپ تۇرالامدۇ؟

3. سېسىق نامى دۇنياغا پۇر كەتكەن ياۋۇز دىۋە شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ يالاقچىلىرى شۇنچىۋالا كۆپ مال ـ مۈلۈكنى خىيانەت قىلسا، شۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى قىرغىن قىلسا يەنىلا قانۇنىي جازاغا تارتىلماي، كۆرەڭلەپ مۇتەھەملىك قىلىپ يەنىلا ھوقۇق تۇتۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئېھتىمال ۋەھشى بۇزۇقلارنى يوشۇرۇپ قېلىش جۇڭگونىڭ ئېسىل ئەخلاقى پەزىلىتى بولغاچقا ھۆكۈمەت قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك.

4. دۆلەت ئۈچۈن مىللىي مۇناپىقلارنى يوقىتىپ بەرگەن چيۇ جەمەتىدىكى ئەنزىنىڭ قاتناشچىلىرى ھەققىدە كىچىك ئىشنى مۇبالىغىلاشتۇرۇپ ھەدەپ ئۇلارنىڭ شەنىگە ھۇجۇم قىلىنىۋاتىدۇ. ئەمەلدار ئەمەلدارنىڭ قايىشى بولۇش راستىلا جۇڭگولۇقلارنىڭ «پەزىلىتى» ۋە ئۆزىگە خاس خىسلىتى بولسا كېرەك.



5. شېڭ شىسەي، چيۇ زۇڭجۈن، ۋاڭ خۇڭزاۋ، لى يىڭچى، لى پۇلىنلار زادى قايسى پارتىيە، قايسى گۇرۇھقا تەۋە كىشىلەر ئىكەنلىكىنى نەزەرنىڭ سىرتىدا قالدۇرماسلىقنى، ۋاڭ خۇڭزاۋنىڭ ئىككى ئوغلى ھازىرنىڭ ئۆزىدە نېمە شۇملۇقلارنى قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇلارنىڭ شۇملۇقلىرىنى تەڭرىلا بىلىدۇ. چيۇ زۇڭجۈن، شېڭ شىسەيلەرنىڭ نەدە تەربىيىلىنىپ پارتىيىگە كىرىپ قالغانلىقىنىمۇ تەڭرىلا بىلىدۇ.

6. شىنجاڭ خەلقى ۋە شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى ئارمىيە شېڭ شىسەي، چيۇ زۇڭجۈن، ۋاڭ خۇڭزاۋ، لى يىڭچى، لى پۇلىنلارنىڭ شىنجاڭدا ئۆتكۈزگەن جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئەرز قىلغاندا كىم سۈرۈشتۈرۈپ باققان؟ بۇنى ھەقىقەتەن ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز ئارا يان بېسىشى، بۇزۇقلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، توغرا ئادەملەرنى جازالاش سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ.

7. مەن جەمئىيەتتىكى ئادالەتپەرۋەر زاتلارغا، جامائەت پىكرى ساھەسىدىكى زاتلارغا بۇ ئەنزە قاتناشچىلىرىنىڭ ئاقىۋىتىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشنى، ئۇلارنى بۇزۇقلارنى ئۇجۇقتۇرغۇچى قەھرىمانلار دەپ ئاتاشنى مۇراجىئەت قىلىمەن. ناۋادا ھوقۇقدارلار لايىق بىر تەرەپ قىلمىسا بىزگە يەنە بىر قېتىم ئىنقىلاب قىلىشتىن باشقا ئىلاج يوق!

ھوقۇق تۇتۇۋاتقانلارنىڭ ئاۋۋال «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا سالغان كۈلپەت ـ تالاپىتى» دېگەن كىتابنىڭ 1 ـ قىسمىنى كۆرۈپ چىقىشىنى، ئاندىن كېيىن ئاق نىيەت بىلەن ۋىجدانەن ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ بۇ ئەنزە ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. دىققەت قىلغايسىلەر ...

## ئىككىنچى پارچە خەت

تەھرىر ئەپەندى: پىقىرنىڭ نەزەرىدە ئىككىمىزنىڭ ھېسسىياتى خېلىدىن بۇيان ئوخشاپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ساختا ئارىلاشتۇرماي كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى يازدىم. ئەپەندىم مالال كۆرمىسىڭىز، مېنىڭ ماقالەم گېزىتىڭلارنىڭ بىرەر بۇرجىكىدىن ئورۇن ئالسا جەمئىيەتتىكى نۇرغۇنلىغان زاتلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن بولاتتۇق. شۇنداق ئەمەسمۇ تەھرىر ئەپەندىم؟

مەن ئانچە-مۇنچە مەكتەپ يۈزى كۆرگەن ئادەممەن. ساۋاتسىز كىشىلەرگە قارىغاندا مەلۇماتلىقمەن. ئىچىمدىكى دەردلىرىمنى ئانچە-مۇنچە ئىزھار قىلالايمەن. ھالبۇكى دەرت-ئەلەمنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان ئىشچى دېھقانلار ئاممىسى ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس، ئۇلار مۇشۇنداق ئىشنى قانداق ئىپادىلەشنى كۆڭلىدە ئېنىق بىلمەمدۇ؟

تەھرىر ئەپەندىم، مېنىڭ بۇ قىسقىغىنە ماقالام گېزىتتا بېسىلىپ چىققان تەقدىردىمۇ ئېھتىمال ھېچقانچە ئۈنۈم بەرمەس، شۇنداق بولسىمۇ پىقىر ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي ئۆزلىرىدىن بۇ ماقالىنى بېسىشنى ئۆتۈنۈپ سورايدۇ. مېنىڭ تەشەككۇرىمنى قوبۇل قىلىشقا پېتىنالارسىز؟

ۋاڭ مېنشىڭ

1938-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى مەن ئالدى بىلەن تەھرىر ئەپەندىگە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتەيكى، مەن ليۇ يۈيشەن قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇمايمەن. مەن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ليۇ يۈيشەن قاتارلىقلارنى قويۇپ بېرىشنى، خەلقتىن ئەپۇ سوراشنى تەۋسىيە قىلىمەن.



يېقىنقى كۈنلەردە لەنجۇدىكى گېزىتلەر چيۇ جەمەتىدە يۈز بەرگەن قاتىللىق ئەنزىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۈزلۈكسىز خەۋەر قىلدى. چيۇ دىڭكۇننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر يېڭى تارقالغاندا، ھەممىلا ئادەم ھەممىلا يەردە غۇلغۇلا قىلىشىپ بارىكاللا دېيىشكەن، ھەممىلا ئادەم چيۇ دىڭكۇننى «بېشىنى يېگىنى خوپ بوپتۇ» دېيىشكەن. ليۇ يۈيشەن قاتارلىقلارنىڭ خەنجىرى دەل ۋاقتىدا خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە سانجىلغان، ناھايىتى مۇۋاپىق سانجىلغان خەنجەر ھېسابلانغان.

ھۆكۈمەت دائىرىلىرىمۇ چيۇ دىڭكۇن ھايات ۋاقتىدا مەنسەپتە ئادىل ئولتۇرمىغانلىقى، بىگۇناھ پۇقرالارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، قاقشاتقانلىقى، ئومۇمنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقىنى، سەللا دېتىدىغان ياقماي قالغانلارنى ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئۆمۈر بويى دۆلەتكە، مىللەتكە زىيان يەتكۈزۈپ كەلگەنلىكىنى تەپسىلىي بىلىپ بولدى. بۇنداق مۇناپىق، ئوغرى قاراقچىنى ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمايدىغان ئۆچ، ئاداۋىتى بار ليۇ يۈيشەن قاتارلىقلارنىڭ ئۆلتۈرۈشىگە تېگىشلىك بولۇپلا قالماستىن، دۆلەتكە سادىق، خەلققە سادىق ھەر قانداق بىر ۋىجدانلىق ئادەم چوقۇم قاغىماي، لەنەت ئېيتماي قالمايدۇ. چيۇ دىڭكۇننىڭ جېنى ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلەشكە يەتمەيدۇ. ئەپسۇسكى چيۇ جەمەتىدىكى ئەنزە سادىر بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز دەۋالغان ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە ئەمەلدار كاتتىلىرى قاتتىق ئۈركۈپ كېتىشتى. ئۇلار نەچچە يۈزلىگەن چارلىغۇچى، پايلىغۇچىلارنى ئىشقا سېلىپ، 50 نەچچە كۈن پالاق-

لاپ يۇرۇپ، ليۇ يۇيشەن قاتارلىق بەش - ئالتە نەپەر كىشىنى تۇتۇۋالدى. مېنىڭ قارىشىمچە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇنى چوقۇم ئەتەي ئادەتتىكى قاتىللىق ئەنزىسى قاتارىدا بىر ياقلىق قىلىدۇ. ئۇلارنى ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. شۇڭا مەن خەلق ئۈچۈن، ليۇ يۇيشەنلەر ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلىمەن.

ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان. خەلقنىڭ ئازاپلىنىشى ھۆكۈمەتنىڭ جىنايىتى، ھەر قانداق سىياسىي تۈزۈلمىدە بولسۇن بۇ بىر قانچە مىڭ يىلدىن بۇيان يىمىرىلمەي كېلىۋاتقان ھەقىقەت. جۇڭگو تارىخىدىكى ياۋشۇننى مىسالغا ئېلىش ھاجەتسىز. چيۇ دىڭكۇننىڭ شۇنداق زور ۋەھشىيانە جىنايىتى بار تۇرۇقلۇق ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا بەرمىگەن. دۆلەتكە ئاپەت، خەلققە كۈلپەت ياغدۇرغان بۇ ياۋۇز قاراقچى خەلق ئۈستىدىن داۋاملىق زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ يۈرۈۋەرگەن. دېمەك، ھۆكۈمەتمۇ ئانچىلا ھۆكۈمەتكە ئوخشىماي قالغان.

خەلقنىڭ كۆزى روشەن، ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ باشقا بىر ×× ئىش ئۈچۈن ئالدىراش بولۇپ، چيۇ دىڭكۇنلارغا نەزەر سېلىشقا زادىلا يېتىشەلمەيۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ مەنپەئەتى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن. ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇش ئۆتۈپ كەتكەن ھاماقەتلىك بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. زادى تاقەت قىلىپ تۇرۇۋېرىشكە بولمايدىغان يەرگە يەتكەندە، ئۆزلىرى سەكرەپ مەيدانغا چۈشۈپ بىۋاستە قول سېلىشقا مەجبۇر بولغان. ليۇ يۇيشەن قاتارلىقلارنىڭ چيۇ دىڭكۇننى ئۆلتۈرۈشى ئېغىزغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان كـ



چىك ئىش. ئەمما كىچىك ئىشلار دائىم چوڭ ئىشلارنىڭ باشلانمىسى بولۇپ قالىدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى مۇشۇ پۇرسەتتە دەرھال ھوشىنى تېپىپ، خەلق مەنپەئەتىگە ئاساسەن سىياسەتتىكى ئىللەتلەرنى تۈزىتىۋېلىشى لازىم. بۇنداق قىلىش ھۆكۈمەتكە پايدىلىقلا بولىدۇكى زادى زىيانلىق بولمايدۇ. لېكىن ھۆكۈمەت بۇنداق ئويلىمىدى، خەلق ئىشىنىڭ نېمىلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئۇلار يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە زىت ھەرىكەت قىلىپ زور مىقداردا پۇل خەجلەپ، نۇرغۇن ۋاقىت ۋە ئادەم كۈچ سەرپ قىلىپ ئاتالمىش جىنايەتچى دېيىلگەنلەرنى تۇتۇشقا پېتىندى. ھۆكۈمەت خەلققە خىزمەت قىلماي خەلققە گۆر قازدى.

دەرۋەقە ليۇ يۇيشەن قاتارلىقلار زادى ئۆلتۈرگىلى بولمايدىغان كارامەت كىشىلەرمۇ ئەمەس. بىراق ھۆكۈمەت مۇشۇنداق نام بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ھۆكۈمەتنىڭ خەلق بىلەن ئەتەي قارشىلىشىۋاتقانلىقى تېخىمۇ پاش بولىدۇ. خەلقتىن يىراقتا تۇرىدىغان ھۆكۈمەت خەلق تەرىپىدىن ئىرغىتىپ تاشلىنىدۇ. خەلق ئۆزلىرى بىلەن قارشىلىشىدىغان ھۆكۈمەتنى تۆپ يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتمەي بولمايدۇ؟

مۇشۇ كۈنلەردە ھۆكۈمەتنىڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئەمەلدارلىرى ئىچىدە دۆلەتكە، خەلققە سادىق بىرەرسىمۇ قالمىدىمۇ؟ پېقىر خەلق ئىچىدىكى بىر كىشى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھۆكۈمەتكە نەسىھەت قىلىپ قويايكى، ليۇ يۇيشەن قاتارلىقلارنى زادى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلارنى دەرھال قويۇۋېتىش بىلەن بىللە خەلقتىن گۇناھىڭلارنى تىلەپ كەچۈرۈم سورىساڭلار بولىدۇ. ھازىر-

دىن ئېتىبارەن دېموكراتىيىگە يۈزلىنىپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق تونۇپ، ئادىل يول تۇتۇپ، سىياسىنى يېڭىلاش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ناھەقچىلىكتە سوۋۇپ كەتكەن خەلق كۆڭلىنى ئانچە - مۇنچە بولسىمۇ تەسكىن تاپتۇرۇپ كەچۈرۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇنداق قىلمايدىغان بولسا لىيۇ يۈيشەن قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن لىيۇ يۈيشەنلەر خەلق بىلەن زىتلاشقان ھۆكۈمەتنىڭ پېيىغا چۈشمەي قالمايدۇ!

«تىنچلىق گېزىتى» مۇخبىرى ۋاڭ باۋشېك ھەم گېزىتتە ئوبزور ئېلان قىلىپ: (ئەسلى تېكىستى قىسقارتىپ ئېلىندى) «... مەن ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئىنتايىن پاجىئەلىك چوڭ قىرغىنچىلىقنى كۆرۈپ، شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ سىياسىي جەھەتتە ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئاقىۋىتى دەل شۇنداق بولغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. شۇڭا ئويلانغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دادىللىق بىلەن يېزىپ چىقتىم. نېمىلا دېيىلمىسۇن، بۇ بىر سىياسىي خاراكتېرلىك تراگېدىيە، خۇددى لۇشۈن ئېيتقاندەك، قان قەرزنى ھامان بىر كۈنى ئوخشاش نەرسە بىلەن قايتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. قەرز ئارقىغا سۈرۈلگەنسېرى ئۆسۈمىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ.

چيۇ جەمەتىدە ئەنزە يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇ ۋەقەگە دەل كېلىدىغان يەنە بىر ۋەقە يادىمغا كېلىپ قالدى. پېقىر بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ھەر بىر تراگېدىيە ۋە ئۇنىڭ ئىچكى سىرىنى ئوقۇشۇپ بېقىش نىيىتىدە قوملۇققا سەپەر قىلغانىدىم. شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ئون يىل «شىنجاڭ پادىشاھى» بولۇپ تۇرغانىدى. تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئۇ يەردە



يەنىلا يوشۇرۇن كىرزىس پارتلاش ئالدىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ ئەھۋال مېنى تولىمۇ ئەجەپلەندۈردى. بۇ ھال خۇددى شېكسپىرنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدىكى تراگېدىيىلىك تەسۋىرلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئازاپ ئىچىدە تۇرۇپ ئىنتىقام ئېلىشنى ئويلايدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىش كەيپىياتىنى كونترول قىلالمايدىكەن. مەن چيۇ زۇڭجۈنگە شېڭ شىسەيدىن كەلگەن خەتنى كۆرگەندىن كېيىن شېڭ شىسەي قېيىن ئاتىسىغا قىساسچىلار بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ ھېساب ئېلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېزلىكتە قېچىپ كېتىشنى نەسىھەت قىلىپ قايتا - قايتا ھەيدەكچىلىك قىلغانلىقىنى ئۇقتۇم. مەكتۇپلار شېڭ شىسەينىڭ تارىختا ھەقىقەتەن ئېغىر گۇناھ قىلغانلىقىغا ئىقرار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

دىخۇا (ئۈرۈمچى) دا ئىنتايىن ھەشەمەتلىك، كىشىلەر تەرىپىدىن مەسچىتتەك مۇقەددەس جاي دەپ قارىلىدىغان بىر چەكلەنگەن قورۇ بار بولۇپ، ئۇ چيۇ جەمەتىدە ئۆلتۈرۈلگەن پېشقەدەم خوجايىن چيۇ زۇڭجۈننىڭ تۇرالغۇ جايى ئىدى. چيۇ زۇڭجۈن شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ شاھىنشاھى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئىنتايىن كەڭ دائىرىنى ئىگىلىگەن ھەيۋەتلىك داچىسى ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ ياقىسىغا سېلىنغان بولۇپ، كۆلىمىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى پېقىرغا نامەلۇم، چيۇ زۇڭجۈن بۇ داچىسىغا «نۇرباغ» دەپ نام بەرگەن. نۇرباغنىڭ ئۈچ چوڭ دەرۋازىسى بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە «نۇرباغ» دېگەن خەتلەر چوڭ قىلىپ يېزىلىپ ئاستىغا «ئاق كۆڭۈللەر ئەۋلىيا بولغاي» دېگەن خەتلەر كىچىكرەك تىك يېزىلغان. جەنۇبىي

دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە «دۇنيا تەدرىجىي ئالغا باسماقتا»
دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. شىمالىي دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە
«نۇر پارلايدۇ مەڭگۈگە» دەپ يېزىلغان. بۇلارنىڭ ھە-
ممىسى مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) چېڭ زۇڭجۇ-
نىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان خەتلەر. بۇ سۆزلەر-
نىڭ ئۆزىلا غايەت زور مەسخىرە خاراكتېرىغا ئىگە، ئەگەر
چېڭ زۇڭجۇنىڭ ئەرۋاھى بولىدىغان بولسا شۇ تاپتا قان-
داق ھېسسىياتتا بولار ئىدىكىن؟...

ھەيۋەتلىك «نۇرباغ» بۈك - باراقسان دەرەخزارلىق،
گۈلزارلىق ئىچىدىكى مەنزىرىلىك جاي بولۇپ، بىپايان
ئوكيانىدىكى يالغۇز پاراخوتقا ئوخشاش ئالاھىدە كۆزگە تاشلى-
ناتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىمارەتلەر خۇددى ئۈرۈمچىنىڭ نەن-
لياڭ دېگەن يېرىدىكە جايلاشقان، بىر كىلومېتىر دائىرىدىكى سو-
ۋدان تېرەكلەر ئارىسىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئىما-
رەتلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. مەن ھەر بىر كونكرېت ئىمارە-
تنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق سۆزلەپ بېرەلمەيمەن. ئەمما شېڭ
شىسەينىڭ قېيىن ئاتىسى يەنى چېڭ زۇڭجۇنىڭ قەدىناس
خوتۇنى ۋاڭ خېنىمنىڭ ياغاچ بىلەن قاشالانغان قەبرى-
سى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. قەبرە قورۇنىڭ
شىمالىي تەرىپىدىكى بىر بوشلۇقتا سېلىنغانىدى.

شىنجاڭدىكى يەرلىكلەرنىڭ ئېيتىشىچە، نۇرباغدا مىن-
گونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) ئەتىيازدىن باشلاپ
قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، ئۈچ يىلدا ئاران پۈتكەن
ئىكەن. بۇ دىخۇا (ئۈرۈمچى) دىكى دوبەن مەھكىمىسى-
دىن قالسا بىردىنبىر چەكلەنگەن جاي ھېسابلىناتـ
تى. دەرۋازا ئالدىدىكى چوڭ يولدا پۇقرالارنىڭ مېڭى-
شىغا مۇتلەق رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئاڭلىشىمچە بۇرۇن
ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچى نۇرباغنىڭ دەرۋازىسى ئالدى-



دىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا قاراۋۇل ئۇلارنى تۇتۇپ ئې-
لىپ كىرىپ كەتكەن، چېڭ زۇڭجۇن شەخسەن ئۆزى ئۇلار-
نى قىيناپ تۇرۇپ سوراق قىلغان. ئۇرۇپ خورلاپلا قال-
ماستىن بىر كۈن يۈكۈندۈرۈپ قويغان. 69 - نومۇرلۇق
قورۇدىكى قەتلى قىلىنىش بىلەن «نۇرباغ» دا زوراۋان-
لىق قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك،
ئۇلارنىڭ كارامەت قەھرىمان چاغلىغان بەزى كىشىلەر-
نىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئىنتايىن ئادەتتىكى چاكىنا كى-
شىلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

تارىخ رەھىمسىز، چېڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ قىرىپ تاش-
لىنىشى دەل ئۇلار «ئاسماندا تورغىرە - سىرە» دېگەن
درامىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا يۈز بەر-
گەن. بۈگۈنكى كۈندە چېڭ جەمەتى قەسىرىنىڭ مال-
مۈلۈكلىرىنى ئىگىلاشقا مەسئۇل بولۇۋاتقان شەرقىي شىمال-
لىق يۇرتداشلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ليۇ شىڭخېي ئەينى
يىللاردا ناھەق تۈرمىدە ياتقانلارنىڭ بىرسى ئىدى. مەن قانغا
مىلەنگەن جەسەتلەر ئارىسىدىن «شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا
سالغان كۈلپەت - تالاپەتى» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ
كىتابنىڭ كىرىش سۆزىنى ليۇشىڭخېي يازغان ئىدى. بۇ
كىتابنىڭ يەنە بىر ئاپتورى يەنى شېڭ شىسەينى تو-
نۇشتۇرۇپ شىنجاڭغا ئېلىپ بارغان لۇشىڭبو لەنجۇغا قاي-
تىپ كەلگەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. تارىخ تەك-
رارلىنىدىغان بولغان بولسا بۇ رىۋايەت ساۋاقىنى ئۇلارمۇ
ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن بولاتتى...

يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇ چاغدىكى خەلق ئامانلىقىنىڭ گو-
مىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئۇنىڭ شېڭ شىسەي،
چېڭ زۇڭجۇنگە ئوخشاش يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي مەمۇرىي ئە-

مەلدارلىرىغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچلۈك قىلىپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق كۈرەش قىلغانلىقى ۋە قارشىلىق بىلدۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## ئالدىراپ ـ تېنەپ ھۆكۈم چىقىرىش

چى يۈيتىيەن، زاڭ جىڭجۇ، دوڭ پوسياۋ، شاڭ دېرۇڭ، لىيو جۇڭشىيەن قاتارلىق كىشىلەر تېخى تۇتۇلمىغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئازادلىق ئورۇشىنىڭ لەنجۇغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەر پاراكەندە بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، بۇ ئەنزىنىڭ ئايىقىنى تېزراق ئۈزۈۋەتمەي داۋاملىق ئارقىغا سۈرۈۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، جاڭ دېيۈي قاتارلىق ئەككىز نەپەر جىنايەتچىنى غەربىي شىمال مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسىنىڭ بىر ياقلىق قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلغان.

ئۆلكە مەركىزىي شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيىتى بېجىرگەن. خەۋەر ئالدىنئالا سىرتقا تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن، شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 ئەتراپىدا ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى تاماشىچى ئامما تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان. ھەممىلا ئادەم قەھرىمانلارنىڭ دىدارىنى بىر كۆرۈۋېلىش نىيىتىدە توپلانغان. شۇڭا بۇنىڭ ھېچبىر ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق ئىدى. جاڭ دېيۈي قاتارلىقلار بۇ ئەھۋالدىن ئالدىنئالا خەۋەر تاپقان. سائەت 12 بولۇپ، چۈشلۈك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەممىسىلا تاقەتسىزلەنگەن تەلەپپۇزدا قاراۋۇللاردىن ئۆزلىرىنى قاچانراق ئېلىپ ماڭىدىغانلىقىنى سورىغان. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولغاندا، جازا ساقچىلىرى ئەترىتى تاۋۇلچۇن ئاشخانىسىدىن بىر جوزا مەززىلىك تائام ئېلىپ كېلىپ جىنايەتچىلەرنى تۇرمىنىڭ



ھويلىسىغا توپلاپ تاماق بەرگەن. ئۇلار كۈلۈشۈپ چاقچاق قىلىشىپ خۇشال ـ خورام ئولتۇرۇپ غىزالانغان. ھېچقايسىدا قورقۇمسىراش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت بولغاندا، ساقچى ئىدارىسى يۆتكەپ كەلگەن ئىككى ئاپتوموبىل دەرۋازا ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغانلىقتىن، تاماشىچىلار تولۇپ كېتىپ، قىستى ـ قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتكەن. ساقچىلار پۈتۈن كۈچ بىلەن تەرتىپ قوغدىغان بولسىمۇ ئادەملەر توپىغا ھېچنېمە قىلالمىغان. جازا ساقچىلىرى جىنايەتچىلەرنىڭ كۆزە ـ كۆرپىلىرىنى تېزلىكتە ماشىنىغا قاچىلىغان. جاڭ دېيۈي قاتارلىقلار ماشىنىغا چىقىش ئالدىدا، جازا ساقچىلىرى ئەترىتىنىڭ ئۆزلىرى قاماقتا تۇرغان مەزگىلدە ئائىلىسىدىن كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ تۇرغانلىقىغا ھەمدە خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ قونۇپ قېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ تەشەككۈر بىلدۈرگەن ھەمدە: «ھەر قايسىڭلارنى كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتۇق، ئالدىڭلاردا ھەقىقەتەن خىجالەت بولۇۋاتىمىز، يېشىل تاغ قېرىمايدۇ، سۈزۈك سۇلار مەڭگۈ ئېقىپ تۇرىدۇ. نېسىپ بولسا ھەر قايسىڭلارغا ئايرىم مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز» دېيىشكەن. ئارقىدىنلا جاڭ دېيۈينى ئىككى ساقچى يۆلەپ ئېلىپ چىقىپ ماشىنىنىڭ كابىنكىسىگە ئولتۇرغۇزغان. قالغانلار ئىككى ماشىنىغا بۆلۈنۈپ ئولتۇرغان. بولۇپمۇ چېن يۈكچۈن ئىنتايىن روھلۇق ئىدى، تېز قەدەم بىلەن مېڭىپ «بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت» دەپ تۇۋلاپ بىر سەكرەپلا ماشىنىغا چىققان. تاماشىچىلار ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قالغان، بۇ چاغدا ھەممىلا ئادەم پۈتۈننىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بويۇنداپ تۇرۇپ ئۇلارنى ئېنىقراق كۆرۈۋېلىشقا تىرىشىپ بىر ـ بىرىنى قىستىماقتا ئىدى، يوللار تامامەن توسۇلۇپ كەتكەنتى. مەن ئادەملەرنىڭ باشلاپ ماشىنىغا چىقىپ ئۇلارنى تاپشۇرۇپ بەرگىلى ئېلىپ ماڭدىم. ماشىنا كارنىيى توختىماي سىگنال بېرەتتى. ماشىنا ئاستا ـ ئاستا جايىدىن قوز-

غىلىپ، ئۆزىگە قادىلىپ قاراپ تۇرغان تاماشىبىنلار توپى ئارىسىدىن يول ئېچىپ، ھەربىي ـ مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسىنىڭ ھەربىي قانۇن باشقارمىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگە بارغاندا قولغا چۈشۈرۈلگەن بارلىق مۈلۈكلەرنىمۇ ئېنىقلاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەركىزىي شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى ۋە جازا ساقچىلىرى ئەترىتىنىڭ پۈتۈن خىزمەتلىرى تاماملاندى.

گومىنداڭ دائىرىلىرى جامائەت پىكرىنىڭ قايتا ـ قايتا مۇراجىئەت قىلىشقا پېسەنت قىلماي، غەربىي شىمال ھەربىي ـ مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسى ھەربىي قانۇن باشقارمىسىدا «ھەربىي سوت ھۆكۈمى باشقارمىسى» تەسىس قىلىپ، 1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنامىنى ئېلان قىلدى. ھۆكۈمنامىنىڭ قىسقارتىلمىسى مۇنداق:

باش جىنايەتچى جاڭ دېيۈي، ليۇ زىلى ئىككىسى بىرلىكتە بۇلاڭچىلىق قىلىپ غەرەزلىك ئادەم ئۆلتۈرگەن. ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن مەڭگۈلۈك مەھرۇم قىلىنسۇن.

ئەگەشكۈچى جىنايەتچى گۇەن زىجاڭ ئوغرى ـ قاراقچىلارنى يوشۇرۇپ ئۇلارغا يان باسقان، ئۇنىڭغا مۇددەتلىك يەتتە يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىپ، بەش يىللىق گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنسۇن.

قاتىل جىنايەتچىلەر ليۇ يۈيشەن، سۇن زىلى، چېن يۈكچۈن، ۋاڭ شىياڭرېن شېرىكلىشىپ، مال ـ مۈلۈك بۇلاپ غەرەزلىك ئادەم ئۆلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىپ، گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىنسۇن.

ئەگەشكۈچى جىنايەتچى جاڭ جەنشىڭ ئوغرى ـ قاراقچىلارنى يوشۇرۇپ قانات ئاستىغا ئالغانلىقى ئۈچۈن، يەتتە يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىپ بەش يىللىق گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن



مەھرۇم قىلىنىشقا، جىنايەتچىلەر جىنايەت ئۆتكۈزگەندە ئىشلەتكەن ھەربىي مىلتىقلارنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىپ، بەش يىللىق گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، جەمئىي ئون يىل قاماپ، بەش يىل گىراژدانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش قارار قىلىندى. توققۇز دانە تاپانچا، 167 تال ئوق مۇسادىرە قىلىندى، باشقا مال ـ مۈلۈكلەر قوشۇمچە تىزىملىك بويىچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە تەۋەسىگە ۋە ھەممە ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. سودىيە ھۆكۈمنى جاكارلاپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ دېيۈي، ليۇ زىلىدىن ۋەسىيىتى ياكى باشقا گەپلىرى بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. جاڭ دېيۈي: «... ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، مېنىڭ دەيدىغان باشقا گېپىم يوق. پەقەت 70 نەچچە ياشلىق قېرى ئاپامغا قىيىمايمەن ...» دەپ ئىنتايىن پەرىشان بولۇپ قايغۇغا چۆمدى. ليۇ زىلى بولسا يەنىلا بۇرۇنقىدەك جەسۇر، مەردانە قىياپەتتە بولۇپ، ئۆلۈمگە قىلچە پەرۋا قىلمىغاندەك تۇراتتى. ئۇ بىر قاچا ھاراقنى سۈمۈرۈۋېتىپ، ئىككى دانە تۇخۇمنى يېدى ـ دە، ھېچقانداق زۇۋان سۈرمەيلا جاڭ دېيۈي بىلەن باغلانغان پېتىچە قىزىلتاغ تۈۋىدىكى جازا مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئىچىدە ئېتىپ تاشلاندى. ليۇ يۈيشەن قاتارلىق ئالتە كىشى گاۋلەندىكى تۈرمىگە ھەيدەپ كېتىلدى.

يۇقىرىقى ھۆكۈم نامىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەكسىيەتچىل دائىرىلەر «ئىنتىقام ئېلىش»تىن ئىبارەت پاكىتلاردىن ئەتەي ئۆزىنى قاچۇرغانىدى.

## نوچى دېدەك

چيۇ دىڭكۈننىڭ چوڭ قىزى چيۇ گۈاڭسىغا ھەمراھ بولۇپ، دوختۇرخانىدا تۈنەپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان

دېدەك سۇڭ شيۇيىڭنىڭ مىجەزى چيۇ جەمەتىدە ئەنزە يۈز بەرگەندىن كېيىن تېزلا ئۇساللىشىپ، چيۇگۇاڭسىنى تاشلىۋېتىپ يۇرتى جاڭبېيگە قايتىپ كەتمەكچى بولغان. ساقچى ئىدارىسى ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ئۇنىمىغان. ئۇن نەچچە كۈندىن كېيىن چيۇ جەمەتىدىكى ئەنزىگە دائىر ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ھەيئىتى ئۇنى ئىشتىن بىكار قىلىۋەتكەن. ئۇ غەزەپلىنىپ گاۋلەن يەرلىك سوتىغا شىكايەتنامە سۇنغان. ئۇ بىر ياقلىق قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى جىيڭ بىنىڭ مال-مۈلۈكنى ئىنقىلاش داۋامىدا، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق يىغقان تۈرلۈك كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپە، زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق 17 تۈرلۈك مىڭ دوللار قىممىتىدىكى مال-مۈلۈكىنى پېچەتلىۋەتكەنلىكى، قايتا-قايتا سورىسىمۇ قايتۇرۇپ بەرمىگەنلىكى، بولۇپمۇ جىيڭ بىنىڭ پوزىتسىيىسى بەك قوپال بولۇپ، ئاھانەتلىك گەپلەرنى قىلغانلىقى، بىر ياقلىق قىلىش ھەيئىتى نامىدىن ئۇن سەر تەڭگە بېرىپلا ئۇنى بىكار قىلىپ قوغلاپ چىقارغانلىقى، ئۆزى جۇڭشەن كوچىسىدىكى خۇيېرۇڭ مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، ھېچقانداق تۇغقىنى، يۆلەنچۈكى بولمىغاچقا ياشاشقا ئىلاجىسىز قالغانلىقى توغرىسىدا ئەرز قىلىپ، سوتنىڭ ئۆزىگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان.

سۇڭ شيۇيىڭ چيۇ جەمەتىدە «سۇڭ يەڭگە» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئەنزە يۈز بەرگەندىن كېيىن ھەرقايسى گېزىتخانىلارنىڭ مۇخبىرلىرى بەختكە يارىشا ھايات قالغان بۇ دېدەكنى زىيارەت قىلىپ خەۋەر بەرگەندىمۇ سۇڭ يەڭگە دەپ ئاتاۋەرگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاران 20 ياشتىن ئاشقان قىز بولۇپ، چيۇ جەمەتىنىڭ قورۇسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن مېھمانخانىدا يالغۇز تۇرۇۋاتاتتى. ئۇچىسىغا كالتە يەڭلىك گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك، پۇتىغا پارقىراپ تۇرىدىغان قىزىل ئىشەك پايپاق، ئېگىز پاشنىلىق



سېرىق توپلەي كىيىپ، چېچىنى بۇدىرە قىلدۇرۇپ، يۈزىگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرۈپ، كالپۇكلىرىنى قىزىل بوياپ، ئىنتايىن سەتەڭ خېنىمغا ئايلىنىپ، بىردىنلا «تاجىسىز پادىشاھ»دەك مۇھىم خەۋەر قىلىش ئوبيېكتىسى بولۇپ قالغان، ھەرقايسى گېزىتلەر سۇڭ يەڭگىنىڭ ئەرز قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، جىيڭ بى ئىشنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر ئىدارە باشلىقى بىلەن بىللە سۇڭ يەڭگە تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىغا بېرىپ، ياغلىما تىلىنى ئىشقا سېلىپ سۇڭ يەڭگىنى كولدۇرلاتقان. ئۇ سۇڭ يەڭگىگە، سىز ھېلىمۇ بويتاق ياش قىز، سىزگە تەئەللۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھازىرلا قايتۇرۇپ بەرگەن تەقدىردىمۇ كۆڭلىڭىزنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەرىبىر ئىشلىتىپ تۈگىتىۋاتىسىز، ئەگەر نىكاھ ئىشىڭىزنى ئويلىنىشنى خالىسىڭىز مەن خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن، سىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۆمۈرلۈك جۈپ تېپىپ بېرىمەن، مېھمانخانىدا يېتىۋېرىشتىنمۇ قۇتۇلىسىز، يېمەك-ئىچمەك تۈگەپ كېتىشتىن غەم قىلمايسىز، دېگەن. سۇڭ يەڭگە بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھايات يولى ھەقىقەتەن تار بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، جىيڭ بىنىڭ ياردەملىشىشىگە نائىلاج ماقۇل بولغان، ئەمما نىكاھ ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىنلا شىكايەت قىلىشتىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

جىيڭ بى بەرگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن، سۇڭ شيۇيىڭ قاتتىق تېرىكىپ، ھەر كۈنى بىر ياقلىق قىلىش ھەيئىتىدىن ئۆز مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ماجىرالاشقان، جىيڭ بىنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلغان. جازا ساقچىلىرى ئەترىتىدىكىلەرمۇ دائىم كېلىپ ئارقىمىزغا چۈشۈۋالغان، ھەر تەرەپكە قېتىراپ ھەرىكەت قىلغان، ئالىي مەسلىھەتچى ۋاڭ خوڭزاۋ ياۋۇز چىلبۆرىلەرچە ئەپتىنى ئوپ-ئوچۇق ئاشكارىلاپ، سۇڭ شيۇيىڭنى: «سەن بىشەم خوتۇن مېنى تازىمۇ بىزار قىلدىڭ، مەن شىمال، جەنۇب، شەرق، غەرب ھەممىلا يەرنى كۆرگەنمەن،

ئەمما سەندەك بىشەم خوتۇننى كۆرمەپتىكەنمەن، دەپ تىللىغان، كېيىن مەن چيۇ جەمەتىنىڭ قورۇسىغا بېرىپ ۋاڭ خۇگزاۋ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سۇڭ شيۇيىڭنىڭ چيۇ جەمەتىدە بىر مەھەل ئەجرى سىڭدۈرگەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، شۇنداقلا ھازىرقى ھال كۈنىنىڭ بەكمۇ مۈشكۈلچىلىكتە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەسلىھەتلىشىپ بىر ياقلىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، ۋاڭ خوگزاۋ كېيىنكى كۈنلەردىكى ئاۋارىچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 30 سەر تەڭگە بېرىشكە ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جازا ساقچىلىرى ئەترىتى سۇڭ شيۇيىڭ قەرز بەرگەن 20 سەر تەڭگىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئۆسۈمى بىلەن ئېلىپ بەردى. سۇڭ شيۇيىڭ جەمئىي 50 سەر تەڭگىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئەرز قىلىشتىن ۋاز كېچىپ ئەسلى يۇرتى جاڭپىڭگە كېتىپ قالدى.

## خاتىمە

ئەنزە خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، گومىنداڭ گەنسۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ، ئۆلكە مەركىزى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى ئەنزە ئىشلەشتە «خىزمەت كۆرسەتكەن» خادىملارنى تەقدىرلىدى. بۇيرۇقنىڭ تېكىستى مۇنداق:

«مەزكۇر ئەنزىنى پاش قىلىشتا فەن زۇڭشياڭ قاتارلىق تۆت كىشى كۆپ خىزمەت ئىشلىدى. شۇڭا فەن زۇڭشياڭ بىلەن ليۇ يۈيچۈەن ئىككىيلەنگە ئوردىن بېرىش توغرىسىدا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە دوكلات يوللىنىدۇ. ۋاڭ دېمىڭ بىلەن لى ۋېنچىڭغا بىر قېتىم چوڭ تۆھپە يېزىلىدۇ. ئەنزە سۇ چىڭخۈي باشقۇرۇشىدىكى دائىرىدە يۈز بەرگەن، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىنى ئالا كۆرگەن ساقلىنىش چارىسى ئەتراپلىق بولمىغان. بۇ قېتىم ئەنزىنى پاش قىلىشتا كۈچ چىقارغان بولسىمۇ



ئۇنىڭغا مۇكاپاتمۇ، جازامۇ بېرىلمەيدۇ. يۈەن يۈيتاۋ قاتارلىق تۆت كىشى ئىككى قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن دەپ خاتىرىلىنىدۇ. لى جىڭكاڭ قاتارلىق 69 كىشى بىر قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنىدۇ. گو جۇاڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ ئەنزىنى ۋاقتىدا پاش قىلالىغان، شۇڭا ئۇنى تەقدىرلەپ ئىلھاملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن بىر قېتىم چوڭ تۆھپە يېزىلىدۇ، چيۇ جەمەتىدە ئادەم ئۆلتۈرۈلۈپ، مال - مۈلۈك بۇلۇنۇپ، ئاردىن بىرقانچە سائەت ئۆتكىچە شۇ يەرنى ئىدارە قىلىدىغان سول تەرەپ تاشيول ساقچى پەيچۈسى قىلچە ئەھۋال سەزمىگەن. پەيچۈسونىڭ مەسئۇلى شۇنگۈەن جاڭ جىجۈنى قاتتىق جازالاشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۇلار باشقۇرىدىغان تەۋەلىك دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ساقچى كۈچى يېتىشمەيدىغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ بىر قېتىم چوڭ گۇناھ يېزىلىدۇ، مۇكاپات سوممىسى ۋە تەقدىرنامە بىلەن مۇكاپاتلىنىدىغان باشقا ئادەملەرگە كېتىدىغان پۇل ھۆكۈمەت نامىدىن چىقىم قىلىنىدۇ، چيۇ جەمەتىنىڭ قورۇسىدا تۇرۇۋاتقان ئالاقىدار كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن قايتۇرۇۋېلىنغان مال - مۈلۈك دائىرىسىدە چىقىم قىلىنىپ ئايرىم بىر ياقلىق قىلىنسا بولىدۇ.

جاڭيېي ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياۋكېراڭ، شۇنگۈەنى لوجىنچياۋ، شياۋ سىياۋدىن ئىبارەت ئۈچ كىشىمۇ بۇ ئەنزىنى پاش قىلىشقا كۆپ تەرەپلىمە ياردەم بېرىپ، ئۆزلىرى باشقۇرىۋاتقان جايدا باش جىنايەتچى ليۇ يۈيشەننى تۇتۇۋالغان. ئۇلار بىر قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنىدۇ. لەنجۇ ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابى بىلەن تاۋمىن يولىدىكى

«ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەۋە بولمىغانلىقتىن، بۇ ئورۇنلاردىكى مۇشۇ ئەنزىنى پاش قىلىنىشقا ھەمكارلىشىپ كۈچ چىقارغان كىشىلەرگە مۇكاپات بېرىپ تەقدىرلەش توغرىسىدا غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمە بىلەن ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابىغا ئايرىم - ئايرىم تەۋسىيەنامە يوللاپ بېرىلىدۇ.»

چىۋدىڭكوننىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى ۋاڭ خۇڭزاۋ شىڭ شىسەينىڭ يىراقتا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىشى ئارقىسىدا چىۋ جەمەتىنىڭ مال مۈلكىنى ئالدىراش - تېنەشلا ئەرزان باھادا سېتىۋېتىپ، 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بىر ھەربىي ئايروپىلاننى كىرا قىلىپ تەيۋەنگە كەتكەن. چىۋ جەمەتىنىڭ تۇرالغۇ جايى ۋاڭ ۋەنلى دېگەن ئادەمگە سېتىپ بېرىلگەن. ۋاڭ ۋەنلى تىبابەتچىلىكنىمۇ، پېرىخونلۇقنىمۇ پىششىق بىلىدىغان موللا ئادەم بولۇپ، ئۇ چىۋ جەمەتىنىڭ قورۇ - جايىنى شىپاخانا قىلغان. قارا سىرلىق چوڭ دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىغا ئىككى ئۇزۇن ئاق پىلاكات ئېسىلىپ، سول تەرەپكە «ئازغۇچىغا يول كۆرسىتىمىز، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ ئامەتكە يەتكۈزىمىز» دەپ يېزىلغان. ئوڭ تەرەپكە «ۋاڭ ۋەنلى شىپاخانىسى» دەپ يېزىلغان. بۇ خەتلەر بالا - قازا يۈز بەرگەن بۇ قورۇ ئۈچۈن قىزىقارلىق سېلىشتۇرما بولۇپ قالغان.

چىۋ جەمەتىدىن قالغان يېتىم چۈجە چىۋ گۇاڭسى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋاڭ خۇڭزاۋنىڭ ئوغلى ۋاڭ دىڭتاۋ، ۋاڭ خۇڭزاۋنىڭ فۇگۇەنى جاڭ شىڭۋو ئەر - خوتۇن ۋە خۇاڭ گوۋىن قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەربىي ئايروپىلانغا چۈشۈپ لەنجۇدىن يولغا چىققان. ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ۋاڭ شۇمىڭ شىڭ شىسەينىڭ ھاۋالىسى بويىچە يول بويىدىكى ھاۋا ئارمىيە پونكىتلىرىغا قىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى تاپىلىغان. قىزچاق چۈشكەن ھەربىي ئايروپىلان خەنجۇڭ، گۇاڭجۇ



ئارقىلىق تەيۋەنگە يېتىپ بارغان. بىچارە قىز لەنجۇدىن كېتىش ئالدىدىمۇ زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن. يىغلاپ - قاخشىغان پېتىچە ماشىنا بىلەن ئايرودرومغا يېتىپ بارغان. يولدا «شەرقىي شىماللىق ئادالەتپەرۋەرلەر قەبرىستانلىقى» يېنىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ قەبرىستانلىقتا ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ، ئۇكا - سىڭىللىرىنىڭ قەبرىسى بارلىقىنى بىلمىگەن. ئايرودرومغا ئۇزىتىپ قويغىلى چىققان ۋاڭ خوڭزاۋنىڭ خانىمى چىۋ يۈيىڭ قەبرىستانلىق يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتكەن. نەتىجىدە قىزچاق تېخىمۇ يىغلاپ - زارلىنىپ قاخشىغان. ئايرودرومغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئايروپىلانغا چىققان نۇرغۇنلىغان ئوفىتسېرلارنىڭ تەسەللى بېرىپ بەزلىشى نەتىجىسىدە ئاستا - ئاستا جىمىققان.

ساقچى ئىدارىسى ئەنزە پاش قىلىنىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان «گۇمانلىق» ئادەملەرنى چاقىرىپ سوراق قىلغان ۋە تۇتۇپ تۇرغان بولۇپ، پۈتۈن ئەنزىنىڭ جەريانى ئېنىقلانغاندىن كېيىن بىز ئۇ كىشىلەردىن ئەپۇ سوراش لازىملىقىنى ھېس قىلدۇق. مەن جازا ساقچىلىرى شۆبە ئەترەت باشلىقلىرىدىن 20 نەچچە ئادەمنى باشلاپ ئازار يېگەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلاردىن ھال سوراپ ناماقۇل بولدۇق. ھەمدە تەكشۈرۈش - سوراق قىلىش مەزگىلىدە ھۆددىگە قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ ھۆددىگە ئېلىش سوممىسىنى قايتۇرۇپ بەردۇق.

گەرچە چىۋ جەمەتىدىكى ئەنزىنى ئۆزۈم بىۋاستە بېجىرگەن بولسامۇ، ۋاقىت بەك ئۇزىراپ كەتكەچكە، ئەنزە ئەھۋالىمۇ مۇرەككەپ، چىگىش بولغاچقا بەزى ئەھۋاللار ئۇنتۇلۇپ قالغان تۈپەيلى چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاكىتنى سۆزلەشكىلا بېرىلىپ كېتىپ، ئىپادىلەشتە ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ قويغان جايلىرىم بولۇشىمۇ مۇمكىن. ياشىنىپ قالغانلىقىم، سالامەتلىكىمنىڭ ناچارلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن

قەلەم تۇتۇپ يېزىپ چىقىشىممۇ تەسكە توختىدى. شۇڭا خاتالىق، كەمچىلىكلەر خېلى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئەھۋالدىن خەۋەردار ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ تەنقىد قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ۋە تۈزىتىپ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(دېي چىنگۋاڭ رەتلەپ چىققان)

1986 - يىل 15 - يانۋار

(«لەنجۇ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 5 - توپلىمىدىن ئېلىندى)

كېرەم ھاشىم تەرجىمىسى



# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە خۇيزۇ پولكى

(مىللىي ئارمىيىنىڭ 10 - ئاتلىق پولكى)

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەنسۇر لومىيۇۋ

رەتلىگۈچى: مەھەممەت قۇربان ئەزىز يارى

ئىلى، ئالتاي، چۆچەك ئۈچ ۋىلايەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي قوزغىلىڭى 1944 - يىلىنىڭ كېيىنكي يېرىمىدا نىلقا ناھىيىسىدىن باشلىنىپ، ناھايىتى تېزلىكتە غۇلجا ناھىيىسىگە شۇنىڭدەك غۇلجا شەھىرىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ، بۇ يەرلەردىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ قوزغىلىپ ئۆزلىرىنىڭ پارتىزان قوشۇنلىرىنى تەشكىللەپ، گومىنداڭنىڭ ئىستىبدات قارا ھاكىمىيىتىگە قارشى پارتىزانلىق پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى.

ھەر مىللەت پارتىزانلىرىنىڭ گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۈرىشى غۇلجا شەھىرىگە قانات يېيىپ كىرگەندىن كېيىن، مەنمۇ خۇيزۇ مىللىتى ئىچىدىن چىققان زىيالىلارنىڭ بىرى بولغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمدە گومىنداڭغا قارشى قوراللىق سەپ قاتارىغا قوشۇلۇش نىيىتى پەيدا بولدى - دە، خۇيزۇ مىللىتى ئىچىدىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مىللەت پارتىزانلىرى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ گومىنداڭغا قارشى جەڭ قىلىش ئارزۇيۇمنى غۇلجا شەھىرى ئىچىدىكى خۇيزۇ مىللىتىنىڭ مۆتىۋەر زاتلىرىدىن كېرىم ھاجى، سۆسەر ھاجى، سوسوزا قاتارلىق كىشىلەرگە ئېيتىپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە، خۇيزۇ مۆتىۋەر زاتلىرىمۇ مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز بىرلىكتە

كېڭىشىپ خۇيزۇ پىدائىيلار دۈيىنى تەشكىللەشنى قارار قىلدۇق.

خۇيزۇ پىدائىيلار قوشۇنى تەشكىللەش ئىشىنى غۇلجا شەھىرىنىڭ توپادەڭ مەھەللىسىدىن باشلىدىم. چۈنكى توپادەڭ غۇلجا شەھىرىدە خۇيزۇ تۇغقانلار زىچراق ۋە جىقراق جايلاشقان مەھەللە ئىدى. بۇ يەردىكى ئىشىم دەسلەپتە ئانچە ياخشى نەتىجە بەرمىدى، سەۋەبى، گومىنداڭنىڭ ئۇزۇن يىللىق دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەن خەلق قورقۇپ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلىنىشتىن ئۆزىنى تارتتى، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ مەزگىلدە پىدائىيلار دۈي تەشكىللەپ پارتىزانلار قوشۇنىغا قاتنىشىپ، گومىنداڭغا قارشى قۇرۇق قول بىلەن جەڭ قىلىپ ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىشكە دەسلەپتە ئىشەنچ قىلالمىدى، شۇ چاغدا خۇيزۇ خەلقى ئىرادىسىدە ساقلانغان بىرىنچىدىن قورقۇش، ئىككىنچىدىن غەلىبىگە ئېرىشىشكە ئىشەنچ قىلالماسلىق تەك مەسىلىلەرگە قارىتا داۋاملىق تەشۋىقى - تەربىيە ئېلىپ باردۇق، شۇ چاغدا ھەر مىللەت پارتىزانلىرىنىڭ گومىنداڭغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىشى دەسلەپكى غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، كۆرەش سېپى كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىپ، سۈيدۈڭ، كۆرە، لوسىگۇڭ قاتارلىق جايلارغا قانات يېيىپ، پارتىزانلىرىمىز بارغانلا يەردە خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە يار - يۆلىكىگە ئېرىشىپ، سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ كۆرە، لوسىگۇڭ، چىڭسىخوزا قاتارلىق يېزا - كەنتلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بەس - بەستە پىدائىي بولۇپ، پارتىزانلىرىمىز سېپىگە تۈركۈم - تۈركۈملەپ قوشۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ھال خۇيزۇ تۇغقانلارغا قارىتا بىر ئەمەلىي تەربىيە بولدى، ئاندىن مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خۇيزۇ پىدائىيلار دۈيى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىمىزنى پارتىزان قوشۇن رەھبەرلىرىگە مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ يولىيورۇقىنى ئېلىپ سۈيدۈڭگە باردىم. ئۇ يەردە خۇيزۇ تۇغقانلار ئارىسىدا خۇيزۇ پىدائىيلار دۈيى قۇرۇش ھەققى-



دە غۇلجىدىكى خۇيزۇ مۆتىۋەر زاتلار بىلەن بولغان مەسلىھەت ۋە قارارىمىزنى تەشۋىق قىلىپ، سۈيدۈڭدىن باياۋزا، مۇخازا، ئىسقار، قەتەن، ماخمۇر قاتارلىق ئونغا يېقىن خۇيزۇ ياش ئوتتۇرا ياشلىق ئەزىمەتلەر پىدائىي بولۇپ خۇيزۇ پىدائىيلار گۇرۇپپىسىنى بارلىققا كەلتۈردۈم. بۇلارنى ئېلىپ كۆرەش قايناۋاتقان لوسىگۇڭغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى پارتىزان قوشۇن مەسئۇللىرىغا خۇيزۇلاردىن پىدائىيلار دۈيى قۇرۇپ، پارتىزان قوشۇنىمىز تەركىبىگە كىرىپ، گومىنداڭغا قارشى جەڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تاتار، ئۆزبېك، رۇس قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭغا قارشى جەڭ قىلىش مەقسىتىمىزنى ۋە ئۇ ھەقتە خۇيزۇ مۆتىۋەر زاتلار بىلەن بولغان كېڭەش ھەم قارارىمىزنى دوكلات قىلىپ، ھەمدە پارتىزان قوشۇن مەسئۇلى موگۇتىنوۋنىڭ يولىيورۇقى ۋە نۇر، لى ئومار، پالتىيوۋ قاتارلىق پارتىزان دۈي مەسئۇللىرىنىڭ ياردىمى بىلەن خەلق ئىچىدە جۈملىدىن خاڭگۇڭ، لوسىگۇڭ، ساڭگۇڭ ۋە مۇشتەيزە قاتارلىق يېزا - كەنتلەردىكى خۇيزۇ قېرىنداشلار ئارىسىدا ئىككى كۈن تەشۋىق، ھەرىكەتلەندۈرۈش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە 50 نەپەر خۇيزۇ ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەزىمەتلەر ئۆز ئاتلىرىنى مىنىپ، ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن پىدائىي بولۇپ، پارتىزان قوشۇنىمىز سېپىگە قېتىلىپ گومىنداڭغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئەللىكتىن ئارتۇق ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەزىمەتلەردىن تەركىب تاپقان خۇيزۇ پىدائىيلار دۈيى تەشكىللەندى ۋە مېنىڭ دەسلەپكى ئارزۇيۇم ئەمدىلىكتە ئەمەلگە ئاشتى.

ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرى قوشۇنى تەركىبىدە خۇيزۇ پىدائىيلار دۈيى كەڭساي، لوسىگۇڭ يېزىسى قاتارلىق جايلاردا لېسكىن، موگۇتىنوۋلار قوماندانلىقىدىكى قېرىنداش مىللەت پارتىزان دۈيلىرىگە ئاسلىشىپ زامانىۋى قوراللار بىلەن

قوراللانغان، سان جەھەتتىن ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق دۈشمەن بىلەن قاتمۇ قات تاغلار ئارىسىدا كەسكىن جەڭلەر ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. پارتىزان ۋە پىدائىيلىرىمىزنىڭ دۈشمەن بىلەن ئېلىشقان كەسكىن جەڭلىرىدە، خۇيزۇ پىدائىيلىرىدىن رەخىمجان قاتارلىق ئۈچ نەپەر پىدائىي شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ ۋە بىرقانچە پىدائىيلار يارىلىنىدۇ. خۇيزۇ پىدائىيلىرى پارتىزان قوشۇنىمىزنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان دەسلەپكى بىر قانچە قېتىملىق قوراللىق كۈرەشلىرى جەريانىدا چېنىقىدۇ ۋە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭدەك پىدائىيلار دۈيى كۈندىن - كۈنگە يېڭى پىدائىيلار قوشۇلۇپ كېڭىيىپ بارىدۇ. پىدائىيلار دۈيىمىزنىڭ كەڭسايدا دۈشمەن بىلەن ئېلىپ بارغان كەسكىن جېڭىدە قۇربان بولغان پىدائىي رەخىمجاننىڭ قېرى ئانىسى 16 ياشلىق قىزى پاتىمەنى يېتىلەپ دۈيىمىزگە كېلىپ: «ئوغلۇم ئۆز ئارزۇيىنى تەلتۆكۈس ئورۇندىيالماي كەتتى، ئاكىسىنىڭ ئادا قىلالماي قالغان ئىنقىلابىي بورچىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قىزىم پاتىمەنى ئالدىڭىزغا ئېلىپ كەلدىم، پىدائىيلار دۈيىڭىز تەركىبىگە بىر جەڭچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ قىزى پاتىمەنى ماڭا تاپشۇردى. موماينىڭ بۇ ئالىي جاناپ پەزىلىتىدىن ھەممىمىز چوڭقۇر تەسىرلەندۇق. مەن دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ، مومايغا تەشەككۈر بايان قىلىپ، شۇ يەردىلا پاتىمەگە بىر ئاپتوماتنى تۇتقۇزدۇم. پاتىمە ئاپتوماتنى قولۇمدىن ئېلىپ سۆيۈپ باغرىغا چىڭ بىر بېسىپ ئاندىن پىدائىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. پىدائىيلىرىمىزنىڭ سانى ناھايىتى تېزلىكتە ھەسسىلەپ كۆپىيىپ 3 يۈز دىن ئاشتى. پارتىزان قوشۇنىمىز (خۇيزۇ پىدائىيلىرىمۇ بىللە) كەڭساي ۋە لوسىگۇڭدىكى دۈشمەننى تەلتۆكۈس تار - مار كەلتۈرۈپ، بۇيرۇققا بىنائەن سۈيدۈڭ، كۈرەنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن سۈيدۈڭگە كەلدۇق.



بۇ يەردىكى خەلقلەرگە گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ ماھىيىتى ۋە زۆرۈرلىكى ھەققىدە كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بارغاچ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلدۇق.

1944 - يىلى 25 - نويابىر كۈنى ئاخشىمى گېنېرال پالىنوۋ، ۋىلادىمىر ئىستېپان ۋە كازلوۋلار مېنى شتابقا چاقىرىپتۇ، دەرھال باردىم. ئۇ يەردە سۈيدۈڭنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇزاكىرە قىلدۇق، مۇزاكىرە نەتىجىسىدە سۈيدۈڭنى ئازاد قىلىش پىلانى تۈزۈلدى. ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش شتاب باشلىقى كازلوۋ سۈيدۈڭ شەھىرىگە يەنى دۈشمەننىڭ ئۇستەھكەم قورغىنى بولغان سۈيدۈڭ شەھىرىنىڭ سېپىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋاقىت سائەتلىرىنى بەلگىلەپ بېكىتتى، شەھەرگە ئۇرۇش ئوتى ئېچىش ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلىرىنى بەلگىلەپ ئوقۇتۇپ، جەڭچىلەرگە تولۇق ئۇقتۇرۇش قىلىندى. سۈيدۈڭنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان پارتىزانلارغا (خۇيزۇ پىدائىيلار دۈيىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) 260 دانە مىلتىق، 40 دانە ئاپتومات، يېتەرلىك ئوق - دورا، قول بومبىسى يېڭىدىن تارقىتىپ بېرىپ، 26 - نويابىر كۈنى كېچىسى سېپىلغا ھۇجۇم قىلىش ۋاقتى قىلىپ بەلگىلەندى. خۇيزۇ پىدائىيلاردىن خەرسەن دوللا، ئۇيغۇر پارتىزان ھاكىمجان قاتارلىق 11 نەپەر جەڭچىگە سېپىلنى پارتلىتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. ئۇلار دەرھال ئىشقا كىرىشىپ سېپىلنى پارتلىتىش تەييارلىقىنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈپ، بېرىلىدىغان جەڭ سىگنالىنى كۈتۈپ تەق تۇرىدۇ، كېچە سائەت دەل 12 دە جەڭنى باشلاش سىگنالى بىلەن تەڭ ھاكىمجان سېپىلنى تېشىپ كۆمۈلگەن پارتلىتىش پىلتىسىگە ئوت ياقتى. سېپىل يەر جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن قاتتىق پارتلاپ، ئەتراپنى چاڭ - توزاڭ ئارىلاش قارا تۈتەك قاپلاپ، قاراڭغۇ كېچىنى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرۇپ كىشىلەر خېلىغىچە ئۆزىدىن بىر مېتىر نېرىدىكى خېلى چوڭ نەرسىنىمۇ پەرق ئېتەلمەيدىغان قىلىۋەتتى. پارتلاش

ئاۋازى بىلەن تەڭلا خۇيزۇ پىدائىلىرىدىن دۇڭگۇەن تەرەپتىن
خەرسەن موللا، مۇزخانا تەرەپتىن خەنلۇرلار شوتا ئارقىلىق
سېپىل ئۈستىگە چىقىدۇ - دە، دۈشمەننىڭ پىلموتتىن
ئاتقان ئوقىغا دۇچ كېلىپ قەھرىمانلارچە شەرەپ بىلەن قۇربان
بولىدۇ؛ ئىككىنچى بولۇپ باگى، بەيىيوزالار ئوقتەك
ئېتىلىپ سېپىل ئۈستىگە چىققاندا ئۇلارمۇ دۈشمەن
ئوقىغا ئۇچراپ قۇربان بولىدۇ. ئاندىن شاۋ خەرسەن دۈشمەننىڭ
شۇ پەيتتىكى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، چەبدەسلىك بىلەن سېپىل
ئۈستىگە چىقىپ، سېپىل ئۈستىگە جايلاشتۇرغان دۈشمەننىڭ
پىلموتچىكىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئاڭغىچە سېپىلنىڭ پارتلىغاندىن
كېيىن ئېچىلغان ئېغىزدىن پارتىزانلىرىمىز سۈيدۈڭ بازىرى
ئىچىگە ھۇررا ۋارقىراپ بېسىپ كىرىپ بازار ئىچىدە جەڭ باشلى-
نىپ كېتىدۇ. سېپىل ئىچىدىكى جەڭدە يۈقرالار ئۆزلىرى تەييار-
لىغان تاياق - توقماق، ئارا - گۈرجەك، نەيزە قاتارلىق قوراللىرى
بىلەن پارتىزان جەڭچىلەرگە ماسلىشىپ، سۈيدۈڭ بازىرىغا بۆسۈپ
كىرىپ، دۈشمەنگە قارشى باتۇرانە جەڭ قىلىدۇ. دۈشمەن ئاھا-
مىنىڭ ۋە پارتىزانلىرىمىزنىڭ تولۇپ - تاشقان غەزەپ بىلەن
ئېلىپ بارغان كەسكىن كۈرىشى ئالدىدا ئالاقزادە بولۇشۇپ،
بەرداشلىق بېرەلمەي سېپىلنى تاشلاپ ئۆز گازارمىلىرىگە قاچتى.
مەن بۇنى ئۇقۇپ ھاكىمجان، مۇقاش، ھەسەننۇر قاتارلىق بىر-
قىسىم جەڭچىلەرنى باشلاپ قاچقان دۈشمەننى ئۇگۇسىغىچە قوغ-
لاپ بېرىپ تار - مار قىلدۇق. بىر قىسىم پارتىزانلىرىمىز سې-
پىلنى ئېلىپ، شەنگۇەن يامۇلغا بېسىپ كىرىپ ئۇ يەرگە مۆكۈ-
ۋالغان قالدۇق دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، شەنگۇەن يامۇلىدىكى
تۈرمىدە قاماقلىق ياتقان گۇناھسىز يۇقرالارنى ئازاد قىلدى.
شۇ كېچىسى سۈيدۈڭدىكى دۈشمەن كۈچى تازىمار كەلتۈرۈلۈپ
سۈيدۈڭ ئازاد قىلىندى. گومىنداڭ ئىشپىيونى گو خەيجاڭ قاتار-
لىق ئاز بىر قىسىم دۈشمەن بازار خەلقىنى بۇلاپ - تالاپ،



ئۆزلىرى پارتىزانلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىغان يىگىر-
مىدەك ئائىلىنى بىر يەرگە يىغىپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن قو-
شۇپ ئوت قويۇپ چىقىپ كەتكەن، 30 نەپەر قىز - چوكانلارنى
خېلى كۈن بۇرۇنلا يامان نىيەتتە بىر قورۇغا يىغىپ ئۇلارنى
ئۇرۇپ قىيناپ، باسقۇنچىلىق قىلىپ، قاچىدىغان ۋاقتىدا ئايال-
لارنى سولىغان ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىپ قاچقان. بىز بۇ ئەھۋال-
دىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پارتىزان جەڭچىلىرىمىز ئۆز ھا-
ياتىنىڭ خەۋپىنى ئويلىماي ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى
قىلدۇرۇپ، تېزلىكتە شۇ ئۆينىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى چېقىپ
ئوت ئىچىگە كىرىپ كۆيۈۋاتقان قىز - چوكانلارنى ئۆلۈم خەۋپى-
دىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى ۋە جىددىي داۋالاپ كۆيۈك جارا-
ھەتلىرىنى ساقايتتى. شۇنداق قىلىپ ئامىمىنىڭ يار - يۆلىكىدە
پارتىزانلىرىمىز ئورغۇنلىغان جاپا - مۇشەققەتلىك كۈرەشلەر
ئارقىلىق سۈيدۈڭنى ئازاد قىلىپ غەلىبە بايرىقىنى تىكلىدى.
خۇيزۇ پىدائىلار دۈيى ئوخشاشلا سۈيدۈڭنى ئازاد قىلىش جېڭىدە
ئۆز بۇرچىنى باتۇرلارچە ئادا قىلىپ تۆھپە قوشتى.

سۈيدۈڭ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ئۇرۇشقا قوماندانلىق
قىلىش باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن مەن خۇيزۇ پىدائىلار
دۈينى باشلاپ 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا غۇلجا
شەھىرىگە قايتتىم. غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىزنى
قىزغىن قارشى ئالدى. بۇ چاغدا غۇلجا شەھىرى دائىرىسىدىكى
بۇتخانا، ئايرودروم، لياڭشاڭ، ھەيرانباغ قاتارلىق جايلار تېخى
ئازاد قىلىنمىغانىدى. خۇيزۇ پىدائىلار دۈيى غۇلجا شەھىرىگە
كىرگەندىن كېيىن باشقا قېرىنداش پارتىزان قىسىملىرىغا يېقىن-
دىن ماسلىشىپ بۇتخانا، ئايرودروم، لياڭشاڭ، ھەيرانباغلاردا
دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭلەرگە قاتنىشىپ ئۆز بۇرچلىرىنى
شەرەپلىك ھالدا ئادا قىلىپ خىزمەت كۆرسەتتى. بۇ جايلاردى-
كى جەڭلەردە خەنزۇ پىدائىلار دۈيىدىن نۇر (مېنىڭ بىرنەۋرە

ئىنىم)، ئەرلى (باجامنىڭ ئوغلى)، خەربى، پاتىمە، ئىمىنجان، قەتەن (قازاق) ۋە باشقىلار بولۇپ 85 نەپەر قەيسەر جەڭچى شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. مەن، شاۋخەرسەن قاتارلىق بىرمۇنچىلىغان ئوفىتسىر، جەڭچىلەر ئېغىر - يېنىك يارىدار بولدۇق. دۈشمەندىن خېلى نۇرغۇن جەڭچىلەر ئۆلۈپ، يارىلىنىپ قوشۇنىمىز سان جەھەتتىن كېمىيىپ، سالامەتلىك جەھەتتىن ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، غۇلجا ناھىيىسى تەۋەسىدىكى سالالىق قېرىنداشلار ئۈچۈن، ئوبلاش يېزىلىرىدىن، تېكەس ناھىيىسىدىكى خۇيزۇ قېرىنداشلاردىن بولۇپ 120 نەپەر ياش غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ ئۆزلىرىنى خۇيزۇ پىدائىيلار دۈيىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەلۇم قىلىپ، پىدائىيلار دۈيىمىز سېپىگە كىرىپ قوشۇنىمىزنىڭ كەم يېرىنى تولدۇردى.

1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چوڭ تەنتەنە ۋە داغدۇغا بىلەن ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ مىللىي ئارمىيىسى رەسمىي قۇرۇلدى. 9 - ئاپرېل كۈنى مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال ئىسھاقبېك مېنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ «ھەر مىللەت پارتىزانلىرى ئاساسىدىن ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ مىللىي ئارمىيىسى تەشكىل قىلىنىپ تۇنۇگۈن رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. خۇيزۇ پىدائىيلار دۈيى مىللىي ئارمىيە تەركىبىدە خۇيزۇ دىۋىزىيونى (5 - ئاتلىق دىۋىزىيون) بولىدۇ. دىۋىزىيون كوماندىرى كېرىم ھاجى، ئورۇنباسارى سىز (مەنسۇرلومىيوۋ) بولۇشنى بېكىتتۇق. بۇ دىۋىزىيون ئىككى ئىسكادىرۇندىن تەركىب تاپىدۇ. بىرىنچى ئىسكادىرۇننىڭ كوماندىرى ئالېكسى كوچمىنوۋ، ئورۇنباسار كوماندىرلىقىغا شاۋخەرسەن، ئىككىنچى ئىسكادىرۇننىڭ كوماندىرلىقىغا گاما، ئورۇنباسارلىقىغا گادەنلەرنى مۇزاكىرە قىلىشىپ بەلگىلاندۇق» دەپ ئۇقتۇردى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۆتكەندە ھەر مىللەت پارتىزانلىرى قوشۇنى تەركىبىدىكى خۇيزۇ پىدائىيلار دۈيى ئەمدىلىكتە ئۈچ ۋىلايەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنتىزىم مىللىي



ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىدىكى خۇيزۇ دىۋىزىيونى بولۇپ تەشكىللەندى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ كەتتۇق.

بىز غۇلجىدىن قوزغىلىپ چىققان پېتى تۇغرا يولنى بېسىپ داخياڭزا ئەتراپىغا بېرىپ چۈشتۇق. دەل شۇ پەيتتە لېسكىن كوماندىرلىقىدىكى قىسىم سەنتەيدە، چاغانبېك قوماندانلىقىدىكى قىسىم قاراكېمىر، قوش ئەمچەك دېگەن جايدا، مەخپىرتۆرە باشچىلىقىدىكى قىسىم چاپقان يوتا، مىڭ مارالدا، غېنى باتۇر قوماندانلىقىدىكى قىسىم بورتالادا، موگۇننوۋنىڭ قىسمى سىتەيدە، بارات، ئىمىن پەرەڭ باشچىلىقىدىكى قىسىملار ئوتتەي ئەتراپىدىكى قىشلاقلاردا تۇرىدىكەن. بىز ھۇجۇم قىلماقچى بولغان داخياڭزا ئاساسەن قېرىنداش قىسىملار تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنىپ بولغانىكەن، بىز (خۇيزۇ دىۋىزىيونى) ئەسلىدە 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىلا داخياڭزىغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىدۇق. بۇ پىلان ئۆزگەرتىلىپ، داخياڭزىغا بولىدىغان ھۇجۇمنى باشقا قېرىنداش قىسىملارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سەھەردە باشلىدۇق. داخياڭزا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بىر پاي ئوق ئاتماي داخياڭزا بازىرىغا كىرىپ ئۇقۇشمىزچە دۈشمەن مىللىي ئارمىيىنىڭ كېلىپ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىشىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ ئالاقزادە بولۇشۇپ، بىزنىڭ كىرىشىمىزدىن بىرنەچچە سائەت بۇرۇنلا يېزا بازىرىنى تاشلاپ ماشىنىلىق ۋە پىيادە دېگەندەك جىڭ ناھىيە بازىرىغا تىكىۋەتكەنىكەن.

مەن بۇيرۇققا بىنائەن 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ھەسەننۇر ھاجى بولۇس، شاۋ خەرسەن قاتارلىق بىرقانچە ئوفىتسىرنى باشلاپ بورتالا ناھىيىسىگە بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ھاكىمى ھاشىم ئاخۇن ئاكا بىلەن بىرلىكتە با مەسلىھەت داخياڭزا يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە تىنچلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىسى (بۇرۇن داخياڭزا جىڭ ناھىيىسىگە قارايتتى. مىللىي ئارمىيە ئۇ يەرنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن ئۇ يەرنى ۋاقىتلىق بورتالا ناھىيىسىگە

قارىنىشقا توغرا كەلگەنىدى) تەسلىم قىلىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقىغا × × × نى، شۆبە ساقچى ئىدارە باشلىقىغا ماخمۇت خاننى، مۇئاۋىنلىقىغا مەتىن (تاتار)نى بەلگىلەپ ئورگان تۇرغۇزغاندىن كېيىن بۇرۇن ھەر تەرەپكە قېچىپ پېتىراپ كەتكەن خەلق قايتا ئۆز ئۆي - ماكانلىرىغا كېلىپ، داخياگۇزنىڭ جەمئىيەت خاتىرجەملىكى ئورنىتىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشلىرى قايتىدىن تەشكىللىنىپ يولغا سېلىندى.

خۇيزۇ دېۋىزىيونىنىڭ شتابى داخياگۇزىغا جايلاشتى. داخياگۇزا بىلەن يىڭجىخۇ يېزىسىنىڭ ئارىلىقى 40 كىلومېتىر بولۇپ، مىللىي ئارمىيە قوشۇنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ ئالدىنقى سەپ ھېسابلىناتتى. بۇ جاي ئاتقۇچ پولكىنىڭ بىر ئىسكادرونى ۋە شىبە ئىسكادرونى تەرىپىدىن قوغدىلاتتى. يىڭجىخونىڭ شەرق تەرىپى دۈشمەن ئىگىلەپ تۇرغان باجاگخۇ، جەنۇبىي قۇمتاغ (ساسەنزى)، غەربىي داخياگۇزا، شىمالىي تەرىپى كىچىك جىك ئىدى. يۇقىرىدىكى جايلاردا خۇيزۇ دېۋىزىيونىنىڭ جەڭچىلىرى نۆۋەت بىلەن ياساۋۇللۇق قىلاتتى. بۇ زېمىندا مەلۇم مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن خۇيزۇ دېۋىزىيونىدىكى بارلىق جەڭچىلەر بۇ زېمىننىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى بىلەن خېلى پىششىق تونۇشۇپ قالدى.

1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قوشۇنىمىزدىن لەيجىۋا، پەيشەر ۋە يۇجاگيۇ قاتارلىق ئۈچ ئەبلەخ ياساۋۇللۇققا چىققان پەيتىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ، دۈشمەن قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشنىڭ ئەپلىك ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراپ، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ئۈچ نەپەر ئاسىي قىسىملىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى بىلگەن ئىچكى ئەھۋاللىرىدىن — دۈشمەنگە قارشى سەپەر قىلىنغان قوشۇنىمىزنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى، ئادەم سانى، قورال - ياراق تۈرى، سانى، ئورۇش قى-



لىش ئىقتىدارى ۋە قىسىملىرىمىزنىڭ تۇرغان جايى، جايلىشىش ئەھۋالى قاتارلىق مەخپىيەتلىكلىرىنى دۈشمەنگە مەلۇم قىلىدۇ. دۈشمەن دەرھال بىزگە تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى ئىشلەپ، ئاسىيلار دۈشمەنگە تەسلىم بولغانىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئۆزلىرىنىڭ زامانىۋى ھەربىي قوراللار بىلەن جابدۇقلانغان 2500 دىن ئارتۇق قوشۇنىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، فرونت بويىچە سەپ تارتىپ يوشۇرۇن ھۇجۇم باشلاپ، دەسلەپتە بىزنىڭ ئۈچ ئىسكادرونىمىزنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، بۇتخانا دېگەن يەردە دەم ئېلىۋاتقان شىبە ئىسكادرونىنىڭ 20 نەپەر جەڭچىسىنى تىرىك تۇتۇۋالىدۇ - دە، كېيىن كەسكىلەپ، چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ چاغدا بىرىنچى مەخپىي ياساۋۇلدا تۇرغان مۇقاش ئىسمايىل (قىرغىز) قۇمتاغنىڭ ئارقا تەرىپىدىن يوپۇرۇلۇپ، ياماراپ كېلىۋاتقان دۈشمەننى كۆرۈپ دەرھال يېنىدىكى مەۋا (ئۇيغۇر) ئىسىملىك جەڭچىنى ئاتلاندۇرۇپ، سەككىز كىلومېتىر ئارىلىقتىكى يىڭجىخودا تۇرۇۋاتقان قىسىملىرىمىزغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ. ئىسكادرون كوماندىرى كومىسنكوۋ يۈز بەرگەن يېڭى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بۇنى تېزلىكتە قوشنا ئىسكادرونلارغا خەۋەر قىلىپ، ئۈچ ئىسكادرون شۇئان ھەرىكەتكە كېلىپ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يېتىپ بېرىپ، جەڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تەق تۇرىدۇ؛ خۇيزۇ ئىسكادرون كوماندىرلىرىدىن شاۋخەرسەن داخياگۇزا شتابىدا تۇرۇۋاتقان ماگا (مەنسۇر لۇمسوۋقا) تېلېفون بەرگەن بولسىمۇ، تېلېفون سىمى ئاللىقاچان دۈشمەن چارلىغۇچىلىرى تەرىپىدىن كېسىۋېتىلگەنلىكتىن سۆزلىشەلمەيدۇ، ئاگغىچە دۈشمەن قورشاۋنى بارغانچە تارايتىدۇ. قورشاۋدا قالغان قىسىمىمىز ئىچىدىن ئارتقا خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ چىققان كامال، ئىسبىلا 200 مېتىر يەرگە بارماي تۇرۇپلا دۈشمەن تەرىپىدىن ئوققا تۇتۇلۇپ قۇربان بولىدۇ، تېلېفون سىمىنى تەكشۈرگىلى چىققان ئىككى نەپەر تېلېفونىستمۇ دۈشمەن ئوقىغا دۇچ كېلىپ قۇربان بول-

دۇ، دۈشمەن قورشاۋنى تارايتىپ بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىدۇ،
دۈشمەن بىلەن بولغۇسى كەسكىن جەڭ باشلىنىپ كېتىدۇ. ئارقا
سەپتىن ياردەمگە قىسىم يېتىپ كەلگۈچە شۇ مەيداندا بار قى-
سىملىرىمىز (خۇيزۇ دېۋىزىيونىمۇ) ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق جاسا-
رىتىنى نامايان قىلىپ، جەڭ قىلىش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ
دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ تىغمۇ تىغ ئېلىشىدۇ. شۇ ئارىدا
بىزنىڭ ئەتراپتىكى قىسىملىرىمىز تۇشما تەرەپتىن يېتىپ كېلىپ
دۈشمەن قوشۇنىنى سىرتىدىن ئىسكەنجىگە ئالىدۇ. مەن بىرىنچى
ئىسكادرونىنى باشلاپ ئوتتۇرىدىن، شاربايوۋ ئۆمەر ئۆز ئىسكا-
درونىنى باشلاپ جەنۇبتىن، مۇخشي (سالا مىللىتى) شىمالدىن
شىبە ئىسكادرونىغا ماسلىشىپ شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىدۇ. ۋالىم
مۇبارەك ئۆز قىسىم جەڭچىلىرىنى غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلەشكە
چاقىرىپ، دۈشمەننىڭ چوڭ يول تەرەپ يېنىدىن كۈچلۈك ئوت
ئاچىدۇ. مۇقاش پىلىموت گۇرۇپپىسىنى تاشيولغا چېكىندۈرۈپ،
شۇ يەردىن دۈشمەننى پىلىموتنىڭ ئاستىغا ئالىدۇ. مەن دەل
شۇ چاغدا بىر قىسىم دۈشمەننىڭ قومتاغ ئاستىغا توپلىشىۋاتقان-
لىقىدىن خەۋەر تېپىپ، مىنامىيوت گۇرۇپپىسىغا قوماندانلىق قىلىپ
جەڭ پائالىيىتى ئېلىپ باردىم. شۇ يەردىكى جەڭدە نۇرغۇن
دۈشمەن يەر چىشلىدى. قوشۇنىمىزدىن پىلىموتچىك قۇربان شە-
رەپ بىلەن قۇربان بولدى. دۈشمەنگە ھەر تەرەپتىن بېرىلگەن
قاقشاتقۇچ زەربە نەتىجىسىدە دۈشمەن ساراسىمىگە چۈشۈپ، ھو-
دۇقۇپ قالىدۇ، شىمال تەرەپتە جەڭ قىلىۋاتقان شىبە ئىسكاد-
رونى ئىسكادرون كوماندىرى شىبەن، بايەنتۇلارنىڭ قوماندانلى-
قىدا دۈشمەنگە ئارقا - ئارقىدىن شىددەتلىك ئوت ئاچىدۇ، دۈش-
مەن بارغانسېرى ھالسىرايدۇ، ھەر جەھەتتىن بىزدىن نەچچە
ھەسسە ئارتۇق دۈشمەن قەھرىمان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى-
مىزنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن ئېلىپ بارغان يېرىم كۈن-
لۈك قايتۇرما ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىرى كەينىگە



يېنىپ قاچىدۇ. قىسىملىرىمىز ھەر تەرەپتىن بىردەك ئاتاكىغا ئۆ-
تۈپ دۈشمەندىن يىگىرمىچە يېزىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، دۈشمەننى
باجاخو، جىڭ ناھىيىسىگە قەدەر سۈرۈپ توقاي قىلىپ قوغلاپ
بارىدۇ. شۇ قېتىمقى جەڭدە دۈشمەننىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكە-
رى يوقىتىلىپ، پەيجاڭ مافۇچاڭ (خۇيزۇ) قاتارلىق چوڭ - كى-
چىك بىرقانچە ئون ئوفىتسېرلىرى ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. 17 دانە
چوڭ تىپتىكى مىنامىيوت، مىڭدىن ئارتۇق مىلتىق، ئىككى زەم-
بىرەك، 68 دانە چوڭ - كىچىك (ھەر خىل) پىلىموت، نۇرغۇن-
لىغان قولبومبىسى ۋە ئوق - دورا غەنىمەت ئېلىنىدى.
بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى يەكۈنلىنىپ، تەج-
رىبە - ساۋاقلار خۇلاسىلەنگەندىن كېيىن خۇيزۇ دېۋىزىيونىنىڭ دا-
خىيالىزىدىكى شتابى يىگىرمىخوغا يۆتكەلدى. ئۇ يەردە خۇيزۇ دې-
ۋىزىيونىنى بىر قېتىم رەتلەپ، جەڭ جەريانىدا يېتىشىپ چىققان
قەھرىمانلار بىلەن كوماندىر قۇرۇلۇشىنى تولۇقلاپ، دۈشمەن بى-
لەن ئالدىن بولغۇسى جەڭ تەييارلىقىنى كۈچەيتىپ، دۈشمەننى
يېڭىش ئىرادىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇردۇق.
ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش شتابىدىن دېۋىزىيونىمىزغا
بەلگىلەپ بېرىلگەن ۋەزىپە ئۆتەش دائىرىسى يىگىرمىخونىڭ جە-
نۇبىدىكى تاشيولدىن قومتاغدىكى 4 - مەخپىي قاراۋۇلغا قەدەر
بولۇپ، بىز 1945 - يىلى 5 - سېنتەبىر كۈنى ئەتىگەنلىكى سا-
ئەت ئۈچتە تاشيول بويىغا چىقىپ ئورۇن ئالدۇق، بىز ئورۇن-
لىشىپ بىردەمدىن كېيىنلا جەڭ بۇيرۇقى بېرىلدى، بىزنىڭ دې-
ۋىزىيون باجاخوغا قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىدى. دۈشمەن
چوڭ - كىچىك قوراللىرىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، بىز تەرەپكە ئوق
ياغدۇرۇشقا باشلىدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز دۈشمەننىڭ
ئوت توچكىلىرىنى ۋەيران قىلىپ، دۈشمەن خەندەكلىرىنى ئىگى-
لىدى. ئاتالمىش كۈچلۈك دۈشمەن ئىككى سائەتلىك جەڭگە
چىداشلىق بېرەلمەي باجاخونى تاشلاپ قاچتى. بىز دۈشمەننى

كىچىك جىڭ ۋە چوڭ جىڭغا قەدەر قوغلاپ باردۇق.

كىچىك جىڭ بىر چوڭ جوۋاڭزى بولۇپ، دۈشمەن جوۋاڭزىنى ئايلاندۇرۇپ كەڭلىكى تۆت مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر خەندەك كولاپ، خەندەككە سۇ قويۇۋەتكەنىكەن، شۇنىڭدەك جوۋاڭزىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا پىلىموتلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، دۈشمەن شۇ پىلىموتلىرىنى ئىشقا سېلىپ بىزنى ئوققا تۇتماقتا ۋە «لەي... لەي» دەيتتى، قارا - قويۇق ئاتاتتى. بىزنىڭ مەرگەنلىرىمىز دۈشمەننىڭ ئىككى پىلىموتچىكىنى يەر چىشلىتىپ جوۋاڭزىغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە يول ئاچتى. جەڭچىلىرىمىز قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلىپ پەلەككە كۆتۈرۈلگەن «ئۇررا» ساداسىنى ياڭراتقاندىن كېيىن دۈشمەن ھودۇقۇپ كېتىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي چوڭ جىڭغا قاراپ تىكىۋەتتى. بىز كىچىك جىڭنى ئىگىلەپ جىڭ ناھىيىسىنىڭ بازىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدۇق؛ بىز ئۇررا ساداسى ئىچىدە دۈشمەننى قوغلاپ جىڭ دەرياسى بويىغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنىمۇ سەزمەي قاپتىمىز، ئاڭغىچە تاڭ سۈزۈلۈپ، يەر جاھانغا يورۇق چۈشۈپ، جىڭ ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى دۈشمەن پوتەيلىرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەن خۇيزۇ دېۋىزىيون جەڭچىلىرىگە قاراپ: «ئالغا!» دەپ بۇيرۇق قىلدىم. جەڭچىلىرىمىز بۇيرۇق بىلەن تەڭلا ئات چاپتۇرغان پېتى جىڭ ناھىيىسىنىڭ بازىرى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بىز جىڭ ناھىيە بازىرىغا كىرسەك بۇ جاي باشقا قېرىنداش قىسىملار تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىپ بولغانىكەن.

بىز جىڭ ناھىيە بازىرىدا توختىماي كېچىلەپ قاچقان دۈشمەننى قوغلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. تاشداۋاندىن ئۆتۈپ قومبۇلاققا كەلگەندە، بىزنىڭ ئالدىمىزدا دۈشمەننى قوغلاپ ماڭغان تېكەس بىرىنچى ئاتلىق پولك، شىبە ئىسكادرونى ۋە رۇس ئىسكادرونلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. ھەممىمىز جەم بولۇپ ئاتلىرىمىزنى ئوت چالدۇرۇپ، ئۆزىمىز غىزالانغاندىن كېيىن ئىككى



سەپكە بۆلۈنۈپ، تاغ ئېتەكلىرى، تاشيول ۋە ھارۋا يول ئەتراپلىرىغا مۆكۈنگەن دۈشمەننى قوغلاپ توغراق چازىدا دۈشمەن بىلەن ئاز - تولا ئېلىشىپ، توغراق چازا بىلەن كۇلئۆتەڭنى دۈشمەندىن تازىلاپ، پورتاجىغا كەلدۇق. بۇ يەردىكى موڭغۇل قېرىنداشلار بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى.

بىز داۋاملىق ئىلگىرىلەۋاتىمىز، ئالدىمىزدا دۈشمەن مۇداپىئەلىنىۋاتقان جاي چىگەنشور ئىدى. جەڭ مەزگىلىدىكى سەپەردە جەڭچىلەر بەلگىلىمە بويىچە ماڭاتتى. ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا ئۈنتىك ياكى ئاستا مېڭىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى، بىز كەچ سائەت تۆتلەردە چىگەنشور يېنىدىكى تاشيول بويىغا يېتىپ كەلدۇق. بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزدىن خەۋەر تاپقان دۈشمەن تولۇق قوراللانغان تۆت ماشىنا ئەسكىرىي كۈچى بىلەن بىزگە قارشى كېلىپ ئوت ئاچتى. ئۇرۇش قىلىش قوماندانى قىسمىمىزنى دەرھال دۈشمەننىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىگە ئۆتۈپ دۈشمەنگە قارشى ئۇدۇلدىن مىنامىيوت بىلەن زەربە بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. مىنامىيوت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى مۇخەممەر ئالدى بىلەن دۈشمەنگە قارشى ئوت ئاچتى، كۈن كەچ كىرىپمۇ قالغان، بىرىنچى ئىززۋوتنىڭ كوماندىرى موسازا ئالتە نەپەر جەڭچىنى باشلاپ دۈشمەننىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ماشىنىسىغا ئوق ئاتتى. بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز بىلەن دۈشمەن ماشىنىسى ئارىلىقى تەخمىنەن 200 مېتىرچە بولۇپ، دۈشمەنمۇ پىلىموتلىرىدىن بىزگە ئوق ياغدۇرۇۋاتاتتى. موسازا ئۆزى باشلاپ بارغان ئالتە نەپەر جەڭچى بىلەن دۈشمەننىڭ پىلىموتىغا قارشى جەڭ ئېلىپ بېرىۋېتىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولدۇ. بۇ ھالدىن دۈشمەننىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئۆتۈپ جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچىلەر خەۋەر تاپقان ھامان مۇقاش ئىسمايىل ئىككى جەڭچىنى باشلاپ دۈشمەنگە قارشى ئىلگىرىلەپ، دۈشمەننىڭ ئۈچىنچى ماشىنىسىنىڭ چاقىغا پىلىموتتىن ئوق ئۈزۈپ، ماشىنا چاقىنى تېشىپ ئاندىن ماي

باككا قارىتىپ ئېتىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنقى ۋە ئۈچىنچى ماشىنىسىنى پارتلىتىپ، ئۆزى دۈشمەن ئوقىدا يارىلاندى، جەڭچى مەۋا، ۋالىم مۇبارەكلەر مۇقاشنىڭ پىلىموتىنى ئېلىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىدۇ، ئاڭغىچە مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى دۈشمەننى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ئوراپ تۇرۇپ زەربە بېرىش نەتىجىسىدە دۈشمەن تار - مار كەلتۈرۈلۈپ، بىر قىسىم دۈشمەن ئەسىر ئېلىنىدۇ، بىر قىسىم قورال - ياراق ۋە نەرسە - كېرەكلەر غەنىمەت ئېلىنىدۇ. مىللىي ئارمىيە قىسىمىمىز جۈملىدىن خۇيزۇ دېۋىزىيونى چىڭشۇردىكى جەڭنى غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، شىخو ناھىيىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

شىخودىكى دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭ ھەم جىددىي ھەم قاتتىق ۋە كەسكىن بولدى. چۈنكى شىخو ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى زور مۇھىم ئورۇن بولۇپ، گومىنداڭنىڭ مىللىي ئارمىيىگە قارشى ئاساسلىق ھەربىي كۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بازىسى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز شىخو ئۇرۇشىنى باشلىشىمىز بىلەن تەڭلا دۈشمەن ئۈرۈمچىدىن ھاۋا ھەم يەردىن ئۈزلۈكسىز ھەر خىل ياردەمنى يەتكۈزۈپ تۇردى. ئۈرۈمچى ھاۋادىن، يەردىن ھەرقانچە كۈچەپ ياردەم بېرىپ تۇرسىمۇ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇھاسىرە ئىسكەنجىسىدە قالغان دۈشمەن ئۆرە تۇرۇپلا ئۆلۈپ بولغانىدى. شىخونى ئازاد قىلغۇچە مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ تارتقان چىقىمىمۇ ئاز بولمىدى. شىخو ئۇرۇشىدا بىزئاز بولمىغان قۇربان بەردۇق. ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىدىن بولغان نۇرغۇنلىغان ئوغۇل - قىز جەڭچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، دۈشمەن بىلەن باتۇرانە جەڭ قىلىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولۇشتى. ئۇلارنى بىز مەڭگۈ ئەسلەيمىز، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈگە ھايات. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز ئىسسىق قېنىنى ئاققۇزۇپ، ئەزىز ھاياتىنى قۇربان قىلىپ، ئاخىرى دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ 1945 - يىلى



9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىخونى ئازاد قىلدى. «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» ناملىق كىتابنىڭ 27 - سانىدا يولداش ئىمىنوۋ ئېلاخۇننىڭ ھەل قىلغۇچ جەڭ — شىخو ئۇرۇشى ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە شىخودىكى جەڭ تەپسىلىي بايان قىلىنىپ ئۆتكەچكە مەن بۇ ماقالەمدە قىسقىچىلا بايان قىلدىم.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز شىخونى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، بىز خۇيزۇ دېۋىزىيونى شىخەنزىگە بېرىپ ئورۇنلاشتۇق. كۈندە دېگۈدەك جەڭچىلەرگە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىلاتتى، چۈنكى چوڭ دۈشمەن ئالدىمىزدا — ئۈرۈمچىدە ئىدى، بىز تازا قىزىق ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گېنېرال پالىنوۋ شىخەنزىگە كېلىپ بىزدىن ھال سورىدى ھەم مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ «خۇيزۇ دېۋىزىيونى ئاساسىدا خۇيزۇ پولكى — مىللىي ئارمىيە 10 - ئاتلىق پولكى تەسىس قىلىنىدىغانلىقى» ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى ئوقۇپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن خۇيزۇ ئاتلىق پولكى قۇرۇلدى، دەسلەپ كېرىم ھاجى پولك كوماندىرى، مەن مۇئاۋىن پولك كوماندىرى بولۇپ بەلگىلەندۇق. ئاڭغىچە ئۈچ ۋىلايەت قوزغىلاڭچى خەلق ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭنىڭ نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىم تۈزۈش سۆھبىتى باشلاندى. 1946 - يىلىغا كەلگەندە كېرىم ھاجى باشقا خىزمەتكە ئالماشتۇرۇلۇپ، مەن پولك كوماندىرى قىلىپ بەلگىلەندىم. ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرىنىڭ گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان تىنچلىق سۆھبىتى ئون ئاي داۋام قىلىپ، ئاخىرىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى بارلىققا كەلدى، تىنچلىق بىتىمدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ سانى مۇقىم قىلىپ بەلگىلەنگەچكە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم مەزمۇنىغا ئاساسەن مىللىي ئارمىيە دائىرىسىدە چوڭ رەتكە سېلىش ئېلىپ بېرىلىپ، پولكلار ئىخچاملىنىپ خۇيزۇ پولكى 1 - ئاتلىق پولك بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى باج ئىشلىرى ھەققىدە ئەسلىمە

مەھەممەت ھەسەن

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1945 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى تارمار قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە، گومىنداڭ چىرىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، ئىچكى - تاشقى شەرت - شارائىتىغا ماسلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن قالغان قۇرۇق جازا — ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلارنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ يېڭىچە ئورگان قىلىپ قۇرۇپ چىققانىدى. جۈملىدىن باج سىستېمىسىدىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قالاق، چىرىكلىشەن، پارىخور بالايى - ئاپەت قارا ئۇۋىسىنى تارمار قىلىپ، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئېغىر باج - سېلىقلارنى تۈپتىن بىكار قىلىپ، خەلق ئاممىسى قوللايدىغان ۋە ھىمايە قىلىدىغان باج سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان، ھەمدە ئۇنىڭ كىرىمى بىلەن مىللىي ئارمىيە ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تۈرلۈك تەمىنات ئېھتىياجىنى قامداپ، خەلق يۈكلىگەن ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلغانىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ باج - سېلىقى ئىنتايىن قالاق، چىرىك ۋە نامۇۋاپىق بولۇپ، باج ئالمايدىغان ئورۇن، تارماق ۋە ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن سېلىق ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقتىن دات - پەرياد بىلەن زار قاخشاپ:



قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالدۇق،
ئوتتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
دەرتنى ئېيتار يەر تاپالمىدۇق،
زالىملارنى نەس باسسۇن.
..................

دەپ قوشاق قوشۇپ ئۆزلىرىنىڭ غەزەپ - مۆكلىرىنى ئىپادىلەيتتى.

ئالۋاڭ - ياساقنىڭ ئېغىرلىقى، باج تۈرىنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىدىن زۇلۇم چەككەن خەلقلەردىن ئىلاجسىز ئۆز ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران، سەرسان بولۇپ، يۇرتمۇ يۇرت تېنەپ مۇساپىر بولۇپ، تۇرمۇشتا چىقىش يولى تاپالماي ئۆلۈپ كەتكەنلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى.

دېھقانلار، چارۋىچىلار، تىجارەتچىلەر، قول ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق يايمىچى تەنزىكەشلەر ھەتتا ئەمگەك كۈچىنى ساتىدىغان مەدىكارلار ئارقا - ئارقىدىن ۋەيران بولغانىدى. شۇڭا خەلق ئارىسىدا گومىنداڭنىڭ چىرىكلىكىگە قارىتا:

خوشامەتچى بەگ بولدى،
يالاقچىسى دوغا.
گومىنداڭغا نېمە بولدى،
خۇدايا توۋا.

دېگەن قوشاقلار كەڭ تارقالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، كونا باج ئورگانلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ يېڭى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان باج سىستېمىسىنى قۇرۇپ، باج تۈرىنى 17 — 18 خىلغا قىسقارتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بىر باج سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىققانىدى.

## ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى

ئىلى ۋىلايىتىدە ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە ۋىلايەتلىك شۆبە باج ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ھەر بىر ناھىيىلەردە ناھىيىلىك باج ئىدارىسى، ھەر بىر يېزا (بەگلىكنى ئاساس قىلاتتى) شۆبە باج پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ ۋىلايەت ناھىيىگە، ناھىيە يېزىلارغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىپ، پۈتۈن باج كىرىم - چىقىم ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى تەرىپىدىن بىر تۇتاش ئاتچوت قىلىناتتى. باج كادىرلىرىنى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى بىۋاستە تەيىنلەش، يۆتكەش ۋە قالدۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى، دېمەك، ھەر بىر ئورۇندا قۇرۇلغان باج ئىدارىسى مۇستەقىل ھېسابات يۈرگۈزەتتى. كادىر ۋە مالىيە ھوقۇقى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى مەمۇرىي جەھەتتىن قوش رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، باج قانۇنىيىتى، باج تۈرىنى، باجنى كەچۈرۈم قىلىش، باج تۈرىنى ئاشۇرۇش، كېمەيتىش ھوقۇقى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە بولۇپ يەرلىك ئورۇنلار بۇ ئىشقا ئارىلاشمايتتى. دېمەك پۈتۈن باجنىڭ پىلان ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرىنى ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، خەلق خوجىلىق باشقارمىسىغا بىۋاستە ھېساب بېرەتتى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بارلىق كىرىم - چىقىمىغا خوجىلىق باشقارمىسى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلاتتى.

### ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ تەشكىلى

ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ تەشكىلىي بىرىنچى، مۇدىرىيەت مۇدىر، ئىككى مۇئاۋىن مۇدىردىن ئىبارەت بولۇپ



(ئىدارە باشلىقى شۇ ۋاقىتتا مۇدىر دەپ ئاتىلاتتى) بىرسى كۆچمەس، يەنە بىرسى كۆچمە تىجارەتچىلەردىن باج ئالاتتى. يەنە بىرسى زاۋۇت، كان - كارخانا ۋە قول ھۈنەرۋەنلەردىن باج ئالاتتى. يەنە، پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى بولۇپ، بۇ، ئۈچ ۋىلايەت بويىچە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پىلان - ستاتىستىكا خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مالىيە بوغالتىرلىق بۆلۈم بولۇپ، بۇ، ئۈچ ۋىلايەت بويىچە بارلىق بوغالتىر ۋە كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. جۈملىدىن، كاتىبات بۆلۈم، بۇ مەمۇرىي ئىشلار ۋە خەت - چەك ئالاقە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. كادىرلار بۆلۈمى بولسا، بۇ ئۈچ ۋىلايەت باج كادىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى خەلق خوجىلىق باشقارمىسى بىۋاستە تەيىنلەيتتى. ناھىيىلىك باج ئىدارىلىرىنىڭ باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى تەيىنلەيتتى. يېزا باج پونكىتىنىڭ باشلىقلىرىنى ناھىيىلىك باج ئىدارىسى بىۋاستە بەلگىلەيتتى ۋە يەنە تاموژنا، چۆپ ئۆچى بۆلۈملىرى بولۇپ، تاموژنا بۆلۈم (خارجى باج دەپمۇ ئاتىلاتتى) مەخسۇس ئېكسپورت ۋە ئىمپورت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. بۇنىڭغا ئىدارىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە مەسئۇل بولاتتى. چۆپ ئۆچى بۆلۈم بولسا، ھەر يىلى 5 - ئايدا قۇرۇلۇپ 8 - ئايدا خىزمىتىنى تۈگىتىپ ئەمەلدىن قالاتتى. بۇنىڭ باشلىقىنى ئىدارە باشلىقىنىڭ بىرسى قوشۇمچە ئىشلەيتتى. گەرچە بۇ خىزمەت شۇنچە كەڭ دائىرىلىك، مۇرەككەپ ۋە ۋاقىت خاراكتېرلىك ئېغىر خىزمەت بولسىمۇ 4 - ئايدا تولۇق تۈگەپ خەزىنىلىشىپ بولاتتى. ماركا بۆلۈم. بۇ، بارلىق زاۋۇت - كارخانىلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارنى، ماللارغا چاپلىنىدىغان ماركىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت پۇلىنى باسىدىغان

ئورۇن بىلەن بىرلىكتە ماركا ئىشلەپ چىقىپ، چاپلاپ بېرەتتى. مەزكۇر بۆلۈمنىڭ باشلىقلىقىنى ئىدارە باشلىقىنىڭ بىرسى قوشۇمچە ئۆتەيتتى. ماركا چاپلانمىغان ھەر قانداق تاۋارنىڭ سېتىلىشىغا يول قويۇلمايتتى. دېمەك، يۇقىرىدىكى تۈرلۈك بۆلۈملەر ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى بولۇپ، 90 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى.

ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە 26 ناھىيە، ئىككى يۈزچە يېزىدا باج ئورۇنلىرى بولۇپ، 2500 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. مەسىلەن، تاموژنا بېجىنى ئالساق، بۇ بۆلۈمنىڭ شتاتى توققۇز نەپەر بولۇپ، خىزمەت دائىرىسى ئىككى چېگرا (موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ سۇمبە چېگرىسى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئالمالى چېگرىسى) ماناس دەرياسىنىڭ بويى (شۇ ۋاقىتتا ماناس كۆۋرۈكىنىڭ ئۇ تەرىپىدە مىللىي ئارمىيە، بۇ تەرىپىدە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇراتتى) ھەمدە ئىلى ئايرودرومىدا داۋاملىق تۇرۇپ چېگرىدا ئېكسپورت ۋە ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن تاموژنا باج ئالسا، ماناس دەريا بويى ۋە ئايرودرومدا كۆچمە تىجارەتچىلەردىن باج ئېلىناتتى.

ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن تەرەققىيات شىركىتى بولۇپ، پۈتۈن ئېكسپورت ۋە ئىمپورت شۇ شىركەتنىڭ مەسئۇللۇقىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا چەكلىك ساندا شەخسىي دىگۋارچىلار بولۇپ، مەزكۇر شىركەتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ جانلىق مال ۋە پوچىنا ماللىرىنى ئېكسپورت قىلاتتى. جەمئىيەت ئورۇنلىرىدىن شىبە ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللۇقىدا قىشتا چوشقا گۆشى ئېكسپورت قىلىناتتى. ئۇلار چىقارغان ماللىرىنىڭ بەدىلىگە تۈرلۈك تاۋارلارنى ئىمپورت قىلاتتى. بۇلاردىن ئېكسپورت - ئىمپورت بېجى ئېلىناتتى.



## باج ئېلىنىدىغان ئوبيېكتلار

باج ئېلىنىدىغان ئوبيېكتلار — ھۆكۈمەت سودا ئورۇنلىرى، جەمئىيەت سودا ئورۇنلىرى، زاۋۇت، كان - كارخانىلار، شەخسىي تىجارەتچىلەر، ئۇششاق تىجارەتچى، قول ھۈنەرۋەنلەر (بۇلارنىڭ ئىچىدە سەرمايىسى 1 مىليون ئۈچ ۋىلايەت پۇلى، يەنى ھازىرقى مىڭ يۈەن پۇلغا توشمىغانلاردىن باج ئېلىنماي، باجنى كەچۈرۈم قىلىش كىنىشكىسى بېرىلەتتى. جانلىق مال بېجى، چۆپ ئۇچى بېجى، ئىجارە بېجى، تاموژنا بېجى ۋە ترانسپورت بېجى قاتارلىقلار ئىدى.

## خەلقنىڭ باج تاپشۇرۇشقا بولغان ئاكتىپچانلىقى

باج سېلىقى ئەقىلگە مۇۋاپىق يەڭگىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىرگەن كىرىم ئارمىيە، خەلق پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكتىن ۋە باج خادىملىرى ئاساسەن پاك نىيەتلىك بولۇپ، خەلق ھەققىدە ھىمايە قىلغانلىقىدىن خەلقىمىز باج تاپشۇرۇش ھەممە كىشىنىڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن باجنى بەس - بەستە تاپشۇراتتى. باج يوشۇرىدىغان، باجدىن قاچىدىغان، باج ئوغرىلايدىغانلار ئاساسىي جەھەتتىن يوق دېيەرلىك ئىدى. خەلق ئاممىسى يوشۇرۇشقىمۇ ئاساسەن يول قويمايتتى. خەلق ئۆزئارا نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ باج يوشۇرغانلارنى پاش قىلىپ تۇراتتى. مەسىلەن، 1948 - يىلى 8 - ئايدا 30 مىڭ چارۋىسى ۋە تۆت جايدا دۇكىنى بار بىر چوڭ سودىگەر سوۋېتتىن كىرگەن 19 ھارۋا كولتا قەنتنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ ماڭغاندا، باياندايدىن خەلق تۇتۇۋېلىپ ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىگە تاپشۇرغان، بۇنىڭغا باج

قانۇنى بويىچە باجنى تولۇق ئالغاندىن باشقا 500% جەرىمانە قويۇپ، توققۇز ھارۋا قەنتنى مۇسادىرە قىلىپ، بارلىق باج تاپشۇرغۇچىلارغا ئىجابىي تەربىيە بېرىلگەنىدى، يەنە 1948 - يىلى 6 - ئايدا موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شۇتا دېگەن يېزىسىدا بىر باي موڭغۇل چارۋىچى چۆپ ئۇچى بېجىدىن 10 مىڭ قوي، 1200 يىلقى، 1000 تۇياق كالىنى يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن چۆپ ئۇچى باجنى تولۇق ئالغاندىن تاشقىرى، باجنى يەنە 300% ئېغىرلىتىپ ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا بىر سوداگەر ئۆزىنىڭ دەسمايىسىنى يوشۇرۇپ تىجارەت باج ۋە تاپاۋەت بېجىنى كەم تاپشۇرغانلىقتىن خەلقنىڭ ئىنكاسى بويىچە تەكشۈرۈپ ئەسلىدە تۆلەيدىغان باجنىڭ ئۈستىگە يەنە 200% باج قوشۇپ ئېلىنغان. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، باج سېلىقى مۇۋاپىق بولۇپ، خەلق باج تاپشۇرۇشنى چىن دىلىدىن ھىمايە قىلسا، باج كادىرلىرى ساپ ۋە دىيانەتلىك بولۇپ خەلق ئۈچۈن ئادىل خىزمەت قىلىدىغانلار بولسا باج خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلغانىدۇق.

مېنى 1947 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكلەر چاقىرىپ ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىشلار ئىدارىسىگە مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ بېرىشىمنى تاپشۇردى. مەن ئەسلىدە ئىلى ئۈچ ۋىلايەت خەلق ئىشلار بىرلەشمىسىدە باش كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتاتتىم، بۇ ئىككى رەھبەرنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسە دېيەلمەي مەن باج خىزمىتىنى ئىشلەپ باقمىغان، بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمەنمىكىن، ئۆز خىزمىتىمنى ئىشلەۋەرسەم، يۆتكەلمىسەم دېدىم. ئەخمەت ئەپەندى چاقچاق قىلىپ، «باجگىرنى چىشلىگەن ئىت جەننەتكە كىرىدۇ، لېكىن بۇ كونا ئىستىبدات گومىنداڭ زامانىسىدىكى باجخانا ئەمەس، بۇ خەلقنىڭ باجخانىسى، ياخشى ئىشلىسەڭ جەننەتكە كىرىسەن» دې-



دى. گېنېرال ئىسھاقبېك ھەربىي ئادەم بولغانلىقتىن «ساڭا بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرغان ئىكەنمىز، ئىككىلەنمەي بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىجرا قىلىشىڭ كېرەك، باجخانا ھۆكۈمەتنىڭ خەزىنە ئورنى، ئۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ساق بول، پاك بول، ئەگەر خىيانەت قىلدى، پارە ئالدى دېگەن ئىنكاس بولۇپ تەكشۈرۈشتە راست چىقسا، ئۆز قولۇم بىلەن ئاتىمەن» دېدى، مەن ئۈن - تىنسىز چىقىپ كەتتىم. ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە ئەخمەت ئەپەندىم چاقىرىپ نۇرغۇن چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىپ: «سەن تارتىنماي بېرىۋەر، ھازىر ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىدە بۇرۇندىن تاتىپ باج خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن مويسىپىت مەھەممەت ئىمىن كېرىموۋ (مەمتىمىن لوزۇڭ) كونا زىيالىي ئابدۇللا زاكىروۋلار بار، ئۇلار ساڭا ھەر جەھەتتىن ياخشى ياردەم قىلىدۇ» دېدى. مەن ئاخىرى باردىم. دېگەندەك باجنىڭ قانۇن - قائىدىسىنى ئوبدان بىلىدىغان، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان مەمتىمىن ئاكام ۋە زاكىروۋلار بار ئىكەن، ماڭا شۇ ئادەم كونا رېئاكسىئون جەمئىيەتنىڭ باج قانۇنلىرى ۋە باج تۈرلىرىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ باج نىزامنامىسىنى ھەمدە باج تۈرلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ياخشى يېتەكچىلىك رول ئوينىدى. يولداش زاكىروۋ مەندىن ئىككى يىل بۇرۇن بارغانلىقتىن ھەر جەھەتتىن ياخشى ياردەم قىلدى. شۇنداق قىلىپ يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ يوليورۇقى ۋە بىللە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ يېتەكلەپ سەممىي ياردەم قىلىشى بىلەن بىر باج كادىرى بولۇپ، ئازاد بولغانغا قەدەر ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت نامىدىن بىر دانە ئازادلىق ئوردېنى، ئۈلگىلىك باج خادىمى دېگەن شەرەپ تاختىسى بىلەن تەقدىرلەندىم. ھۆرمەتلىك مەمتىمىن ئاكام 1949 - يىلى 12 - ئايدا ئىلى سودا - سانائەت ئۇيۇشمىسىغا يۆتكىلىپ، 1982 - يىلى ئىلىدا ۋاپات بولدى. مەن 1949 - يىلى 10 - ئايدىن 1951 - يىلى 3 - ئايغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىدە باش

مۇدىر بولۇپ ئىشلىدىم. 1953- يىلى 3 - ئايدا ئۆلكىلىك ئىقتىسادىي كومىتېتقا يۆتكەلدىم.

## باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ رولى

1) كونا، چىرىك ۋە پارىخور ئىستىبداتنىڭ ئۇۋىسى بولغان باجخانا ئازاد ئىلىنىڭ قولىدا بىردىنلا پاك - دىيانەتلىك، خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن ھەقىقىي تۇردە جان - دىلى بىلەن ئىشلەيدىغان باجخانىغا ئايلانغانلىقتىن، خەلق تېخىمۇ ھۆكۈمەتنى، باجخانىنى سۆيۈپ ھىمايە قىلىدىغان، باج كادىرلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ، باجخانا خەلقنىڭ ھەقىقىي باجخانىسىغا ئايلاندى.

2) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 1946- يىلى تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق بېتىمنى قوپاللىق بىلەن بۇزۇپ مىللىي ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تەمىنات مائاشى ۋە باشقا راسخودلىرىنى توختاتقانلىقتىن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن يەرلىك مالىيىنى كۈچەيتىشكە ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك چارە - تەدبىر قوللىنىپ، ئەمەلىي ئىشلەش نەتىجىسىدە باج ئىشلار ئىدارىسىمۇ كۈچلۈك قوللاشقا ئىگە بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىدىن ئېلىنىدىغان باج كىرىمىنى تولۇق ۋە توغرا ئىجرا قىلىپ، مالىيە قىسمىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىللەپ، ئارمىيىنىڭ تەميناتى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋە خەلقنىڭ پاراۋانلىقىغا ئىشلىتىدىغان چىقىملارنى تەمىنلەپ بېرىش خىزمىتى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىندى. مەسىلەن، 1948- يىلى مىللىي ئارمىيىگە ئات لازىم بولۇپ چۆپ ئۈچى ھېسابىغا ئېلىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قاۋۇل، يارامىلىق ئاتلاردىن مىڭ تۇياق ئاتنى ئارمىيىگە تاپشۇرۇشقا مۇيەسسەر بولدۇق. مەزكۇر ئاتنىڭ رەڭگىنى ئۈچ خىلدىن (قارا، تورۇق، كۆك) ئاشۇرماسلىق، يې-



شى تۆتتىن ئاشماسلىق شەرتى بىلەن قويۇلغان بۇ ۋەزىپىنى خەلق بەس - بەستە شەرەپ بىلەن ئورۇندىدى. مەن مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولۇپ يۇلتۇزنىڭ كەڭ بايلىقى — بايىنبۇلاق (ھازىر خېجىڭ ناھىيىسىگە قارايدۇ) تا كۇنەس، نىلقا ناھىيىلىرىنى ئاساس قىلىپ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغانىدۇق. دېمەك خەلق بىلەن ئارمىيە، ئارمىيە بىلەن باج، خەلق بىر گەۋدە بولغانلىقتىن ھەر قانداق قىيىن ۋەزىپە ئۇتۇقلۇق ئورۇندىلاتتى.

3) باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تىجارەتچىلەرگە قىلغان غەمخورلۇقى ھەر قانداق بىر گىراۋدان تىجارەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەلسە ئۇ قىزغىن قارشى ئېلىنىپ ئىككى سۆزلۈك رەسمىي بىلەن ئىككى نەپەر سودىگەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ سەرمايىسىنى ۋە قىلىدىغان تىجارىتىنىڭ تۈرىنى ئېنىق مەلۇم قىلىسىلا دەرھال تىجارەت كىنىشكىسى بېرىلەتتى. شۇنىڭدەك باج تاپشۇرۇشقا ئاكتىپ بولۇپ، باج يوشۇرمايدىغان، باج خادىملىرىنى بۇلغىمايدىغان، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان تىجارەتچىلەر سەرمايىسىنى كۆپەيتىپ، تىجارەتنى روناق تاپشۇرۇشى ئۈچۈن بانكىدىن تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ كەلسە، ئىككى نەپەر ئاكتىپ تىجارەتچىنىڭ كېپىللىكى بىلەن باج ئىشلار ئىدارىسى بانكىغا قارىتا قەغەز يېزىپ بەرسە، بانكىدىن تەلەپ قىلغان قەرز پۇلنى ئالالايتتى. قولىدا دەسمىيىسى يوق ياكى ئىنتايىن ئاز دەسمىيىسى بار ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەر (ياماقچى، تەنزىچى، يايمىچى) دەسمىيىسى بىر مىليون يۈەن ئۈچ ۋىلايەت پۇلىغا يەتمىسە تىجارەت كىنىشكىسى يېزىپ بېرىلىپ باج كەچۈرۈم قىلىناتتى. مۇتلەق دەسمايىسى يوق، باشقا قىلىدىغان كەسپىمۇ يوق بولۇپ تىجارەت قىلىش ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى قامداشنى ئىلتىماس قىلىپ كەلسە، مەھەللىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن تىجارەت كىنىشكىسى بېرىشتىن تاشقىرى بانكىدىن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىشكە

باج ئورۇنلىرى كېپىللىك قىلىپ ئېلىپ بېرەتتى. دېمەك، باج ئورۇنلىرى نوقۇل ھالدا باج يىغىش خىزمىتى بىلەنلا بولۇپ كەتمەستىن، جەمئىيەت خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ئىشسىز كىشىلەرگە ياردەملىشىپ تۇرمۇشىغا چىقىش يولى تېپىپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بازارلار ئاۋات، خەلققە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ مول بولۇشىغا ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشاتتى.

4) باھانىڭ مۇقىم بولۇشىدا باجنىڭ ئوينىغان رولى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن باشلاپ بازارنىڭ باھاسى مۇقىم بولۇپ پۇل پاخاللىقى كۆرۈلمىگەنىدى. گومىنداڭ زامانىسىدىكى پۇلنى ساناش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن پۇلنى دەڭسەپ، جىڭلاپ ھېسابلايدىغان مۇدھىش جاھان ئەمدى كەلمەسكە كەتكەنىدى. ئۈچ ۋىلايەتتە تەرەققىيات شىركىتىدىن باشقا ھەممىسى يەككە تىجارەتچىلەر بولغانلىقتىن ئازراق كاۋاك تاپسىلا قالايمىقان باھا ئۆستۈرۈشكە ئىنتىلەتتى، بولۇپمۇ يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى (ئاشلىق، گۆش، كۆكتات) دا تۇراقسىزلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

تارىختىن قالغان ئادەت بويىچە قىش، ياز، ئەتىياز كۈنلىرى قار، يامغۇر ئاز ياغسا ياكى بىر مەھەل ياغمىسا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈشكە تىرىشاتتى. بۇنىڭغا نىسبەتەن باج ئىدارىسى، ھۆكۈمەت سودا ئورۇنلىرى بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ باھانى قاتتىق كونترول قىلىپ خالىغانچە باھا ئۆستۈرۈشكە مۇتلەق يول قويمايتتى. قايسى ھالقا، قايسى ئورۇن، قايسى شەخس تەرىپىدىن باھانى ئۆستۈرۈش شامىلىنى چىقارسا شۇ ئورۇن ياكى شۇ كىشى قەتئىي تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئۆستۈرۈلگەن باھادىن قىلغان كىرىمىنى مۇسادىرە قىلاتتى ياكى ئېغىر جەرىمانە قويۇپ ئېغىرلىتىپ باج ئالاتتى. باھانى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت چارىسى: بانكىدىن قەرز پۇل بېرىلمەيتتى. باجنى نىسپىي قالدۇرۇشقا يول قويمايت-



تى. ئاشلىق، گەزلىمە، چاي، تۇز، سەرەڭگە، سوپۇن قاتارلىق ماللارنى بېسىمدارلىق قىلىش بىلەن بازاردا جىددىيلىك پەيدا قىلىپ باھانى قەستەن ئۆرلىتىشكە ئۇرۇنغانلار كۆرۈلسە، يۇقىرقى ماللىرىنى تەرەققىيات شىركىتى ئەسلى باھاسى بويىچە بازارلارغا كۆپلەپ سېلىپ-سېتىش ئارقىلىق بېسىمدارلارغا ئىقتىسادىي زەربە بېرەتتى.

ئاشلىق، جانلىق مال ۋە كۆكتات بازارلىرىدا مەخسۇس چارلىغۇچى باج خادىملىرى قويۇلۇپ، كۈندىلىك باھانى كۈندىلىك جەدۋەل ئارقىلىق خەلق خوجۇلۇق باشقارمىسى، بانكا، باج ۋە تەرەققىيات شىركىتىگە بېرىشتىن تاشقىرى يۇقىرى رەھبەرلەرگە بىر نۇسخىدىن يوللاپ بېرىلەتتى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلى تىنچ-خاتىرجەم بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىناتتى.

5) باج ئورۇنلىرىدىكى كادىرلار ئەھۋالى. كان، زاۋۇت، كارخانا تېخى ئېچىلمىغان بولۇپ، شۇنداقلا سودا ئورۇنلىرىمۇ تولۇق قۇرۇلۇپ بولۇنمىغان، قاتناش قولايسىز ئىدى. تارقاق شارائىتتا مالىيە كىرىمىنىڭ ئاساسىي بانكا ۋە سودا ئورۇنلىرىدىن بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە مالىيە كىرىمىدە باج ئىنتايىن چوڭ سالماقنى ئىگىلەيتتى. باج ئورۇنلىرىنىڭ تارمىقى كۆپ، دائىرىسى كەڭ بولۇپ، غەللە-پاراقتىن باشقا ھەممىسىدىن باج كىرىم قىلىناتتى. شۇڭلاشقا ھەرقايسى باج ئورۇنلىرىغا سىياسىي سەۋىيىسى بار، كەسىپكە پىششىق، قابىل، ئەخلاقلىق ياش كادىرلارنى دائىم سەپلەپ تۇراتتى. باجنىڭ قايسى تارمىقىدىن مەسىلە چىقسا قانۇن ئورۇنلىرى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ، دەلىل، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىپ، مەسىلىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ بىر تەرەپ قىلىش پىكىرىنى بېرەتتى. مەسىلە چىققان ئورۇننىڭ قانداق كادىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كەسكىن بىر تەرەپ قىلىناتتى.

باج ئورۇنلىرىدا ھەقىقەتەن تالانتلىق، قابىل، ئەخلاقلىق

زور بىر تۈركۈم كادىرلار تەربىيىلىنىپ چىقىلدى. ئازاد بولغاندىن كېيىن پارتىيىمىز ئۈچ ۋىلايەتتىكى باج ئورۇنلىرىدىن نۇرغۇن كادىرلارنى ئۆلكە مەركىزىگە يۆتكەپ كېلىپ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا خىزمەتكە تەيىنلىدى. مەن شۇلارنىڭ بىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا ئۇستاز بولغان، مېنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەن سۆيۈملۈك يولداشلارغا ۋە دوستلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

مەن مەزكۇر ئەسلىمەمنى يازغاندا ئوبيېكتىپ ۋە رېئالىي ئەھۋالنى مۇمكىنقەدەر چىنلىق بىلەن يېزىشقا تىرىشتىم، سەۋىيەم چەكلىك، يېشىم چوڭ، خاتىرەم ياخشى بولمىغاچقا، شۇنىڭدەك بالايى - ئاپەتلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كۈندىلىك خاتىرەم مۇسادىرە قىلىنىپ يوقالغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان سان، ۋە پاكىتلارنى دېگۈدەك ياخشى يازالمىدىم. ئەپسۇسلىنىدىغىنىم شۇ دەۋردە مەن بىلەن بىرگە ئىشلىگەن يولداشلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم.



# تىنچلىق بىتىمىنىڭ ھاسىل قىلىنىشى ۋە بۇزۇلۇشى

مەھەمۇتجان ئاسىم

ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا تۇرغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭ تەلەپ ۋە پىكىرلىرىنى ئاڭلايدىغانلىقى؛ بۇنىڭ ئۈچۈن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى رادىئو ئارقىلىق ئېلان قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى، گومىنداڭنىڭ بۇ تەلەپ ھەم تەشەببۇسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى 100 - سانلىق يىغىنىدا، شۇ چاغدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى لايىق تاپتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆھبەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن تولۇق ھوقۇقلۇق سالاھىيەت بىلەن رەھىمجان سابىر ھاجىيوۋ، ئۇبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمىلەرنى ۋەكىللىككە بەلگىلەپ، رەھىمجان سابىر ھاجىيوۋنى ئۆمەك باشلىقى قىلدى.

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە سىياسىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ سابىق بۇجاڭى گېنېرال جاڭ جىجۇڭنى تەيىنلەپ شىنجاڭغا ئەۋەتتى، جاڭ جىجۇڭ 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۆز ۋەكىللىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرەپتىن رەھىمجان سابىر ھاجىيوۋ، ئۇبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملاردىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولغانىدى، ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋەكىللىك سالاھىيەت، رەسمىيەتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، تۇنجى قېتىملىق سۆھبەتنى باشلايدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى 1 - قېتىملىق سۆھبەتتە ئۆزلىرىنى خېلى تۇتۇۋالىدۇ. 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىگە سۆھبەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش جەريانىنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە تىنچلىق سەممىيىتى يوقلۇقىنى، ئاغزىدىلا تىنچلىق دەپ ئەمەلىيەتتە شۇم غەرەز پىلانلاۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن، تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، دەپ ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋالغا دىققەت ئېتىبارىنى قارىتىدۇ.

ۋەكىللەر 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ 2 - قېتىملىق سۆھبەتنى ئۆتكۈزىدۇ، كەسكىن مۇنازىرە، كۆرەشلەر ئارقىلىق سۆھبەت نەتىجە كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. 2 - قېتىملىق سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ۋەكىللەر غۇلجىغا قايتىدۇ. غۇلجىدا ئۆتكۈزۈلگەن مىللەتلەر مەجلىسىدە، رەھىمجان سابىر ھاجىيوۋ ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتنىڭ جەريانى ھەققىدە دوكلات بېرىدۇ. مەجلىستە ئەخمەتجان قاسىمى سۆز قىلىپ: «بىرىنچى قېتىملىق سۆھبىتىمىزگە قارىغاندا 2 - قېتىملىق سۆھبىتىمىز يەر بىلەن ئاسماندەك پەرق قىلىدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ئوڭشۇلۇق بولۇشى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىزنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىمىزنى تونۇغانلىقىنىڭ نەتىجىسى؛ بىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن 120 سائەت مۇنازىرىلىشىش جەريانىدا، ئۇلار بىزنى 60 سائەت بومباردىمان قىلغان بولسا، بىزمۇ ئۇلارنى 60



سائەت بومباردىمان قىلدۇق......» دەيدۇ.

ۋەكىللىرىمىز غۇلجىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلەپ، 1945 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 3 - قېتىملىق سۆھبەتنى باشلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ، بىر قانچە كۈن تۇرۇپ، ئىككى تەرەپ 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قوراللىق توقۇنۇشنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى 11 ماددىلىق بىتىم لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، دەسلەپكى قەدەمدە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىشىدۇ، ۋەكىللىرىمىز 11 بىتىم لايىھىسىنى ئېلىپ غۇلجىغا قايتىپ كېتىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 11 بىتىم ئۈستىدە ماددىلار بويىچە مۇزاكىرە ئېلىپ بارىدۇ. 1946 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ، ۋەكىللەرنىڭ دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ، ئەخمەتجان قاسىمى 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ تۈزۈلۈش جەريانىنى، ماددىلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئەزالىرى 11 ماددىلىق بىتىم ئۈستىدە تەپسىلىي مۇزاكىرە ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە: «ۋەكىللىرىمىزنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەن 11 ماددىلىق بىتىم ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىلىرى ئەمەلگە مۇۋاپىق، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن تۈزۈلىدىغان شەرتنامىگە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن ۋەكىللىرىمىز رەھىمجان سابىر ھاجىيوۋ، ئۇبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملارغا ھوقۇق بېرىلسۇن» دېگەن قارارنى چىقىرىدۇ. مەزكۇر قارارغا ئاساسەن ۋەكىللىرىمىز يەنە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى جاڭ جىجوڭلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى 11 ماددىلىق بىتىم ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىلىرىغا ئىمزا قويىدۇ.

1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 11 ماددىلىق

بىتىم ئىمزالانغان 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە بولغان، ئاي ھېسابىدا توققۇز ئاي ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى 11 ماددىلىق بىتىمدۇر. 11 ماددىلىق بىتىم ۋەكىللىرىمىزنىڭ بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر ساھە ئىلغار زاتلىرىنىڭ كۈچلۈك مەدەت بېرىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن. 11 ماددىلىق بىتىم ئاساسىدا تەشكىللەنگەن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرى 25 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئاساسلىق خادىملار تۆۋەندىكىچە ئىدى:

قوشۇمچە: رەئىس جاڭ جىجۇڭ
ھەيئەت قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: ئەخمەتجان
ھەيئەت قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: بورھان
ھەيئەت قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى: ۋاڭ زىڭشەن
مۇئاۋىن نازىرى: رەھىمجان
ھەيئەت قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: لۇ يۈۋېن
مۇئاۋىن نازىرى: ما تىڭشياڭ
ھەيئەت قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى: سەيپىدىن
مۇئاۋىن نازىرى: سەي زۇڭشيەن
ھەيئەت قوشۇمچە تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى: مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا
مۇئاۋىن نازىرى: گۇ جيەنجى
ھەيئەت قوشۇمچە باش كاتىپ: ليۇ مېڭچۈن
مۇئاۋىن باش كاتىپ: ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ
مۇئاۋىن باش كاتىپ: سالىس
ھەيئەت قوشۇمچە جەمئىيەت ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: جاۋ جيەنفېڭ



مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى: ئىردەنى
ھەيئەت قوشۇمچە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: دەللىقان
ھەيئەتلەر: چۈي ۋۇ، گوۋن زىلياڭ، ئىسھاقجان، ئېلىخان تۆرە، ئوسمان، ئەيسا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، جۇڭ دىخۇاللاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق بىتىمگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتە قوغداش ئۈچۈن 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى 324 - سانلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىدا: گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ئەمەلگە ئېشىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىرلىكتە ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن ئېتىبارەن «ئىلى ۋىلايەتلىك كېڭەشمىسى» تەشكىل قىلىنىپ، ئومۇمىي سايلام ئۆتكۈزۈلگەنگە قەدەر ئىلى ۋىلايەتلىك كېڭەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە ھاكىم بەگ غوجا، مۇئاۋىنلىقىغا ئۇبۇلخەيرى تۆرە، ئەنۋەر ئەپەندى، مۇسابايوپ، مەسئۇل كاتىپلىققا ۋاقاس ھاجى، كېڭەشمە ئەزالىرىغا جەمئىي 32 كىشى تەيىنلەندى.

11 ماددىلىق بىتىمگە ئاساسەن ئالتاي، تارباغاتاي(چۆچەك) ۋالىي مەھكىمىلىرى، نازارەتلەر، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىدارىلەر، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى بارلىق ئاپپاراتلارنى شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قارار قىلىندى.

بىتىم بويىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە تۇرۇپ ئىشلەيدىغانلاردىن ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچىگە كەلدى. شۇنداقلا، ياڭخاڭ لەنخۇالىڭدا تۇرۇپ بىتىم شەرتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن كىرىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلىگەنلىكىنى تۆۋەندىكى مۇنۇ سۆزىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: «بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز

مىللىي ئازادلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقچىلىق ھەرىكەت دېگەن ئىس-
دىم: شۇنىڭغا قاراپلا، بىزنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئومۇمىي
مەقسىتىمىزگە باھا بەرمەك لازىم، بىز ئۆلكىمىزدە يالغۇزلا بىر
مىللەتنىڭ ھاكىم بولۇشىغا قارشى بىز، لېكىن ھېچۋاقىتتا ھېچ-
قانداق ئايرىم مىللەتكە قارشى تۇرمايمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز
ئۆلكىمىزدە قانداقلىكىن بولسۇن، كىمنىڭلا قولىدا بولمىسۇن ئىستىب-
دات ھاكىمىيەتكە قارشى بىز، يەنى خەلق ئۈستىدىكى ھاكىمىيەت-
نىڭ بىرلا كىشىگە تاپشۇرۇلۇشىغا قارشى بىز ۋە ئۆلكىمىزدە مۇس-
تەبىت سىياسەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە (خەلق ھوقۇقىغا ۋە ئەركىن-
لىكىگە تاجاۋۇز قىلىشقا) قارشى بىز؛ خەلقىمىز توغرا چۈشىنىشى
كېرەك، بىز بۈگۈن خەنزۇ مىللىتىگە قارشى ئەمەسمىز، شۇنىڭ
ئۈچۈن بۈگۈن دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە خەنزۇ مىللىتىگە قارشى
چىققان كىشى بولسا، بىتىمگە قارشى سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش پروگراممىغا قارشى چىققان كىشى بولىدۇ؛ دېمەك،
ئۇنداق كىشى ئېغۋاگەر ھېسابلىنىپ، خەلقنىڭ دوستى بولالمايدۇ.
بۇنىڭ ئۈچۈن بىتىم سىرتىدىكى قايسى خاراكتېردا تۈس ئالغان
ھەرىكەت بولمىسۇن، بىز ئۇنى ھىمايە قىلالمايمىز ۋە ئۇنداق ھەرى-
كەتلەر خەلقنىڭ قېنىنىڭ ناھەق تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولىدىغان
ھەرىكەت بولغانلىقتىن، بىز ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى بىز، چۈنكى،
ئۇنداق ھەرىكەتنى بىز قانۇنى دەپ ھىمايە قىلالمايمىز!»

ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ بىتىمنى ئىجرا قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈشتە قوللانغان ئۇسۇلى يۇقىرىقىدەك بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز
ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە مۇشۇ نۇقتىدا باشتىن - ئاخىر تەۋرەنمەي
چىڭ تۇردى. 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا «مەسىلە ھەل
بولغاندىن كېيىن (بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن)، ئۈچ ئاي
ئىچىدە ھەر بىر ناھىيىلەردىكى خەلقلەر كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ،
ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى تەشكىللەيدۇ، ناھىيىلىك كېڭەش
ئەزالىرى ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملارنى سايلايدۇ، قالغان ناھىيە



دەرىجىلىك ئىدارىلەرنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرىدىن يۇقىرى خىزمەتچى-
لىرى ھاكىم تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مۇشۇ
بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت
مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈپ مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى، تەمىرات
نازىرى مەتىمىن ھەزرەت، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن
ئەزىزى ھەم ئابدۇرېھىم ئەيسالارنى سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقلى-
رى قىلىپ بەلگىلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا سايلام خىزمىتىنى يۈر-
گۈزۈش ھەم باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ھەيئەت سايلام خىز-
مىتىنى يۈرگۈزگەندىن كېيىنلا گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي
ئەمەلدارلىرى پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، سايلام خىزمىتىگە بۇزغۇن-
چىلىق قىلىپ، 11 ماددىلىق بىتىمنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ،
ئۇنى ئاياغ - ئاستى قىلىشقا باشلىدى. ئەخمەتجان ئەپەندىم جاڭ
جىجۇڭلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا باردى. بۇ ۋاقىت-
تا گومىنداڭ بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تەتۈر قويۇن چىقارغان بولسىمۇ،
لېكىن قەشقەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار كۈچ-
لەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

1946- يىلى 10 ئايدا، 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ روھىي بويى-
چە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەلقچىللىق ئاساسىدا ساي-
لام ئېلىپ بېرىلدى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق بى-
تىمگە سادىق بولۇپ، ئۇنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ سايلام خىز-
مىتىدە مەلۇم غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. تۇرپان ناھىيىسىدە بول-
غان سايلامدا خەلقچىللىق ئاساسىدا ئابدۇراخمان مۇھىتى ھاكىم-
لىققا سايلاندى. لېكىن گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ كاشىلىسى بىلەن
يەتتە ۋىلايەتتە ئېلىپ بېرىلغان سايلام خىزمىتى بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرىدى، بۇنىڭغا گەۋدىلىك بولغان پاكىت، 1946- يىلى 10- ئاي-
دا جەنۇبىي شىنجاڭغا سايلام خىزمىتىگە نازارەت قىلىش ئۈچۈن
خىزمەت گۇرۇپپىسى بارغاندىن كېيىن گومىنداڭچىلار غەۋغا كۆتۈ-

روپ، سايلام خىزمىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. شۇ سەۋەبتىن، ئەخمەتجان قاسىم بىتىمنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن جاڭ جىجۇڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەكلىپ بەرگەندى. جاڭ جىجۇڭ يۇقىرقى نورمالسىزلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر قىلدى.

بىتىم بويىچە 1947 - يىلى 5 - ئايدا، ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىنى ئېچىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى سايلاپ چىقماقچى بولدى، بۇ يىغىنغا بەلگىلىمە بويىچە ھەر بىر ناھىيىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ بىردىن ئۈچكىچە قەدەر ۋەكىل كەلگەن. ئۈچ ۋىلايەتتىن: سەيپۇللايوۋ، نەبىجان، ئابلىمىت ھاجىيوۋ، ياسىن خۇداۋەدى، راخمانوۋ، ئەنۋەرخانبابا قاتارلىق يىگىرمە نەچچە ۋەكىل كەلگەن. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئىككى يۈزدىن ئارتۇقراق ۋەكىل كەلگەنىدى. سايلامدا گومىنداڭچىلار مەسئۇتنى رەئىس قىلىمىز دېگەندە، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋەكىللىرى ھەم ھەرقايسى ناھىيىدىن كەلگەن ئىلغار خەلقپەرۋەر ۋەكىللەر قوشۇلماي يىغىندىن چىقىپ كەتتى. بۇ كۈرەش ئىككى ئاي داۋام قىلىپ، گومىنداڭ مەجبۇرىي ھالدا مەسئۇتنى رەئىس قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى، قەشقەر ۋىلايىتىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ھەم ھەرقايسى ناھىيىلەردىن كەلگەن ۋەكىللىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزمەيلا مەسئۇتنى رەئىس قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا يول تۇتتى. نەتىجىدە مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە نامايىش بولدى، لېكىن، بۇ ھەققانىي سادالارغا گومىنداڭچىلار پىسەنت قىلمىدى. ئۇلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئاخىرى قوراللىق ھەربىي ساقچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە زور كۆلەملىك تىرورلۇق يۈرگۈزۈپ، نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابىي



ئادەمنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى.

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گومىنداڭ دائىرىلىرى تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىلغار پىكىرلىك ياشلارنى قولغا ئالدى.

1947 - يىلى 6 - ئايدا، مۇشۇ زوراۋانلىقلار تۈپەيلىدىن ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ يەتتە ۋىلايەتتە تۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغان باشقا زىيالىيلار، ھەر تەبىقە زاتلار، ئومۇمەن ئازادلىق ئۈچۈن، خەلقچىللىق ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان تەرەققىيپەرۋەر ئادەملەر ئىنقىلاب بۆشۈكى غۇلجىغا يۆتكىلىشكە باشلىدى. جۈملىدىن مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى، قازاق، قىرغىز ئۇيۇشما رەئىسى، مەركىزىي ئۆزبېك ئۇيۇشما رەئىسى، مەركىزىي تاتار ئۇيۇشما رەئىسى، مەركىزىي ئۇيغۇر گېزىتى مۇھەررىرلىرى، مەركىزىي قازاق، قىرغىز گېزىتى مۇھەررىرلىرى ئارقىمۇ ئارقىدىن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا باردى، ئاخىرى ئەخمەتجان قاسىمى، رەخىمجان سابىرھاجىيوۋلار قايتىش بۇيرۇقى بويىچە غۇلجىغا قايتتى.

بۇنىڭدىن شۇنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، گومىنداڭ تەرەپ تەس كۈنگە قالغاندا، «ۋاي، بىتىم - تىنچلىق!» دېسىمۇ، چىن كۆڭلىدە ئۈچ ۋىلايەتنى قوراللىق كۈچ بىلەن بېسىۋېلىپ، ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى نابۇت قىلىشنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇلارغا تۈرلۈك رەزىل تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، پەسكەش خەتلەرنى يېزىپ تۇردى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدە ئىككى يىلغا يېقىن تۇرغان بولسىمۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن خەلق ئۈچۈن ھېچقانداق پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىدى.

1947 - يىلى 8 - ئايدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقى

بېتىمنى ئىجرا قىلىش ۋە قوغداش يۈزىسىدىن ئابدۇراخمان مۆھىتىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ ئېلىپ باردى. بۇ قوزغىلاڭنى گومىنداڭ باستۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى غۇلجىغا كەتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيەنى ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن بوغۇپ، زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلدى، بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا بېرىلىدىغان تۈرلۈك ئىقتىسادنى توختىتىدىغانلىقىنى قارار قىلدى. بۇ ئەھۋاللار ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. لېكىن، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە تەشەببۇسى بىلەن خەلق ئاممىسى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئاز - تولا ئىقتىسادىي قۇربانلار بېرىش بەدىلىگە بۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئۆتكۈلىدىن ئۆتۈپ كېتىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدەندى. ئاخىرى ئۇ: «ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تېخى بىرەر دۆلەتنىڭ قەغەز پۇل ھېسابىغا ئۇزۇن مۇددەت ياشىغىنىنى بىلمەيدۇ، كىرىم - چىقىمىنى قاپلاپ ئاز - تولا ئاشىدىغان، يالغۇز قەغەز پۇل ھېسابىغا ياشايدىغان ھۆكۈمەت ناھايىتى چاپسان ۋاقىت ئىچىدىلا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھالاكەتكە قاراپ يۈزلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر بىز ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئەركىنلىك ھوقۇقىمىزنى ساقلاپ قالىمىز دېسەك، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك؛ ئىقتىسادىي ئەھۋالنى مۇستەھكەملەش دېگەن سۆز، يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ چۈشۈرۈپ بەرگەن ئىقتىسادىي پىلانىغا تولۇق رىئايە قىلىپ، مالىيە ئىنتىزامىغا تولۇق ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى مۇس-



تەھكەملەش دېگەنلىكتۇر؛ مالىيە ئىنتىزامىغا تولۇق رىئايە قىلماي تۇرۇپ ئىقتىسادنى ھەرگىز مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسىتىش بىلەن، ئىدارە - جەمئىيەتلەر ۋە خەلقنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان نىزام ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەپ، ئىقتىسادىي ئىشلارنى ياخشىلاش ئۈچۈن كونكرېت خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پۈتۈن مالىيە كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا ئاجراتتى. بۇ خىل ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسى بىلەن ئۈرۈمچى، يەتتە ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بولدى. ئۈرۈمچىدە ۋە يەتتە ۋىلايەت دائىرىسىدە پۇل پاخاللىقى ئەۋج ئېلىپ، مال باھاسى ئۈچ ۋىلايەتتىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىپ، خەلق چىدىغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالدى.

ئەخمەتجان قاسىمى يەنە ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەسلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدىمۇ قاتتىق باش قاتۇردى، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلدى، چوڭقۇر چۆكۈپ ئۆگەندى. مۇشۇ ئىزلىنىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە «تۈزەلمەس ئىپلاسلارنى نېمە قىلىش كېرەك»، «ئۇلۇمۇسچىلار كىملەر ۋە ئۇلار ئۆز مىللىتىگە قانداق خىيانەت قىلدى»، «ئىنسانلار ھوقۇقى نىقابى ئاستىدا ئىنسانلار ھوقۇقىنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىنىشى»غا ئوخشاش ماقالىلەرنى يازدى ۋە ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە يىغىنلارنى ئۆتكۈزۈپ خەلقئارا، ئۆلكە ۋەزىيىتى شۇنداقلا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشى ھەققىدىكى ئەھۋاللار ئۈستىدىن چۈشەنچىلەرنى بېرىپ، خەلق ئاممىسىنى ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىپ تۇردى.

ئەخمەتجان ئەپەندىم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقلىرىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ۋە قوغدايدىغان كۈچلۈك، ئىتتىپاقلاشقان بىر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ

بولۇشى لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، **ھەمدە دەسلەپكى** غەلىبىنى ساقلاپ، ئىنقىلابنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش **ئۈچۈن «شىنجاڭ**دا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش دېموكراتىك ئىتتىپاقى»نى تەسىس قىلىشنى مۇقىملاشتۇردى. بۇ تەشەببۇس ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاشكارا ۋە يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىنىڭ بىردەك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1948 - يىلى 8 - ئايدا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدىن غۇلجىغا كەلگەن ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە قۇرۇلتاي ئېچىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ ئىجرائىيە ھەم ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقتى. قۇرۇلتاي بىر ئېغىزدىن بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنى سايلىدى ھەمدە تەشكىلاتنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنى بەلگىلەپ چىقتى. دېموكراتىك ئىتتىپاق ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى، خەلق دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، رايون، يېزا - مەھەللىلەردە يەرلىك تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. نەتىجىدە ھەر مىللەت خەلقى قىزغىنلىق بىلەن تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ، كىرىشكە باشلىدى. ئىتتىپاق ۋە ئۇنىڭ رولى توغرىسىدا ئەخمەتجان قاسىمى: «بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەلقچىللىق يولىدىن باشقا يول بار، دەپ ئىزدەنگۈچىلەر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ دوستى بولالمايدۇ؛ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز — خەلقچىللىق سىنىپىي بىلەن بىرلىكتە جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىگە قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بېرىش بىلەنلا غەلىبە قازانغۇچىسىدۇر. لېكىن، غەلىبە قازىنىش يولىنى تۈز، ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىغان، ياسالغان تاشيولغا ئوخشاش دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنقىلابىي خەلقچىللىق كۈچ



غەلىبە قازانغانسېرى ئەكسىيەتچىل قارا كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا شۇنچە ئۇچرايدۇ، شۇ توسقۇنلۇقلارنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرۈپ، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ بىرلەشكەن كۈچى ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدىلا ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېموكراتىك يولنى پاك ساقلاش ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ سادىق ۋە ئىلغار پىكىرلىك پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيۇشقان بىر سىياسىي تەشكىلاتى بولۇش كېرەك ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن تارتىپ بىتىمگە قەدەر ۋە بىتىمدىن كېيىنكى تەجرىبە - ساۋاقلار بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر تەشكىلاتقا مۇھتاج ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلىدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىزنىڭ ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلىرى ئىلىغا توپلىشىپ بۇ سىياسىي تەشكىلاتنى قۇردى، بۇ تەشكىلات خەلق ئاممىسىنى تەشكىللەش، ئۇلارنى سىياسىي جەھەتلەردىن ئاڭلىقلىققا يېتەكلەش ھەمدە كۆپچىلىكنى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان قىلىپ تاۋلاپ چىقىش لازىم؛ مۇستەملىكىچىلىك، جاھانگىرلىك سىياسىتىگە قارشى رەھىمسىزلىك بىلەن كۈرەش قىلىشقا باشلاپ چىقىش لازىم، ئۇ بىزنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىمىزدىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقىنى تەمىن ئېتىشكە قارىتىلغان سىياسەتنى ھەقىقىي چىن ئەمەلىيىتى بىلەن ھىمايە قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ، راۋاجلاندۇرۇپ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىش كېرەك بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بوھتان چاپلاپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خەنزۇلارغا قارشى توپىلاڭ، خەنزۇلارنى ئۆلتۈردى، بۇلىدى»، دەپ تەتۈر تەشۋىق قىـ

لىپ ئىغۋا تارقاتتى؛ زور كۆپچىلىك خەلق ئاممىسى تەتۈر تەشۋىقاتقا ئىشەنمەي ۋە ئالدانماي، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلدى ۋە قوغدىدى. لېكىن، ئۇن يىللىق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ۋە سول لۇشيەنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا نىسبەتەن بەزى بىر خاتا كۆز قاراشلار چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر ئارىسىدا بىر مەزگىل ساقلىنىپ كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەمەلىيەتتە ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى قىسمەن خاتالىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن كۈچىنى خەلق دۈشمەنلىرىگە، مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا زور تۈرتكە بولغانىدى. بۇنى ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە چىقارغان: «بۇنىڭدىن ئېتىبارەن مىللەتچىلىككە ئۆلۈم ھۆكۈمى ئېلان قىلىندۇ» دېگەن مۇراجىئىتىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: بايىنغولىن ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش).



# ئەمەلگە ئاشماي قالغان پىلان

(1938 - يىلى قەشقەر قىرغىز ئاتلىق 1 - تۇەندە يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق ۋەقەسى توغرىسىدا ئەسلىمە)

مەھەممەت تۇرسۇن

مەن 1936 - يىلى قەشقەر قىرغىز ئۇيۇشمىسىدا خىزمەت قىلدىم. شۇ ۋاقىتتا قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئاپىشبېك، مالىيە باشلىقى پايسالبېك، بوغالتىرى توخسۇنجانلار بولۇپ خىزمەتچىلىرى جەمئىي ئون نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقانىدى.

شۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي كۈچى قەشقەر يېڭىشەھەردە ئىدى. لۇبى سىلىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. مامۇت سىجاڭ بولسا ئۆزىگە قاراشلىق ئەسكەرلەر بىلەن كونىشەھەردە تۇرغانىدى. شۇ يىلى شېڭ شىسەي ئىسھاقبەگنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئۆزىگە پايدىسىز ھەم خەۋپلىك دەپ قاراپ بۇيرۇق بېرىپ، ئىسھاقبەگنىڭ قول ئاستىدىكى 1 - تۇەننى تارقىتىۋېتىپ، ئىسھاقبەگنى ئۇلۇغچات شەجىجۇي (يېرىم ناھىيە) نىڭ شيەنجاڭلىقىغا بەلگىلىدى. 1 - تۇەننىڭ جىڭۋېيسى بولغان مەۋلانوۋ لوبى سىلىڭنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك قوراللىق ئەترەتنىڭ مەسئۇلى بولۇپ تۇردى. 1 - تۇەندە ئىشلىگەن بىر قىسىم كوماندىرلار ۋىلايەتلىك ساقچى ھەم ھەرقايسى پەيچۇسولاردا سوجاڭ بولدى. سالى قوچقار، يۈسۈپ ئالى، تۇرسۇن مەخسۇم، رەخمانجان يەنە ئۆ-

مۇر زاك قاتارلىق كىشىلەر يېڭىسار، پەيزاۋات ناھىيىلىرىنىڭ ساقچى باشلىقى بولدى.

ئىسھاقبەگ ھاكىم بولغاندىن كېيىن خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بىرمۇنچە يېڭىلىقلارنى يارىتىش ئۈچۈن تۈرلۈك تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1936 - يىلى 11 - ئايدا قەشقەر قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا كېلىپ قەشقەرنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ تۇرغان قىرغىزلارنى چاقىرىپ، قىرغىز ئۇيۇشمىسىدا يىغىن ئېچىپ ئۇلۇغچاتنى پۈتۈن ناھىيە قىلىپ قۇرۇش، ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق تويۇن، تېرەك، بورۇلتوقاي، بوستانتېرەك، قارا كېچىك قاتارلىق قىرغىز رايونلىرىنى ئۇلۇغچاتقا قوشۇش، ھەم ناھىيىنىڭ ئورنىنى بېكىتىش قاتارلىق ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلدى.

ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن يۇقىرىدىكى جايلارنىڭ نامىدا بىردىن سارايى سالدۇرۇپ، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەنلەر ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلىپ تونۇشۇش، ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە يەتتى. كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىپ چارۋا بېقىش ئۈچۈن قىزىلئويدە بوز يەر ئاچقۇزدى. خەلقنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن ۋىلايەتلىك ھەم ناھىيىلىك قىرغىز ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مەكتەپلەرگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، يېڭىدىن مەكتەپ ئېچىش، مۇئەللىم تەييارلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى. ئۇلۇغچات، قىزىلئۆي قاتارلىق ئىككى جايدا مەكتەپ قۇرۇپ، مەكتەپلەرگە يېتىم بالىلارنى قوبۇل قىلىپ، مەكتەپنىڭ پۈتۈن خىراجىتىنى ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈش، يېڭىدىن ئېچىلغان مەكتەپلەردە ۋە ئائىلىلەردە ھەرخىل كۇرسلارنى ئېچىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېڭىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلدى. مەكتەپنىڭ باشقۇرۇلۇشى جەھەتتە ئاممىدىن



پات - پات پىكىر ئېلىپ تۇردى. يېڭىساردىكى قىرغىزلارنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن ئىسلام قازى، ئىبراھىم قاتارلىقلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ مەكتەپ ئېچىپ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي روھىنى قىزغىن قوللىدى. قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ بېرىشنى تاپىلىدى.

ئىسھاقبەگ 2 - قېتىم، يەنى 1937 - يىلى 1 - ئايدا قەشقەرگە يەنە كەلدى. بۇ ۋاقىتتا لوبى سىلىڭ چايغا تەكلىپ قىلغانىكەن. ئىسھاقبەگ قىرغىز ئۇيۇشمىسىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرنى بىللە ئېلىپ باردى. زىياپەت زالىغا كىرگەندىن كېيىن لوبى سىلىڭ كىرىپ بارلىقىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. زىياپەت باشلانغاندا ئالدى بىلەن ئۆزى سۆز قىلىپ ئىسھاقبەگنىڭ سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەن باسمىچىلارنى تازىلاپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلغانلىقىنى تىلغا ئالدى. ئىسھاقبەگنىڭ ناھىيە قۇرۇش، كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىش ۋە مەكتەپ سېلىش تەلەپلىرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاخىرىدا قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا ئالتە سىياسەت ھەققىدە خەلققە كەڭ تەشۋىق قىلىشنى تاپشۇردى.

1937 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغانلىقىنى سەزگەن مامۇت سىجاڭ ئۆزىگە يېقىن كىشىلىرى بىلەن تۇيۇقسىزلا چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. ئاپرېل بايرىمىغا ئىككى كۈن قالغاندا راخمانجان قاتارلىق ئىككەيلەن قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا كېلىپ: «مامۇت سىجاڭ ئۆزىگە يېقىن كىشىلىرى بىلەن ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ، قالغان ئەسكەرلىرىنىڭ قەيەرگە كېتىپ، قەيەردە تۇرغانلىقى نامەلۇم. شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى لوبى سىلىڭنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ھەم قوراللىق ساقچى ئەترەت ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى، بىز ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، قانداق سۆز، قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ، پەيچۇسوغا

مەلۇم قىلىڭلار» دەپ تاپشۇردى.
ئاپرېل بايرىمى ئادەت بويىچە 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى
قىزىل ئۆيدە ئۆتكۈزۈلدى. بايرامنىڭ 3 - كۈنى مامۇت سىجاڭ-
نىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىگە ئابدۇنىياز دېگەن كىشى باش بو-
لۇپ پەيزاۋات، مارالبېشىغا توپلىنىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغۇدەك
دېگەن مىش - مىش گەپلەر تارقالدى. ئاپرېل بايرىمى ئۆتۈپ
بەش - ئالتە كۈندىن كېيىن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن مەۋ-
لانوۋ، تۇرسۇن مەخسۇم قاتارلىقلار قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا كەلدى.
مەۋلانوۋ سۆز باشلاپ «ئىسھاقبەگ بىزگە خەت يېزىپتۇ. خەتتە ۋەزى-
يەتنى كۆزىتىپ بىز دۈچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان قىيىنچىلىق-
لارنى ئالدىدىن مۆلچەرلەپ مامۇت سىجاڭ قاچتى. بىز ۋەزى-
يەتنى توغرا مۆلچەرلىشىمىز كېرەك. مامۇت سىجاڭ جاھانگىرلار-
دىن ياردەم ئېلىپ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن ياكى شىڭ شىسەي
ھۆكۈمىتىگە بويسۇنماي خوتەننى ئىگىلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى
ئۆزىگە قارىتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ماخۇسەننىڭ قالدۇق
كۈچلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، خەلقنى
بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى مۇمكىن، شۇڭا سىلەر ھوشيارلىقنى ئۆستۈ-
رۈپ پەيزاۋات، ئاتۇش تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ قانداق ھەرىكەت-
لەر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ كېلىڭلار، بىز يەنە قوراللىق
كۈچكە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك، بىزدە قوراللىق كۈچ بولمىسا
بېشىمىزنىڭ قانداق كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالىمىز. شۇنىڭ
ئۈچۈن 1 - تۈمەننى قايتا قۇرۇشىمىز كېرەك دەپ كۆرسىتىپتۇ.
قىرغىز ئۇيۇشمىسىدىكى ياشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرلىككە تى-
زىملايمىز، پايسال بەگ بىر كىشى ئېلىپ پەيزاۋات، ئاتۇش تە-
رەپلەرگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ كەلسۇن» دەپ گېپىنى ئاخىر-
لاشتۇردى. ئاندىن ئاپشىبېك، پايسالبېكتىن باشقا ئۇيۇشمىدى-
كى كادىرلارنىڭ ھەممىسى ئەسكەرلىككە تىزىملاندى. ماڭا پاي-
سالبېك بىلەن ئاتۇش تەرەپكە بېرىپ كىچىك ئاخۇننىڭ ئەھ-



ۋالىنى بىلىپ كېلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. مەن پايسالبېك
بىلەن ئاتۇش كېچىگىزى، ۋاق - ۋاق دېگەن يەرلەرگە
بېرىپ كىچىك ئاخۇننىڭ تۆت - بەش كۈننىڭ ئالدىدا بىر نەچچە
كىشى بىلەن ئاتۇشقا كېلىپ كەتكەنلىكىنى، ئەسكەرلىرىنىڭ پەي-
زاۋاتتا تۇرغانلىقىنى ئۇقۇپ كەلدىم.
ئېھتىمال 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولسا كېرەك، قەشقەر
ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ساۋۇت ئەپەندى، ئاپ-
شىبېك مېنى چاقىرىپ «مامۇت سىجاڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ
چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ جىنايەتلىرىنى خەلق ئام-
مىسىغا تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك» دەپ پەيزاۋات ناھىيىسىگە
قاراشلىق قاراجۇل، توگۇرمىتى قاتارلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىغا
بېرىپ تەشۋىق قىلىشنى تاپشۇرۇپ، تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى بەردى.
5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاپشىبېك، ئاب-
دۇرۇسۇل، مەن ئۈچىمىز بەشكېرەمگە چىقىپ قونۇپ 26 - كۈنى
ئاغۇ مەكتەپتە تەشۋىق قىلىپ توگۇرمىتىگە باردۇق. 27 - كۈ-
نى توگۇرمىتى مەكتەپتە خەلققە تەشۋىق قىلىپ تۇرساق ماخۇ-
سەن، ئابدۇنىيازلار 26 - كۈنى ئاخشامدا كۆپ ئەسكەر بىلەن
ھۇجۇم قىلىپ قەشقەرنى ئېلىپ كەتتى دېگەن خەۋەر كەلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن تەشۋىق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن
ئاپشىبېك ئۇلۇغچاتقا كەتتى، ئابدۇرۇسۇل بىلەن ئىككىمىز
ئۆيلىرىمىزگە قايتىپ كەتتۇق.
1937 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ماخۇسەن بىلەن ئابدۇ-
نىيازنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەر كونىشەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىر-
گەندە، مەۋلانوۋ باشچىلىقىدىكى قوراللىق ئەترەت باسقۇنچىلارغا
قارشى ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ دۈشمەن كۈچلۈك بولغانلىقى
ئۈچۈن قوراللىق ئەترەتتىكى جەڭچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى قۇربان
بولغان. مەۋلانوۋ كونسۇلخانىغا قېچىپ كىرىپ شەرباۋا دېگەن
ئۆزبېك كىشىنى ئېلىپ، بىرلىكتە پىيادە قېچىپ ئۇلۇغچات ناھ-

يېسىگە ئىسھاقبەگنىڭ قېشىغا بارغان. ماخسۇن، ئابدۇ-
نىيازلار بىرلىشىپ قەشقەر كونىشەھەرنى بېسىۋېلىپ،
قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىنى ئۆزلىرىگە قارىتىۋال-
غاندىن كېيىن قاغىلىق، يەكەن، پەيزاۋات، مارالبېشى، كەلپىن
قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئاقسۇغا تىگىپ باققان
بولسىمۇ كىرەلمەي كۈچا، شايار قاتارلىق جايلاردا
قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ ئۈرۈمچىگە تەھدىت سالدى.
مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى توپىلاڭ-
نى ئۆز ئەسكىرى كۈچىگە يۆلىنىپ تىنچىتىشقا ئامالسىز قالغان
شېڭ شىسەي سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سورىغاندا، سوۋېت
ھۆكۈمىتى قورغاس ئارقىلىق كۈچ ياردەم بەرگەندىن سىرت
جەنۇبىي شىنجاڭغا ئىسھاقبەگ نامىدا ھەربىي كۈچ ياردەم بېرىش-
كە قوشۇلدۇ.
ئىسھاقبەگ ماخسۇننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆزىگە قارىتىۋې-
لىش قارا نىيىتىنى مامۇت سىجاڭ چەت ئەلگە قاچقاندىلا ئالدى-
دىن مۆلچەرلىگەنىدى. ئۇ ئالتە سىياسەتكە سادىق ئىدى،
ماخسۇن ۋە مامۇتنىڭ قالدۇق ئەسكىرىي كۈچلىرىنى يوقاتماي
تۇرۇپ ئالتە سىياسەتنى مۇستەھكەملەپ جەنۇبىي شىنجاڭنى
تىنچ-خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئالدىن كۆ-
رۈپ، ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىن 1000 نەپەردىن ئارتۇق ئەسكەر ئېلىپ،
ئۇلارنى قوراللاندۇرۇش، ليەن-پەيلەرگە بۆلۈپ تەلىم-تەر-
بىيە بېرىش قاتارلىق ھەربىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.
8-ئاينىڭ باشلىرىدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېتتىن
كېلىدىغان ئەسكەر ھەم قورال-ياراقلارنى قوبۇل قىلىپ، جە-
نۇبىي شىنجاڭدىكى ماخسۇن، مامۇت سىجاڭنىڭ قالدۇق كۈچ-
لىرىنى يوقىتىپ شىنجاڭ چېگرىسىنى قوغداش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇ-
ۋالغاندىن كېيىن، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۇلۇغچات ناھىيىسى-
نىڭ تېرەك دېگەن يېرىگە بارغاندا، چېگرا ساقلاپ تۇرغان قور-



بان پەيجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر پەي ئەسكەر ماخسۇن، ئابدۇ-
نىيازلارنىڭ تەتۈر ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى
بىلدۈرۈپ ئىسھاقبەگنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئىسھاقبەگ خۇشاللىق
بىلەن قوبۇل قىلىپ قۇربان پەيجاڭنى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆز سېپىگە
قوشۇۋالىدۇ (قۇربان پەيجاڭ كېيىن ماخسۇنغا قارشى كۆرەشتە
خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن 1-تۇەنگە فۇ تۇەنجاڭلىققا
ئۆستۈرۈلگەن).
8-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا سوۋېتتىن ياردەمگە كەلگەن
ئەسكەرلەر تانكا، بىرونېۋىك ماشىنا قاتارلىق ھەربىي قوراللار
بىلەن تېرەك ئورتا سۇ چېگرىسىدىن چۈشۈپ ئىسھاقبەگكە قوشۇ-
لۇپ ئىسھاقبەگنىڭ ئەسكىرى دېگەن نام بىلەن ئىساقبەگنىڭ
قوماندانلىقىدا ماخسۇن، ئابدۇنىيازلارغا قارشى كۆرەشنى
باشلايدۇ. ئىسھاقبەگنىڭ توغرا قوماندانلىقىدا 8-ئاينىڭ ئاخىرى-
دىن 11-ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئى-
چىدىلا ئۇزۇندىن بۇيان خەلق ئاممىسىنىڭ شىللىسىغا مىنىۋېلىپ
ئالۋاڭ-ياساق سېلىش، خوتۇن-قىزلارنى خارلاش قاتارلىق
ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ماخسۇن، ئابدۇنىيازنىڭ ئىك-
كى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى يوقىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى
تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈش شارائىتىغا ئىگە قىلىپ، خەلق ئاممىسى-
نىڭ ھۆرمەت-ئالقىشىغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت
تەرتىپى تىنچلىنىپ، خەلق خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى.
شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنىپ شېڭ شىسەينىڭ ئابرۇ-
يىمۇ ئۆستى. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئىسھاقبەگنىڭ كۆرسەتكەن
خىزمىتى ئۈچۈن ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلاشنىڭ سىرتىدا بىرىگادا
باشلىقى، بىرىنچى لۈيجاڭلىق ئۇنۋانىنى بېرىپ، پۈتۈن جەنۇ-
بىي شىنجاڭنىڭ چېگرا قوغداش ۋەزىپىسىنى ئىسھاقبەگكە تاپشۇر-
دى. ئىسھاقبەگ بىرىگادىسى ئۈچ تۇەندىن تەشكىل قىلىندى.
مۇللا شەرمەت تۇەنجاڭلىقىدا بىرىنچى تۇەن قەشقەر يومىلاقشەھەر-

دە، مەۋلانوۋ باشچىلىقىدىكى بىر تۈەن خوتەندە، ئابابەكرى باشچىلىقىدىكى بىر تۈەن تاشقورغاندا تۇرۇشقا بەلگىلىنىپ ھەرقايسى تۈەن ئالدى - كەينى بولۇپ 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر بەلگىلەنگەن ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. ھەرقايسى تۈەنلەر ئۆزلىرى تۇرغان چېگرا پونكىتلىرىغا، مەسىلەن: تاشقورغان مىڭ تەكە، بەيىك، قوشراپ قاتارلىق پاكىستان، ئافغانىستان چېگرىسىدىكى چېگرا پونكىتلىرىغا، خوتەن تۈەن قاراڭغۇ تاغ، سۇگەت قاراغۇل سارقىيا، سانجو قاتارلىق ھىندىستان، پاكىستانغا چېگرىداش جايلارغا، قەشقەر ۋىلايەت، ئاقچى، ساربۇلاق، تورغان، سىمغان قاتارلىق چېگرا پونكىتلىرىغا 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن چېگرا قوغداش ئەترەتلىرىنى تۇرغۇزۇپ پۈتۈن چېگرا قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن سانجۇ، سارقىيا قاتارلىق جايلاردا قېچىپ يۈرۈپ خەلقنى پاراكەندە قىلغان ئاز ساندىكى باسمىچىلار پۈتۈنلەي تازىلىنىپ، چېگرا خەلقى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. ئىسھاقبەك پۈتۈن چېگرا پونكىتلىرىغا بولۇپمۇ ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستانغا چېگرىداش مۇھىم پونكىتلارغا چېگرانى قوغداش قىسىملىرى بېرىپ ئورۇنلىشىپ، مۇستەھكەملەنگەنگە قەدەر ئۆزى يەكەن ھەم يېڭىشەھەردە تۇردى. 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىدىن بىرىگادىغا قاراشلىق ئەسكەرلەرگە ئۈچ ئايلىق چېگرا ياردەم پۇلى كەلدى. ئىسھاقبەك بوغالتىر توخسۇنجان قاتارلىق ئۈچىسىنى چاقىرىپ «بۇ قېتىم كەلگەن پۇل ۋە ئاشلىقنى ئون كۈن ئىچىدە پۈتۈن بىرىگادا قارىمىقىدىكى ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بولىسىلەر» دەپ بۇيرۇق بەردى. ئون كۈن يېتىشمەيدۇ، ۋاقىتنى ئۇزارتىپ بەرسىلە دەپ ئىسھاقبەككە ئېيتقاندا «بەش كۈن ئۇزارتىپ بېرىلدى، يەنە ۋاقىت يەتمىسە توخسۇنجاننىڭ كاللىسىنى ئالىمەن» دېدى. بۇ چاغدا توخسۇنجان بۇنىڭغا نارازى بولدى. سىدىق بەگ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ «بىرىگادا شتابى قەشقەرگە



**يۆتكىلىدۇ، لۈيجاڭ** قەشقەردە تۇرۇپ ھەرقايسى تۈەنلەرگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلماقچى. لۈيجاڭدا ئۇزۇندىن كۆزلەپ كەلگەن پىلان بار، كەلگۈسىدە يەنە بۆلگۈنچىلەر چىقىپ قالسا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى قانداق ئىشلەشنى ئويلاۋاتىدۇ، ماخۇسەن، مامۇتنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى يوقاتتۇق. كېيىن يەنە بۆلگۈنچىلارنى جىم ياتىدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن خەۋپ سىرتتىن كېلىدۇ. جاھانگىرلار مامۇتقا ياردەم بېرىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈشى مۇمكىن. بىز چېگرىنى ياخشى ساقلىشىمىز كېرەك. بىز ئەسكەرلەرگە ھازىرغىچىلىك ئايلىق بېرەلمىدۇق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئېغىر قىيىنچىلىق بار. لۈيجاڭنىڭ پوزىتسىيىدە قاتتىق بولغانلىقى شۇ بولۇشى مۇمكىن» دېدى. ئايلىق تارقىتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن 12 - ئاي ئىچىدە لۈيبۇ شتابى قەشقەرگە يۆتكىلىپ 1 - تۈەنگە قوشۇلۇپ، پۈتۈن چېگرا تۈەنلەرگە بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلىدى. 1 - تۈەن 1935 - يىلى ئىسھاقبەگ باسمىچىلارغا قارشى كۆرەش قىلىش ئۈچۈن ئۆزى قۇرۇپ كېيىن تارقىتىۋەتكەن تۈەننىڭ نامىدا قۇرۇلغان بۇ تۈەنگە مۇللا شەرمەت تۈەنجاڭ، سىدىقبېك، قۇربان تۈەنبۇ دېگەن كىشىلەر فۇ تۈەنجاڭ بولۇپ قەشقەر يۇمىلاقشەھەر (ھازىرقى سىبودا) تۇردى. بىرىگادا شتابمۇ مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتى. بىرىگادا باشلىقى لۈيجاڭ ئىسھاقبەگكە مەسلىھەتچى بولۇپ باغداسارۇۋ، شتاب باشلىقى تۆلەنباي، يەنە ئات دوختۇرى، ئادەم دوختۇرى ۋە باشقا مۇلازىمەت خادىملىرى بار ئىدى.

تۆلەنباي سوۋېتتىن كەلگەن كىشى بولۇپ سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ باسمىچىلارغا قارشى كۆرەشتە خىزمەت كۆرسەتكەن پود پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئادەم بولۇپ، دائىم ئىسھاقبەك بىلەن بىللە بولاتتى. ئۇ تۇرمۇش، سىياسىي، مالىيە ئىنتىزامى قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. مەن ئۆمەر

قۇربان بىلەن ئىككىمىز مائاش بېرىش ھەمدە باشقا تەمىنات ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدۇق. تۆلەنباي بىلەن دائىم بىر ئىشخانىدا ئىشلەيتتۇق.

ئىساقبەگ 1 - تۇەننى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيە، سىياسىي - ئىدىيە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتتى. ئىساقبەگنىڭ مەقسىتى 1 - تۇەنگە بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىپ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۈلگە تىكلەپ بىرىگادىغا قاراشلىق تۇەنلەرگە ھەربىي، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىپ ھەر قانداق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ قالماستىن بىرىگادا تەركىبىدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنى سىياسىي، ھەربىي تېخنىكا تەرەپتىن بىلىملىك قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى قىرغىز رايونلىرىدىن 5 يۈزدىن ئارتۇق ئەسكەر ئېلىپ ئادەم سانىنى كۆپەيتتى. يېڭى ئەسكەرلەر بىلەن كونا ئەسكەرلەرنى بىرلىكتە ليەن، پەيگە ئايرىپ كونىلار يېڭىلارغا ياردەم بېرىش، يېڭىلار كونىلاردىن ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىش بىلەن ليەن، پەيلەر بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، يېڭى ئەسكەرلەر ئىچىدىن ياخشى ئۆگەنگەنلەرنى تاللاپ، پەيجاڭ، بەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈپ ئۇلارغا ئىلھام بەردى. سوۋېت بىلەن مال ئالماشتۇرۇش قاتارلىق سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. دۇكان، ئاشخانىلار ئېچىپ ئەسكەرلەرگە تۆۋەن باھادا ئاش - تاماق ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىپ بېرىپ تۇرمۇشنى قامدىدى، ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي، سىياسىي تەلىم - تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سوۋېتنىڭ ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتتى. ئۆزى ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، يېتەرسىز جايلارنى كۆرسىتىپ بېرىپ، تەلىم - تەربىيە ئېلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى قاتتىق



تەكىتلىدى. سوۋېتتىن پىلىموت، مىناميوت، ئاپتومات قاتارلىق يېڭى قوراللارنى ئەكەلدۈرۈپ قورال كۈچىنى كۈچەيتتى.

ئىساقبەگنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئەسكەرلەر تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردە خاتىرجەم بولۇپ سۈپەت جەھەتتە ناھايىتى تېزلا ئۆستى. ئاتلىق قىرغىز 1 - تۇەن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھەر جەھەتتىن زور ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلدى. بىر كۈنى تۆلەنباي مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ «ئىساقبەگ ماڭا تۇەن ئىچىدە قانداق ئەھۋال بار دەپ مەندىن سورىغان ئىدى. مەن ئەھۋالنى ئىگىلەپ باقاي دېدىم. يېڭىدىن ئېلىنغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى قىرغىز يېزىلىرىدىن كەلگەن. سەن بىر يۇرتلۇق ھەم تونۇش - بىلىشلىرىڭدىن كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭ بولسا ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭ دەپ سوراپ قالدى. مەن ت[illegible]دىن كەلگەنلەر بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىمىز، بۇلارنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى ياخشى. ئۇلار بالىلىرىمىزنى يېڭىدىن ھەربىيلىككە ئالىدىغان ۋاقىتتا ھېچ نەرسە كۆرمىگەن ياش بالىلار، قانداق بولار دېگەن ئەندىشىدە بولغانىدىم. ھازىر بالىلىرىمىزنىڭ قورسىقى توق، كۆڭلى خوش، ھەر ھالدا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇق. بولۇپمۇ ھەر خىل ھەربىي قوراللار بىلەن قوراللىنىپ قاتار تىزىلىپ ماڭسا كۆزىمىزگە ئوت كۆرۈنۈپ، بېشىمىز كۆككە يېتىدۇ. بۇلاردىن باشقا سوۋېتتىن كەلگەن جۇۋاغول لىيەنجاڭ، تۇرغانبايلارمۇ بىز سوۋېت ئارمىيىسىدە تۇرغاندا بۇنداق تۇرمۇش كەچۈرەلمىگەن، يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلى ئۆسۈپ ھەر جەھەتتىن ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە بولۇۋاتىدۇ، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە پەيجاڭ، بەنجاڭلىققا يارايدىغان بولۇپ چىقتى، بۇ ئەھمىيەتلىك چوڭ ئىش دېيىشىۋاتىدۇ» دېگەنلەرنى ئېيتىپ بەردىم.

بەختكە قارشى 1938 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

كېچىسى كەنجىباي، سادىر، ئىرسالى قاتارلىق ئازساندىكى بۇزۇق قارا نىيەتچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بىلەن ئېغىر قانلىق ۋەقە يۈز بەردى. بۇ ۋەقەنىڭ چىقىش سەۋەبى ئەنگلىيە كونسۇلى يۇقىرقى بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى ئۆزىگە تارتىپ، قۇتىرتىپ، ئىچكى قاتلامدىكى يوشۇرۇنغان بۇزۇق ئۇنسۇرلار بىلەن كۈشكۈرتۈش ئارقىلىق يۇقىرقى ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. كېيىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئەھۋالدىن ئۇقۇشىمىزچە يۇقىرقى ئۈچ كىشى چىنىباغدىكى ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ پۇل بىلەن ئالداپ ئۆزىگە تارتىشى بىلەن ئۇلارغا باغلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغانىدى. كېيىن 1 - تۇەندە ئىچكى قاتلامنى تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، 14 - كۈنى پوستتا تۇرغان نۆۋەتچى ئەسكەر كېتىپ قالغان ھەم ئىسھاقبەگ، باغداسورۇۋلارنىڭ يوق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ قوراللىق ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرالماي قېچىپ كېتىدۇ. ھەرىكەتنىڭ ئۆتمۈشى بۇنداق: 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كېچە سائەت ئىككىدىن باشلاپ تاڭ ئاتقانغا قەدەر تۆت - بەش سائەت داۋام قىلغان ھەربىي تۈزۈمدە بارلىق ھوقۇق شۇ كۈندىكى نۆۋەتچىلىك قىلغان كىشىدە بولىدۇ. مەسئۇل نۆۋەتچى شۇ كۈنى ئىككىنچى پىلىموت لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى توقۇ پەيجاڭغا، 4 - پىلىموت لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئىرسالى دېگەن ئىككى كىشىگە كېلىدۇ. نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان بۇ كىشىلەر دەل باندىتلارنىڭ ئادىمى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ كۈنى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتنى باشلاش قارارىغا كېلىپ دەرھال ئىشقا كىرىشىدۇ. ئالدى بىلەن ھەر



قايسى لىيەندىن لىيەنجاڭلارنى مەسئۇل دىۋورنى چاقىرىدۇ دەپ بىردىن - بىردىن چاقىرىپ كېلىپ تۈرمىگە قامايدۇ، ئاندىن كېيىن پەيجاڭلارنى چاقىرىپ قامايدۇ. تۈرمىنىڭ ئۈستىگە قوراللىق ئادەملەرنى قويغاندىن سىرت، ئۆز ئادەملىرىنى مۇھىم ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىسكىلاتتىن قورال - ياراقلارنى بۇلاپ ئارقىدىن ئاتلارنى ئۆلتۈرۈشنى باشلايدۇ. مەن مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتتىم. بىردەمدىن كېيىن بىر كىشى كېلىپ دىۋورنى چاقىرىدۇ، ئىشىكنى ئاچ دەپ ئىشىكنى قاقتى. مەن چاپاننى يېپىنىپ ئىشىكنى ئاچتىم. كەلگەنلەر قوراللىق ئىككى ئەسكەر ئىدى. ئىشىك ئالدىغا چىقىشىم بىلەن تەڭ بىرسى ئۆيگە كىرىپ مىلتىقنى ئالدى. يەنە بىرسى يانچۇقۇمدىن پۇل سالىدىغان ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى ئالدى. ئاچقۇچنى نېمە قىلىسەن دېسەم كاچىتىمغا بىرنى سېلىپ ئىككىسى ئىككى قولۇمدىن تۇتۇپ ھەيدەپ ماڭدى. نەگە بارىمەن دېسەم دىۋورنىڭ ئالدىغا بارىسەن دېدى. ئىككىسى مىلتىقنى تەڭلەپ ھەيدەپ تۈرمىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. شۇ ۋاقىتتا مەن قامايدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدۇم. دېگەندەك، مېنى قورغاننىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. قورغاننىڭ ئىشىكىدە تۆتتىن سەككىز ئەسكەر مىلتىقنى تەڭلەپ تۇرۇپتۇ. مېنى 8 - تۈرمىنىڭ يېنىدىكى بىر تۈرمىگە ھەيدەپ باردى. ماڭا ئوخشاش ھەيدەپ كېلىنگەنلەر خېلى بولۇپ بىر كىشى ئات دەپ بۇيرۇق بېرىپ تۇردى. (كېيىن ئاڭلىساق بۇ كىشى كەنجىباي ئىكەن). مەن تونۇيدىغان ھەم بىللە ئويناپ يۈرۈيدىغان تونۇشلىرىمدىن بىر قانچە كىشى ئارقىمۇ ئارقىدىن يىقىلدى. مېنى ھەيدەپ بارغان ئەسكەرلەر مېنى قانداق قىلىمىز دېگەندە نېرىراقتا قاراپ تۇرغان بىر كىشى بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي يەنە بىرىسىنى ئات دەپ بۇيرۇق بەردى. مېنى بولسا تۈرمىنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزىۋەتتى.

تۈرمىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولغانلىقتىن ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. تۈرمە سىرتىدىن پات-پاتلا مىلتىقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاچان كېلىپ بىزنى ئاتىدىكىن دېگەن قورقۇنچ بىلەن سىرتتىن ئاۋاز ئاڭلانسىلا ئوق تەگسە ئارقىمىزدىن تەگسۇن دەپ دۈمبىمىزنى قىلىپ تۇردۇق. مۇشۇنداق قورقۇنچ بىلەن ئىككى سائەتتىن ئارتۇق تۇرغاندىن كېيىن مىلتىق ئاۋازىمۇ بېسىلىپ، ئادەملەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى توختاپ قالدى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن دېرىزىدىن يورۇق چۈشۈشكە باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەتراپىمغا قارىسام ئۆمەر ئاخۇن، قىياس، سۆلەت ئابدۇللا قاتارلىقلار بار ئىكەن. بىر-بىرىمىز بىلەن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكلىرىمىزنى دېيىشىۋاتقاندا، سىرتتىن بىر توپ كىشىلەر كېلىپ تۈرمە ئىشىكىنى ئاچتى. بۇلار 1-تۈەندە ھەربىي تەربىيە بەرگۈچى رۇس (قىرغىزچە ئىسمى ئابدۇللا) يەنە سوۋېتتىن كەلگەن سابىت دېگەن تاتار كىشى ئىكەن. ئۇلار سىپىلدىن قېچىپ چىقىپ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ بىر توپ قوراللىق ساقچىلارنى باشلاپ سىپىلنىڭ ئۈستىگە كەلگەن بولۇپ، باندىتلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىن تۈرمىگە كەلگەن ئىكەن. بىز سىرتقا چىققاندىن كېيىن ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە ياتقان ئۆلۈكلەرنى، تۈرمە ئىچىدە ئۆلگەنلەرنىڭ قېنىنىڭ سىرتقا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

شۇ كۈنى ئېتىلغان بەش نەپەر كوماندىر، تۈرمە ئىچىدە ئېتىلغان ئۇيغۇر تەرەققىيپەرۋەر زات قۇربان تۈەنبۇ، سوۋېت كومپارتىيە ئەزاسى تۆلەنباي قاتارلىق 33 نەپەر كوماندىر بۇ ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇپ قوشۇلمىغانلىقى ئۈچۈن باغلاپ قويۇپ قاچقان ۋاقىتتا ئارقىدىن كەلگەن فۇ پەيجاڭ ئوبۇلقاسىم، مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقاندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن تۈەنجاڭ موللا شەرەت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن 12 ياشلىق بىر بالا بولۇپ جەمئىي 42 نەپەر ئادەم ئىدى. شۇ ۋاقىتتا



تۈرمە ئىچىدە ئوق تەگمەي تىرىك قالغان موللا سابىر لىيەنجاڭ، مۇساخۇن پەيجاڭلار يالىڭاچ ھالدا تۈرمىدىن چىقتى. باشقا تۈرمىلەردىمۇ ئېتىشقا ئۈلگۈرمەي ئېشىپ قالغانلاردىن يىگىرمىدىن ئارتۇق كىشى ساقچىلار بىلەن بىرلىكتە قۇربان بولغانلارنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن يەرلىك كولىدۇق.

ئۇلارنى دەپنە قىلىپ بولۇشىمىزغا يىغىلىش كوماندىسى بېرىلدى. كوماندا بەرگەن كىشىدىن بۇ قېتىمقى قانلىق ۋەقەنى كەنجىباي باشلىق بۇزۇق كىشىلەرنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، ئىسھاقبەگ قاتارلىق كىشىلەر باشقا يەرگە كەتكەچكە ھايات قالغانلىقىنى سەزدىم. زالغا كىرىپ بىرەر سائەتتىن كېيىن سىدىقبېك تۈەنبۇ بىلەن يۇنۇسقارىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قالغانلىرىمىز قانداق ئىش بولار دەپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇشتۇق. لۇيجاڭ «يېڭىشەھەرگە جاڭ سىلىڭنىڭ قېشىغا كەتكەنلەر ئۆز ياتاقلىرىڭلارغا بېرىپ نەرسە-كېرەكلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ ئەتە يولغا چىقىشقا تەييارلىنىڭلار» دەپ ئۇقتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر بىرىمىز ئۆز ياتاقلىرىمىزغا بېرىپ كىيىملىرىمىزنى كىيىپ، نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇردۇق. مەن قالغان پۇلنى ساتاپ ئۆتكۈزۈپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشتى. يەنە يىغىلىڭلار دېگەن بۇيرۇق بېرىلدى. يىغىلىپ تۇرساق ئىسھاقبەگ لۇيجاڭ يېڭىشەھەردىن قورال ۋە ئات ئېلىپ كەلدى. «باندىتلارنى قوغلاپ ئەتە يولغا چىقىمىز» دەپ ھەر بىر كىشىنىڭ قولىغا بىردىن مىلتىق، بىردىن ئات بېرىلدى. ئاتقا ئۆزۈڭلار مەسئۇل بولىسىلەر دەپ ئۇقتۇردى. كېيىن ئاشخانىغا بېرىپ تاماقلىنىپ تەييار بولدۇق. 15-چېسلا تاڭدىن بۇرۇن ئىسھاقبەگ، باغداسارۇۋ باشچىلىقىدا ئۈچ يۈزدەك ئادەم باندىتلارنى قوغلاپ يولغا چىقتۇق.

قەشقەردىن چىقىپ ئوپالنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇلۇغ ئارت داۋىنىدىن ئېشىپ مۇجۇ، چاقارغۇل بىلەن 19-كۈنى سوباش

داۋىنغا باردۇق. باندىتلارغا ئەگەشكۈچىلەر 40 كىشىگە يەتمەيتتى. بۇلار بىرىيۈزئەللىكتەك ئادەمنى مەجبۇرىي ھالدا بىللە ئېلىپ ماڭغان 14 - كۈنى باندىتلارنى قوغلاپ چىققان 31 - تۇەننىڭ ئەسكەرلىرى مۇجىغا بارغاندا باندىتلارنىڭ ئارقىدىن يېتىشىپ جەڭ قىلدى. جەڭدە ئۈچ نەپەر ئادەم قۇربان بولدى. باندىتلار بوي بەرمەي قېچىپ تۇرغاتتىن ئافغانىستان چېگرىسى ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن. بۇلار 40 ئادەم. بىللە قاچقانلارنىڭ ئىچىدە سەپتىن چۈشۈپ قالغانلار، يوشۇرۇنۇۋالغانلار يەتمىشتەك ئادەم بولۇپ ھەممىسى تەسلىم بولۇپ قوراللىرىنى تاپشۇردى. بىز سۇباشقا بېرىپ بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئىسھاقبەگ سۆز قىلىپ: «باندىتلارنىڭ ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. 31 - تۇەندىن قوغلاپ چىققانلار توسۇپ زەربە بەرمەي ئارقىدىن قوغلاپ ئۇرۇشقان بولسىمۇ، باندىتلار بوي بەرمەي ئۆتۈپ كەتكەن. باندىتلار بىزنىڭ بىخوتلۇقىمىزدىن پايدىلىنىپ، ئىچكى قاتلامدىكى بۇزۇقلارنىڭ ماسلىشىشى نەتىجىسىدە بىزنى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچار قىلدى. تۇەندە زور قىرغىنچىلىق ۋەقەسى بولدى. بۇ بىزگە چوڭ ساۋاق. بىز قايتىپ بېرىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەيمىز» دېگەن سۆزلەرنى قىلدى.

بىز تەخمىنەن ئون كۈن ئەتراپىدا يول مېڭىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدۇق. 1938 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق ۋەقەسىنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىقىدەك بولۇپ ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىق ھەرىكەت جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن جۈملىدىن قىرغىز خەلقى ئۈچۈن ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى. ھەرىكەت يۈز بەرگەن كۈنى گۇناھسىز، كۆزى ئوچۇق كەتكەن ئاق كۆڭۈل، ساپ نىيەت ئوفىتسېرلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن قىرغىز ياشلىرى، بىرقانچە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر تۇرمىدە قىيناش نەتىجىسىدە ئۆلۈپ كەتتى.



# 1934 - يىلى 3 - ئايدا قەشقەر يېڭىساردا بولغان قانلىق ئۇرۇشنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى

خېۋىر تۆمۈر

1934 - يىلى 3 - ئاي مەزگىللىرىدە ئۆمەر ساھىپ (نۇرمەھەممەت) قوماندانلىقىدىكى خوتەن پىدائىي قىسىملىرى بىلەن ما فۇيۈەن قوماندانلىقىدىكى ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى قەشقەر يېڭىساردا بىر مەيدان قاتتىق ۋە قانلىق ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇش 30 - يىللاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ قوزغىلاڭ تارىخىدا ئەڭ قاتتىق ھەم شىددەتلىك بولغان ئۇرۇش بولۇپ، 17 كېچە - كۈندۈز داۋاملاشتى. ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چىقىم تارتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئۇرۇش 5 يۈزدىن ئارتۇق پىدائىيلارنى قۇربان بەرگەن خوتەن قىسىملىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇرۇشنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

## قەشقەر - يېڭىسار ئۇرۇشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

1934 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باش قوماندانى خوجىنىياز ھاجى ئۈچتۇرپان قاقشال يولى بىلەن ئاقسۇدىن قەشقەرگە كەلدى. بۇ چاغدا قەشقەردە ساۋۇت داموللا ھۆكۈمەت قۇرۇپ ما جۇڭيىڭنىڭ قەشقەردىكى گوماشتىسى ما جەنساڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. خوجىنى-

ياز ھاجى قەشقەرگە كېلىپلا پۈتۈن كۈچنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ھەممىگە قوماندانلىق قىلىپ قەشقەر يېڭىشەھەردە ئاز كەم يېرىم يىل مۇھاسىرە ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان ما جەنساڭغا قارشى ئۇرۇشنى كۈچەيتتى. پۈتۈن كۈچ بىرلىككە كېلىپ پۈتۈن يۇرت سەپەرۋەر قىلىنغان بۇ ئۇرۇش كۆلەم جەھەتتە كەڭ ھەم شىددەتلىك بولدى. 27 كۈنلۈك بارۇن سوقۇشى دەپ ئاتالغان مەشھۇر سوقۇشلار ئەنە شۇ ۋاقىتتا بولغانىدى. ما جەنساڭ قىسىملىرى سېپىل ئىچىدە سولىنىۋېلىپ ئاچلىق ۋە باشقا جەھەتلەردىن قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ، تەسلىم بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. دەل شۇ كۈنلەردە ئاقسۇ تەرەپتىن ما فۇيۈەن (بۇ ھەم ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن بىر بۆلىكى) قىسمى قەشقەردىكى ما جەنساڭغا ياردەم بېرىپ قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن قەشقەر بوسۇغىسىغا يېتىپ كېلىدۇ. باش قوماندان خوجىنىياز ھاجى بىر قىسىم كۈچ ئاجرىتىپ پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ چوركانيار دېگەن جايلىرىدا ما فۇيۈەن قىسىملىرىنى توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرىدىن ھامۇتخان لۈيجاڭ، غوپۇر تۇەنجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭلار ۋە ئىمىر ساھىپ باشچىلىقىدىكى خوتەن پىدائىيلىرى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ چوركانياردا بىر مەيدان ئۇرۇش قىلىدۇ. ئەمما قىسىملار ئۆزئارا ماسلىشىپ جەڭ قىلمىغانلىقتىن ئۇرۇش ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. سەپنىڭ ئالدىنقى لىنىيىسىدە جەڭ قىلغان خوتەن قىسىملىرى قورال ـ ياراق جەھەتتە ناچارراق بولسىمۇ، لېكىن جاسارەت ۋە پىداكارلىقتا تايىنىپ شىددەتلىك ئۇرۇش قىلىدۇ. بەختكە قارشى خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ سەردارلىرىدىن يۈسۈپجان ھاجىغا ئوق تېگىپ شېھىت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوشۇندا پاراكەندىچىلىك ۋە روھسىزلىق كەيپىيات پەيدا بولۇپ سەپ بويىچە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

شۇ ۋاقىتتىكى تاكتىكىدا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى قەشقەرگە



مەركەزلەشتۈرۈش پىلان قىلىنمىغانلىقتىن پەيزاۋات ـ چوكانيار ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەممە قوشۇن چېكىنىپ قەشقەرنى بوش قالدۇرۇپ، يېڭىسار ـ يەكەن تەرەپكە كېتىدۇ. جۈملىدىن خوتەن پىدائىيلىرىمۇ چېكىنىپ يېڭىسارغا كېلىدۇ. ما فۇيۈەن قىسىملىرى بوش قالدۇرۇلغان قەشقەر شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ ماجەنساڭ بىلەن بىرلىشىدۇ ۋە كونا ـ يېڭى ئىككى شەھەرگە بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. بولۇپمۇ قەشقەر يېڭىشەھەردە يېرىم يىلغا يېقىن مۇھاسىرىدە قېلىپ ئاچلىقتىن ئېچىرقاپ كەتكەن ماجەنساڭنىڭ ياماق چاپان ئەسكەرلىرى (شۇ چاغلاردا ماجەنساڭنىڭ بۇلاڭچى ئەسكەرلىرىنى شەھەر ئاھالىسى ياماق چاپان ئەسكەرلەر دەپ ئاتىغان.) قەشقەر شەھىرىنى ئۆيمۇ ئۆي ئاقتۇرۇپ يۇرۇپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى ۋە خوتۇن ـ قىزلارنىڭ نومۇسىغا تەگدى. قەشقەر تارىخىدا ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ قالغان «7 ـ فېۋرال» قانلىق قىرغىن (چاپ ـ چاپ) نىمۇ دەل شۇ ياماق چاپان ئەسكەرلەر پەيدا قىلغان بولۇپ، 4 مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىسسىق قانلىرى شەھەر كوچىلىرىدا دەريادەك ئاققانىدى.

ئەمما مافۇيۈەن بىلەن ما جەنساڭ ئىككىسى، كونا ـ يېڭى ئىككى شەھەرگە ھۆكۈمران بولسىمۇ، شەھەر ئەتراپى يېزىلارنى ئىگىلىيەلمىگەنىدى، ئوپال، تاشمىلىق ياپچان، يېڭىسار، مەكىت قاتارلىق جايلار يەنىلا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، ئۇلار شەھەر ئىچىدە بوغۇلۇپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇمچى ئەتراپىدىن مەغلۇپ بولۇپ قاچقان ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ قاچقۇن قوشۇنلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ قەشقەرگە كېلىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا قەشقەرگە توپلانغان ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى خوتەن ئارقىلىق دۆڭخۇاڭ تەرەپكە چېكىنىش يولى ئاچماقچى بولدى. ئىمىر ساھىپ باشچىلىقىدىكى خوتەن پىدائىيلىرى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى خوتەن تەرەپكە ئۆتكۈزمەيـ

مىز دەپ يېڭىسارنى ئىستىھكام قىلىپ ئۇلارنىڭ يولىنى توستى. دېمەك، يۇقىرىقى تارىخ سەۋەبلەردىن جەنۇبىي شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قەشقەر - يېڭىسار ئۇرۇشى بولغانىدى.

## يېڭىساردىكى قانلىق جەڭنىڭ تەپسىلاتى

ئۈرۈمچى ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى 1934 - يىلى 3 - ئايلاردا قەشقەرگە توپلانغاندىن كېيىن خوتەن تەرەپتىن پاناھ جاي تېپىش ياكى چېكىنىش يولى ئېچىش ئۈچۈن كۈچ ئاجرىتىپ يېڭىسار تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ئىمىر ساھىپ قوماندانلىقىدىكى خوتەن پىدائىيلىرى سەپىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇلارنى توسۇپ زەربە بەردى. ئۇرۇش خېلى قاتتىق بولغان بولسىمۇ لېكىن باشقا قېرىنداش قىسىملارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىپ جەڭ قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن ۋاقىتلىق چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. غوجىنىياز ھاجى يەكەن تەرەپكە، مەھمۇت سىجاڭ مەكىت تەرەپكە چېكىندى. خوتەن پىدائىيلىرى بولسا دالا سوقۇشىدىن شەھەر سېپىلى ئىچىگە چېكىنىپ قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ قوزغىلىڭى ئىچىدە ئەڭ قاتتىق بولغان يېڭىسار ئۇرۇشى باشلىنىپ، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئۇلارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراتتى. بۇ ئۇرۇشتا خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى مىسلىسىز قەھرىمانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىپ تارىختا ئۆچمەس سەھىپە ئاچتى.

يېڭىسار شەھەر سېپىلىنى ئىستىھكام قىلىپ مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ ئادەم سانى 500 — 600 ئەتراپىدا بولۇپ 2 يۈزدەك ئات، 2 يۈزدەك قوي، 3—4 مىڭ جىڭ يېرىك ئاشلىق بار ئىدى. شۇنىڭدەك قورال - ياراق جەھەتتە ناچار (تەگىدىن تولىسى قىلىچ، نەيزە، چوماق بىلەن قوراللان-



غانىدى)، ئوق - دورا كەمچىل ئىدى. شۇڭا ئۇلار 17 كېچە - كۈندۈز داۋام قىلغان قانلىق ئۇرۇشتا قورال - ياراق كەمچىل ۋە ناچار بولۇشتەك قىيىنچىلىقتا ئۇچراپلا قالماستىن، يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇق - تۈلۈك يېتىشمەسلىكتەك قىيىنچىلىققىمۇ دۇچ كەلگەنىدى. دۈشمەن تەرەپ قورال - ياراق جەھەتتە خىل بولۇپلا سان جەھەتتىمۇ كۆپ ئىدى. مافۇيۈەن بىلەن ماجەنساڭ ئىككىسى تۆت تۈمەن ئەسكەر ئاجرىتىپ شەھەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. شەھەر دەرۋازىسىغا ئوت قويۇش، سېپىلگە شوتا قويۇپ چىقىشتەك نۇرغۇن تاكتىكىلارنى قوللانغان بولسىمۇ لېكىن خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ غەيرەت - جاسارىتى ئاستىدا ئۇلارنىڭ ھەر قېتىملىق قىلغان ھۇجۇمى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ يۈزلىگەن ئۆلۈكلىرىنى قالدۇرۇپ، ئېغىر چىقىمدار بولدى. خوتەن پىدائىيلىرى ئوق - دورىنى تېجەش ئاساسىدا سېپىل ئۈستىگە كۆپ مىقداردا تاش - كېسەك توپلاپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن دۈشمەنلەرنى چالما - كېسەك قىلدى. سېپىلگە يامىشىپ چىققان دۈشمەنلەرنى چوماقلىدى. ئۇلارنىڭ بېشىغا لىم ياغاچلارنى دومىلاتتى. ئوت يېقىلغان بورا يۆرگەملىرىنى دومىلىتىپ كۆيدۈردى....

خوتەن پىدائىيلىرى قولىدىن كېلىدىغان بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بەرگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنى يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسى قىيناپ قويغانىدى. ئۇلار ئون نەچچە كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇش جەريانىدا قولىدا بار بولغان يېرىك ئاشلىقلار بىلەن قوي - كالىلارنى يەپ تۈگەتكەنىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئامالسىزلىقتىن جەڭ ئاتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشكە مەجبۇر بولدى. ئەتىياز سىرىق ئاپتاپتا، ئورۇق ئاتلارنىڭ گۆشلىرى ئادەملەرنىڭ قورسىقىنى ئاغرىتىپ، ئىچىنى سۈرۈپ جىق ئازاب سالدى. قىيىنچىلىق قاتمۇ قات ئېغىر بولسىمۇ، پىدائىيلار يەنىلا بەرداشلىق بېرىپ

دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بەردى. بۇ ئەسنادا يەكەندە تۇرۇۋاتقان شامەنسۇر ئۆز يېقىنلىرىدىن تۇررسۇن داموللا ئىسىملىك ئادىمىنى يېڭىسارغا مەخپىي ئەۋەتىپ، ئىمىر ساھىپنى يەكەنگە چېكىندۈرۈپ كەلمەكچى بولدى. بىراق ئىمىر ساھىپ ئىرادىسىدە چىڭ تۇرۇپ يېڭىسار قەلئەسىدىن چېكىنىپ كېتىشكە ماقۇل بولمىدى. ئۇرۇش شىددەتلىك داۋام قىلماقتا، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى يېڭى - يېڭى كۈچلەرنى يۆتكەپ كېلىپ ھۇجۇمنى كۈچەيتمەكتە. مۇشۇنداق جىددىي شارائىتتا شامەنسۇر بىر بۆلەك كۈچنى سەپەرۋەر قىلىپ ئىمىر ساھىپقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يېڭىسارغا كەلدى. ئەپسۇسكى شامەنسۇر قوشۇن باشلاپ يار كۆۋرۈك دېگەن يەرگە كەلگەندە ئۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ شېھىت بولدى. بۇ 1934 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بولغان ئىش. ئۆز قوماندانىدىن ئايرىلىپ پاراكەندە بولغان خوتەن پىدائىيلىرى قانلىق جەڭلەر ئارقىلىق شامەنسۇرنىڭ جەسىتىنى ئاتقا ئارتىپ قۇتقۇزۇپ چىقىپ يەكەنگە ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىسار قەلئەسىدە مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان ئىمىر ساھىپ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىغا ياردەم بېرىپ قۇتقۇزۇپ چىقىش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ شەھەرگە بولغان ھۇجۇمنى كۈچەيتتى. بىر قانچە يەردىن لەخمە كولاپ دورا كۆمۈپ، شەھەر سېپىلىنى بىر قانچە نۇقتىدىن پارتلىتىپ بوغۇندەك ھۇجۇم قىلدى. خوتەن پىدائىيلىرىمۇ بوش كەلمىدى. پارتلىتىلغان يوچۇقلارنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ گىرەلەشمە جەڭ قىلدى. توپا قاچىلانغان تاغارلار بىلەن يوچۇقلارنى ئېتىپ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. لېكىن ئۇلارنى ئاچلىق ۋە كېسەللىك ئازابى كۈنسايىن ھالسىزلاندۇرغانىدى. 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىكى بىر قېتىملىق قانلىق



جەڭدە بەختكە قارشى ئىمىر ساھىپقا ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. ئۆز سەركەردىسىدىن ئايرىلغان پىدائىيلار ئىچىدە پەيدا بولغان پاراكەندىچىلىك ۋە گاڭگىراش پۇرسىتىدىن پايدىلانغان دۈشمەن كېچىسى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ ھۇجۇم قوزغاپ، گىرەلەشمە جەڭ ئارقىلىق ئاخىرى يېڭىسار قەلئەسىنى ئىشغال قىلدى.

بۇ ئۇرۇشتا ما جۇڭيىڭ تەرەپ 8 يۈزدەك ئادىمىدىن ئايرىلدى. خوتەن پىدائىيلىرىدىن 500 پىدائىي قۇربان بولدى. يۈزدىن ئارتۇق پىدائىي ئەسىر چۈشتى. خوتەن ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىلىرىدىن شامەنسۇر (ئابدۇللا بەگ) بىلەن ئىمىر ساھىپ (نۇرمۇھەممەت بەگ) ئاكا - ئۇكا ئىككىسى قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. دېمەك، بۇ ئۇرۇش 33 -، 34 - يىللاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەلىرى ئىچىدە ئەڭ قاتتىق، ئەڭ شىددەتلىك ۋە قانلىق جەڭ ھېسابلىنىدۇ.

# جەڭ مەيدانىدىكى خاتىرە

## ئەمەت توختى

1 ـ، 2 ـ قېتىملىق ئوبىراتسىيىلىك ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاياقلاشقاندىن كېيىن، 1962 ـ يىلى نويابىردا ئالىي رايونىنىڭ شىچۆەنخې دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلىپ تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، قىسىمنى قايتا تەرتىپكە سېلىپ، ئالدىنقى جەڭلەردە كۆرۈلگەن ئەمەلىي كەمچىلىكلەر، ئۇرۇشتىكى تېخنىكا ۋە تاكتىكا جەھەتتىكى ماسلىشالماسلىق ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن بىر ئايلىق جىددىي ئۇرۇش تەييارلىقى تەلىم ـ تەربىيىسىنى ئېلىپ باردۇق. مەن شۇ مەزگىللەردە ئاتلىق 3 ـ تۈەن توپچىلار لىيەنى ئاتاكاتىسىز زەمبىرەك پەيىنىڭ پەيجاڭى ئىدىم. 1962 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، بىزنىڭ پەيگە بەنگوڭ كۆلى بويىغا جايلاشقان دۈشمەننىڭ تايانچ پونكىتلىرىنى كۆزىتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. شۇ كۈنى 140 كىلومېتىر يول يۈرۈپ ئالىي رايونىنىڭ رۇتوگ ناھىيىسىگە كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. قىسىم قوماندانلىق شتابىمۇ شۇ ناھىيىگە ئورۇنلاشتى. مەن تۈەنجاڭنى تېپىپ بىزنى قايسى قىسىمغا كۈچەيتىپ بەرگەنلىكى ۋە قايسى يۆنىلىشتە جەڭ قىلىدىغانلىقىمىزنى سورىدىم. تۈەنجاڭ ماڭا: سىلەر توپچىلار تۈەنىنىڭ 3 ـ يىڭى بىلەن ماسلىشىپ ۋەزىپە ئۆتەيسىلەر، دېدى. بۇ چاغدا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىمۇ رۇتوگ ناھىيىسىگە ئورۇنلاشقانىدى. مەن ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىغا كىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، قوشۇمچە مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى ئەن بىلەن كۆرۈشتۈم.



ئۇ يەرگە كىرىشىمدىكى مەقسىتىم تونۇشتۇرۇش ئېلىپلا قوشۇپ بېرىلگەن قىسىم تۇرۇشلۇق ئورۇنغا ئۆز ۋاقتىدا بېرىش ئىدى. ئەن مۇئاۋىن سەنمۇجاڭ بىزگە: بىزنىڭ توپچىلار تۈەنىگە ئەمەس، ئاقسۇدىكى پىيادە قىسىم 11 ـ تۈەن 3 ـ يىڭ 9 ـ لىيەنگە كۈچەيتىپ بېرىلگەنلىكىمىزنى ئۇقتۇردى. ئەتىسى بىز ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىدىن رەسمىيەت ئۆتەپ، رۇتوگ ناھىيىسىدىن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرۇۋاتقان 11 ـ تۈەن 3 ـ يىڭ 9 ـ لىيەن تۇرۇشلۇق جايغا قاراپ يولغا چىقتۇق. يول ساسلىق بولغاچقا، بىر ئاز مېڭىپلا ناھايىتى يامان بىر پاتقاقلىققا كىرىپ قېلىپ ماشىنىمىز پېتىپ قالدى، پەيدىكى جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ، ماشىنىنى پاتقاقتىن ئىتتىرىپ چىقىرىپ 9 ـ لىيەنگە بېرىپ قوشۇلدۇق. ئۇ لىيەندىكى سەپداشلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلار بولۇپ، ئۇلار بىزنى قارشى ئېلىشقا ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ قويغانىكەن. لىيەنجاڭ، جىداۋيۈەنلەر بىز بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، 9 ـ لىيەندىكى جەڭچىلەر ماشىنىدىن بىزنىڭ قورال ـ ياراقلىرىمىزنى چۈشۈرۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ چېدىرلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئالدىن خەۋەر تاپقان بولسا كېرەك، يۇيۇنىدىغانغا ئىسسىق سۇ، ئىچىدىغان قىزىق چاي، يەنە بىز ئۈچۈن ئالاھىدە قوي سويۇپ، قوي گۆشى شورپىسى، ھەر خىل قورۇما ۋە تاماق راسلاپتۇ. تاماقتىن كېيىن كىنو ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بىز بۇ قېرىنداشلارچە قىزغىن مۇئامىلىدىن ھاياجان ئىلكىدە كىنو كۆرۈپ كېلىپ دەم ئالدۇق، قاراۋۇلنى ئۆزىمىزدىن قويايلى دېگەن بولساقمۇ ئۇلار ئۇنىماستىن ئۆزلىرى قاراۋۇل قويدى، 16 ـ چېسلا ئەتىگەندە لىيەنجاڭ، جىداۋيۈەن باشلىق بىرقانچە كادىر ـ جەڭچىلەر بىزدىن ھال سوراپ كىرىپ: سىلەر جاپا چەكتىڭلار، ئېغىر قورالنى كۆتۈرۈپ ھاۋاسى شالاڭ جايغا كېلىپ، قاتتىق سوغۇققا بەرداشلىق بېرىۋاتىسىلەر، بۇنداق قىيىنچىلىق خەلق جەڭچىلىرىنى قورقىتال

مايدۇ. سىلەر 1-، 2-قېتىملىق ئوپېراتسىيىلىك ئۇرۇشلاردا ئاجايىپ باتۇرلۇق قىلدىڭلار، سىلەرنىڭ ئالدىنقى قېتىملىق جەڭلەردىكى غەلىبىلىرىڭلار بىز خەنزۇ قىسىملارنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، دېيىشتى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن جەڭچىلىرىمىز خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن دەپ ئۈنلۈك جاۋاب بەردى. مەن بىزگە باشقىلارنىڭ بىر سۆڭەك يېرى كېرەك ئەمەس، باشقىلار بىزنىڭ زېمىنىمىزنى بېسىۋالماقچى بولىدىكەن، بۇنىڭغا قەتئىي يول قويمايمىز. ھىندىستان ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنى تەل-تۆكۈس يوقىتىپ، ئىگىلىۋېلىنغان زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋالىمىز، دەپ جاۋاب بەردىم. لېيەنجاڭ بىلەن جىداۋيۈەن مېنى لېيەن قوماندانلىق شتابىغا چاقىرىپ، ئىنتايىن سەممىيلىك بىلەن بىزگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئۇقتۇردى ھەم بۇيرۇق بەردى ۋە چېگرىدىن چىقىپ يەرگە ياسالغان بولغۇسى جەڭ مەيدانىنىڭ يەرشەكلى ۋە خەرىتىسى ئارقىلىق ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. مەن مېڭىش يوللىرىمىز، ئىگىلەيدىغان پوتەيلەر ۋە دۈشمەن ئەھۋالى، ئۆز ئەھۋالىمىز توغرىسىدا ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، خەنزۇ قىسىملار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا مەدەت بېرىپ، ۋەزىپىنى قەتئىي ئورۇنداش قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە ئۆز ۋەدەمنى بېرىپ قايتتىم ۋە ئۈستىمىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى پەيدىكى جەڭچىلەرگە يەتكۈزدۈم. جەڭچىلەر ئارا ئۈستىمىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى كونكرېتنى مۇزاكىرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن جەڭچىلەر ئۆز ئىرادىلىرىنى بىلدۈرۈشتى. مەن جەڭچىلەرنىڭ قەسەمىيادلىرىنى بىر-بىرلەپ ئاڭلىدىم، جەڭچىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىمۇ ئىنتايىن ئۈستۈن ئىدى. چۈشلۈك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن جەڭگە ئاتلىنىش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتۇق. 9-لېيەن ئورۇنلاشقان جايدىن سائەت ئىككىدە مېڭىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. جەڭگە چىقىش ھازىرلىقى پۈتكەندىن كېيىن، يول يۈرۈش باشلاندى، بۇ يەردە تۇەنجاڭنىڭ يوليورۇقىنى، لېيەنجاڭنىڭ ئورۇن-



لاشتۇرۇشىنى مۇزاكىرە قىلىشقا ۋاقىت يوق ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بارىدىغان يېرىمىز تۇرغان ئورنىمىزدىن 103 كىلومېتىر كېلەتتى. بۇ يەردە مەخسۇس تاشيول يوق، يول ئېگىز-پەس، ئەگرى-توقاي بولغانلىقتىن ئۇ قىسقىغىنە يولنى بېسىپ بولۇشقا يەتتە سائەتتەك ۋاقىت كېتەتتى. ماشىنىدا كېتىۋېتىپ يىغىن ئاچتىم، تۇەنجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدۈم. تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى تەكرار مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردۇم. جەڭچىلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈردۈم، ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتىنى ئىگىلىدىم. ئاخىرىدا پەيىنىڭ ۋەزىپىسىنى قانداق قىلىپ غەلىبىلىك ئورۇنداش ھەققىدە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، جەڭچىلەر بىردەك قوشۇلدى. كەچ سائەت ئوندىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە بەنگو كۆلىدىكى 2-چازىغا بېرىپ چۈشتۇق. قورال-ياراقلارنى تەكشۈرۈش، ئوق-دورىلارنى تولۇقلاش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، قىسقىچە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىدىم، كېچىسى ئۇ يەردە قونۇپ 17-كۈنى ئەمەلىي جەڭ مەيدانىنى كۆرۈش بىلەن يەنە بىر قېتىم جەڭ سەپەرۋەرلىكىنى ئىشلىدىم. يولداشلار ئارا، بەنلەر ئارا ئۆزلىرىنى مۇسابىقىگە چاقىرىشتى.

9-لېيەندىكى يولداشلار بىز مىللىي پەيدىكى يولداشلار ئۈچۈن ئالاھىدە تاماق تەييارلاپ، تاماققا تەكلىپ قىلدى. بىز قوي گۆشى بىلەن قورۇلغان قورۇما ۋە پولو بىلەن تاماقلاندۇق. تاماقتىن كېيىن جەڭ سەپەرۋەرلىكىنى ئاڭلىدۇق. گەرچە ئۇرۇش قىلىش يۆنىلىشىمىز بىر يەردە بولسىمۇ كىملەر قۇربان بولۇپ كىملەر ھايات قالىدۇ، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى، جەڭگە چىقىشتىن بۇرۇن خەنزۇ قىسمىنىڭ باشلىقى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشمەكچى بولۇپ مېنى لېيەنبۇغا چاقىردى، مەن كىرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم. ئولتۇرۇڭ، دەپ گازارما ئىچىگە قويۇلغان مەشنىڭ ئالدىغا تەكلىپ قىلدى، مەن ئارقىدىراق ئولتۇرغانىدىم قولى بىلەن تارتىپ كېلىپ ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغۇزۇپ ئال-

دىمغا بىر قانچە قۇيماق ۋە گۆش كونسېرۋاسى ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭدىن ئانچە - مۇنچە يەپ تۇرۇشۇمغا تاماكا تۇتتى، سەرەڭگە ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ بولغۇچە لىيەن پارتىيە ياچېيكا يىغىنى باشلاندى، يىغىندا ئۇرۇش بۇيرۇقى يەتكۈزۈلدى، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، قوشنا قىسىملارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى خەرىتە ئارقىلىق ۋە جەڭ مەيدانىنىڭ ئەمەلىي مودېلى كۆرسىتىلگەن قۇم ساندۇق ئارقىلىق ئومۇمىي ئەھۋال ئۈستىدە تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىلدى. يىڭنىڭ سەنمۇجاڭى ئەھۋالنى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. مەن بىز مىللىي پەيگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى بىلگەندىن كېيىن ۋەزىپىنى قەتئىي ئورۇندايدىغانلىق توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈرۈپ، چارە - تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، ئۇلار قوللىدى. ئارقىسىدىنلا بىزنىڭ مېڭىش ۋاقتىمىزنى، جەڭنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئەتىگەن سائەت بېيجىڭ ۋاقتى توققۇزدا جەڭ باشلاش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى.

كادىرلارنىڭ جەڭگە قوماندانلىق قىلىش قابىلىيىتى، جەڭچىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى، ھەممىيلەنگە جاپادىن قورقماسلىق، خەلق ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىش، باشقىلارنىڭ زېمىنىمىزنى پىلە قۇرتىدەك يېيىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، بېسىۋالغان زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا توختالدۇق ھەم ئۆز ئىرادىلىرىمىزنى بىلدۈرۈشتۇق. 17 - كۈنى كېچە سائەت سەككىزدە، چازىمىزدىن يولغا چىقىش ئالدىدا يول ئۈستىدە جىمجىتلىقنى ساقلاش، قوراللاردىن تۇيۇقسىز ئوق چىقىپ كېتىپ ئۆزىمىزنى دۈشمەنگە سەزدۈرۈپ قويماسلىق، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن باشقا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە ئىشلارنى بەلگىلەپ چىقتۇق، بۇنىڭغا ھەممە بىردەك ئەمەل



قىلىشتى. سائەت توققۇز بىلەن مېڭىش ئورنىغا كېلىپ تەييارلاندى. پىيادە يول يۈرۈش باشلاندى، ئېلىپ ماڭغان نەرسىلىرىمىز ئىككى دانە يېنىك تىپتىكى زەمبىرەك، 48 تال زەمبىرەك ئوقى، ئۇنىڭدىن باشقا مىلتىق، ئاپتومات، يوتقان - كۆرپە ۋە يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى. ھەربىر جەڭچىنىڭ كۆتۈرۈپ چىقىدىغان يۈك - تاقلىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 كىلودىن 25 كىلوغىچە كېلەتتى. بۇ نەرسىلەرنى دېڭىز يۈزىدىن 5200 مېتر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى، بىز ئېگىزلىككە غەلىبە ئىپتىخارلىقى بىلەن ئىلگىرىلىمەكتىمىز. جەڭچىلەرنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيىتى جىمجىتلىقنى ساقلاش، جاپا - مۇشەققەتنى يېڭىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇرۇش قىلىش پوزىتسىيىسىگە يېتىپ بېرىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ئىدى.

جەڭچىلەر داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، قىيىنچىلىق بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا، ئوق - دورىلارنى، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى كۆتۈرۈپ مېڭىش بارغانسېرى قىيىنلاشماقتا ئىدى. ئېگىزلىگەنسېرى سوغۇق نۆلدىن تۆۋەن 40° بولۇپ ئادەمنىڭ يۈزىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. ھەتتا ئېغىزدىن چىققان ھور بىلەن جەڭچىلەرنىڭ قاش - كىرپىكلىرى، قۇلاقچىلىرى ئاپئاق مۇز پارچىلىرىغا ئايلانماقتا ئىدى. بولۇپمۇ تاغنىڭ ئېگىزلىكى، سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقى بىزگە خېلى قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇردى.

يول يۈرۈش جەريانىدا بىر جەڭچى سەپنىڭ ئارقىسىدا قاپتۇ، مەن ئۇنىڭغا بىر ئاز ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىش مەقسىتىدە قولىدىن يېنىك تىپتىكى زەمبىرەكنى ئالدىم - دە، ئىلگىرىلەپ كېتىپ قالدىم. مەن سەپنىڭ ئالدىدا ئىدىم، مۇئاۋىن پەيجاڭ سەپنىڭ ئارقىدا ئىدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى سەپتىن ئايرىلىپ قالغان جەڭچىلەرنى سەپكە يېتىشتۈرۈپ مېڭىش، ھېرىپ قالغان جەڭچىلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ

مېڭىشقا ماسلىشىش ئىدى. جەڭچىلەر بەك چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئون مىنۇت دەم ئېلىش بېرىپ ئابدۇللا ماموت، تۇرسۇن نامەت قاتارلىق بىر قانچە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆزلىرىنىڭ باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدىم، شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئەزالىرى جەڭچىلەرنى روھىي جەھەتتىن ئۇزۇقلاندۇرۇپ، قىيىنچىلىقنى قەتئىي تۈردە يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلەش توغرىسىدا ئىلھام بېرىپ تۇراتتى. جەڭچىلەر جاپانى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى.

تاغ ئېگىز بولغانلىقى ئۈستىگە شېغىل توپا ئارىلاش بولماستىن پۈتۈنلەي گرانىت تاشلار بىلەن ئورالغان بولۇپ تاشتىن تاشقا دەسسەپ چىقىشقا توغرا كەلدى، تاغ ھەم تىك ھەم ئېگىز بولغانلىقتىن قورال، يۈك - تاقلارنى بىر - بىرىگە سۇنۇپ بېرىش ئارقىلىق چىقمىسا چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تاغنىڭ ئېگىزلىكى، سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقى، ھاۋانىڭ شالاڭلىقى قوشۇلۇپ بىزگە قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلدى، سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن قورالمۇ مۇزلاپ ئادەم قورالنىڭ قانداق يېرىنى تۇتۇدىغان بولسا قول چاپلىشىپ قالاتتى، پەلەي كىيسە قورالنى ياخشى تۇتۇشقا بولمايتتى، بۇنىڭغا جەڭچىلىرىمىز ئامال تاپتى. لۆڭگىنى زەمبىرەك ئىستوۋۇلىغا چىگىپ مۈرىسىگە ئېلىپ، تۇتۇپ ماڭغاندا ھېلىقىدەك ئاۋارىچىلىقلار بولمىدى.

شۇنداق قىلىپ 18 - كۈنى سەھەر بېيجىڭ ۋاقتى ئالتىدىن 27 مىنۇت ئۆتكەندە كۆزلىگەن ئورۇش قىلىش مۇداپىئە ئىستىھكامىمىزغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ مەزگىلدە سوغۇق ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، شىۋىرغان ئارىلاش قار يېغىشقا باشلىدى. ئوت يېقىپ ئىسسىنىشقا مۇتلەق بولمايتتى. تاڭ ئاتقۇچە تاشنىڭ دالدىسىدا بىر-بىرىمىزگە يۆلىنىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ليەنجاڭ كەلدى. ئۇ، تەييارلىق ئەھۋالىمىزنى سورىدى، كې-



يىن مېنى ئېلىپ ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدىغان تاشنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇردى، ليەنجاڭ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ بولۇپ مېنىڭدىن ئورۇنداش - ئورۇندىيالماسلىقنى سورىغانتى، مەن قەتئىي تۈردە تولۇق ئورۇندايمىز دەپ جاۋاب بەردىم، ئاندىن كېيىن بەنجاڭلارنى ئېلىپ چىقىپ ۋەزىپە تاپشۇردۇم، ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ بولۇشۇمغا دۈشمەننىڭ 8 - چازىسىدىكى قوماندانلىق شتابىدىن ئۈچ نەپەر ھىندى ئەسكىرى چىقىپ ئالدىمىز سول تەرەپتىكى 3 - پوتەينى تەكشۈرۈشكە ماڭدى، مەن دەرھال بەنجاڭلارغا تېزلىكتە كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا قورالنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى، بۇيرۇق بېرىلمىگىچە ئوق چىقارماسلىقنى تاپىلاپ يولغا سېلىپ تۇرۇشۇمغا دۈشمەننىڭ ئۈچ ئەسكىرى مېنى كۆرۈپ قېلىپ، مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى، مېڭىش سۈرئىتى ئانچە تېز ئەمەس ئىدى، ئارىلىق 30 مېتىرچە قالغاندا مەن تەرەپكە قارىتىپ ئوق چىقاردى، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان بىر جەڭچى يوشۇرۇن ھالدا ئوڭ تەرىپىمگە پەيدا بولۇپ قالدى - دە، ئاپتوماتىنى قارىغا ئېلىپ ئېتىشقا تەمشەلدى. بىراق مەن ئوق چىقارساق ئىشنى بۇزۇپ قويىمىز، قاچۇرۇپ قويساق تېخىمۇ بولمايدۇ دېدىم. بىراق ھىندى ئەسكىرى يېقىنلاپ كېلىۋەردى. تەخمىنەن يەتتە - سەككىز مېتىر قالغاندا ئېتىشقا بۇيرۇق قىلدىم. بۇ ئۈچ نەپەر ھىندى ئەسكىرى شۇ جايدىلا يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ بارلىق پوتەيلىرىدىن شىددەتلىك ھالدا ئوق چىقىشقا باشلىدى. دۈشمەننىڭ ئوق چىقىرىشى بىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت بولدى. قالايمىقان ئوق چىقىرىشتىن پايدىلىنىپ مەن دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى توچكىلىرىنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. دۈشمەن ئەھۋالى ئوڭۇشلۇق كۆزىتىلدى. دۈشمەن قوماندانلىق شتابىدا بىر ئېغىر پىلىموت، ئىككى يېنىك پىلىموت ۋە بىر قانچە يېنىك قوراللار، ئالدىمىز سول تەرەپتىكى ئىككى پوتەيگە بىردىن ئىككىنچە پىلىموت، ئالدىمىزدىكى دۆڭدە يوشۇرۇن بىر يېنىك پىلىموت

ۋە بىر قانچە يېنىك قورالالار بىلەن قوراللانغان دۈشمەننىڭ بار-
لىقى سېزىلدى، دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ بولغاندىن كېي-
يىن سەنمۇجاڭ ئېتىشقا بۇيرۇق بەردى، لېكىن بىزنىڭ قوراللىرىمىز-
نىڭ خۇسۇسىيىتىگە قارىغاندا ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش قولايسىز
ئىدى. نېمە ئۈچۈن دېگەندە بىرىنچىدىن تاڭ سۈزۈلمىگەن، ئىك-
كىنچىدىن ئىستوۋۇلنىڭ ئىچى مۇزلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئوق
چۈشمەيتتى. ئوقنىڭ رەزبىلىرى قىراۋداپ كەتكەچكە ئۇنى تازىلاپ
چىقىرىشقا توغرا كېلەتتى. قارىغا ئېلىش ئەينىكى قىراۋداپ كەت-
كەچكە نىشاننى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، قايتۇرما ھۇجۇم بېي-
جىڭ ۋاقتى توققۇز بىلەن باشلىناتتى. تېخى 35 مىنۇت بار ئىدى.
ئۇرۇشنى يۇقىرىنىڭ بەلگىلىگەن ۋاقتىدىن يېرىم سائەت بۇرۇن
باشلاشقا توغرا كەلدى. چۈنكى دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزلىرى بىزنى
ئۇرۇش باشلاشقا مەجبۇر قىلدى، ۋاقىت كۈتۈشمۇ ھاجەتسىز بول-
غانلىقى ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، جىددىي
ھەرىكەتكە كېلىپ قوراللاردا كۆرۈلگەن كاشىلىلارنى ناھايىتى تېز-
لىك بىلەن تۈزىتىپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تەييارلاندۇق، زەم-
بىرەكچىلەرگە بۇيرۇق بېرىلدى. زەمبىرەكچى — پەيجاڭ ئىستوۋۇل-
غا ئوق چۈشمىدى، دەپ دوكلات قىلدى، قارىسام ئوقنىڭ رەز-
بىلىرى مۇزلاپ كەتكەن، ئىستوۋۇلنىڭ ئىچىمۇ مۇزلاپ كەتكەن.
بۇيرۇق بېرىلگەچكە قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايتتى، مۇز-
نى قورالدىن تازىلاپ چىقىرىشقىمۇ مۇمكىن ئەمەس، قانداق قى-
لىش كېرەك، بۇنىڭدىكى بىردىنبىر چارە بىرىنچى پاي ئوق-
نى زەمبىرەكنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېلىش كېرەك، مەن دەرھال
ئوقنى سالدىم، چۈشمىدى، ئامال بولماي قونجىسىز ئاياغ بىلەن
ئوقنىڭ ئارقىسىدىن ئىككىنى تەپتىم، ئاخىرى چۈشتى، ئارىلىقتا
قارىغا ئېلىش ئەينىكى تازىلاندى. تاڭ سۈزۈلۈپ نىشانلار كۆ-
رۈنۈشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا 4 - بەنگە دۈشمەننىڭ ئوك تە-
رەپتىكى قوماندانلىق شتابىنى يوقىتىش، 5 - بەنگە ئالدىمىز



سول تەرەپتىكى 3 - پوتەينى يوقىتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغا-
نىدى، 4 - بەن ئېتىشقا تەييارلانغاندا دۈشمەننىڭ ئالدىمىزدى-
كى 3 - پوتەيىدىن شىددەتلىك ئوق چىقىپ بىزنىڭ ئوق چىقى-
رىشىمىزغا مۇمكىن بولمىدى، 4 - بەننى يۆتكەشكە توغرا كەل-
دى، كۆپ ھەرىكەتلىنىش قولايسىز بولۇپ، دىققەت قىلىنمىسا چىقىم
كۆپ بولۇش ئېھتىمالى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. مەن 4 - بەن سول
تەرەپكە يۆتكىلىشكىلار، ئالدى بىلەن ئوت كۈچى شىددەتلىك بول-
غان پوتەينى يوقىتىشكىلار، دەپ بۇيرۇق بەردىم. شۇنىڭ بىلەن
4 - بەن دەرھال يۆتكىلىپ دۈشمەننىڭ ئالدىمىز سول تەرەپ-
تىكى 3 - پوتەيىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى پىلىموت ئوت تۆچكىسى-
غا قارىتىپ ئوت ئاچتى. ئارىلىق دەل ئۆلچەنگەنلىكى ئۈچۈن
تۇنجى قېتىملىق ئوق نىشانغا دەل تەگدى، شۇ ئارىلىق بويىچە
ئىككى زەمبىرەككە تەڭ كوماندا بېرىلدى، ھەر ئىككىلىسى نى-
شانغا تەگدى. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى بىر ئاز
بېسىقتى. بىراق يەنە توپقا تۇتتى، بۇنداق بولۇشى بىزنىڭ زەم-
بىرەكنىڭ ئالدى - ئارقىدىن قاتتىق ئوت يالقۇنى چىقىرىدىغان
بولغاچقا دۈشمەن ئاسان سېزىۋالغانىدى، دۈشمەن توپ ئوق-
لىرى يانلىرىمىزغا، ئالدىمىزغا چۈشۈپ بىزنى باش كۆتۈرگۈزگىلى
قويمىدى، ئامال بولماي زەمبىرەكنىڭ ئورنىنى يۆتكەشكە مەج-
بۇر بولدۇق.
دۈشمەننىڭ توپقا تۇتۇشى نەتىجىسىدە ئۇرۇش مەيدانىنى چاڭ -
توزاڭ قاپلاپ كەتكەنلىكى، زەمبىرەكنى يۆتكىشىمىز ئۈچۈن قو-
لايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. بىز ئىس - تۈتەكنىڭ ھىمايىسى-
دە دۈشمەنگە بارغانسېرى يېقىنلىشىپ دۈشمەننى توپقا تۇتتۇق.
ئاتقان ئوقىمىز نىشانغا دەل تېگىۋەردى، بۇنىڭدىن خۇشال بول-
غان يىگىتنىڭ سەنمۇجاڭى، لىيەنجاڭ، جۇڭداۋيۈەنلەر ناھايىتى ياخ-
شى ئاتتىڭلار دېيىشەتتى، جەڭچىلىرىمىزنىڭ كەيپىياتى بارغانسېرى
يۇقىرى ئۆرلىمەكتە، ھەرىكىتى تېخىمۇ چاققان بولماقتا ئىدى. لې-

كىن مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن دۈشمەنلەر شىددەتلىك ئوققا تۇتماقتا. ئۇستىمىزگە زەمبىرەك ئوقلىرى ياغماقتا. بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز بىر تەرەپتىن ئېتىپ بىر تەرەپتىن يۆتكىلىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

ئەتراپتىكى ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا يان تەرەپتە ئىككى نەپەر خەنزۇ جەڭچىنىڭ تاشنىڭ تۈۋىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلار ئېغىر يارىلانغانىدى، دەرھال ئىككى نەپەر جەڭچىنى ئاجرىتىپ ئۇلارنى ئارقا سەپكە يۆتكەشكە بۇيرۇق بەردىم. ئىككى نەپەر جەڭچى ئۆمىلەپ يارىدارلارنى يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى داۋالاش پونكىتىغا ئاپىرىپ قويدى.

دۈشمەن پىلىموتى شىددەتلىك ئوققا تۇتۇۋاتقان بولسىمۇ جەڭچىلىرىمىز يامغۇردەك يېغىۋاتقان زەمبىرەك ئوقلىرىغا قارىماي داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئىككى يارىدارنى ئارقا سەپكە ئېلىپ كەتكەن ئىككى نەپەر جەڭچى قايتىپ كېلىشىدە دۈشمەن زەمبىرىكىنىڭ ئوقىدا يارىدار بوپتۇ، مەن ئۇلارنى داۋالاش پونكىتىغا بېرىپ يارىسىنى تاڭدۇرۇشقا بۇيرۇغان بولساممۇ، ئۇلار جەڭ مەيدانىدىن ھەرگىز ئايرىلمايمىز، دەپ ئۇنىمىدى، بىزگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە 17 مىنۇت ئىچىدە ئورۇندىلىپ بولدى. دۈشمەننىڭ يەتتە پوتەينىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ ۋە ئوت كۈچىنىڭ ئەبجىقىنى چىقىرىپ، 43 ئادىمىنى يوقىتىپ ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردۇق.

جەڭ يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى، دۈشمەننىڭ 9 ـ نومۇرلۇق چازىسىغا قايتۇرما ھۇجۇم باشلىغان 11 ـ تۇەن 3 ـ يىڭ 8 ـ لىيەنى تېخىچىلا ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. ئۇلار بەش سائەت ئۇرۇش قىلىپمۇ چازىنى تېخىچە ئالالمىغانىدى، مەن بۇيرۇق كۈتمەستىنلا ئوق ـ دورا ۋە ئەسكەرلەرنى ئېلىپ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئاتلاندىم. تەخمىنەن بىر كىلومېتىردەك ئىلگىرىلەپ بارغاندا ئارقىمىزدىن ئۇ يەرگە بارماڭلار دېگەن بۇيرۇق كەلدى، شۇنىڭ



بىلەن ئەسلىدىكى جايىمىزغا بېرىپ دەم ئالدۇق. تەخمىنەن ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىدىن كەلگەنلەر دەرھال بېرىپ 8 ـ لىيەنگە ياردەم بېرىڭلار، دېگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدىم. بىزمۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدۇق، بۇيرۇق كېلىشى بىلەن تەڭلا ئاتلاندۇق. سەككىز كىلومېتىر ئارىلىقنى 40 مىنۇت ئەتراپىدا بېسىپ ئەپچىل يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان دۈشمەن ئوت توچكىلىرىنى زەمبىرەك ئوقى بىلەن پارتلاتتۇق، دۈشمەن پىلىموتىنىڭ تىلى تۇتۇلدى، يەنە بىر پوتەيدىكى دۈشمەننىڭ قالايمىقان ئوق چىقىرىشىدىن پايدىلىنىپ ئۇ پوتەينى پارتلاتتۇق. پوتەي ئۆرۈلۈپ كۈكۈم ـ تالقان بولغاندىن كېيىن ئىچىدىكى ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشتى. بىزنىڭ پىيادە قىسىملار ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جەھەننەمگە يوللىدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى جەڭدە 28 تال زەمبىرەك ئوقىنىڭ يىگىرمە بەشىنى نىشانغا دەل تەگكۈزۈپ توققۇز پوتەي ھەم ئوت توچكىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ 59 ئادەمنى يوقاتتۇق، مەن قوماندانلىق قىلغان پەيدىن بىرمۇ ئادەم چىقىم بولمىدى، ئېغىر يارىلانغانلارمۇ بولمىدى، ئۇرۇشتىن كېيىن پۈتۈن پەي كوللېكتىپ 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، مەن باشلىق ئۈچ كىشى 1 ـ دەرىجىلىك، ئۈچ كىشى 2 ـ دەرىجىلىك، بەش كىشى 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ مۇكاپاتلاندى. كېيىن ئىشلەتكەن بىر دانە زەمبىرىكىمىز بېيجىڭ ھەربىي بوۋوگۇەنگە ئېكسكۇرسىيىگە قويۇلدى.

# ئاقسۇدا بولغان ۋەقەلەر

چاۋار يۇسۇپ

## جەنۇبىي يۆنىلىش پىدائىي قىسىملىرىنىڭ ئاقسۇغا چۈشۈشى

1945 - يىلى 7 - ئايدا، پولكوۋنىك سۇپاخۇن باشچىلىقىدىكى پىدائىي قىسىم غۇلجىنىڭ تېكەستىن يولغا چىقىپ، داۋان ئاغزىدىكى يول بىلەن باينىڭ قېيىرغا چۈشتى. تاغنىڭ ئۈستىدىكى گازارمىغا سېپىل سوقۇلغان بولۇپ، دوقمۇشتا پوست بار ئىدى. ئىككى سائەت ئۇرۇشۇپ بوزكىرى داۋىنىنى ئېلىپ، ئاش ۋاقتى بىلەن گازارمىغا كىردى. يارمۇھەممەت پەيجاڭ باشلىق بىر قانچە كىشى ئالمان - تالمان ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى ۋە بۇلار مىللىي قىسىمنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقىنى بىلىپ قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولدى. پەيجاڭ باشلىق بىر نەچچە كىشى قەسەم بېرىپ قىسىمغا قوشۇلۇپ بايغا ماڭدى.

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، باينى ساقلاۋاتقان پوسۇڭتۇەنىڭ ئەسكەرلىرى بۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ قاچتى. پىدائىي قىسىم ئارقىسىدىن قوغلاپ مىس تېمىغا كەلگەندە، دۈشمەننىڭ ئەللىككە يېقىن ئەسكىرى قارشىلىق بىلدۈردى. پىدائىي قىسىم بىر سائەتچە شىددەتلىك ئوققا تۇتقاندى، ئۇلار تىرە - پىرەن بولۇشۇپ تارمار بولدى. بايغا قايتىپ كېلىپ ياقىرىقتا مۇنتىزىم ئەسكەر قويۇپ كۈچا بىلەن ئاقسۇنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قاراباغ بىلەن قوغانغا كېلىپ، قوغاننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى، قوغاندا ئۈچ سوتكا ئۇرۇش بولدى، ئاندىن كېيىن قىسىم رەھبەرلىرى



مەسلىھەتلىشىپ، بىر قىرغىزغا يول باشلىتىپ تاغنىڭ ئارقا تەرىپى بىلەن سېپىلگە يامىشىپ چىقىپ، شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ قوغاننى ئالدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا 300 دانە قورال - ياراق غەنىمەت ئېلىندى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتىپ، قىسىمغا قوشۇپ بىللە تاماق يەپ ئولتۇراتتۇق. بۇ چاغدا كۈچادىن گومىنداڭنىڭ بىر تۈەن ئەسكىرى كېلىپ ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇش چۈش بىلەن باشلىنىپ يېرىم كېچىدە كۈچادىن كەلگەن قوشۇننىڭ ئارقىغا چېكىنىپ قېچىشى بىلەن ئاياقلاشتى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن پىدائىي قىسىم ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. تۇزئاۋاتقا كېلىپ ئەمدىلا ئارام ئېلىپ تۇرۇشىمىزغا جام تەرەپتىن نۇرغۇن ئاتلىق ئەسكەرلەر كەلدى. ئارقىدىن يەنە بىر قانچە ماشىنىدا ئەسكەر كېلىپ ئارقا - ئارقىدىن تۆت نۆۋەت ھۇجۇم قىلدى. بەشىنچى نۆۋەتلىك ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئارقىغا چېكىنىپ قاچتى. پىدائىي قىسىم ئارقىسىدىن قوغلاپ كونىشەھەرگە كەلدى، كەپتەرخانىنى بېقىپ ياتقان گومىنداڭ قوشۇنى يولنى توسۇپ ئوق چىقاردى. ئىككى سائەتلىك ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمىگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چېكىنىپ ئاقسۇغا قاراپ قاچتى. پىدائىي قىسىم كونىشەھەرنى ئازاد قىلىپ ئۈچ كۈنگىچە ئالدى - كەينىنى تەكشۈرۈپ ئورۇنلىشىپ بولدى.

شۇنىسى قىزىقكى، كونىشەھەر ئازاد قىلىنغان بولسىمۇ گومىنداڭنىڭ بايرىقى تېخىچە چۈشۈرۈلمىگەنىدى. ئۈچ كۈنگىچە ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئايروپىلان قورال - ياراق، ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ماددىي نەرسىلەرنى بايراققا قاراپ تاشلاۋەردى. پىدائىي قىسىم بۇلارنى يىغىۋېلىپ كەم قوراللىرىنى تولۇقلىدى.

## گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشى

1945 - يىلى ئاقسۇ سىفەنىدە ئىككى يۈزگە يېقىن ئوقۇغۇچى بار ئىدى، ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا يۈزگە يېقىن ئوقۇغۇچى بىلىم ئاشۇراتتى، جاۋخەنچىڭ① بىلەن ئۇشۇبىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ: «ئىلى ئەسكەرلىرى ئۇيغۇر بولغاندىكىن سىفەن قارمىقىدا ئوقۇۋاتقان 300 نەپەر ئۇيغۇر ياشلىرىغا قورال تارقىتىپ، ئۇيغۇرنى ئۇيغۇرغا ئۇرۇشقا سالايلى» دەپ يوجىڭيى ۋالىغا مەسلىھەت بەردى. يوجىڭيى ۋالى مەكتەپ شياۋجاڭى گوچىڭخۇاغا ئۇقتۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، گوچىڭخۇا ۋالىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ: «بۇنداق قىلمايلى، ئەگەردە ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرساق ئاقسۇنىڭ مائارىپى مەڭگۈ راۋاج تاپمايدۇ، پۇقرالار باللىرىنى مەكتەپكە بەرمەيدۇ» دەپ تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار تەتىلگە قويۇۋېتىلدى. بۇ ئىشتىن كېيىن پۈتۈن ئىدارە - جەمئىيەت ۋە مەكتەپلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى، سېپىلنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى خەنزۇ - خۇيزۇلارنى يىغىپ بىر زىۋىيتۇەن (ئۆزىنى قوغدىغۇچى تۇەن) تەشكىللەپ، ئۇلارغا قورال تارقىتىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇردى. ئىدارە، مەكتەپلەردىكى ئۇيغۇر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يىغىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ جىڭساجۇيگە قوشۇۋالغانىدى.

كونىشەھەردىن ئاقسۇغا قېچىپ چىققان گومىنداڭچىلار مىللىي قىسىمنىڭ ئۇرۇشتىكى جەڭگىۋارلىقىنى بىلگەچكە، ئۇلاردىن قورقۇپ تىترىشىپ: «ئىلى ئوغرىلىرىنى سېپىلگە يېقىن كەلتۈرمەيلى» دەپ پۈتۈن ئەسكىرى كۈچىنى توپلاپ، تۆت دەرۋازىغا تارقىتىپ، كېچە - كۈندۈز پوست قويۇپ سېپىل ئىچىنى

① جاۋ خەنچىڭ — 5 - تۈەننىڭ تۈەنجاڭى ئىدى، 1950 - يىلى باستۇرۇلدى.



مەھكەم بېقىپ ياتتى. سېپىلنىڭ سىرتىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىسىن چېچىپ كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىۋەتتى، نۇرغۇنلىغان خەلقلەر ئۆي - ماكانسىز قالدى.

## مىللىي قىسىمنىڭ ئاقسۇغا چۈشۈشى

سۇپاخۇن باشچىلىقىدىكى پىدائىيلار كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىپ 4 - كۈنى ياتالماس كەنتىگە كېلىپ چۈشتى. سۇپاخۇننىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1 - ئىنزۋوت لەڭگەردىكى قۇربانجاننىڭ هويلىسىغا چۈشۈپ بازار دەرۋازىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى؛ 2 - روتا ئاسۇق مەھەللىسىدىكى روزى يۈزبېگىنىڭ هويلىسىغا چۈشۈپ كوچا دەرۋازىسىنى مۇھاسىرە قىلدى، 3 - روتا گۈلباغدىكى تۈگمەنبېشىغا چۈشۈپ گۈلباغ دەرۋازىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى؛ 4 - روتا دۆڭلەڭزىگە چۈشۈپ قەشقەر دەرۋازىسىنى مۇھاسىرە قىلدى.

مىللىي قىسىم ئاقسۇنى مۇھاسىرە چەمبىرىكىگە ئېلىپ مۇھاسىرىنى كۈچەيتكەندىن كېيىن، شەھەر ئەتراپىدىكى خەلقلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ كېلىپ پىدائىي قىسىملارغا ياردەملىشىپ، ئوق - دورا توشۇپ بەردى. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن بىر ئاخشىمى ئىككى نەپەر مىللىي ئارمىيە ئەسكىرى بىلەن لەڭگەرلىك تۆت نەپەر دېھقان بىر بولۇپ، يېرىم كېچىدە بازار دەرۋازىسىغا كىرىسىن چېچىپ ئوت قويغانىدى، ئوت تۇتۇشۇپ كۆيگىلى تۇرغاندا سېپىل تۆپىسىدە پوستتا تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ئەسكىرى تۇيۇپ قېلىپ، تۆپىدىن سۇ قۇيۇپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى. ئارقىدىنلا گومىنداڭچىلار بۇلارنى ئوققا تۇتتى. ئىككى نەپەر دېھقانغا ئوق تېگىپ شۇ يەردىلا شېھىت بولدى. قالغانلار تامنىڭ دالدىسى بىلەن قېچىپ لەڭگەرگە قايتىپ كېلىۋالدى.

## ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىش

ئاقسۇ شەھىرى مۇھاسىرە قىلىنغاندىن كېيىن ھەرقايسى ئىزۋوت، روتا كوماندىرلىرى ئۇرۇش ئەھۋالىنى بىرىنچى قېتىم دوكلات قىلدى. سوپاخۇن دوكلاتنى ئاڭلاپ يولىيورۇق بېرىپ مۇنداق دېدى: «بىز كونىشەھەرنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاقسۇغا چىقىشتا ئازراق كېچىكىپ قالدۇق. ئەمدى ئۇرۇش تاكتىكىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك» ئۇ كېيىنى تۈگىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. جاكۆۋرۈككە كۈچلۈك بىر ئىزۋوت ھەم كوماندىردىن بىرنى بەلگىلىدى. ئاندىن كېيىن ھەممە كوماندىرلارغا رازۋېتكا خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدە يولىيورۇق بەردى. تۈگمەنبېشىغا چۈشكەن ئىزۋوت ئۈچ كىشىنى قىزىل كۆۋرۈكنى رازۋېت قىلىش ئۈچۈن چىقارغانىدى. ئۇلار ئاتلىرىنى قىزىل كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئازغانلىقتا باغلاپ قويۇپ ئولتۇرغانىدى، بىر چاغدا گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرىنىڭ فورمىسىدا كىيىم كىيگەن بىر ئادەم جا كۆۋرۈك تەرەپتىن خۇرجۇن ئارتىلغان بىر جەدە ئاتقا مىنىپ، ئاتنى ئۆلە تىرىلىشكە باقماي چاپتۇرۇپ كەلدى. رازۋېتچىكلار بىر پاي ئوق ئاتقانىدى، ئۇ ئادەم ئاتتىن ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. شۇ چاغدا ئازغاننىڭ دالدىسىدىكى ئات كىشنىگەنىدى، جەدە ئات كىشنىگەن تەرەپكە قاراپ چاپتى. رازۋېتكا خادىملىرى ئارقىسىدىن بېرىپ خۇرجۇننىڭ ئىچىگە قارىغانىدى، ھەممىسى پۇل ئىكەن. ئۆلگەن ئادەم ئاۋات باج ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى بولۇپ، ئەكەلگەن پۇل ئاقسۇدىكى گومىنداڭچىلارغا ئەكەلگەن ئىئانە ئىكەن.

ھەرقايسى ئىزۋوتلار رازۋېتكا خىزمىتىنى كۈچەيتكەندىن



كېيىن، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئېھتىيات قىلىپ سىرتقا ئانچە چىقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى رازۋېتكىچى قىسىمغا ئۇچراپ قالسا ئېتىلىپ كېتىشتىن قورقاتتى، ھەر بىر ئىزۋوتقا ياردەملەشكىلى كەلگەن دېھقانلارمۇ ھېسابسىز ئىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە پىدائىي قىسىم سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدىن زەمبىرەك، مىنا، پىلىموت، پەيجىپاۋ، مىلتىق قاتارلىق قوراللارنى ئىشقا سېلىپ، شەھەر ئىچىگە قارىتىپ ئوق ياغدۇرغىلى تۇردى. ياردەمگە كەلگەن دېھقانلارمۇ «ھۇررا!» دەپ توۋلاپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالاتتى. مۇھاسىرىنى مۇشۇنداق كۈچەيتىپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى سېپىلنىڭ سىرتىغا چىقارغۇزماي ئاقسۇ شەھىرىنى 18 كۈن مۇھاسىرە قىلىپ تۇردى. 19 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن بىر ئايروپىلان كېلىپ، ئاقسۇنىڭ ھاۋا بوشلۇقىنى بىر سائەتتەك ئەگىپ تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى تاشلىدى، شەھەر ئىچىگە چۈشكەنلىرىنى گومىنداڭچىلار تېرىۋېلىپ ئوقۇدى. شەھەرنىڭ سىرتىغا چۈشكەنلىرىنى سوپاخۇن باشلىق پىدائىيلار ئوقۇدى. مەزمۇنى: گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت باشلىقى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىرلىكتە بېكىتكەن 11 بىتىمنىڭ خەۋىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرى بىر - بىرىگە ئوق چىقارماسلىق، 11 بىتىمگە رىئايە قىلىش دېيىلگەنىدى. 20 - كۈنىدىن باشلاپ ئىلىدىن كەلگەن پىدائىي قىسىم سېپىل ئىچىگە قارىتىپ ئوق ئېتىشنى توختاتتى. 21 - كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بولۇپمۇ جاۋخەنچىڭ بىلەن ئۇ شۇبىڭ ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ شەھەر ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى سېپىلدىن چۈشۈرۈپ، تۆت تەرەپتىكى دەرۋازىنىڭ ھەممە جايلىرىغا مۆكتۈرۈپ قويىدى. چۈش بىلەن بىر ئايروپىلان ئىككى سائەتتەك ئېگىز - پەس ئايلىنىپ، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئۈستىگە بىر ساندۇقنى تاشلىدى. ساندۇق ۋالىينىڭ

ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشكەن بولۇپ، ئۆيىنىڭ جەگە ياغىچىنى سۇندۇرۇشتىن تاشقىرى، قازان - قومۇچ، چىنە - قاچىلارنىمۇ سۇندۇرۇپ پارە - پارە قىلىۋەتكەنىدى. ھېلىقى ئايروپىلان ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەر ئەتراپىنى بىر سائەتتەك ئەگىپ، تەشۋىق ۋاراقلىرى بىلەن قورال - ياراق، ئوق - دورا، گراناتلارنى ۋە تۈرلۈك لازىملىق ماددىي بۇيۇملارنى تاشلىدى. پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرى ئايروپىلاندىن تاشلانغان نەرسىلەرنى يىغىۋالغىلى مېڭىشىدى، مۆكۈپ ياتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى چىقىپ پىدائىي قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئوققا تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش يېڭىباشتىن باشلىنىپ بىردەم گومىنداڭ ئەسكەرلىرى پىدائىي قىسىملارنى ئارقىغا سۈرسە، بىردەم پىدائىي قىسىم گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ زەربە بېرەتتى. 11 بىتىمنىڭ روھى بىر - بىرىگە ئوق چىقارماسلىق بولسىمۇ، گومىنداڭ بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ ئوق ئېتىشنى توختاتمىدى. 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن باشلانغان ئۇرۇش كېچىچە داۋاملىشىپ 22 - كۈنى تاڭ ئاتقاندا تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرى 11 بىتىمنىڭ روھىغا ئاساسەن ئاقسۇدىن چېكىنىپ كونىشەھەرگە قايتتى. كونىشەھەرگە شاھپىقارى ھاجىم ھاكىم ئىدى. سوپاخۇن بىلەن ھەممەيلەن ئاتلىنىپ يولغا چىققاندا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قوغلاپ قوغانغىچە باردى. پىدائىي قىسىم قوغاندىن تۇغبەلچىگە ئۆتۈپ ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئاندىن داۋان بىلەن ئىلىغا ئۆتۈپ كەتتى.

## گومىنداڭنىڭ ئۆچ ئېلىشى

ياتالماس كەنتىدىكى روزى ھوشۇر كەمبەغەل ئائىلىدىن چىققان بولۇپ، ئۆزى تىرىشچان، قورقماس يۈرەك، جىگەرلىك يىگىت ئىدى. 1945 - يىلى 8 - ئايدا جەنۇبىي يۆنىلىش پى-



دائىيلىرى سوپاخۇننىڭ باشچىلىقىدا كونىشەھەرنى ئازاد قىلىپ، ئاقسۇ شەھەر سېپىلىنى مۇھاسىرە قىلغان ۋاقىتتا مىللىي قىسىمغا پىدائىي بولۇپ ئاقسۇدىكى ئۇرۇشقا باشتىن - ئاياق قاتناشقانىدى. كېيىن پىدائىي قىسىم «11 بىتىم»نىڭ روھىغا ئاساسەن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى.

شۇ چاغدا جاۋ خەنچىڭنىڭ يېقىن يالاقچىلىرىنىڭ بىرى بولغان بەگازا بىر كۈنى قوراللىق چىقىپ روزى ھوشۇرنى مارىلاپ يۈرسە، مەھەممەت ساقال بىلەن تۈگمەنچى ئىمىن قوتۇر: «روزى ھوشۇر كېلىپ دەرەخ ئارىسىغا مۆكۈۋالدى» — دەپ چېقىپ قويدى. بەگازا روزى ھوشۇرنىڭ مۆكۈپ ياتقان يېرىگە بېرىپ قورال تەڭلەپ شۇ جايىدىلا تۇتۇۋالدى. خۇداۋەردى ئارغامچا ئەپچىقىپ بەردى. سەي چىڭۋىن دېگەن خائىن باغلاپ بەردى. بەگازا ئاتقا سۆرۈتۈپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇغلى كالتەكلەپ ئۇرۇپ جاۋ خەنچىڭگە ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كېلىپ روزى ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بالىلىرى ماكانسىز قېلىپ ۋەيرانە بولۇپ، تىلەمچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. روزى ھوشۇرنى جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى دەرۋازىغا ئېسىپ، خەلققە سازايى قىلدى.

9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مەھەممەت ئاخۇن، مەتتوختاخۇن، خوجامنىياز ئاخۇن قاتارلىق ئاتا - بالا ئۈچ كىشى ئەتىگەندە بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن لەڭگەر كۆۋرۈكنىڭ يېنىدىكى مەسچىتكە ماڭغانىدى. ئۇلارنىڭ قولتۇغىدىكى سەللا تۇمىقى ۋە جەينامازلىرىدىن گۇمانلانغان جاۋ خەنچىڭنىڭ ماراقچى ئىتلىرى بۇلارنى كۆرۈپ، پۇل ياكى پۇلغا يارايدىغان ئالتۇن بولمىسۇن دەپ گۇمان قىلىپ بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يوشۇرۇن مارىلاپ كەلدى. بۇلار كۆۋرۈك يېنىدىكى مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇپ ئەتتەھىيياتۇدا ئولتۇرغاندا ماراقچى گومىنداڭ ئەسكەر-

«زىۋازا ئۆلتۈردى، ئات!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن يەنە بىر ئەسكەر ئارقىمۇ ئارقىدىن ئوق چىقىرىپ ئۈچ كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئارقىدىن جان تالىشىۋاتقانلارنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ بىرنەرسە تاپالماي چىقىپ كېتىشتى.

1945 - يىلى 9 - ئايدا پىدائىي قىسىم ئاقسۇدىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر ئۆيدە ئون تاغار گۈرۈچ، 50 تاغار ئات بوغۇزى (قوناق) ۋە ئوتتۇز كالا قالغان بولۇپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئولجا ئالغان. ئۇلار ئولجا ئالغان نەرسىلەرنى لەڭگەرلىك بېدەل ئاخۇن، خېلىل ئاخۇن، مەتنىياز ئاخۇنلارغا ئۈچ كۈنگىچە 5 - پولكقا توشۇتۇپ بولۇپ «سەنلەر ئىلى ئوغرىلىرىغا خىزمەت قىلغان» دېگەن بەتنام بىلەن ئۈچ كىشىنى قاتار ئولتۇرغۇزۇپ ئېتىۋەتكەن، جەسەتلىرىنى ئىگىسىگىمۇ بەرمىگەن.

ياتالماس كەنتىگە چۈشكەن پىدائىي قىسىم قايتىپ كەتكەندىن كېيىن سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغانىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىتنىڭ قۇرتىدەك يوپۇرۇلۇپ چىقىپ ياتالماستىكى مەتسىدىق بەگنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى. مەتسىدىق بەگنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىدا ئولتۇرۇشلۇق سىڭلىسىنىڭ ئېرى رېھىم ئاخۇن، قىزى تۇنساخان، ئايىمخان، ئوغلى تۇرسۇنجان، زاكىراخۇن قاتارلىقلار تاماققا ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ ئىچىدىلا ئېتىپ تاشلىغان. ئاندىن مەتسىدىق بەگنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ئاتماقچى بولغاندا شەھەردىن چىققان تۇنساخان دېگەن ئىشپىيون ئايال ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ «بۇ ئۆيدە زىۋازا يوق، ئاتماڭلار» دېگەندىن كېيىن ئوق چىقىرىشتىن توختىدى. گومىنداڭ بۇلاڭچىلىرى ئەمما مەتسىدىق بەگنىڭ ئات، كالا، قوي، پۇل، مال ۋە ئۆي سەرەمجانلىرى، ئاشلىق تۈلۈكلىرىنى بۇلاپ 5 - تۈەنگە توشۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۆيىگە ئوت قويۇپ كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. مەتسىدىق بەگمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن.



پىدائىي قىسىم ئەسكىرىدىن تۇرغۇنجان قىسىم چۈشكەن جايدا ئۇخلاپ قېلىپ ئايرىلىپ قالغانىكەن. ئويغىنىپ قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋالاي دەپ ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ ماراقچىلارنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ كۈنىشەھەر يولىغا ماڭماي، مىلتىقىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى تىلەمچى قىياپىتىدە باغچى 2 - دادۈيگە كېلىپ قالغان. قورسىقى بەك ئاچقانلىقتىن مەمتىلى كۆكبېشىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن.

مەمتىلى دېگەن جاسۇس بۇ بالىنىڭ تەققى - تۇرقىغا قاراپ بېقىپ، گۇمان بىلەن ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، چاي بېرىپ مېھمان قىلغان. ئەھۋال سورىغان بولۇپ: «ئۇكام، تەققى - تۇرقىڭىزغا قارىغاندا سىز نان تىلەيدىغان دىۋانە ئەمەس، قولىڭىزدىن خېلى ئىش كېلىدىغان يىگىت ئىكەنسىز، قانداق ئىشىڭىز بولسا يوشۇرماي ماڭا ئېيتىۋېرىڭ، ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلىمەن» دېگەندەك ياغلىما سۆزلەر بىلەن سىر ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. تۇرغۇنجان يېشىغا كەلمىگەن ياش بالا بولغاچقا جاسۇسنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كېتىپ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىچ - سىرىنى ئېيتىپ بېرىپ، يىغلاپ تۇرۇپ: «مېنى ئاشكارىلاپ قويمىسىلا، مەن سىلىگە ئون يىل ھەقسىز ئىشلەپ بېرەي» دەپ يېلىندى.

مەمتىلى كۆكبېشى دېگەن ئىنساپسىز خائىن، «مىلتىق نەدە، ماڭا كۆرسىتىڭ» دېگەندەك سىلىق گەپلەر بىلەن تۇرغۇنجاننى ئالداپ ئىشەندۈرۈپ، ھىيلىگەرلىك قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن تۇرغۇنجان مەمتىلىنى توختى بەگنىڭ بېغىنىڭ ئارقىسىدىكى تىكەنلىككە باشلاپ ئاپىرىپ مىلتىقنى ئوقدان بىلەن كۆرسەتتى. مەمتىلى كۆكبېشى مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ بەش تال ئوق سالدى. ئاندىن تەرىنى بۇزۇپ: «ئالدىمغا كىرىپ ماڭ، سەن ئوغرىنى ئەدىپىڭنى بېرىدىغان يەرگە ئاپىرىمەن» دەپ ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭغانچە جىنساجۇينىڭ سەكپاچېدىكى شاللىقنى باقىدىغان جۇبەن جىڭسانىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ مىلتىق ۋە تۇرغۇن-

جاننى تاپشۇرۇپ بەردى. جۇ بەنجاڭ مەمتىلىنى ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتتى. مەمتىلى خوش بولۇپ قايتقاندىن كېيىن جۇبەنجاڭ تۇرغۇنجاننى ئۆزىنىڭ ئىلتىقىدا ئېتىپ تاشلاپ، ئۆلۈكىنى شاللىقنىڭ ئېرىقىغا تاشلىۋەتتى.

پىدائىي قىسىم ئاقسۇدىن چېكىنگەندە كونىشەھەر بىلەن يار تۆپىسىگە چېقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار قايتىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە ئاقسۇ يېڭىشەھەردىن كونىشەھەرگە بارىدىغان يولدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي مېڭىپ تۇردى. بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ خەلقى گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ ئېتىپ ئوينايدىغان ئوبيېكتىپىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. يارنىڭ تۆپىسى دۆڭلەڭزىدىن تارتىپ كونىشەھەر كەپتەرخانىغىچە ئوق تېگىپ ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنىڭ كۆپلۈكىنى بىرنىمە دېگىلى بولمايتتى. پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرى، سىرتتىن كەلگەن يولۇچىلار ۋە جان پاناقاي ھەر تەرەپكە قېچىپ ماڭغانلارنىڭ گۆشىنى ئىتلار يەپ تۈگەتتى. سۆڭەكلىرى چۆلدە قالدى.

## ماتەم كۈنلىرى

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئاقسۇغا كېلىپ ئورۇن ئالدى. ئاندىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ خەلق قەددىنى كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن قورچاق فايۇەن تۈرمىسىدە گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنى كۆمگەن جايدىن ئاچقان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى قولى باغلاقلىق، بەزىلىرى جادۇدا تۇغراپ كۆمۈۋېتىلگەنىدى. بۇلارغا پۈتۈن ئاقسۇ خەلقى ئاق باغلاپ، ماتەم تۇتۇپ ئاسۇق زاراتگاھلىقىغا دەپنە قىلدى.

1945 - يىلى جېڭساجۇيىنىڭ ساقچىلىرى تۇتۇپ كەتكەنلى. مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزى، مۇنىرىدىن غوجا، بىلال ئەزىزى



قاتارلىق ياش ئىنقىلابچىلارنىڭ جەسىتىنىڭ نەگە كۆمۈلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. خەلق ئۇلارنىڭ ماتىمىنى تۇتۇپ، كېپەنلەپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىكتە قويىمىز دەپ تەلەپ قىلىشتى. جېڭساجۇيىنىڭ باشلىقلىرى سوغا چۈشكەن مۈشۈكتەك تۆشۈككە كىرىۋېلىشتى. غەزەپكە كەلگەن خەلق تۈرمىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى كولاپ ئىزدىگەن بولسىمۇ ئادەم كۆمۈلگەن جايىنى تاپالمىدى، بۇنىڭغا خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ ئوفىتسېر-ساقچىلارنى قىستاپ تۇرۇۋالغانىدى، تەلەتى سەت بىر خەنزۇ ساقچى «45 - يىلى تۈرمىنى جۇ بەنجاڭ باقاتتى، تۈرمىنىڭ ئاچقۇچى شۇنىڭدا ئىدى. ھازىر ئۇ سەكپاچى شاللىقىدا، شۇ بىلىشى مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلاپ بىر ئادەم ئاتلىق سەكپاچىغا چىقىپ جۇ بەنجاڭنى چاقىرتىپ كەلدى. جۇ بەنجاڭ مۇنچە كۆپ ئادەمنى كۆرۈپ قورققانلىقىدىن تىترەپ كەتتى. مەقسەتنى بىلگەندىن كېيىن كۆپچىلىكنى باشلاپ تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر چوشقا قوتىنىنى كۆرسەتتى. قوتاننىڭ ئالدى تەرىپى سېپىل، كەينى تۈرمىنىڭ خىش تېمى بولۇپ، ئۇلارمۇ شۇ يەرگە كۆمۈلگەنىكەن. غەزەپلەنگەن خەلق قوتاننى بۇزۇپ، يەرنى ئىككى مېتىرچە كولىغانىدى، قولى باغلاقلىق، پۇتىغا ئىشكال سېلىنغان 50 ئادەمنىڭ جەسىتى چىقتى. بەزىلىرىنىڭ يۈرىكى ئويۇپ ئېلىنغان، بەزىلىرىنىڭ بېشى كېسىلگەن بولۇپ كىملىكىنى تونۇغىلى بولمايتتى، دىنىي ئۆلىمالار ئورنىغا چۈشۈپ ناھەق ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئاۋايلاپ ئېلىپ پاك زېمىنغا ياتقۇزدى. بۇلارنى بىر - بىرلەپ كېپەنلەپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىكتە قويدى. زاراتگاھلىق قارىلىق تۇتقان ئادەملەر بىلەن تولۇپ پۈتۈن ئاقسۇنى ماتەم كۈيى قاپلىدى.

# كۆرگەن - بىلگەنلىرىمدىن ئەسلىمە

## موللاخۇن قۇربان

(ھەربىي سەپكە كىرگەن تارىخىي جەريانىم)

مەن 1937 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، يەنى ماھۇت سىجاڭنىڭ قەشقەر يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشى سىبۇدىكى ۋاقتىدا ھەربىي سەپكە كىردىم.

ھەربىي سەپكە كىرىشتىكى مەقسىتىم مۇنداق: باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم بولسا كېرەك، بىر قېتىم قەشقەرگە بېرىپ قالدىم. قارىسام ماھۇت سىجاڭنىڭ كوماندىر - ئەسكەرلىرى تۆتتىن رەتلىك تىزىلىپ ھېيتگاھ جامەسىگە كىرىپ ناماز ئوقۇشقا تەييارلانغانلىقىنى كۆردۈم - دە، شۇ ئانلا مەنمۇ دەرھاللا مەسچىتكە كىرىپ جۈمە نامىزىنى ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ بىرگە ئوقۇدۇم. بۇلار نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە تۆتتىن قاتار تىزىلىپ سىبۇغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ ھال مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ۋەتەن، مىللەتكە خىزمەت قىلىش ھېسسىياتىمنى بەكلا قوزغىۋەتتى.

ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ، مەكتەپنى تاشلاپ ئۆزلۈكىمدىن ھەربىي سەپكە كىرىپ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىش قارارىغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر كېچىسى پەخىردىن دېگەن ئاغىنەمنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆيدىكى ئېشەكنى مىنىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتىم. كۈن ئاغامچا بويى ئۆرلىگەندە سىبۇنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. ھەربىي قاراۋۇللار (پوسلار) مەن بىلەن ئاغىنەم پەخىردىندىن نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىز ھەققىدە گەپ سورىدى.



ئەسكەر بولۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتتۇق. پوستىكىلەرنىڭ بىرى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى تېزلىكتە سىبۇغا قاراپ يول ئالدى. رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن ھەر ئىككىمىز سىبۇغا كىردۇق. بۇرۇن ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنسا «ئېتىڭ بولسا ئاندىن قوبۇل قىلىمىز» دەيدىكەن. كېيىنكى مەزگىللەردە «قولۇڭدا خېتىڭ بارمۇ» دېگەن گەپلەرگە ئۆزگەرگەن ئىكەن. بىز دەل مۇشۇ ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قاپتۇق.

ھەر ئىككىمىزنىڭ ساۋاتى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 6 - شى 31 - تۇەن 1 - ليەندىكى رەخمىتۇل قارى (قارى ليەنجاڭ) نىڭ ئالدىغا كىردۇق. ئۇ كىشى پەخىردىن بىلەن ئىككىمىزگە تازا سىنچىلاپ قاراپ مېنى ئېلىپ قېلىپ، پەخىردىننى قايتۇرۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ قارى ليەنجاڭ مېنىڭدىن يۇرتۇمنى، ئىسمىمنى، ئاتا - ئانامنى ۋە خەت ساۋاتىمنى سورىدى. مەن تەمكىنلىك بىلەن دۇدۇقلىماستىن جاۋاپ بەردىم. قەغەز - قەلەم ئەكەلدۈرۈپ خەت يېزىپ بېقىشىمنى تەلەپ قىلدى.

مەن نېمە دەپ يازىمەن دەپ سورىسام، ئۇ ئۆزۈڭ بىلىپ يازغىن دېدى. بۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئىككى مىنۇتقا يېقىن خىيال سۈردۈم. خىيالدىن كېيىن «مەن ۋەتەن، مىللەت ۋە خەلقىم ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ھەربىي خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن كەلدىم، ھەربىي سەپكە مېنى نائۈمىد قالدۇرماي قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ چىرايلىق يېزىپ بەردىم. خېتىمنى كۆرگەن رەھمىتۇل قارى ليەنجاڭ «بۇنىڭدىن باشقا يەنە گەپ - سۆزلىرىڭ بارمۇ تۈگىدىمۇ» دېۋىدى، مەن ئويلىنىپ ئازراق سۆزۈم باردەك تۇرىدۇ دەپلا تۆۋەندىكى قوشاقنى يېزىپ بەردىم:

«تىرىشىپ ئوقۇپ، ئىزدىنىپ ئىلىمۇ - ئىرپان تاپايلى،
باشقا ئەلدەك بىزمۇ ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرەيلى!»

قارى ليەنجاڭ خەتنى كۆرۈپ بىردەمدىن كېيىن «يارايسەن

ئوغلۇم» دەپ دەرھاللا مېنى 6 ـ شى 31 ـ تۇەن 1 ـ لىيەن 4 ـ پەيگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ھەربىي سەپتە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ يەتتە يىل تۇردۇم. بۇ جەرياندا بىر يىل ئادەتتىكى ئەسكەرلىك ۋەزىپىسىدە بولدۇم. قالغان ۋاقىتتا روتىنىڭ ستارشىنلىق خىزمەتلىرىدە بولدۇم. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ھەربىلەر بىلەن بىرگە تۇرغان جايلار قەشقەر، يېڭىشەھەر، خوتەن، كىرىيە، چاقىلىق، ئۈرۈمچى، گۈچۈڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلار ئىدى.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئايلاردا، خوتەندىن ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققان ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سىبۇدا توققۇز كېچە ـ كۈندۈز بولغان جەڭگە قاتناشتىم. كېيىن ماخۇسەنلەرنى قوغلاپ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە خوتەنگىچە باردىم.

## جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى توغرىسىدا

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 11 يىل جەريانىدا شىنجاڭدىكى 13 مىللەت خەلقىگە كەلتۈرگەن قىرغىنلىق، قانلىق پاجىئەسى مىسلىسىزدۇر. ئەينى ۋاقىتتىكى ماتېرىيال، ئېنىق خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ جاللات ئوخشىمىغان ھەر خىل بەدناملار بىلەن شىنجاڭ خەلقىدىن 210 مىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى تۈرمىگە ئالغان. تۈرمىگە ئېلىنغان 210 مىڭ ئادەمنىڭ 63 مىڭى چىقىپ، قالغان 147 مىڭ بىگۇناھ خەلق جاللات، قانخورنىڭ تۈرمىسىدە نابۇت بولغان.

مەن 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ يازلىق كۇلۇبىدا ئويۇن كۆرگىلى كىرىپ، بۇ يەردە ئۈچ نەپەر كىشى بىلەن بىرگە ئولتۇردۇق. ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان كىشى توختاجىم بولۇپ، مەزكۇر كىشى يېنىدا ئولتۇرغان بۇرادىرىگە شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە يەتتە يىل يېتىپ تارتقان



ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بىر ۋاقىتتا تۆۋەندىكى گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىپ قالغانىدى:

«مەن بىگۇناھ يەتتە يىل تۈرمىدە ياتتىم. 33 كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلاتماستىن سوراق قىلدى. بىر گەپتىلا تۇرۇۋەردىم. بۇ جەرياندا كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆردۈم. بۇنى تەپسىلىي دېيىشكە ھازىر ۋاقىت يوق» دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ئېچىندىم، ئەمما گەپ سوراشقا بولمىدى. بۇ كىشىنىڭ چىراي ـ شەكلى، قەددى ـ قامىتىگە كەلسەك سېرىقىراق، ئېگىز بوي، ئورۇقراق كەلگەن، ساقىلى ئاقارغان كىشى ئىكەن. پەرەز قىلىشىمچە ئۈرۈمچىلىك بولسا كېرەك. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا 1978 ـ يىلى ئاتۇش سۇنتاغلىق ئابدۇراخمان قارى ھاجىم بىلەن ئۈرۈمچىدە سۆزلىشىپ قالدىم. بۇ كىشى ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى باشلاپ: «موللاخۇن، مەن شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە بىگۇناھ سەككىز يىل ياتتىم. كۆرمىگەن ئازابلارنى كۆردۈم. بۇ ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشكە يۈرىكىم چىدىمايدۇ» دېگەن. قىسقارتىپ ئېيتقاندا جاللات شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ خەلقىگە كەلتۈرگەن بالايى ـ ئاپەتلىرى ھېسابسىزدۇر. ئۇ شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى 30 ماشىنا بىلەن ئېلىپ قاچقان، ئۆزى بولسا 1944 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئىككى ئايروپىلان بىلەن گۈچۈڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە يۈرۈپ كەتكەن. مەن بۇ چاغدا ھەربىي خىزمەتتە بولۇپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن ئىككى ئايروپىلاننى كۆرگەنىدىم.

## ئابدۇغوپۇر دامولامنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا

جاھانغا مەشھۇر بولغان ئوت يۈرەك شائىر ھەم مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇقادىر دامولامنىڭ ۋاستىلىك قاتىللىرىدىن بىرى بولغان قارانىيەت، خائىن ئابدۇغوپۇر دامولام بولسا، قانخور

جاللات شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن شېڭ
شىسەيىنىڭ ئۈچ قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدۇ. بىرىنچى
قېتىملىق قۇرۇلتىيى پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدا تاماملانغان
بولسىمۇ، ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلتايىغا قەشقەر ۋەكىلى بولۇپ
ئابدۇغوپۇر داموللام بارىدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق قۇرۇلتايغا مامۇت
سىجاڭ تەكلىپ قىلىنىدۇ. بىراق بۇ كىشى شېڭ شىسەيىنىڭ قارا
نىيىتىنى بىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئابدۇغوپۇر داموللامنى ئە-
ۋەتىدۇ. بۇ كىشى قۇرۇلتاينى تۈگىتىپ قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ.
قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىكىلەرگە يەتكۈزىدۇ.
سىبۇغا كىرىپمۇ پۈتۈن كوماندىر - جەڭچىلەرگە قۇرۇلتاينىڭ روھى-
نى يەتكۈزۈپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىمدە بۇنىڭدىن
كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ دېگەن ھۆكۈم بار، ئەگەر پەيغەمبەر
كېلىدۇ دېيىلگەن بولسا، شېڭ دۇبەن جانابلىرى پەيغەمبەر بو-
لاتتى». بۇنى ئاڭلىغان كوماندىر - جەڭچىلەر جۈملىدىن مامۇت
سىجاڭ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قا-
رىداپ بۇ مەرەزنى يوقىتىشنىڭ ئۇنۇملۇك چارىسىنى ئويلاپ
چىقىدۇ. سىبۇدىكى دوكلات يىغىنى تاماملانغاندىن كېيىن، مامۇت
سىجاڭ قول ئاستىدىكى پۈتۈن كىشىلەر بىلەن پىكىرلىشىپ
«داموللام جانابلىرىنى سىجاڭ كەچلىك چايغا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ»
دەپ چاقىرتىدۇ. داموللام قوبۇل قىلىپ كەچلىك زىياپەتكە كې-
لىدۇ. تاماق تەييارلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا قۇرۇلتاينىڭ پاراڭ-
لىرىنى قىلىشقاچ ئولتۇرۇشىدۇ. ۋاقىت خېلى ئۇزۇن ئۆتىدۇ.
نىسبىي شەپ بىلەن داموللام ئۆيىگە قايتىش ۋاقتىدا مامۇت
سىجاڭ 1 - لیەنىنىڭ لیەنجاڭى رەخمىتۇل قارى بىلەن سۆزلى-
شىپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئىككى نەپەر ئادىمىنى مىلتىق،
قىلىچ، پىچاق قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، پوقراچە
كىيىم كىيگۈزۈپ ياۋاغ دەرۋازىسىنىڭ تېشىدىكى كۆۋرۈكنىڭ
مەلۇم جايغا مۆكتۈرۈپ قويىدۇ. داموللام سىبۇدىن ئاتلىق چىقىپ



كۆنچىدىكى جايىغا قاراپ يول يۈرۈپ دەل كۆۋرۈككە يېتىپ
كېلىدۇ. ئەسلىدە بۇ يەردە تۇتۇپلا ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىلگەن،
لېكىن داموللامنى تۇسۇپلا دەرھاللا ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ
پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، قىلىچتا چېپىپ، پىچاقتا تىلىنى كېسىپ
تاشلاپ قەتلى قىلىدۇ. ئىككى پاي ئوق ئېتىپ قويۇپ پۇت -
قوللىرىنى بوشىتىپ قويماستىنلا، ئەسكەرلەر سىبۇغا قاراپ
يۈرۈپ كېتىدۇ. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى ناۋۇل،
يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ. ئەتىسى مامۇت سىجاڭ
ئابدۇغوپۇر داموللام جاناپلىرىنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ئېچىنغان
ھالدا پۈتۈن شەھەر خەلقىگە: «داموللام جاناپلىرىنىڭ قاتىلىنى
تاپقان كىشىنى مۇكاپاتلايمىز» دېگەن مەزمۇندا يارلىق چىقىرىدۇ.
يىغىپ ئېيتقاندا ئابدۇغوپۇر داموللامنىڭ ئۇ دۇنياغا كېتىشى
«ئەل قىساسى مىنەلھەق» بولۇپ ئاياقلاشقان.

## مامۇت سىجاڭنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشى

جاللات شېڭ شىسەي قانداقلا بولمىسۇن ھەر خىل چارە-
تەدبىرلەرنى ئىزدەپ مامۇت سىجاڭنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى
يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، مامۇت سىجاڭ بۇ مەلئۇننىڭ
يامان غەرىزىنى بىلىۋېلىپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا مەجبۇر
بولغان.

ئۇ كىشى چەتكە كېتىشتىن بۇرۇن قەشقەر قىزىلدۆۋىلىك
توختاجى دېگەن كىشى بىلەن خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان
ھەمسۆھبەت بولۇپ، نەتىجىدە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش قارارىغا
كېلىدۇ. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى بىر جەھەتتىن شېڭ شىسەيىنىڭ
قارا نىيىتىنى بىلگەن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ھەر بىلەر ئى-
چىدە ئۇرۇمچى ھەم تاشكەنتتە ئوقۇپ كەلگەن ئەمەلدارلارغا
تولۇق ئىشەنچ قىلالماسلىقىدىن بولغان.

بۇ مەزگىللەردە مەن سىبۇدا بولغانىدىم. سىبۇ يېڭىسار دۆلەتباغدا بولۇپ، مامۇت سىجاڭ، مويدىن تەنبۇ، سەمەت هاجى، ئەمەت تۇەنجاڭ (ئەمەت مەخسۇم)، قۇربان نىياز تۇەنجاڭ، ئابدۇمۆمىناجىم، سالى لىيەنجاڭ (سالى مەخسۇم)، بۇ ساقى نىياز لىيەنجاڭ، رەخمىتۇل قارى (قارى لىيەنجاڭ)، ئىبراهىم لىيەنجاڭ، ئوسمان پەيجاڭ، ئابدۇل پەيجاڭ، بەختى پەيجاڭ قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدە مامۇت سىجاڭدىن باشقىسى شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ۋاپات بولدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، مامۇت سىجاڭ ئەهۋالىنىڭ كۈندىن - كۈنگە سىرلىق، دەهشەتلىك بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان.

## مامۇت سىجاڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى بەزى ئەهۋاللار

مامۇت سىجاڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قول ئاستىدىكى تۆت تۇەن ئەسكەر پاراكەندىچىلىككە چۈشتى. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى ئۆزئارا مۇزاكىرىلىشىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى بېسىپ ياتقان ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. 1937 - يىلى ئاپرېل ئايلىرىدا ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىدۇ. مامۇت سىجاڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىغا قۇربانىياز سىجاڭ بولىدۇ. ئەمەت تۇەنجاڭ (ئەمەت مەخسۇت) ئىختىيارىدىكى 31 - تۇەندىن باشقا تۇەنلەرنىڭ هەممىسى ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىپ ئابدۇنىيازنى سىجاڭلىققا بەلگىلەيدۇ. ماخۇسەن ئەسكەرلىرى سىبۇدىكى 31 - تۇەن بىلەن توققۇز كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىدۇ. ئۈچ تۇەن ئەسكەر ئابدۇنىيازنىڭ باشچىلىقىدا شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇ



تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ، نەتىجىدە ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ چېچىلىپ كېتىدۇ. ماخۇسەن ئەسكەرلىرى سىبۇدىكى 31 - تۇەن بىلەن دەهشەتلىك ئۇرۇش قىلىدۇ، ئەهۋال كەسكىنلەشكەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سەمەندىكى كونسۇلى ئارا تۇرۇپ 31 - تۇەننى ئاتلىق ئېلىپ چىقىپ كېتىپ يېڭىشەهەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 31 - تۇەن يېڭىشەهەردە شۇ يىلى 9 - ئايغىچە تۇرغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن زامانىۋىلاشقان (ماتورلاشقان) بىر پولك قىرغىز، رۇس ئەسكەرلىرى ئاتۇشنىڭ تورغاتتىن كەڭسايىنى بېسىپ قەشقەرگە كېلىدۇ. بۇلارغا 31 - تۇەندىن تۇرپانلىق يۈسۈپ لىيەنجاڭنى ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە ئاجرىتىپ، يېڭىشەهەر سىلىڭبۇدىن سەي تۇەنجاڭنى ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە قوشۇپ، بىرلەشتۈرۈپ، سوۋېت ئارمىيىسى ئالدىمىزدا، بىز ئارقىدا يول يۈرۈپ ماخۇسەنگە قارشى ئۇرۇشقا ماڭدۇق. ئۇلارنى قوغلاپ هېچقانداق يەردە ئارام ئالماستىن نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، قورال - ياراقلىرىنى غەنىمەت ئالدۇق. ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ نېمە قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپرەك يوقىتىلىشى يېڭىساردا بولۇپ، بۇ يەردە ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرلىرى يوقىتىلغانىنىڭ سىرتىدا يەنە نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلىرى هىمىتنىڭ چۆللىرى، پىيالمىنىڭ چۆللىرى، چەرچەن، چىڭخەي چۆللىرىدە يوقىتىلدى. خوتەندە ئىككى ئايدەك تۇرغاندىن كېيىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى كەلگەن جايىغا يۈرۈپ كەتتى. بىز خوتەن، كېرىيىلەردە بىر يىل تۇرۇپ قەشقەر يېڭىشەهەرگە قايتىپ كەلدۇق.

## ئابدۇنىياز سىجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭلارنىڭ ئاقىۋىتى

بىز 1937 - يىلى 9 - ئايلاردا يەكەنگە يېتىپ بارغاندا، كىچىك ئاخۇن يەكەننىڭ تاغاچى دېگەن يېرىگە كېلىپ، ئۆزىنى

چەتكە ئالالماي، گاڭگىراپ يۈرگەنلىكى مەلۇم بولغان. شۇئاندا ھەربىي شتابتىن كىچىك ئاخۇننى ئېلىپ كېلىش ھەققىدە يۇسۇپ لېيەنجاڭغا بۇيرۇق بەردى. بۇيرۇققا بىنائەن يۇسۇپ لېيەنجاڭ بىر پەي ئادىمىنى ئېلىپ بېرىپ كىچىك ئاخۇننى تاغارچىدىن تۇتۇپ يەكەنگە ئېلىپ كېلىدۇ. كىچىك ئاخۇن چوڭ تۇلكە تۇماق كىيگەن، ئوتتۇرا بوي، دوغىلاقىراق كەلگەن ئادەم ئىدى. بۇ كىشى يەكەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە ئىككى كۈن تۇرغۇزۇلدى.

بىزگە يەنە جىددىي بۇيرۇق چۈشتى. ئابدۇنىياز كاچۇڭنىڭ كوسۇراپ دېگەن يېرىدە ئىكەن. ئۇنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن بۇيرۇققا ئاساسەن يۇسۇپ لېيەنجاڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ كاچۇڭدىن كوسۇراپقا قاراپ يولغا چىقتى. تاڭ يورۇپ كۈن نەيزى بويى ئۆرلىگەندە كوسۇراپنىڭ شىمالىدىكى ئېقىننىڭ ئۇستىدىكى دۆڭدە بىر پوتەينى كۆردۇق. پوتەيگە يېتىپ بارساق ئىچىدە ئابدۇنىياز ياتقان ئىكەن. يۇسۇپ لېيەنجاڭ ئابدۇنىياز بىلەن سۆزلەشتى، ئابدۇنىياز تۆت نەپەر تۇەنجاڭ بىلەن قوشۇلۇپ پوتەي ئىچىدىن چىقتى. ئۇلاردا ھېچقانداق قارشىلىق بولمىغانىدى. بۇ تۆت نەپەر كىشىنى قورال - ياراقلىرىنى ئېلىۋېلىپ يەكەنگە ئېلىپ كەلدۇق (مەن بۇ چاغدا ئادەتتىكى بىر ئەسكەر ئىدىم). ئابدۇنىياز بىلەن كىچىك ئاخۇننى بىر قىلغاندىن كېيىن ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمىدى. كەچتە ئايروپىلان يەكەننى چۆرگىلەپ رازۋېتكا قىلىپ، يېڭىشەھەردىكى ئايرودرومغا قوندى. ئابدۇنىيازلارمۇ دەرھال ماشىنىغا سېلىنىپ يېڭىشەھەرگە ئېلىپ مېڭىلدى. كېيىن يېڭىشەھەردە ئايروپىلانغا سېلىنىپ ئۈرۈمچىگە ئاپىرىلغاندىن كېيىن شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلدى.



# خەبىپ ئابىزنى ئەسلەيمەن

**ھاكىم جاپپار**

**شىنجاڭ** خەلقىنىڭ زۇلۇمغا، ئېزىلىشكە قارشى مىللىي ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن سانسىزلىغان ھەر مىللەت ئىلغار زىيالىيلىرى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئۆز تۆھپىسىنى قوشقانىدى، ئۇلار ئەكسىيەتچى ئەزگۈچى كۈچلەرنىڭ ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ بوزەك قىلىشى، ئاياغ - ئاستى قىلىشىغا قارشى جەسۇرانە كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى.

ئەنە شۇنداق ئىلغار كىشىلەرنىڭ بىرسى — خەبىپ ئابىزى ئىدى. خەبىپ ئابىزنى كۆپ كىشىلەر بىلمەيدۇ، ئىسمىنى ئاڭلىغانلارمۇ كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن. خەبىپ ئابىزى ئۆمۈر بويى خەلق ئازادلىق ئىشى ئۈچۈن ئىشلىگەن، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلۈمى بۇرۇنراق، يەنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى ئۇنتۇلۇپ قېلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا مەن بۇ ئەسلىمەمدە خەبىپ ئابىزنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن.

خەبىپ يۇنىسچى دېگەندە، «يۇنىسچى» دېگەن ئىسمىنى كۆپ كىشىلەر ئاڭلىغان بولسا كېرەك، يەنى ئايتوغان يۇنىسچى (ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، ھازىر ئالمۇتا شەھىرىدە تۇرىدۇ)، ئىرىكچى يۇنىسچى (شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆپ ھەسسە قوشقان، كۆپلىگەن مىللىي ياشلارنى تەربىيىلىگەن، سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتى فىزىكا - ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پېشقەدەم پېداگوگ، ھازىر فى-

رونزى شەھىرىدە تۇرىدۇ) قاتارلىق «يۇنىچى» لار ئەنە شۇ خەبىپ ئابزىنىڭ ئىنىلىرى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىن، مەن بىر نەچچە ئاي خەبىپ ئابزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىدىم. مېنىڭ يۇرتۇم غۇلجا ناھىيە ئارا دادامتۇ يېزىسىدا. فازلۇللا (فازىلجان ئاقساقال دەيتتى) ئاقساقالنىڭ يېرى — بېغى بار ئىدى، فازلۇللا خەبىپ ئابزىلارنىڭ ئاتىسى ئىدى. ئەنە شۇ دادامتۇ يېزىسىدىكى باغدا ھەر يىلى يازلىقى فازىلجان ئاقساقالنىڭ ئائىلە - تاۋابئاتلىرى چىقىپ دەم ئالاتتى. بىزنىڭ ئۆيىمىز مۇشۇ باغنىڭ يېنىدىلا ئىدى، شۇڭا كىچىكىمدىن بۇ ئائىلىنىڭ باللىرىنى (ئۇ چاغدا خەبىپ ئابزى بىلەن بىۋاستە سۆزلەشمىگەن بولسامۇ) كىچىكىمدىن تارتىپلا كۆرۈپ يۈرگەنىدىم: ياۋروپاچە كېيىنگەن، چاچ قويغان، ئوتتۇرا بويلۇق، قاڭشالىق، ئۆزىنى جىددىي قىياپەتتە تۇتىدىغان، كەمسۆزلۈك، مەدەنىي يۈرىدىغان خەبىپ ئابزىنىڭ قىياپەت - ئوبرازى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ.

خەبىپ يۇنىچى 1908 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، فازلۇللا يۇنىچىنىڭ تۇنجى ئوغلى ئىكەن. فازلۇللا يۇنىچى شۇ ۋاقىتلاردا غۇلجىدا قۇرۇلغان «ئالتاي سودا شىركىتى»نىڭ ئەزاسى ۋە شىركەتنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى بولغان. فازلۇللا ئاقساقال قولىدا بار ھاللىق تۇرمۇشتىكى ئادەم بولغاچقا، تۇنجى ئوغلىنىڭ تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇ چاغدا شىركەت ئەزالىرى ئۆز باللىرىنى چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇپ كېلىدىكەن. شۇ قاتاردا ئاتىسى خەبىپ ئابزىنى غۇلجا شەھىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، چەت ئەلگە ئوقۇش ئۈچۈن يولغا سالىدۇ. خەبىپ ئابزى ئالدى بىلەن تاشكەنتتە ئوقۇيدۇ، كېيىن موسكۋادا ئوقۇپ بىلىم ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىستانبۇلغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ يەردە مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا كىرىدۇ. ئوقۇش داۋامىدا ئاتىسى فازلۇللا يۇنىچى



ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ. خەبىپ يۇنىچى 1928 - يىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، غۇلجىدىكى تاتار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىدۇ ۋە مەكتەپتە يۇقىرى سىنىپلارغا دەرس ئۆتىدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن خەبىپ ئابزىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ خىزمىتى باشلىنىدۇ.

1933 - يىلى، ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان يەرلىك خاقان — شېڭ شىسەي بىر مەزگىل يالغان نىقاپقا ئورۇنۇۋېلىپ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ئېلان قىلىدۇ، ھەقىقەتەنمۇ بىر مەزگىل خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىر قەدەر يۈكسىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭمۇ تەرەققىي قىلىشىغا يول ئېچىلىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ جايلاردا مەكتەپلەر ئېچىلىپ، گېزىت - مەتبۇئات ئىشلىرى جانلىنىشقا باشلايدۇ. غۇلجىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن «ئىلى گېزىتى» نەشر قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەبىپ يۇنىچى بۇ گېزىتنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ، خەبىپ باشچىلىقىدا مەرھۇم شائىر ئەنۋەر ناسىرىلارمۇ بۇ گېزىتتە ئىشلەيدۇ. بۇ گېزىت دەسلەپ «ھۆسەينى يۇنۇسوۋ» نامىدىكى مەتبەئەدە بېسىلىدۇ. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەتبەئە سايمانلىرى تولۇقلىنىدۇ، «ئىلى گېزىتى» دېگەن نام «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنىدۇ. خەبىپ يۇنىچى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەتبۇئات ساھەسىدە ئىشلەپ، مەتبۇئات ئىشلىرى ئۈچۈن، مەتبۇئات، نەشرىيات خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن زور ھەسسە قوشىدۇ. خەبىپ يۇنىچى يەنە غۇلجىدا ئېچىلغان ھەر قېتىملىق مۇئەللىملەر تەييارلاش كۇرسلىرىنى تەشكىللىگۈچىلەردىن بولۇپ، كۇرسلاردا ئۆزى بىۋاستە دەرس ئۆتۈپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ھەسسە قوشىدۇ.

شىۋېك شىسەينىڭ ساختا نىقابى كۆپ ئۆتمەي ئاشكارىلىنىپ، كېيىنچە ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزۈشنى باشلىدى، مىڭلاپ ھەر مىللەت ئىلغار زىيالىيلىرى، ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى تۇتقۇن قىلىپ زىيانكەشلىك قىلدى، شىنجاڭنى قاراڭغۇ زۇلمەت بۇلۇتلىرى قاپلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا خەبىپ يۇنىچىنىڭ ھاياتمۇ جىددىي خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ. ئۇ مەلۇم ئورۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنى قوغداش، پاناھلىنىش ھالىتىدە يۈرۈيدۇ.

شىۋېك شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلىشقا ئاتلىنىدۇ. خەلقنى تەشكىللەپ، ئازادلىق - ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى يوشۇرۇن تەشكىلاتلار قۇرۇلىدۇ. جۈملىدىن غۇلجىدا قۇرۇلغان يەر ئاستى يوشۇرۇن تەشكىلاتى «ئازادلىق جەمئىيىتى» ئىدى. خەبىپ يۇنىچى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىدىن بىرسى، يەنە كېلىپ ئىلغار زىيالىيدىن كېلىپ چىققان ئەزا ئىدى.

خەبىپ يۇنىچى ئازادلىق تەشكىلاتىنىڭ تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى يوشۇرۇنچە بېسىپ تارقىتىپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى كۆتۈرۈش، ئازادلىققا بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئاكتىپ ئىشلەيدۇ.

ئىلى خەلق ئىنقىلابىنىڭ تەشكىلاتچىلىرىدىن بىرى بولغان خەبىپ يۇنىچى ئىلى ئىنقىلابىي پارتلاپ غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنىپ، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىلىنى تۈزۈشتە چوڭ رول ئوينىدى. ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىرلىكتە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ دېكلاراتسىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى. زۆرۈر بولغان ئاپپاراتلارنى تىكلەش، كادىرلارنى سەپلەش ئىشلىرى بولۇپمۇ مەدەنىي - مائارىپ، تەشۋىقات ئىشلىرىنى بىۋاستە تۇتۇپ ئىشلىدى. ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەبىپ يۇنىچى بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ھەم شۇ ۋاقىتتىكى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدى. خەبىپ يۇنىچى بۇ چاغلاردا ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ، ئۇ ئۇرۇش مەزگىلى بىلەن توختاپ قالغان مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا سېلىش ئۈچۈن، شۇ ۋاقىتتىكى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن بىرلىكتە غۇلجا بەيتۇللا مەكتىپىدە مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى ئويۇشتۇردى. چۈنكى بۇ چاغدا بۇرۇنقى مۇئەللىملەردىن خېلى زور بىر قىسمى گومىنداڭغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇشىغا ئاتلىنىپ، ئالدىنقى سەپكە كەتكەن ئىدى. شۇڭا مۇئەللىم تەييارلاش ئىشى چىڭ تۇتۇلدى. كۇرسقا غۇلجا شەھىرى ۋە ھەرقايسى ناھىيىلەردىن مۇئەللىملەرنى يىغىپ ئوقۇتۇشنى ئېلىپ باردى. كۇرسقا دەرس بېرىشكە داموللا رازى، خەمىت ۋەكىلى، ئىرىكچى يۇنىچى، ھابىل مەخسۇدى قاتارلىق تەجرىبىلىك، بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلاردىن تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزدى.

خەبىپ يۇنىچى پىشقان، تەجرىبىلىك، ماھىر مەتبۇئاتچى ئىدى. ئۇ گېزىتخانىنىڭ ھەممە ئىشلىرى بىلەن تونۇش ئىدى. شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ ماقالىلارنى ئۆزى ئويۇشتۇراتتى ۋە ئۆزى كۆرۈپ چىقاتتى. كۈندىلىك گېزىتنى كۆرۈپ تەھرىرلەرگە كونكرېت كۆرسەتمىلەر بېرىپ تۇراتتى ۋە ھەر بىر ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ، قاتتىق تەلەپ قوياتتى.

خەبىپ يۇنىچى يەنە مۇزىكا، رەسساملىق، زەرگەرلىك، ھۆسنخەت يېزىش قاتارلىق ھەر تەرەپلىمە قابىلىيەتكە ئىگە ئىدى. مېنىڭ ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى شۇكى، 1944 - يىلى 12- ئايلاردا بولسا كېرەك، مەن گېزىتخانا تەھرىر بۆلۈمىنىڭ بىر ماقالىسىنى كۆچۈرۈۋاتقىنىمدا ئۇ يېنىمغا كېلىپ: «خېتىڭ ئانچە يامان ئەمەسكەن، لېكىن بەزى ھەرپلەرنى قانداق يېزىشنى بىلمەيدىكەنسەن. خەتنى شۇنداق چىرايلىق يازغىنكى، يازغان

خېتىنىڭ كۈلۈپ تۇرسۇن، ھەممە ئادەم زوقلىنىدىغان بولسۇن» دېگەنىدى.

ئىلى خەلق ئىنقىلابى پارتلاپ غۇلجا شەھىرى ئازاد بولغاندىن كېيىن، شەھەردىن قاچقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىر قىسىم خەلقنى قورقىتىپ ھەيرانباغ ۋە ئايرودروملاردىكى ھەر بىر گازارمىلارغا پوتەي، ئىستىھكام قۇرۇپ كىرىۋالغانىدى. بىر نەچچە ئاي قورشاۋدا قالغان بۇ جايلار 1945 - يىلى 1 - ئايدا ئازاد بولدى. شۇ چاغدا ھەيرانباغ ئايرودرومىدىكى گومىنداڭچىلار بالا - چاقىلىرىنى تاشلاپ، ئۆيلەرگە ئوت قويۇپ قېچىپ كەتكەنىدى. بىر نەچچە ئايلىق قورشاۋدا گومىنداڭچىلار ئىچىدە يۇقۇملۇق كېسەلمۇ پەيدا بولغانىدى. ھەيرانباغلار ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن بۇ جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلگەن خەبىپ يۇنىچى باشقا ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىلەن ئىس تۈتەك چىقىپ، ئوت يېنىۋاتقان ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى بۇزۇپ، ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ قامىلىپ قالغان بالا - چاقىلارنى قۇتقۇزىدۇ، ئۇلارغا ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. خەبىپ يۇنىچى بىر كىچىك بالىنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ. مانا شۇ چاغدا بۇ گازارمىدا تارالغان ئېغىر يۇقۇملۇق تىپ كېسىلى (سىپنوي تىپ) خەبىپ يۇنىچىگە يۇقىدۇ. خەبىپ يۇنىچى مۇشۇ ئاغرىق بىلەن ئاغرىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي 1945 - يىلى 2 - ئايدا غۇلجىدا 37 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. خەبىپ يۇنىچىنىڭ ۋاپاتى شۇ ۋاقىتتا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن زور يوقىتىش بولدى.

خەبىپ يۇنىچىنىڭ خەلق ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن قىلغان ئەمگىكىگە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋە خەلق تەرىپىدىن يۇقىرى باھا بېرىلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي ئوردىنى مۇكاپاتىغا مۇيەسسەر بولدى، غۇلجىدىكى بىر كوچا نامىمۇ «خەبىپ يۇنىچى» كوچىسى دەپ ئاتالغانىدى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)



# پېشقەدەم زىيالىي - ئەسئەت ئىسھاقوۋ

شېرىپ خۇشتار

تاتار خەلقىنىڭ سادىق پەرزەنتى، پېشقەدەم زىيالىي ئەسئەت ئىسھاقوۋ 1921 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئائىلە تەربىيىسىنى دۆربىلجىندە ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ دادىسى تۆمۈر غەلى 1928 - يىلى سودا - تىجارەت ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىدۇ، ياش ئەسئەتمۇ ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. تۆمۈر غەلى شۇ زاماننىڭ تەرەققىيپەرۋەر كىشىلىرىدىن بولۇپ مائارىپنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەر ۋە يەرلىك زىيالىيلار تەشكىل قىلغان پەننىي مەكتەپكە بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي ياردەم بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ مەكتەپنىڭ ھېسابات ئىشلىرىنى خالىس باشقۇرىدۇ. ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئۈرۈمچىگە كېلىش بىلەن ئەنە شۇ مەكتەپتە (بۇ مەكتەپ كېيىن 6 - مەكتەپ دەپ ئاتالدى) باشلانغۇچنى تۈگىتىدۇ.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقى (ئوتتۇرا ئاسىيا) غا ئوقۇغۇچى چىقىرىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ بۇ قېتىمقى چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئىشى ھەرقايسى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئويغىتىدۇ. نەتىجىدە ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئۈرۈمچى نەنلىياڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىدىن ئەنۋەرخانبابا،

ئۇيغۇر سايرانى، نۇسرەت شەھىدى ۋە يەنە تۆت نەپەر خەنزۇ بالىلار بىلەن بىرگە ئۆزى راسخوت چىقىرىپ موسكۋاغا ئوقۇشقا بارىدۇ.

ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئۆز دوستلىرى بىلەن 1935 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە موسكۋادا روسچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مەزكۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا شارائىت يار بەرمەيدۇ.

1940 - يىللىرى شىڭ شىسەي ئىچكى جەھەتتىن باشقىچە يول تۇتۇپ، ئىنقىلاب ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرگەن يىللار ئىدى. ئۇ يىللاردا شىڭ شىسەي 2 - قېتىملىق تۇتقۇن ۋە قىرغىن قىلىشنى ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئۇنىڭ تۇتقۇن قىلىش سىياسىتى ئاقسۆڭەكلەر، چەت ئەل ئىشپىيونلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالماي بەلكى شىنجاڭدىكى ئىلغار زىيالىيلار، سودا - سانائەتچىلەر، ھەر تەبىقە ۋەتەنپەرۋەر زاتلاردىن ئېشىپ ھەتتا ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۇرسانتلىرىغىچە يېتىپ بارغان، چوڭلار تۇتقۇن قىلىنسا مال - مۈلكى تارتىۋېلىنىپ، ئايال، باللىرى دەشتى - چۆللەرگە پالانغان ۋاقىت ئىدى.

مۇشۇ خىل سەۋەبلەر شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان بەزى كېلىشىمنامىلىرىنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، موسكۋادا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئەسئەت ئىسھاقوۋ قاتارلىق كۇرسانتلار ئالىي مەكتەپكە كىرىشتىن مەھرۇم قېلىپ قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئەسئەت ئىسھاقوۋ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن خىزمەت بېرىلمەيدۇ، بولۇپمۇ ئەسئەت ئائىلىسى خانىۋەيران بولۇپ يەككە - يىگانە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەنە شۇنداق شارائىتتا، ئەسئەت دەسلەپتە ساۋسۇن تۇرگ (سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ۋەكالەتچىسى) دا بىر يىلدەك ئىشلەي-



دۇ، شۇنداقتىمۇ يەنە كۆڭلى تىنجىمىغان شىڭ شىسەي ئۇنى غۇلجا كۈرەگە سۈرگۈن قىلىدۇ. ئۇ، كۈرەدە سۈرگۈندە بولغان مەزگىلدە ئىلى تاتار مەكتىپىگە مۇئەللىم لازىم بولۇپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن ئىلى ۋىلايىتى ئۇنى ئىلىغا يۆتكەپ كېلىدۇ. ئۇ، 1942 - يىلىنىڭ باشلىرىدىن 1944 - يىلى ئىلى خەلق قوزغىلىڭى يەنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالغانغا قەدەر ئىلى تاتار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ، مۇشۇ جەرياندا ئىلىدىكى ئىلغار تەشكىلات ۋە تەشكىلاتتىكى ئىلغارلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئىلغار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ. 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئىلى گېزىتى ئىدارىسىدە مۇھەررىر ۋە باش مۇھەررىر بولىدۇ. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ شتاب ئوفىتسېرى بولىدۇ. بىتىمدىن كېيىن 1948 - يىلى ئىلىدا تەسىس قىلىنغان «شىنجاڭدا تىنچلىق، دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ تەشكىلىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1948 - يىلى 8 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتناشماقچى بولۇپ سەپەرگە چىققاندا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىق، دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»غا ۋاقىتلىق مەسئۇل بولىدۇ. 1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن دىڭ لىجۇن①، مەر-

① دىڭ لىجۇن — 1948 - يىلى 8 - ئايدا ئىلىغا كەلگەن، ئەخمەتجان قاسىملار سەپەرگە ئاتلانغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ بورھان شەھىدى بىلەن بىر قانچە كۈن بىللە بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم ئابلىز مۇھەممىدى بىلەن بىللە يەنە ئىلىغا بارغان.

ھۆم ئابلىز مۇھەممەدى قاتارلىقلار غۇلجىغا بارغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋەكالىتەن دىڭ لىچۈننى قىزغىن كۈتۈۋالدۇ ۋە ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىلىغا بېرىش مەسىلىسىنى قىزغىن ھىمايە قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ھادىسىگە يولۇققاندىن كېيىن «شىنجاڭدا تىنچلىق، دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ، ئەسئەت ئىسھاقوۋ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ماۋ جۇشىغا تېلېگرامما يوللايدۇ. 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ماۋ جۇشى ئەسئەت ئىسھاقوۋغا جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتتى. ئەسئەت ئىسھاقوۋ 1950 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، 1953 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە شىنجاڭ شۆبە بىيرو تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. 1956 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ چوماقچىلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈردى. ئەڭ ئاخىرىدا بىگۇناھ ھاياتىدىن ئايرىلدى.

ئەسئەت ئىسھاقوۋ قىسقىغىنا ھاياتىدا، ئېغىر كۈنلەر ۋە دەھشەتلىك يىللارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزدى. قايسى بىر دەۋر ياكى ئېغىر كۈنلەردە ئۆز ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي تەمكىن، چىدامىلىق بولۇپ، ھەرقانداق جاپا ـ مۇشكۈلگە بەرداشلىق بەردى. ئۇ، خىزمەت جەريانىدا مەيلى ئاددىي خىزمەت بولسۇن ياكى رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرغان بولسۇن ئاممـ



دىن ئايرىلمىدى.

ئۇ، ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى بولۇپ، گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئاددىي ـ ساددا ياشاپ، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى تەسىر قالدۇردى. ئۇ خەلقىمىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلققە سادىق قەلبى خەلقتىن ئايرىلمىدى، خەلقىمىز ئۇنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ.

# ئۇقۇتقۇچىمىز گۈلەندەم ئانا ھەققىدە

رىزۋانگۇل ئابلەت

ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز گۈلەندەم ئانىنىڭ ئايالّلار مائارىپى يولىدىكى خىزمەت تارىخى، 1911 - يىل 12 - سېنتەبىردىن باشلىنىپ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام ئەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن مىڭلارچە. خوتۇن - قىزلار ھېلىھەم جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

گۈلەندەم ئانا 1889 - يىلى قازاندىكى بىر تاتار ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، چۆچەك شەھىرىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان. ئۇ ئىلگىرى شۇ زامانىنىڭ ئابىستايلىرىدىن تەلىم ئېلىپ ئوقۇيدۇ، كېيىنرەك ئۆز ئائىلىسىدە ئوقۇپ ئاتىسىدىن تەلىم ئالىدۇ. ئۇ 21 ياشقا توشقاندا (1910 - يىلى)، چۆچەك شەھىرىنىڭ ئەڭ ئىلغار مۇئەللىملىرىدىن ھېسابلانغان مەجبۇللا ئەبدۇللىن ئىسىملىك تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىقنى سۆيگۈچى مۇئەللىمگە تۇرمۇشلۇق بولىدۇ. بۇ تۇرمۇش گۈلەندەم ئانىنىڭ مەرىپەتلىك ئادەم بولۇپ چىقىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ يولدىشى مەجبۇللا ئەپەندىنىڭ ياردىمىدە ئۆز مەلۇماتىنى كۈنسايىن ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز بىلگىنىنى باشقىلارغا ئۆگىتىشكە باشلايدۇ، ئۇنىڭ بۇ ئىجتىھاتى بىكار كەتمەيدۇ. بەلكى ئۆزىنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

گۈلەندەم ئانا، 1911 - يىلى سېنتەبىردە ئۆز ئۆيىدە قىزلار مەكتىپى ئېچىپ، چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلىققا قەدەم قويىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا چۆچەكتىكى مەكتەپلەردە كونا ئۇسۇلدا دەرس ئۆتۈلگەچكە، بۇ ئۇسۇل بىلەن خەت تونۇپ ساۋاتلىق بولۇش بەك مۇشەققەتلىك ئىدى. مەجبۇللا ئەپەندى بۇ قىيىنچىلىقنى ئېتىبارغا ئېلىپ، يېڭى ئۇسۇل بىلەن ئوقۇتۇشنى مۇۋاپىق كۆرىدۇ ۋە مەكتەپ ئېچىپ بالىلارنى يېڭى ئۇسۇلدا ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن چۆچەكتە كونا ئۇسۇلدا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئەمەلدىن قالىدۇ، يېڭى مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىيلەن ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس يولىدا زور ھەۋەس بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، باشقىلارنىمۇ يېڭىلىققا، مەرىپەت يولىغا باشلايدۇ......

گۈلەندەم ئانا تەربىيىسىدىكى قىزلار قول ھۈنەرلىرىنى (تىكىش، چىكىش) ئۆگىنىدۇ. ھەر يىلى 10 -، 15 - ماي كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلار يىللىق ئىمتىھان بېرىپ تەتىلگە قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چۆچەك قىزلىرى ئوقۇشقا بېرىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىدىنمۇ خەۋەردار بولۇپ، ئۆز زامانىسىغا لايىق مەدەنىي تۇرمۇشقا قەدەم قويىدۇ.

ئەمما بۇ ۋاقىت چۆچەكتە جاھالەتچىلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، قىزلار 12 - 13 ياشقا كىرىشى بىلەنلا مەكتەپكە بېرىشتىن توختاپ، ئۆيلىرىگە قامىلىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. چۈنكى ئاتا - ئانىلار قىزلىرىنى بويىغا يەتكەندىن كېيىن كوچىلاردا يۈرسە بولمايدۇ، دەپ ئوقۇش يېشىدىكى قىزلىرىنى ئوقۇشتىن ۋاقىتسىز توختىتىۋالاتتى.

گۈلەندەم ئانا ئەنە شۇنداق ئوقۇشتىن توختىتىلغان شاگىرتلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئېچىناتتى، ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى ئويلايتتى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا مۇراجىئەت قىلاتتى. نەتىجىلىك جاۋابلارنىڭ بەك ئاز بولۇشى بىلەن مەيۇسلىنىپ كەتمەي، ئۈمىد بىلەن ئالغا قارايتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يولدىكى قىيىنچىلىقلارنى ئاستا - ئاستا يېڭىپ باراتتى.

1918 - يىلى، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلار يېڭى ئۇسۇلدا مەكتەپ ئېچىپ، چۆچەكتىن مەجبۇللا ئەپەندىنى مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلىدۇ. چۆچەك خەلقى ئۇنى ئەۋەتمەسلىككە تىرىشقان بولسىمۇ، مەجبۇللا ئەپەندى ئاستانىگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى مۇۋاپىق تاپىدۇ. ئەمما ئۇن يىلغا يېقىن نۇرغۇن ئېغىرچىلىقلارغا چىداپ تەربىيىلىگەن شاگىرتلىرىدىن ئايرىلىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بۇ ھال بولۇپمۇ گۈلەندەم ئانا ۋە قىز ئوقۇغۇچىلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ. بارلىقىنى خەلققە بېغىشلاش، خوتۇن - قىزلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا ھېچنېمىنى ئايىمىغان گۈلەندەم ئانىمۇ بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ گۈلەندەم ئانا يولدىشى مەجبۇللا بىلەن ئاستانىگە بارىدۇ.

گۈلەندەم ئانا ئاستانە قىزلىرىنىڭ قاراڭغۇلۇق، نادانلىقتىكى ھاياتىنى، زۇلمەت دۇنياسىدا ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەك ئېچىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىشقا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. «تامچە سۇ تاشنى تېشەر» دېگەندەك، بۇلار قىش ۋە ياز تىنىم تاپماستىن ئاستانە خەلقى ئىچىگە مائارىپ ئۇرۇقىنى چېچىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە ئۈچ يىل ئىچىدىلا يۈزلىگەن ئوغۇل - قىز ساۋاتلىق بولۇپ قالىدۇ، قىسمەن بولسىمۇ دۇنيا بىلەن، ئىلىم - پەن بىلەن تونۇشىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئويغىنىشقا باشلايدۇ. بىر قانچە خوتۇن - قىز گۈلەندەم ئانىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئوبدان تەلىم ئېلىپ، شۇ زاماننىڭ ئىلغار ئادەملىرىدىن بولۇپ چىقىش ئۈچۈن شەرت ھازىرلايدۇ. شۇنداق قىلىپ گۈلەندەم ئاستانە خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ساپ قەلبىنى مېھرى - مۇھەببەت بىلەن سۇغىرىشقا باشلايدۇ.

1922 - يىلى، مەجبۇللا ئەپەندى بەختكە قارشى كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ. بۇ ئىش يالغۇز گۈلەندەم ئانا ئۈچۈنلا



ئەمەس، پۈتۈن ئاستانە خەلقى ئۈچۈنمۇ چوڭ بىر يوقىتىش بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن گۈلەندەم ئانا ئىمتىھانلىرىنى تۈگىتىپ، چۆچەك شەھىرىگە — تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان گۈلەندەم ئانىنىڭ چۆچەككە قايتىپ كېلىشى چۆچەك خەلقى ئۈچۈن بولۇپمۇ چۆچەكتىكى خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن زور خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. خەلق ئۇنىڭغا يەنە مۇئەللىملىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن گۈلەندەم ئانا مىرىيۇسۇپ زاھىدنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئۆز ئۆيىدە خۇسۇسىي قىزلار مەكتىپى ئاچىدۇ. مەكتەپ يەنە قىزلار بىلەن تولىدۇ، ئوقۇغۇچىلار كۈنسايىن كۆپىيىشكە باشلايدۇ. كېيىن گۈلەندەم ئانا شۇنچە كۆپ قىزلارغا يېتىشەلمىگەنلىكتىن، گۈلسۇم ئىرىنچىنا ئىسىملىك 14 ياشلىق قىزنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋالىدۇ.

1924 - يىلى، چۆچەك بايلىرىدىن بولغان ھەسەن ئاقساقال ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدىن تەركىب تاپقان بىر مەكتەپ سېلىپ گۈلەندەم ئانىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەمما ئوقۇغۇچىلار كۆپ بولغاچقا 80 — 90 ئوقۇغۇچى ئىككى ئىسمېندا ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەكتەپنىڭ تەمىناتىغا پۈتۈنلەي ھەسەن ئاقساقال مەسئۇل بولغانلىقتىن، بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارغا چىداشقا توغرا كېلەتتى.

1927 - يىلى، ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەسەن ئاقساقال مەكتەپ بىناسىنىڭ بوشىتىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. گۈلەندەم ئانا بۇ خەۋەرنى بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئىنكاس قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالالمايدۇ. شۇڭا ئۆزى بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ كۆچۈپ چىقىدۇ.

ئوقۇش باشلاش ۋاقتى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ، پۈتۈن

ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇشقا تىزىملىتىدۇ. ھەسەن ئاقساقال پارتا ۋە دوسكىلاردىن تارتىپ ئېلىپ قالغاچقا، گۈلەندەم ئانا بۇ ئىشنى ئوقۇغۇچىلارغا ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە ئوقۇغۇچى بىرلىشىپ، ئوتتۇز كىشىلىك پارتا - ئورۇندۇق ۋە خەت يازىدىغانغا دوسكا تەييارلايدۇ. شۇ يىلى ئوقۇغۇچى سانى تېخىمۇ كۆپىيىپ، يەنە بىر ياردەمچى ئوقۇتقۇچى سەپلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ چۆچەك شەھىرىدىكى ھەر مىللەت قىزلىرى جۈملىدىن ھال - ئوقتى ياخشى ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرىمۇ ئەنە شۇ گۈلەندەم ئانىنىڭ ئۆيىدە ئوقۇشقا باشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۆز قىزلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيە ئېلىشىغا رازى بولىدۇ.

گۈلەندەم ئانا چۆچەك قىزلىرىنى نادانلىق ۋە جاھالەت دۇنياسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يەر ئېلىپ مەكتەپ سېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ ۋە مەكتەپ سېلىشقا مۇۋاپىقراق ئورۇن ئىزلەشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە مەرھۇم مەجبۇللا ئەپەندىدىن قالغان مىڭ سەر پۇلغا ئۆزى تېجەپ يىغقان ئىككى مىڭ سەر پۇلنى قوشۇپ، مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن يەر سېتىۋالىدۇ. مەكتەپ سېلىشقا كېتىدىغان كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئاستا - ئاستا ھازىرلايدۇ. ئىمتىھاندىن كېيىن مىر يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەجبۇللا ئەپەندىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرى (بۇلارنىڭ بىر قىسمى چوڭ سودىگەر بولۇپ كەتكەن) مىڭ سەرگە يېقىن پۇل ئىئانە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ باھار پەسلى كىرىش بىلەن تەڭ مەكتەپ سېلىشقا تۇتۇش قىلىدۇ.

شۇ يىلى سېنتەبىردە، گۈلەندەم ئانا ساپ ھاۋالىق، كەڭ - ئازادە يېڭى مەكتەپتە ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە كۈتۈۋالىدۇ. يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولىدۇ. ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى بۇرۇنقىدىن زور دەرىجىدە يۈكسىلىدۇ، گۈلەندەم ئانىنىڭ



بۇ غەيرىتى ھەممە ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. گۈلەندەم ئانىنىڭ شاگىرتلىرى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىدۇ. 6 - سىنىپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئورنىنى ئوقۇش يېشىغا توشقانلار ئىگىلەشكە باشلايدۇ.

ئاپرېل ئىنقىلابىدىن كېيىن گۈلەندەم ئانا مائارىپ باشلىقلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ، مەكتەپتە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىش مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى مۇئەللىملىك سالاھىيىتىگە توشىدىغانلارنى كۇرستا ئوقۇشقا چاقىرىدۇ. بۇ كۇرسنىڭ دەرسلىرىنى ئۆتۈشكە مەلۇماتلىق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىدۇ. كۇرس ئىككى ئاي داۋاملاشقاندىن كېيىن 21 نەپەر مۇئەللىم يېتىشىپ چىقىدۇ.

شۇ يىلى چۆچەكتىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە تۆت - بەش يەردە قىزلار مەكتەپلىرى ئېچىلىپ كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن تەمىن ئېتىلدى. شۇ قاتاردا ئۇيغۇر مەھەللىسىدە «مەھمودىيە» مەكتىپى ئېچىلىپ، ئۇيغۇر قىزلىرىمۇ مەكتەپكە جەلپ قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ قىزلار مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسىگە گۈلەندەم ئانا يېتەكچىلىك قىلدى. ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىن ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ، ئۇلارغا يوليورۇق كۆرسىتىپ تۇردى، مەكتەپتە بولسا ئۇ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

1935 - 1936 - يىللارغا كەلگەندە، ئاياللار مائارىپى يەنە بىر بالداق كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. يەنە قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، مۇئەللىملەر كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىدۇ ۋە چەت ناھىيىلەرگە، يېزا - قىشلاقلارغىمۇ ئەۋەتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ گۈلەندەم ئانىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان نۇرغۇن خوتۇن - قىزلار ھەر مىللەتنىڭ ياش بوغۇنلىرىنى

ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ.

1937 - يىلى، گۈلەندەم ئانا رەھبەرلىكىدىكى «گۈلەندەمىيە مەكتىپى» نىڭ شۆبە مەكتەپلىرى ئۈچ - تۆت يەردە ئېچىلىدۇ. مەكتەپنىڭ بىرلا ئورۇندا بولماسلىقى كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. گۈلەندەم ئانا ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر يەردە تەربىيىلەشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇمكىن بولماي قالىدۇ. شۇنداق قىيىنلىپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئاستانىلىق مەجبۇللا تالىپ بالىلىرى (سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، قايتىشىدا) چۆچەككە كېلىپ، گۈلەندەم ئانا بىلەن كۆرۈشىدۇ. ھەمدە مەكتەپنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ چۆچەكتىكى قورۇ - جايىنى قىزلار مەكتىپىنىڭ ئىختىيارىغا تەقدىم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ شۇ ئورۇنغا كۆچۈپ چىقىدۇ، گۈلەمدەم ئانىنىڭ ئۆيى ئۆزىگە قالىدۇ. 14 ئېغىزلىق ئۆيى، كەڭ، ئازادە قوراسى ۋە بېغى بار بۇ مەكتەپ 14 مۇئەللىم، سەككىز سىنىپلىق 255 نەپەر ئوقۇغۇچىنى چەكسىز خۇشال قىلىدۇ. ئۇلار مەجبۇللا تالىپ (مىسىلىف) بالىلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

بۇلار يېڭى، ئازادە مەكتەپكە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىر نەچچە يىل ياخشى داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى ۋاقىتلاردا (شىڭ شىسەي دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا) گۈلەندەم ئانا رەھبەرلىك ئىشىدا ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش يولىدا كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ، يەنى ئۇ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنىڭ تار رامكىغا كىرىپ قېلىشىغا رازى بولمايدۇ. خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا مۇخالىپ كېلىدىغان تۈرلۈك ئەمىر - پەرمانلارغا قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. بولۇپمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان كېيىنكى مەزگىللەردە خەلقنىڭ بولۇپمۇ دائىرىچىلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانلىقىغا ئېچىنىدۇ... ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئې-



ۋىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلاردا قىلچىلىك ھوقۇقنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. بەختكە يارىشا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبىسىنىڭ تاڭ نۇرى تارباغاتاي زېمىنىنى يورۇتۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت خەلقىنى ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشتىن ئازاد قىلغىنىدەك، بۇ يورۇق تاڭ گۈلەندەم ئانىنىڭمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئېغىر كۈنلىرىگە ۋە ۋىجدان ئازابىغا خاتىمە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈلەندەم ئانا خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى كۆرۈپ ئىلھاملىنىدۇ ۋە يېشىنىڭ چوڭ بولۇشىغا قارىماستىن ئۆز زېمىنىدىكى مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۆز ئارزۇسىدەك، خەلقنىڭ تىلىكىدىكىدەك ئادا قىلىشقا كىرىشىدۇ.

ئۇ ئازادلىق نۇرىنى كۆرگەندىن كېيىن يالغۇز مائارىپ ئىشلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، پۈتۈن خوتۇن - قىزلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىنقىلابىي كۈرەشكە ھەسسە قوشۇش يولىغا باشلايدۇ. مىللىي ئارمىيىگە سوۋغا ئەۋەتىش، كىيىم - كېچەك ھازىرلاش، ئىئانە توپلاش ئىشلىرىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاياللارغا ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ مەقسەتلىرى، دەۋرنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەپ چۈشەندۈرىدۇ. باشقا ئىدارە - جەمئىيەتلەر قاتارىدا خوتۇن - قىزلار جەمئىيىتى قۇرۇلغاندا، جەمئىيەت رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، ئىجتىمائىي ساھەدە ئاياللار خىزمىتى بويىچە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

1946 - يىلى 10 - ماي كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئالىي ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. گۈلەندەم ئانا ئازادلىق تاڭىغا ھەمشىرىك بولۇش بىلەن بىر يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يېڭى خەلقچىل ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەقدىرلىنىش بىلەن خۇشاللىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن چۆچەك خوتۇن - قىزلىرىمۇ خۇشاللىنىدۇ. قەدىرلىك ئۇستازلىرىنى چىن قەلبىدىن تەبرىكلەپ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى يېڭى بەختلىك

تۇرمۇش يولىدا ئۇزۇن يىللار ئىنتىپاقلىشىپ ئۆتۈشكە تىلەكداش ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

1947 - يىلى ھەجبۇللا تالىپ يەنە چۆچەككە كېلىپ، «گۈلەندەمىيە مەكتىپى» ئىشلىتىۋاتقان چوڭ ئىمارەتنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇ مەزگىللەردە بۇ مەكتەپ 8 سىنىپلىق، 250 كە يېقىن ئوقۇغۇچى، نۇرغۇن ساندىكى ئۆسمۈر ۋە ساۋاتسىز ئاياللارنىڭ ئىلىم - بىلىم ئالىدىغان تەربىيە ماكانى بولۇپ، گۈلەندەم ئانىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكى بىلەن ھەممە ئىشتا نەمۇنىلىك ئورۇن بولىدۇ.

مانا شۇنداق قىلىپ گۈلەندەم ئانا 38 يىل جەريانىدا خوتۇن - قىزلارغا توغرا تەربىيە بېرىپ ئۇلارنى يېڭى تەرەققىيات تۇرمۇش يولىغا يېتەكلەش يولىدا نۇرغۇن كۈچ چىقىرىپ، ئۇنتۇلماس خىزمەت كۆرسەتكەن مەنىۋى ئانا بولۇپ قالىدۇ...

ئەينى ۋاقىتتا تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە مۇئەللىملەرنىڭ كۆپچىلىكى ۋە ئوچۇق پىكىرلىك، مەلۇماتلىق، يېڭى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئەرلەردىن قېلىشماي خىزمەت قىلىۋاتقان خوتۇن - قىزلارنىڭ ھەممىسى گۈلەندەم ئانىنىڭ شاگىرتلىرى (ئوقۇغۇچىلىرى) ھەتتا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىمۇ گۈلەندەم ئانىدىن تەلىم ئالغانلاردۇر.

گۈلەندەم ئانىنىڭ 1946 - يىلىدىن كېيىن تەربىيىلىگەن شاگىرتلىرى، ئەينى ۋاقىتلاردا تەربىيىلىگەن شاگىرتلىرىنىڭ قىزلىرىنىڭ قىزلىرى (نەۋرىلىرى) ئىدى. شۇڭا گۈلەندەم ئانا تەربىيىسىدىكى 1 -، 2 - سىنىپتا ئوقۇيدىغان قىزلار ئارىسىدا «مېنىڭ چوڭ ئانامۇ، ئاپامۇ، بۇ مۇئەللىمدە ئوقۇغان ئىكەن، ئەمدى مانا بىز ئوقۇۋاتىمىز» دېگۈچىلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل يولداشلار گۈلەندەم ئانا بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئۇ: «ئەمدى قېرىدىم، 60 ياشقا بېرىپ قالدىم،



خىزمىتىمنى شاگىرتلىرىمغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، دەم ئالىدىغان ۋاقىت كەلدى دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما ھازىرقى ئازاد، بەختىيار يېڭى ھايات مېنىڭ روھىمغا روھ، كۈچۈمگە كۈچ قوشتى. ئازادلىق تېگى مېنى چەكسىز ئىلھاملاندۇردى. شۇڭا شاگىرتلىرىمنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۆز ئىشىمنى (ئوقۇتقۇچىلىقىمنى) داۋاملاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم» دەيدۇ. گۈلەندەم ئانىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئىدى. گەرچە ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ ئىدىيىسى ئىلغار، روھى قەيسەر بولغاچقا، «تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خوتۇن - قىزلار جەمئىيىتى»نىڭ پەخرى رەئىسى ۋە «گۈلەندەمىيە مەكتىپى» نىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىدى. گۈلەندەم ئانا ۋە ئۇنىڭ يولدىشى مىجبۇللا ئەبۇللانىڭ ھاياتى، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۈملىدىن تارباغاتاي خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ھايات، باشتىن ئاياق جاھالەت بىلەن ئېلىشقان ھايات.

تارباغاتاي خوتۇن - قىزلىرى پۈتۈن ھاياتىنى ئۆزلىرىنىڭ بەختىگە بېغىشلىغان بىر قەدىرلىك ئۇستازىغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ كىشىلىك پەزىلىتىدىن ئۆرنەك ئېلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات.

# پېشقەدەم ئىنژېنېر ئەلى جالالىدىن

مەھەممەتقۇربان ئەزىز يارى

ئەلى ئاخۇن ئۇستا ئوغلى جالالىدىنوۋ، 1910 - يىلى 8 - ئايدا غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە موزدۇز ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇ، سەككىز ياشقىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇپ، 1919 - يىلدىن 1924 - يىلغىچە ئۈرۈمچىدە خوتەن مەسچىتى ئاچقان دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ھەمدە شۇ مەكتەپتە خەت ساۋادىنى چىقىرىدۇ. 1943-يىلى نويابىردا، شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە ئاچقان ئالتە ئايلىق ئاگرونوم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇپ، ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، شېڭشىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمىگە ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان رېسپوبلىكىسىنىڭ سەمەرقەنت شەھىرىدىكى سۇغىرىش، يەر تۈزلەش ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا كىرىپ ئىككى يىللىق تەييارلىق كورسىدا ئوقۇيدۇ، ھەمدە رۇس تىل - يېزىقىدىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنالايدىغان سەۋىيىگە يېتىدۇ. ئاندىن تۆت يىل ئاساسلىق كەسپىي پەننى ئوقۇپ، 1941 - يىلى ئىنستىتۇتنىڭ ئالىي تېخنىكوم سىنىپىنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ 1941 - يىلى 9 - ئايدىن 1942 - يىلى 1 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتىدە سۇ قۇرۇلۇشى ئىنژېنېرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۈرۈمچى خۇكيەنچى سۇ ئامبىرىدا ئىنژېنېر سۇنتۇك، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىدىن سىرگىيېۋ، ساكولوۋ، نوكولوۋ قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئىشلەيدۇ. 1942 - يىلى 1 - ئايدا،



تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا ئاساسەن ئالتايغا يۆتكىلىپ بېرىپ تاكى 1980 - يىلى 12 - ئايغىچە شۇ يەردە توك، ئورمان، سۇ ساھەلىرىدە ئىنژېنېر، كوجاڭ، ئىدارە باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇپ قىرىق يىل ئىشلەپ، 1980 - يىلى 12 - ئايدا يەتمىش يېشىدا دەم ئېلىشقا چىقىدۇ.

## پېشقەدەم ئىنژېنېرنىڭ ئۆچمەس ئىش - ئىزلىرى

1942 - يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتى ئالتايدا بۇرۇن كوستەباي تەرىپىدىن قازدۇرۇلغان ئاۋۋەتەن ئۆستىڭىنى كېڭەيتىپ ياساپ، ئالتاينىڭ ئاۋۋەتەن زېمىنىدا بىر ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇشنى پىلانلايدۇ. شۇ چاغدا ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتىدە سۇ ئىنژېنېرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنى تېخنىكا جەھەتتىكى مەسئۇل ئىنژېنېر قىلىپ بەلگىلەيدۇ، ئاۋۋەتەن ئۆستىڭىنىڭ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى باشلىغاندا، تەشكىل ئەلى جالالىدىننىمۇ ئاۋۋەتەن ئۆستىڭى قۇرۇلۇشىدا مەسئۇل ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋقا ياردەملىشىپ ئىشلەش ئۈچۈن ئۇنى ئالتايغا يۆتكەيدۇ. ئەلى جالالىدىن 1942 - يىلى 1 - ئايدا ئالتايغا يۆتكىلىپ بېرىپ، تاكى 1980 - يىلى 12 - ئايغىچە (دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر) ئاساسەن سۇ ۋە توك ئىشلىرى ساھەسىدە ئىشلەپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ سۇ - توك ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا زور تۆھپىلەرنى قوشىدۇ.

(1) 1942 - يىلى 1 - ئايدىن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەسئۇل ئىنژېنېر مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ قوماندانلىقىدا ئاۋۋەتەن ئۆستىڭىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا تەييارلىق قىلىش، پىلانلاش، ئۆلچەش، قېزىش ئىشلىرىدا تېخنىكىلىق جەھەتتە ياردەمچى ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلەيدۇ؛ ئۇن بەش كىلومېتىر ئۇزۇن-

لۇقتىكى ئاۋۋتەن ئۆستىڭىنى يەنە ئون ئۈچ كىلومېتىر ئۇزارتىپ قېزىش قۇرۇلۇشىدا، ئۆستەڭنىڭ يوغان تېرەك قىسمىنى پىلانلاش، لايىھەلەش، ئۆلچەش، قېزىش قاتارلىق قۇرۇش ئىشلىرىنى تېخنىكىلىق تەلەپكە ئۇيغۇن ھالدا ئىشلەپ غەلىبىلىك تاماملايدۇ.

(2) مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، يەنە 1943 - يىل 4 - ئايدىن 1945 - يىل 9 - ئايغىچە ئاۋۋتەن ئوستىڭىنى ئىككى قېتىم كېڭەيتىپ قېزىش (1943 - يىل 4 - ئايدىن 6 - ئايغىچە يەنە يەتتە كىلومېتىر ئۇزارتىپ، ئۆستەڭنىڭ ئايىغىنى قاراچىلىك جىراسىغا يەتكۈزۈش) قۇرۇلۇشى مەزگىلىدە، تېخنىكا جەھەتتىن مەسئۇل ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلەپ، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تاماملايدۇ.

(3) ئالتايدا قۇرۇلماقچى بولغان كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ تېخنىكىلىق مەسئۇلى بولۇپ، 1948 - يىل 6 - ئايدىن 12 - ئايغىچە قىران دەرياسىدىن ئېلىنىدىغان ئۇزۇنلۇقى 900 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر، ئۆستەك ئاستىنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر، ئۇستىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېتىر، سۇ سىغىمچانلىقى ئۈچ كوپمېتىر سىكۇنت ($3m^3/skont$) لۇق يانتۇ ئۆستەڭنى پىلانلاش، لايىھەلەش، ئۆلچەش، قېزىش ۋە ئېلېكتىر ئىستانسا ئۆيى (چاڭفاڭ) قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قول سېلىپ ئىشلەپ، 225 كىلوۋاتلىق تۇنجى ئالتاي ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى بەرپا قىلىشتا زور تۆھپە قوشىدۇ. بۇ تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان ئېلېكتىر ئىستانسىسى 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن توك بېرىپ، ئالتاي شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى تۇنجى قېتىم سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن بەرپا قىلىنغان توك بىلەن تەمىنلىنىپ، خوشاللىق تويى تەنتەنىسىگە چۆمىلىدۇ.

(4) ئەلى جالالىدىن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئالتاي ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ، 1950 - يىل 9 - ئايدىن



1957 - يىلى 3 - ئايغىچە ئالتاي ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇ تارىختىن بېرى ئالتاي ئورمانچىلىقىدا كۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان ئوت ئاپىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئوتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ماتېرىيال ئورمىنىنى قالايمىقان كېسىشكە چەك قويۇش، يېقىلغۇ مەسىلىسىنى ئورمان تازىلاش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىش (ئورمان ئىچىدە دۆۋىلىنىپ كەتكەن قۇرۇق ياغاچ، شاخ - شۇمبىلارنى ئېلىپ چىقىپ ئوتۇن قىلىش)، ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىش قاتارلىق جەمئىيەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

(5) ئالتاي دېڭىز يۈزىدىن بىر قانچە مىڭ مېتىر ئېگىز بولۇپ، قار قېلىن ياغىدىغان، قىش كۈنلىرى تېمپېراتۇرا ئادەتتە 30°C — 25 بولىدىغان، ھاۋا كېلىماتى سوغۇق، قىش - قىرۇۋ مەزگىللىرى ئۇزۇن بولغاچقا «ئالتايدا مېۋە بولمايدۇ» دەيدىغان ئۇقۇم ئومۇمىيۈزلۈك بار ئىدى. 1952 - يىلى ئەتىيازدا ئەلى جالالىدىن ۋالىي مەھكىمىسىگە تەكلىپ بېرىپ، ئالتاي شەھىرى ئىچىدىكى «سەيىن جىڭفاڭ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن كۆچەتزارلىقتىن 20 مو يەرنى مېۋە كۆچەتخانىسى قىلىپ تەييارلاپ، چۆچەكتىن 200 تۈپ ئالما كۆچىتى ئېلىپ كېلىپ تىكىپ، پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈپ، مېۋىگە كىرگۈزۈپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. 1953 - يىلى ئەتىيازدا بۇ مېۋە كۆچەتزارلىقىنى مېۋىلىك باغ قىلىپ كېڭەيتىپ، ئالما، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئەينۇلا قاتارلىق مېۋىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، ئەلمىساقتىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن «ئالتايدا مېۋە بولمايدۇ» دەيدىغان كونا كۆز قاراشقا خاتىمە بېرىدۇ. ئالتاي شەھىرى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ھاۋا كېلىماتى يازلىقى سالقىن بولغاچقا ئالمىلار ناھايىتى بېجىرىم ئۆسكەن ئىدى. ئەلى جالالىدىن پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن ئاپورت ئالمىلىرى تۆت - بەش يۈز ھەتتا بەزىلىرى سەككىز

يۇز گىرامغىچە چوڭىيىپ، 1959 ‐ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىگە قويۇلدۇ، مۇشۇنداق ئەمەلىيەت باشقىلار ئارىسىدا تەسىر كۆرسىتىپ، شەھەردىكى ئىدارە ‐ جەمئىيەتلەر، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك قىسمىنىڭ 28 ‐ پولكى، چىمپىرچەك دېھقانلىرى، تولى دېھقانلىرى شۇنىڭدەك شەھەر ئاھالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ھويلا ‐ ئاراملىرىدا ئالما، ئۈزۈم، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ باغ يېتىشتۈرۈپ، ھەممە كىشىنىڭ ھويلا ‐ ئاراملىرى بوستانلىققا ئايلىنىدۇ.

(6) ئەلى جالالىدىن 1957 ‐ يىلى 3 ‐ ئايدا ۋالىي مەھكىمىسى سۇ ئىشلىرى بۆلۈمىگە باشلىق بولۇپ يۆتكىلىپ كېلىپ، 1965 ‐ يىلى 4 ‐ ئايغىچە ئىشلەش جەريانىدا چىڭگىل، كۆكتوقاي قاتارلىق ناھىيىلەردە ئېچىشقا بولىدىغان يەرلەرنى تەكشۈرۈپ، سۇ چىقىش ئېھتىمالى بولغان يەرلەرنى ئېچىشقا بەل باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىڭگىل ناھىيىسىدە سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىدىن ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر كېلىدىغان بەنچىلىك ئۆستەڭنى پىلانلاش، سىزىش، ئۆلچەش، قېزىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، خەلق كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۆستەڭنى قېزىپ پۈتتۈرۈپ، 8000 مودىن 10 مىڭ موغىچە بولغان بوز يەرنى تېرىقچىلىق يېرىگە ئايلاندۇرىدۇ.

(7) 1960 ‐ يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق 3 ‐ سۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى، شۇ چاغدا كۆكتوقاي ناھىيىسىگە قاراشلىق دۇرە گۇڭشېسىنىڭ تېرىلغۇ ئېتىزى ۋە چاپىلىق يەرلىرىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۇرۇلتوقاي دەرياسىنىڭ قارا بۇلغۇن قىستىڭىدا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ دامبا قۇرۇلۇشىغا ئەلى جالالىدىن تېخنىكا جەھەتتىن ھەمكارلىشىپ، ئېگىزلىكى 11 مېتىر، دامبا تاپىنىنىڭ كەڭلىكى 40 مېتىر، دامبا ئۈستىنىڭ كەڭلىكى يەتتە مېتىر،



ئۇزۇنلۇقى 110 مېتىر دامبا قۇرۇلۇشىنى ئۆز يېرىدىن ماتېرىيال ئېلىش (جۇدې چۇۋسەي) پرىنسىپىغا ئاساسەن تاش، قۇم، توپىدىن پايدىلىنىپ ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئەمگەك كۈچى، ئەمگەك قورالى (لوم، جوتۇ، تۆمۈر كۈرەك) خەلقتىن بولىدۇ. تاش پارتلىتىش تېخنىكىسى، پارتلاتقۇچ دورا، پارتلىتىش قورالى (پوۋىت) نى كۆكتوقاي كان ئىدارىسى ياردەم قىلىدۇ. دامبىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مىڭ ئەمگەك كۈنى سەرپ قىلىنىدۇ. دامبا پۈتكەندىن كېيىن بۇرۇلتوقاي دەرياسىدىن جەنۇبقا قارىتا 25 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ ئېلىنىدۇ. بۇ ئۆستەڭنىڭ پىلانلاش، ئۆلچەش، قېزىش ئىشلىرى ئەلى جالالىدىننىڭ بىۋاسىتە تېخنىكىلىق رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈش بىلەن 40 مىڭ مولۇق تېرىلغۇ يەر، ئاتمىش مىڭ مولۇق چارۋىچىلىق يېرى (يايلاق) بەرپا قىلىنىدۇ. خەلقنىڭ ئەمگىكى بىلەن مۇشۇنداق ياخشى شارائىت ھازىرلانغانلىقتىن، دۇرە گۇڭشېسى قۇرۇلۇپ، كۆچمەن خەلقلەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

پېشقەدەم ئىنژېنېر ئەلى جالالىدىن ئالىي بىلىم يۇرتىدا مەخسۇس كەسىپ بويىچە ئالغان بىلىمىگە ۋە ئەمەلىي خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا ئىگىلىگەن تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئۈرۈمچى خۇگېيەنچى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، شۇنىڭدەك چىڭگىل، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ بىر قىسىم سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا تېخنىكىلىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، ئالتاينىڭ ئورمانچىلىق ھەم باغۋەنچىلىك ئىشلىرىغا زور تۆھپىلەرنى قوشىدۇ. ئۇ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىجتىمائىي ھاياتىدا پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، 1941 ‐ يىلدىن 1980 ‐ يىلغىچە بولغان 40 يىللىق ھاياتىنى 40 كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، 1980 ‐ يىلى 12 ‐ ئايدا 70 يېشىدا خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىقىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ غەمخورلۇقىدا ئاخىرقى ئۆمرىنى راھەت ‐ پاراغەتتە ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

# چاقىلىق مائارىپىنىڭ 50 يىلى

## ئابدۇۋەلى روزى

1930 - يىللار تارىختا ئاجايىپ يېڭىلىقلار كۆرۈلگەن، قالتىس ئۆزگىرىشلەر بولغان يىللار بولدى. شىنجاڭدىمۇ تارىخى خاراكتېرلىك تەۋرىنىش، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكىگە ئوخشاشلا مائارىپتىمۇ يېڭى بۆسۈش بولماقتا ئىدى. تەرەققىيپەرۋەر زىيالىلار، ئالىم، ئۆلىما، خەلقپەرۋەر زاتلار مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشى — نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ ئاساسلىق توپ يولى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

1933 - يىلى «12 - ئاپرېل» شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقىۋالغاندىن كېيىن ئىلغار زاتلارنىڭ بېسىمىنى ھېس قىلىپ، ئۆز ماھىيىتىنى نىقابلاپ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى جاكارلاپ، ئۆزىنىڭ «ئىلغار» لىقىنى نامايەن قىلدى.

1934 - يىلى «12 - ئاپرېل» بايرىمىدىن كېيىن ئۆلكىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»، جايلاردا شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلۇشقا باشلىدى. جۈملىدىن 1935 - يىلى چاقىلىقتىمۇ تاشكەنتتە ئوقۇغان سوۋېت پۇقراسى، ئاتۇشلۇق زۇنۇن ئىسلاموپ ھاكىم بولغاندىن كېيىن «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇپ مامۇت ئاخۇن (ئابدۇۋەلى مامۇتنىڭ دادىسى) دېگەن كىشى رەئىسلىككە سايلاندى. چاقىلىق ھازىرقى زامان مائارىپىنى تىلغا ئالغاندا، ئاقارتىش



ئۇيۇشمىسىنىڭ مائارىپتىكى رولى ۋە تۆھپىسىنى تىلغا ئالماي ئۆتەلمەيمىز.

1935 - يىللاردىن بۇرۇن كونا يامۇل قارمىقىدا بىر سىنىپ شۆتاڭ بولسىمۇ، ئۇ جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن (1928 - يىلى 7 - ئايدا قارا شەھەرگە ۋاڭ بورۇي ۋالىي بولغاندىن كېيىن) قۇرۇلغان، ئىسمى بار - جىسمى يوق مەكتەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تولاۋسى (تولەيفۇ) قۇمۇل تەرەپتىن يۆتكەپ كېلىنگەن خەنزۇ بولۇپ، بۇ كىشى ئۇيغۇر يېزىقى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوقۇغۇچىلار خەنزۇ تىلىنى بىلمەيتتى. بۇ كىشى ئەستايىدىل بولۇپ، ئوقۇتۇشقا ناھايىتى تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن خەتلەرنى ئۆلۈك يېزىش، ئۆلۈك يادلاشتىن نېرى ئۆتەلمىگەن، ئۇيغۇر يېزىقىدىن دەرس ئۆتۈلمىگەن. 1928 - يىلىدىن 1935 - يىلى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانغا قەدەر، يىلدا يىگىرمىدىن ئەللىككىچە ئوقۇغۇچى ئوقۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ ۋىلايەتكە بېرىپ ئوقۇغانلىقى ياكى تەرجىمان بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

1932 - يىلى قارا شەھەرگە نيۇشى دېگەن ئادەم ۋالىي بولغاندىن كېيىنمۇ چاقىلىقنىڭ مائارىپ ئەھۋالىدا يەنىلا ئۆزگىرىش بولمىغان (نيۇشى 1933 - يىلى 1 - ئايدا قارا شەھەردە توقسۇن قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن).

1933 - يىلى قارا شەھەرگە ياڭ مىڭجۇ ۋالىي بولغاندىن كېيىن (ئۇ ئامېرىكىدا ئوقۇپ كەلگەن بولۇپ، لياۋنىڭ ئۆلكىسى كەييۈەن ناھىيىسىدىن بولغاچقا، شېڭ شىسەي ئۇنى بىر يۇرتلۇقۇم، دەپ تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرگەن ئىكەن)، 1934 - يىلى 8 - ئاي ئوتتۇرىلىرى شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن «چاقىلىقنى تەكشۈرۈش» كە كېلىپ، 10 - ئاي ئاخىرى چاقىلىق خەلق قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. مائارىپ ئەھۋالىدا يەنىلا ئۆزگىرىش بولمىغان. 1935 - يىلى قارا شەھەرگە

يۇ دېيى دېگەن كىشى ۋالىي بولغاندىن كېيىن، ئاقارتىش ئۇيۇشىلىرى خىزمىتىگە ئاز - تولا كۆڭۈل بۆلگەن. (يۇ دېيىنى 1942 - يىلى 12 - ئايدا شېڭ شىسەي قولغا ئالغان.) 1935 - يىلى 9 - ئايدىن كېيىن زۇنۇن شەنجاڭ ناھىيىلىك ئاقارتىش ئۇيۇشما خىزمەتلىرىگە بىۋاستە قول تىقىپ، مەسچىتلەردە، ئاممىۋى سورۇنلاردا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تىكەنلىك مەھەللىسىدىكى ئېزىز ھاجىمنىڭ قورۇسىدا 100 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، ئۈچ سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ ئاچقان، مەكتەپنىڭ بارلىق چىقىم - راسخوتلىرىنى ئىئانە توپلاش ئارقىلىق ھەل قىلغان.

ماخۇسەن قىسىملىرىنىڭ قوراللىق پاراكەندىچىلىكى، يەرلىك دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ پىتنە - ئىغۋالىرى (ئۇلار ئۆشرە زاكات، ۋەخپى يەرلەردىن كىرگەن كىرىمنىڭ بىر قىسمىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىغا تاپشۇرۇپ، بۇنى مائارىپ راسخوتى قىلىشقا قارشى چىققان) ئارقىسىدا مەكتەپنىڭ ساغلام ئوقۇشى مەلۇم توسالغۇلارغا ئۇچرىغان. زۇنۇن شەنجاڭنىڭ ھارماي - تالماي خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا، نادانلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان، قارا كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن چاقىلىق پۇقرالىرىدا ئاخىرى ئىلىم - ئېرپانغا ھەۋەس تۇغۇلغان. ئاخىرى پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، يامغۇردىن كېيىنكى يامبۇكتەك شەھەر - يېزىلاردا مەكتەپ بىنالىرىنى سېلىش، مائارىپ راسخوتى توپلاش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. 1936 - يىلى 9 - ئايدا سىنىپ سانى بەشكە، ئوقۇغۇچى سانى 150 نەپەرگە يەتكەن. 1937 - يىلى 9 - ئايدا شەھەر مەكتەپىنىڭ ئوقۇغۇچى سانىلا 290 نەپەرگە، سىنىپ سەككىزگە بارغان. ئوتام يېزا ئېگىز ئۆستەڭ مەھەللىسىدە 50 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ بىر سىنىپ ئېچىلغان. ناھىيە بويىچە سىنىپ توققۇزغا، ئوقۇغۇچى 340 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى 13 نەپەر-



گە، مەكتەپ ئىككىگە يەتكەن. 1938 - يىلى 9 - ئايغا كەلگەندە شەھەردىكى ئوقۇغۇچىلار 380 نەپەرگە، ۋاششەرى يېزىسىدا 60 نەپەرگە، ئوتام يېزىسىدا 90 نەپەرگە، يېڭىسۇ يېزىسىدا 90 نەپەرگە، مىرەن يېزىسىدا 36 نەپەرگە، ناھىيە بويىچە ئوقۇغۇچى سانى 656 نەپەرگە، سىنىپ سانى 20 گە، ئوقۇتقۇچى 20 نەپەرگە، مەكتەپلەر سانى بەشكە يەتكەن. زۇنۇن شەنجاڭ شەنلى مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا يەنە ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، پۈتۈن ناھىيە مائارىپىنى ئۆزى تۇتقان. ھەرخىل قارشىلىقلارغا سۆز بىلەن قايىل قىلىش تەربىيىسى ئارقىلىق رەددىيە بېرىپ، دىنىي مۇتەئەسسىپلەر تەرەپتىن كېلىدىغان توسالغۇلارغا بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ تاقابىل تۇرغان. ناھىيە باشقۇرغان سىنىپلاردىن تاشقىرى خۇيلى مەكتەپ، خۇيلى سىنىپلار تەشكىل قىلغان (خۇيلى مەكتەپلەر ئۇيۇشما قارمىقىدا بولۇپ، شۇ مەكتەپ، شۇ سىنىپ ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىش ھەققىدىن تارتىپ، مەكتەپ راسخوتلىرى ۋە قىشلىق ئىسسىنىش راسخوتلىرىغىچە ئۇيۇشمىلار — شۆبە ئۇيۇشمىلار ئۈستىگە ئالغان). 1937 - يىلىدىن باشلاپ زۇنۇن شەنجاڭ مائارىپقا ئىئانە توپلاش يولى بىلەن ناھىيە رەستىنىڭ غەربىدىكى قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ بويىغا ئالدىنى جەنۇبقا قارىتىپ، پەلەمپەيلىك، كارىدورلۇق، ئاستى تاختايلىق، رۇس پاسونىدا سەككىز سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدۇردى. ئۇنىڭ ئۈستەل - ئورۇندۇقلىرى تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان بولۇپ، ئۈچتىن ئوقۇغۇچى ئولتۇراتتى. پارتا - ئورۇندۇقلار ماش رەڭ سىردا سىرلانغان بولۇپ ئۇنىڭغا كېرەكلىك قۇلۇپ، ئەينەك، سىر قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەنىدى. 1938 - يىلى 9 - ئايدىكى يېڭى ئوقۇش مۇراسىمىدا مەكتەپ تامامەن پۈتتۈرۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلار كۆچۈپ كىرگەنىدى (بۇ مەكتەپتە بىرمۇ قىز ئوقۇغۇچى يوق بولۇپ، پۈتۈنلەي ئوغۇللار ئوقۇيتتى). 1936 - يىللىرى

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدە مائارىپ ئىدارىلىرى قۇرۇلدى، 1938 - يىلى قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسى چاقىلىق مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىدىن مەمنۇن بولۇپ، قوللاپ، مەلۇم ئىقتىساد بىلەن تەقدىرلىگەنىدى.

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىش كېرەككى، 1935 - يىلى غۇلجىغا كىرگەن سوۋېت گېئولوگلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغانىدى، جۈملىدىن چاقىلىقتا سوۋېت جياۋگۇەنلىرى بىنا سالغاندىن باشقا، تېلېگراف ئاپپاراتى ئېلىپ كەلگەن، ھاۋا رايى ئىستانسىسى قۇرغان. 1937 - يىلى چاقىلىقنىڭ شەرقىي - جەنۇبىدىكى ئالتۇنتاغ باغرىدىكى سايلىقتا ئايرودروم قۇرغانىدى (ئايرودروم ھازىرمۇ بار). ئايروپىلان كېلىپ - كېتىپ تۇرغاچقا زۇنۇن شەنجاڭ سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ دەرسلىك ماتېرىيال، مەكتەپلەرگە كېرەكلىك سىر، قەغەز، قەلەم قاتارلىق نەرسىلەرنى بىۋاسىتە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرەتتى. سوۋېتتا يېڭى چىققان كىتاب - ژۇرناللارنى «پراۋدا» گېزىتىنى ئېلىپ تۇرالايتتى. زۇنۇن شەنجاڭ ئاشۇ ماتېرىياللاردىن كۆرگىنى، بىلگىنى بويىچە بەزىدە ئوقۇتقۇچىلارغا خەلقئارا ۋەزىيەت، جۇڭگو ياپون ئۇرۇشى ۋەزىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى. 1938 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئېزىز ھاجىمنىڭ قورۇسىغا 20 نەچچە چوڭ داش قازان ئېسىپ، ناھىيە خەلقىنىڭ ھەممىسىنى تاڭ سەھەردە ئاشقا تەكلىپ قىلغان. يىڭسۇ، ۋاششەرى، لوپنۇر كۆلى رايونى، ئالتۇنتاغ رايونى، مىرەن يېزىسى قاتارلىق چەت رايونلارنىڭ ۋەكىللىرىنىمۇ تەكلىپ قىلغان. زۇنۇن شەنجاڭ شۇ چوڭ يىغىلىشتا، 1937 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ياپون ئارمىيىسىنىڭ كانتون قىسىملىرى نەنجىڭ شەھىرىدە 300 مىڭدىن ئارتۇق جۇڭگولۇقنى ۋەھشىلەرچە قىرىپ تاشلىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆزىمۇ يىغلاپ كەتكەن، يىغىن ئەھلىمۇ يىغلىشىپ كەتكەنىدى. كىشى-



لەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئويغىتىشتا مۇنداق سەۋىيىلىك ناتىق چاقىلىقتا يوق ئىدى. زۇنۇن شەنجاڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئايروپىلان تەقدىم قىلىش، ئىئانە توپلاش ۋە مائارىپقا ئىئانە توپلاش يولىيورۇقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە، مائارىپ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى پەن بىلەن قوراللاندۇرمىساق، ياپونىيىدەك كىچىك دۆلەتمۇ بىزنى بوزەك قىلىدۇ، تارىختا بىز ئاز زىيان تارتمىدۇق، دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن يېزا بايلىرى، شەھەر ھۈنەرۋەن، سودىگەرلىرى، دېھقانلارمۇ قوزغىلىپ كەتكەن. ئىگىلىشىمىزچە، شۇ كۈنى ئىئانە قىلىنغان قوي 3000، كالا 80، تۆگە 32، يامبۇ - كۈمۈش 10 مىڭ سەردىن ئارتۇق، ئالتۇن 50 سەردىن ئارتۇق بولغان. ھەتتا بەزى دېھقانلار سورۇنغا كىيىپ كەلگەن يېپيېڭى سىرتقى كىيىملىرىنىمۇ سېلىپ يىغىن سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىپ تەقدىم قىلغان، مىنىپ كەلگەن ئات، ئېشەكلىرىنىمۇ ئىگەر، توقاملىرى بىلەنلا تەقدىم قىلىشقان. ئارقىدىن زۇنۇن شەنجاڭ يەنە: 1917 - يىلى بۈگۈنكى كۈندە، لېنىن رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىكلار پارتىيىسى باشچىلىقىدىكى رۇسىيە خەلقى ئاق پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ سوۋېتلەر ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن؛ بىز ئەنە شۇ ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ 21 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ يىغىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان، دېگەنىدى.

بۇ يىغىندا يەنە: «ياپون جاھانگىرلىكىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرايلى!»، «مائارىپنى راۋاجلاندۇرايلى!»، «ياشىسۇن ئۆكتەبىر ئىنقىلابى!» دېگەن شوئارلار توۋلانغان.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى يېزىلاردا ئارقا - ئارقىدىن خەلق ئۆزلىرى مەكتەپ بىنالىرىنى بەرپا قىلغان. 1942 - يىلىغا كەلگەندە ئوقۇغۇچىلار سانى 1935 - يىلىدىكى 100 نەپەردىن يەتتە ھەسسە ئېشىپ، 700 ئەتراپىغا يەتكەن. 1942 - يىل 12 - ئايدا زۇنۇن شەنجاڭ ئۈرۈمچى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ

چاقىرتىشى بىلەن كەتكەن (چوڭچەك ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن).

مەن چاقىلىق يېڭى مائارىپى بەرپا بولغاندىن تارتىپ (1935 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە 54 يىللىق) ھەر يىللىق مەكتەپ سانى، سىنىپ سانى، ئوقۇغۇچى سانى، ئوقۇتقۇچى سانى قاتارلىقلارنى جەدۋەل ئارقىلىق (ھەر قايسى يېزا رايونلار بويىچە) كۆرسىتىدىغانلىقىم ئۈچۈن سان - سىفىرلار ئۈستىدە توختالمايمەن.

تۆۋەندە ئوقۇتقۇچىلار توغرىسىدا، يەنى چاقىلىق مائارىپىدا دەسلەپكى مەزگىللەردە تايانچلىق رول ئوينىغان شەخسلەر، ئوقۇتقۇچىلار، ناھىيىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل ھاكىملىرى، مائارىپ ئىدارە (بۆلۈم) باشلىقلىرى، ئاساسلىق مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى، تايانچلىرى توغرىسىدا، ھەرقايسى يىللاردا مائارىپنىڭ ئۆرلەش، پەسىيىش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا (پەقەت چاقىلىق ناھىيىسىنى چۆرىدىگەن ھالدىكى مەسىلىلەرنى) قىسقىچە بايان قىلىمەن.

## 1935 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەھۋال

زۇنۇن ئىسلاموۋ (1935 — 1942 - يىللاردا ناھىيە ھاكىمى ۋە مائارىپقا مەسئۇل بولغان)، مەھەممەت دۆلەت (1935 - يىلى ئوقۇتقۇچى بولغان)، ياسىن ئەپەندى (كورلىلىق)، پەخىردىن ئەپەندى، خالىق ئەپەندى (تۇرپانلىق)، ئالىم بەگ، ئەمەت ئەپەندى، تۆمۈر ئەپەندى، مەتىمىن ياقۇپ (قەشقەردىن)، جالال مۇھەممەدى (قارا شەھەردىن). سەيدۇللا (بۇگۇردىن)، ھەسەن مۇھەممەدى (شىخودىن)، ئابدۇراخمان قۇربانوۋ (ئاقسۇ ئاۋاتتىن)، ئۆمەرجان ئىسمايىل، ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللا (تۇرپاندىن)، ئىبراھىم سەيدۇللا، تۇردى توختى،



ئەخمەت ئېلى، تۇرسۇن ئەپەندى (تاشكەنتتىن)، ئىمىن مەھەممەت، ساجىت بەكرى، ئىمىن نىياز، باقى موسا، ئىمىن ئېلى قاتارلىقلار 1942 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن 1935 - يىلىدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلاردۇر. بۇنىڭدىن كېيىن، ھەتتا ئازادلىقتىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋاملاشتۇرغانلارمۇ بار. بۇ كىشىلەردىن مەتىمىن ياقۇپ، ئىبراھىم سەيدۇللا، ھەسەن مۇھەممەدى، ئەخمەت ئېلى، ساجىت بەكرى، ئىمىن نىياز قاتارلىقلار ھازىرمۇ ھايات.

بۇلاردىن چاقىلىقنىڭ زىيالىيلىرى ۋە دېھقان - چارۋىچىلىرى ئارىسىدا چوڭقۇرراق تەسىر قالدۇرغانلىرىدىن، ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللا: (تارىختىن مەلۇمكى شىڭ شىسەي 1934 - يىلى 106 نەپەر، 1935 - يىلى 94 نەپەر، 1936 - يىلى 57 نەپەر ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تاشكەنت — لېنىن نامىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. بۇ ئادەم 1934 - يىلى ئوقۇشقا بېرىپ 1937 - يىلى چوڭچەك ئارقىلىق شىنجاڭغا قايتقان. 98 نەپەر زىيالىينىڭ بىرسى، سەيدۇللايوۋ، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ساۋاقدىشى. 1947 - يىلىدىكى تۇرپان قوزغىلىڭى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى، ئازادلىقتىن كېيىن بايىنغولىن ئوبلاستلىق سانائەت - قاتناش ئىدارىسىگە باشلىق بولغان. 1959 - يىلى چاقىلىق ئالتۇنتاغدىكى يېتىمبۇلاق رايونىدا تاش پاختا كان ئېچىشنى تەشكىللىگەن. 1975 - يىللاردىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان). بۇ كىشى 1937 - يىلى 9 - ئايدا قارا شەھەر ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ۋىلايەتلىك ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سانائىيە نەپىسە، ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئىئانە توپلاش ئىشلىرىغىمۇ قاتناشقان ۋە يېتەكچىلىك قىلغان. شۇ چاغدىكى ۋالىي يۇدىپىي خوتۇنى بىلەن بىلەت ئالماي ئويۇن كۆرۈش ئۈچۈن مەيدانغا كىرمەكچى بولغاندا (قاراشەھەر سەن

خاۋچياۋدىكى 1950 - يىللىرى 27 - دىۋىزىيىنىڭ شتابى بول-
غان ئورۇندا) تۇسۇپ قويغىنى ئۈچۈن مۇناسىۋەتتى يىرىكلەشكەن.
1938 - يىلى ئەتىيازدا شىڭ شىسەي ئىلغار زىيالىيلاردىن ئەندى-
شە قىلىپ ئۇلارنى چەت - ياقا رايون، ناھىيىلەرگە سۈرگۈن
قىلىپ نەزەربەنت ئاستىدا تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، ۋالىي
يۇ دېيى ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللانى چاقىرىپ: «سىز ئادەم ماي-
مۇندىن پەيدا بولغان، دەپ دەرس ئۆتۈپتىكەنسىز، دىنىي زات-
لارنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۈستىڭىزدىن سۇن-
غان ئەرزى ناھايىتى كۆپ، مېنىڭ سىزنى جازالىغۇم يوق.
سىز بولسىڭىز چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن شىنجاڭدىكى بىر-
قانچە ئون ئۇيغۇر زىيالىينىڭ بىرى، مەن زىيالىيلارنى بولۇپمۇ
سىزگە ئوخشىغان ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنى ھۆرمەتلەي-
مەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى چاقىلىققا يۆتكىدۇق»، دېگەن. ئۇ
چاغدا ۋالىينى، «سەمىمىي ئادەمكەن» دەپ چۈشەنگەن ئەبەي-
دۇللا رەۋەيدۇللا ئېششەك مىنىپ 21 كۈندە چاقىلىققا كەلگەن.
1938 - يىل 3 - ئايدا شىيەنلى مەكتەپكە ئورۇنلىشىپ زۇ-
نۇن شەنجاڭنىڭ تايانچىلىق ئوڭ قولى بولۇپ، مەكتەپتە سۇ-
ئۈزۈش كۆلى كولۇتۇش، تەنتەربىيە، ئۇيغۇر تىلى، تەبىئەت،
جۇغراپىيە دەرسلىرىنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلى-
گەن. سانايىنەپىسە، يېزىلارغا بېرىپ (ئوقۇتقۇچى - ئوقۇ-
غۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن) كونىلىقنى تەنقىد قىلىدىغان، تەش-
ۋىقات ئويۇنلىرىنى قويغۇچى گۇرۇپپىلارنى تەشكىللىگەن، ئاخ-
شىمى ساۋاتسىزلارنى ئوقۇتقان ۋە تەشكىللىگەن. ياپونغا قارشى
ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارغان، تەنتەربىيە دەرسكە
بىرلەشتۈرۈپ ھەربىي تەلىم ئېلىپ بارغان، قىزچىلار ئەترىتى
(تۇڭ زىجۇن) قۇرۇپ مەكتەپ دەرۋازىسىغا ئىككىدىن ئوقۇغۇچىنى
مۇھاپىزەتچىلىككە نۆۋەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان. «12 - ئاپرېل»،
«1 - ماي» بايراملىرىدا ئوقۇغۇچىلار تەنھەرىكەت دۇيلىرىنى بىر



خىل كىيىندۈرۈپ (كۆك كاجى كوسار، كالتە يەڭ ئاسما مايكا)
كۆرەك، مۇراسىملارغا قاتناشتۇرغان. سىغىز توشۇپ كومۇلاچ لاي
قىلىپ، بور مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. ناھىيىدە ئېچىلغان چوڭ
يىغىنلارنىڭ تەرتىپلىرىنىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇر-
غان. بالىلارنىڭ يۈرۈش مارشى، ناخشا، دېكلاماتسىيىلىرىمۇ
جانلىق، روھلۇق بولغان. چاقىلىقتا 1 - قېتىم غېرىپ - سەنەم
سەھنىگە ئېلىپ چىقىلغاندا (ئۇ چاغدا ئاياللارنى دىنىي ئۆرپ-
ئادەت تۈپەيلىدىن سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا بولمىغانلىقتىن)،
سەنەم رولىنى باقى موسا (بۇ ئادەم قىزلاردەك زىل ئاۋاز چى-
قىرىشقا ماھىر بولغانلىقتىن)، غېرىپ رولىنى ئەخمەت ئېلى ئال-
غان. شاھى ئابباس رولىنى قۇتلۇق قاسىم، ئابدۇللا شاتۇرى
رولىنى ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللا ئالغان، قۇربانوۋ سوفلىيورلىق
قىلغان. ئەبەيدۇللا رەۋەيدۇللا بۇ ئىشنى رەپىتىس باشلىنىپ
سەھنىگە ئېلىپ چىققانغا قەدەر ئۆزى تۇتقان، بەزى كۈنلىرى
رەپىتىس تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلغان، مەكتەپلەر جۇشقۇن، خۇ-
شال - خوراملىققا چۆمگەن.
1943 - يىلى گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلۇپ، 1944 - يىلى
مەكتەپلەردە بايراق خادىسى ئورنىتىلىپ گومىنداڭ بايرىقى
چىقىرىلىدىغان بولدى، ئوقۇغۇچىلار بايراق چىقىرىش ئالدىدا
«سەنمىن جۇيى، ۋۇداڭ سوزۇڭ...» دېگەن خەنزۇچە شېئىرنى
ئوقۇيدىغان بولدى. كىشىلەرنىڭ جۈملىدىن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇ-
غۇچىلارنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى رېتىم بۇزۇلدى، مائارىپ ئارى-
سالدىلىقتا تۇرغان گۆدەك بالىغا ئوخشاپ قالدى، چىڭ تۇتىدى-
غان ئادەم بولمىدى. 1943 - 1944 - يىللىرى ئوغۇغۇچىلار
سانى 1938 - يىلىدىكى 700 ئەتراپىدىن تۆۋەنلەپ، 600 ئەترا-
پىغا چۈشۈپ قالدى، ئەمەلىيەتتە مەكتەپكە كېلىدىغانلار بۇنىڭ-
دىن ئاز ئىدى. كېيىنكى يىللاردا سان بار ئەمەلدە يوق بو-
لۇپ مەكتەپكە بارىدىغانلارنىڭ ھەقىقىي سانى يىلمۇ يىل تۆ-

ۋەنلىگەن يىللار بولدى.

1945 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تاكى 1948 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى چاقىلىق - دۇنخۇاڭ، چاقىلىق - شىنىڭ، چاقىلىق - كورلا، چاقىلىق - كېرىيە تاش يوللىرىنىڭ ياسىلىشى جەريانىدىكى ھاشار، ئوتۇن، سامان، تەمىنات سېلىقى قاتارلىق ئالۋاڭلارنىڭ كۆپلىكى تۈپەيلىدىن چوڭ ئەرلەر سىرتتا بولغاچقا، ئائىلە ۋە ئېتىز - ئېرىق ئەمگەكلىرى ئاياللار بىلەن بالىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى، شۇ سەۋەبتىن خېلى كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپلەرگە بارالمىدى. 1946 - يىلى يازدا مۇئاۋىن ھاكىم ھامۇتخان باشلىق 100 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى ۋە زىيالىلارنى گومىنداڭ تەرەپ «ئۈچ ۋىلايەتنىڭ چوماقچىلىرى» دەپ قامىدى. ئوقۇتقۇچى يېتىشمىگەچكە ئوقۇغۇچىلارمۇ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. 1947 - يىلى كۈزدە چاقىلىقتا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرى قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۈگمەنلەردىن ئاشلىقلارنى، جاڭگاللاردىن مال - چارۋىلارنى بۇلىدى. كىشىلەر قىشلىق ئوتۇن تارتىشقا ئامالسىز قالدى ۋە ئۆيلىرىدىن سىرتقا چىقىشقا پېتىنالمىدى، چاقىلىق ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى. مەكتەپلەردە سان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئوقۇغۇچىلار ئازلاپ كېتىۋەردى. گومىنداڭ دائىرىلىرى 1948 - يىلى شەرقىي سېپىلنى سالدۇرۇش ئۈچۈن ھاشار سېلىقى سالدى، يېڭى ۋەھىمە باشلاندى، ئوقۇغۇچىلار تېخىمۇ ئازلاپ كەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە مەكتەپتە قۇرۇق سان بار بولۇپ تىزىمدىكى بالىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مەكتەپلەرگە كەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل پاخاللاشتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى بىر ھەپتىگە يەتمەيدىغان ھالغا كەلدى، ئۇلار ئەستايىدىللىقتىن روھىي چۈشكۈنلۈككە يۈزلەندى. تەن جازالىرى ئەۋج ئالدى، كېچىكسە ئالقىنىغا ئۈچ تاياق، بىر كۈن كەلمىسە 20 تاياق، كېچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن پالاققا تارتىپ ئۇرۇشلار ئادەت-



تىكى ئىش بولۇپ قالدى. چاقىلىق شەنلى مەكتەپتە 1940 - يىللاردا ئېچىلغان بىر سىنىپ گاۋجى بەن بولۇپ، بۇ سىنىپتىكىلەر باشلانغۇچنى تۈگىتىپ يەنە ئىككى يىل ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى ئوقۇيتتى. نېمىلا بولمىسۇن ئازادلىققىچە بىر سىنىپنىڭ نامى يوقالمىغانىدى. بۇ سىنىپتا ئوقۇيدىغان تۇرپان مەھەللىسىدىن كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەن مەكتەپكە كېلىشتە 8.7 كىلومېتىر، كەچكە قايتىشتا 8 - 7 كىلومېتىر يول يۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. بىر قېتىم تۇرپان مەھەللىسىدىن كېلىدىغان ئابدۇكېرىم ھىدايەت ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ئوينىلىۋاتقاندا مەكتەپكە كىرىپ كەلدى. تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ سول ئالقىنىغا بىر نەچچىنى ئۇردى، ئۇنىڭ سول قول ئالقىنى ئىششىپ ئون نەچچە كۈنگىچە يۇمۇلمىغان ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشكارا نەشە چېكەتتى، ئوقۇغۇچىلارنى چىلىم سەيخانىسىغا خاك قىلىش ئۈچۈن سۆگەت چىۋىقى ئالغاچ كېلىشكە ۋە خاك كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇيتتى. نەشىنىڭ خامۇشلۇقى يېشىلمەيلا دەرسكە كىرىۋېرەتتى. ھاراق ئىچىپ سىنىپقا خۇدىنى يوقىتىپ كىرىدىغانلارمۇ بار ئىدى. دەرس ئۆتكەچ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدىلا تاماكا چېكىش ئادەت ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن 1942 - يىللار ئەتراپىدىكى جۇشقۇنلۇق تۈگەپ، جاھاننى روھىي چۈشكۈنلۈك قاپلىغانىدى. مۇنداق بىر ئىش ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ: 1947 - يىلى 5 - ئاي كۈنلىرى ھاشىم ھاجى دارۋاز كېلىپ دار ئويۇنى ئوينىغان ئىدى (11 بېتىم بويىچە سايلانغان مەتتىمىن ياقۇپ ھاكىم ئىدى)، بىر كېچىسى دادام قارتماشلىق، بىر يۇرتلۇقۇم، دەپ ھاشىم ھاجى دارۋازنى مېھمانغا چاقىرغانىدى. ئۇنىڭ يۇسۇپجان ئىسىملىك نەۋرىسى شوخ بالا بولۇپ، دار ئويۇنى بولغان كۈنلىرى ئۇ، «مەن مۇللاق ئاتسام كۆتۈم يەرگە تەگمەيدۇ،» دېگەچ 15 - 10 مۇللاق ئېتىپ توختايتتى. ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا ئىدى، مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ھەۋ-

سىم كېلەتتى. ئۇلار مېھمانغا كەلگەن كېچىسى يۇسۇپجان بىلەن قەدىناسلاردەك ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىشتۇق. ئۇ ماڭا موللاق ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويۇشقا ۋەدە قىلدى، مەن ئەتىسى ناھايىتى خۇشال - خورام مەكتەپكە كەلدىم. مەكتەپ زۇنۇن شەنجاڭ سالدۇرغان (ھازىرقى ھۆكۈمەت بىناسى ئورنىدا) مەكتەپ ئىدى. ئۆيىمىز ھازىرقى خەزىنە ئاشخانا ئورنىدا بولغاچقا، مەكتەپنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىنىشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ كۈنى 1 - سائەتتە كېچىچە چەككەن نەشىنىڭ كەيپى تارقالمىغان، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىمىن نىياز مۇئەللىم خامۇش، مىجەزى چۇس ھالدا سىنىپقا كىردى - دە، قارا تاختاي ئالدىغا كېلىپلا: «بۈگۈن تاختايدا تۆت ئەمەل ئىشلەيمىز، كىمنىڭ ئىسمىنى چاقىرسام شۇ چىقىپ مەن دېگەن ھېسابنى تاختايدا ئىشلەپ كۆرسىتىدۇ» دېدى. ئالدىدىكى ئىككى ئوقۇغۇچىدىن كېيىن ئۈچىنچى بولۇپ مېنىڭ ئىسمىم چاقىرىلدى. ماڭا بېرىلگەن ھېساب ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. بۇ ھېساب 98764427 : 1234 = بولۇپ نەتىجىسى 80036 دىن تېگىپ ئۈچ كەسىر ئېشىپ قالىدىغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. لېكىن مۇئەللىم: «كەسىر ئاشۇرماستىن ئىشلە!» دېدى. بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز تاكاللىشىپ قالدۇق. مۇئەللىم ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆكتەملىك بىلەن ئوسمان ھوشۇر، ياسىن قۇربان قاتارلىق ئېگىز بويلۇق ئىككى ئوقۇغۇچىنى چاقىرىپ مېنى پەلەققە ئاسمان تاپان قىلىپ ئاسقۇزدى. ئۇ قولىغا ئۈچ قىرلىق تاياقنى ئېلىپ تاپىنىمغا ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. ئوقۇتقۇچى مېنى شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. تۆۋەن يىللىقتا ئوقۇيدىغان ئۇكام ئابدۇغېنى باللاردىن ئاڭلاپ سىنىپقا كىرىپ مېنى كۆرگەندىن كېيىن، يىغلىغان پېتى ئۆيگە چېپىپتۇ. بىر چاغدا دادامنىڭ قۇچىقىدا يېتىپتىمەن. ئۇكام بۇ ئىشنى دادامغا خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، دادام كالتەك كۆتۈرۈپ مەكتەپكە كېلىپ مېنىڭ ھوش-



سىز ياتقىنىمنى كۆرۈپ ماڭىمۇ قارىماي ئىشخانىغا باستۇرۇپ كىرگەن بولسىمۇ بارلىق ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ئىكەن. دادام مېنى ھاپاش قىلىپ ھاكىم مەتىمىن ياقۇپنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ باردى. دادامنى قاماپ قويدى، مېنى «كەت!» دەپ قوغلىۋەتتى. مەن دەسسەپ ماڭالمايتتىم. ئۆمىلەپ ھاكىم ئىشخانىسىدىن چىقسام روزى ئاخۇن ئىسىملىك ئات باقار كۆرۈپ قېلىپ مېنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ قويدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن دادام قاماقتىن چىقتى. دادامغا ھاكىم مەتىمىن ياقۇپ مۇنداق دەپتۇ: «ئەسلى نەشە چېكىپ سىنىپقا كىرگەن، كەسىر ئاشىدىغان سانىنى كەسىر ئاشۇرمايسەن! دەپ سىلىنىڭ ئوغۇلنى قاتتىق ئۇرغان گۇناھ مۇئەللىمدە بولسىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ مەكتىپىگە كالتەك كۆتۈرۈپ باستۇرۇپ كىرگەنلىكلىرى خاتا! بىز سىلىنى ئاچچىقىدا ئىمىن نىيازنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن، دەپ ئاچچىقلىرىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن سولاپ قويغان، ھازىر سىلىدىن ۋە ئۆز گۇناھىدىن قورقۇپ ئۆيىگىمۇ، مەكتەپكىمۇ كېلەلمەپتۇ، بىزمۇ تاپالمايۋاتىمىز، بىر سىنىپقا مۇئەللىم يوق، سۈرۈشتە قىلسام ئىمىن نىياز ھېسابنى ئۆزى خاتا ئىشلەپ سىنىپقا كىرگەنىكەن، سىلىنىڭ ئوغۇل توغرا ئىشلىگەنىكەن، ئىمىن نىيازدىن باشقىلارمۇ نارازى بولدى. بىز ئۇنى جازالىماي قويمايمىز!»

لېكىن دادام قايىل بولمىغانىدى. ئىمىن نىياز مۇئەللىممۇ تەتىلگە قەدەر مەكتەپتە كۆرۈنمىدى. 9 - ئايدىمۇ كۆرۈنمىدى، كېيىن دادام مېنى قارىقاش ناھىيىسىنىڭ كونا ئۆتۈك بازىرىدىكى ناسىر داموللامنىڭ مەدرىسىگە ئاپىرىپ بېرىپ، تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ چاقىلىققا قايتىپ كەلدى.

يۇقىرىقىدەك مىساللار كۆپ. ئەھۋال ئاشۇنداق داۋام قىلماقتا ئىدى. بازاردا سامان قەغەزمۇ تېپىلماس بولدى. ئاق تىكەننىڭ پىشقان ئۇرۇقىنى ماتا خالتىغا تىرىپ كېلىپ سىقىپ

ئۇنىڭ سۆيگە تۈز ئارىلاشتۇرۇپ قومۇشتىن قەلەم ياساپ خەت يازاتتۇق. 11 ياشتىن كېيىن مەتنىمىن ياقۇپ ھاكىم بولۇپ مائارىپقا خېلى كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ ئىقتىسادىي، ماددىي مەبلەغ جەھەتتىن زۇنۇن شەنجاڭ ۋاقتىدىكىدەك قىلالمىدى. شارائىت يار بەرمىدى، يۇقىرىنىڭ مائارىپ راسخوتى ۋە مائارىپ بىلەن ئانچە كارى بولمىدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىگە قۇرسىقىمۇ تويمايتتى.

1949 - يىلى «1 - ئۆكتەبىر» ماۋجۇشى ئۆز قولى بىلەن بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى چىقىرىپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى!»، دەپ پۈتۈن جاھانغا جاكار قىلغاندا چاقىلىق تېخى گومىنداڭنىڭ ئاسارىتىدە ئىدى. 25 - ئۆكتەبىر كېچىسى گومىنداڭنىڭ قارا شەھەرنى بۇلىغان قىسىملىرىدىن بىر بۆلىكى چاقىلىق گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۈچ كۈن بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. قوشايىن تەرەپمۇ چاقىلىققا تەھدىت بولۇپ، مەكتەپلەر چۆل قالغان ئىدى.

1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كېچىسى چاقىلىقتا شىۋىرغانسىز تىنىق قار ياغدى، 31 - كۈنى ئەتىگەنگىچە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەننىڭ قىسىملىرى 270 تىن ئارتۇق زىل، زىس ماركىلىق ماشىنىلار بىلەن چاقىلىققا كىرىپ بولدى. 1950 - يىلى 1 - ياندۋاردىن باشلاپ يېڭىچە تاڭ ئاتتى. ئۆستەڭ چېپىپ، بوز يەر ئېچىپ، دۆمبىسىدە شاخ يۆدۈپ، رەتلىك قايتقان، شەپكىسىدە بەش يۇلتۇزى بار جەڭچىلەر بىزگە كۈلۈپ قارىغاچ: «ماڭساق ماۋزېدۇڭغا ئەگىشىپ ماڭىمىز»، «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت»، «قىزىل بايراقلار جەۋلان قىلماقتا» قاتارلىق ناخشىلارنى توۋلاپ چاقىلىققا باشقىدىن جان كىرگۈزمەكتە ئىدى. بىزمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن 1945 - يىلىدىن كېيىن توۋلاشقا رۇخسەت قىلىنمىغان شېئىر - ناخشىلىرىمىزدىن: «ياپون قانخور



جاللاتلىرىدىن جۇڭخۇا ئەۋلادلىرى ھېچ ۋاقىت قورقماس، قالماس دىلدا زەررىچىلىك ئارمان ۋەتەن ئۈچۈن كەتسىمۇ بۇ باش...»، «بارىمىز ئۈچۈپ ئالغا، دۈشمەننى كۆمۈپ قانغا، ئەڭ ئاخىرقى غالىبىيەت يولىدا قارىماي ئېزىز جانغا» (لۇتپۇللا مۇتەللىپ سۆزى)، «ئۆلۈم يا كۈرۈم دەپ مىليونلىغان ئەل، قانلىق مەيدانغا چۈشتى باغلاپ مەھكەم بەل»، «دۇنيا مەزلۇمى ئاڭلا ئاۋازنى، كۆرمىدىڭلارمۇ باسمىچىلارنى، بۇلاپ - تالىغۇچى ئاجىز ئەللەرنى...»، «ياپون فاشىستلىرىنى بىرنى قويمايلى!»... قاتارلىقلارنى گۈر - گۈر توۋلايدىغان بولدۇق. مەكتەپلەرگە قايتىدىن جان كىردى، ئادەملەر روھلاندى، كائىنات شاتلىق بىلەن كۈلدى. ئازادلىقتىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلاردىن: ئىبراھىم سەيدۇللا، ئىمىن نىياز، ئېزىز سايىت، سۇلايمان سايىت، سەلەي ھاشىم، ھەسەن مۇھەممەدى، ئابدۇراخمان قۇربانوۋ، ھەسەن روزى، مەمەت توختى ئەمەت (1964 - يىلى سوۋېتقا كەتكەن)، قاسىم بايوپ، سادىق قۇربان، ئەخمەت ئېلى، ھەجەرخان، مەريەمخان، بۇۋىخان، باقى موسا... قاتارلىقلارمۇ شاتلاندى ۋە يەڭ شىمايلاپ باشقىدىن يېڭى سەپكە ئاتلاندى، بۇلارغا تۇرمۇشنى قامداشقا يەتكۈدەك ئىش ھەققى بېرىلىدىغان بولدى. خاسىيەتخان روزى، ھاۋاخان نۇرلار ئوقۇتقۇچىلىققا يېڭىدىن قوبۇل قىلىندى. دىنىي - شەرىئەت، ئۆرپ - ئادەتلەر سەۋەبىدىن ئايرىم - ئايرىم مەكتەپ بولۇپ ئوقۇتۇلۇپ كەلگەن ئوغۇللار مەكتىپى بىلەن قىزلار مەكتىپى 1950 - يىل 4 - ئايدا قىزلار مەكتىپىگە كۆچۈرۈلۈپ بىرلەشتۈرۈلدى (ئورنى ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ). ناھىيە ھاكىمى ۋاڭ چۈەنۋېن، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى لى دۇڭزى مائارىپنى بىۋاسىتە تۇتتى. 1950 - يىل 8 - ئايدا 18 نەپەر ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى قارا شەھەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن بۇلار ئوقۇشنى تاماملاپ چاقى

لىقتا مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتىلدى. ناھىيە ھاكىمى غوجابدۇللا راخمان (ئويۇشما رەئىسلىكىنىمۇ ئۆتەيتى) مائارىپنى تۇتتى. ۋالىي مەھكىمىسى مەھەممەت موسانى مائارىپ بۆلۈم باشلىقى، قادىر جامالنى 1 - مەكتەپ مۇدىرى قىلىپ ئەۋەتتى. 1952 - يىلى مەھەممەت روزى (بۈگۈرلۈك، ھازىر قارىماي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) نى ۋاششەرى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا ئەۋەتتى. 1953 - يىلى مەھەممەت موسا كورلىغا يۆتكىلىپ كەتتى. مەھەممەت روزى مائارىپ بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ۋاششەرى مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئابدۇۋەلى روزى ئىشلىدى. مەھەممەت روزى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن 1953 - يىل 9 - ئايدا ياسىن ئاسىم (لوپنورلۇق) مائارىپ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، 1958 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ ۋەزىپىنى ئىشلىدى. 1953 -، 1956 - يىللىرى 1 - مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئابلىز راخمان ئىشلەپ مائارىپ بۆلۈم مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. غوجابدۇللا ھاكىم ئوبلاستقا يۆتكەلگەندىن كېيىن 1957 - يىلى ئىمىن غازى (ھازىر رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ باش تەھرىرى) ھاكىم بولۇپ، مائارىپنى بىۋاسىتە تۇتتى. 1957 -، 1958 -، 1959 - يىللىرى 1 - مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئابدۇۋەلى روزى ئىشلىدى.

1958 - يىلى 9 - ئايدا ناھىيىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، ئوقۇتقۇچىلار كورلا 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە بولغانلىقتىن 1959 - يىلى يازلىق تەتىلگىچە ئۈچ ئايچە دەرس ئوقۇلدى. شۇ چاغدا ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ھاكىم ئىمىن غازى، ئىلمىي مۇدىرلىقىنى ئېزىز ئېلى ئىشلىدى.

1959 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە ئارىلىقتا، چاقىلىق مائارىپى قىسمەن ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا خېلى روناق تېپىپ، يۈزلەرچە بىلىم ئىگىلىرى، ئىقتىسادلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ، جەمئىيەتنىڭ پايدىلىنىشىغا سوۋغا قىلغانىدى. بىراق،



1966 - يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ھەرىكىتى يۈرگۈزۈلۈپ، تاكى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلغانغا قەدەر، چاقىلىق مائارىپىدا زور چېكىنىش بولۇپ، تولدۇرۇپ ئالغىلى بولمايدىغان زىيانغا ئۇچرىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى بولمىسا جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى كۈنى بولمىغان بولاتتى، قىسقىسى چاقىلىق مائارىپىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىمۇ بولمىغان بولاتتى. ھازىر چاقىلىق ناھىيىسى توققۇز يىللىق مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى جەھەتتە شىنجاڭ بويىچىلا ئەمەس، مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ناھىيىلەر قاتارىغا ئۆتتى (1935 - يىلىدىن 1989 - يىلغىچە ئوقۇغۇچىلار سانى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى).

يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى، تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

| يىللار | ئوقوغۇچىلار سانى | | | يىللار | ئوقوغۇچىلار سانى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۇيغۇر | خەنزۇ | جەمئىي | | ئۇيغۇر | خەنزۇ | جەمئىي |
| 1935 | 100 | | 100 | 1949 | 596 | | 596 |
| 1936 | 150 | | 150 | 1950 | 613 | | 613 |
| 1937 | 340 | | 340 | 1951 | 635 | | 635 |
| 1938 | 700 | | 700 | 1952 | 790 | | 790 |
| 1939 | 582 | | 582 | 1953 | 820 | | 820 |
| 1940 | 594 | | 594 | 1954 | 827 | | 827 |
| 1941 | 616 | | 616 | 1955 | 859 | 33 | 892 |
| 1942 | 641 | | 641 | 1956 | 819 | 67 | 886 |
| 1943 | 655 | | 655 | 1957 | 845 | 83 | 928 |
| 1944 | 623 | | 623 | 1958 | 908 | 90 | 998 |
| 1945 | 625 | | 625 | 1959 | 906 | 101 | 1007 |
| 1946 | 550 | | 550 | 1960 | 1028 | 124 | 1152 |
| 1947 | 585 | | 585 | 1961 | 1015 | 137 | 1152 |
| 1948 | 591 | | 591 | 1962 | 1082 | 147 | 1229 |



| يىللار | ئوقوغۇچىلار سانى | | | يىللار | ئوقوغۇچىلار سانى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۇيغۇر | خەنزۇ | جەمئىي | | ئۇيغۇر | خەنزۇ | جەمئىي |
| 1963 | 1189 | 200 | 1389 | 1977 | 2156 | 638 | 2794 |
| 1964 | 1221 | 231 | 1452 | 1978 | 2185 | 819 | 3004 |
| 1965 | 1273 | 238 | 1511 | 1979 | 2323 | 1002 | 3325 |
| 1966 | 1300 | 253 | 1553 | 1980 | 2330 | 1183 | 3113 |
| 1967 | 1348 | 261 | 1609 | 1981 | 2380 | 1280 | 3660 |
| 1968 | 1393 | 260 | 1653 | 1982 | 2337 | 1343 | 3680 |
| 1969 | 1426 | 300 | 1726 | 1983 | 2349 | 1329 | 3678 |
| 1970 | 1437 | 310 | 1747 | 1984 | 2342 | 1287 | 3629 |
| 1971 | 1493 | 343 | 1836 | 1985 | 2304 | 1340 | 3644 |
| 1972 | 1520 | 299 | 1819 | 1986 | 2347 | 1410 | 3757 |
| 1973 | 1665 | 336 | 2001 | 1987 | 2411 | 1487 | 3898 |
| 1974 | 1760 | 513 | 2273 | 1988 | 2443 | 1516 | 3959 |
| 1975 | 1967 | 573 | 2540 | 1989 | 2489 | 1576 | 4065 |
| 1976 | 2063 | 613 | 2676 | | | | |

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: چاقىلىق ناھىيە ئوتام يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى)

# گۈك غۇجىلارنىڭ تارىخى

مولالانىيازخان ھاجىم

1780 - يىلى، يەنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ 210 - يىلى چىڭ خانلىقىنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق ئامبىلى (خەنزۇ) قېشىغا خوتەندىن بىر ۋەكىل چىقماقچى بولۇپ، قاراقاشنىڭ چاقا كەنتىدىن ھېزىم ئاخۇن دېگەن كىشى چىققان ئىكەن.

ھېزىم ئاخۇن يەكەنگە ئامبال قېشىغا چىقىپ ئامبالغا خەلقنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ، ئامبال بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، ئامبال ناھايىتى رازى بولۇپ ھېزىم ئاخۇنغا «ھەششا قىز» دېگەن مەنسەپنى بەرگەن، كېيىن ھېزىم ئاخۇننىڭ خىزمىتى تېخىمۇ مەقبۇل بولغاندىن كېيىن «ئىشقى» دەپ نام بەرگەن، ئۇنىدىن كېيىن «ھېكىم» دېگەن مەنسەپنى بېرىپ قاراقاشقا يەرلىك ئەمەلدارلارنى باشقۇرۇش ۋە بوزيەر ئېچىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ھېزىم ئاخۇن دېھقانلارغا يەر ئاچقۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى قاراقاشنىڭ ھەرقايسى يېزا - كەنتلىرىدىن كۆپ مىقداردىكى يەرلەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان.

ھېزىم ھېكىمنىڭ 1780 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئالتە ئەۋلادى مەنسەپ تۇتۇپ ئۆتكەن بولۇپ بۇلار تۆۋەندىكىچە:

ھېزىم شاھ ئوغلى خۇشكىپەك، خۇش كىپەك ئوغلى مۇبارەك شاھ ھېكىم، مۇبارەكشاھنىڭ ئوغلى مەھەممەت ئېلى گۈك، مەھەممەت ئېلى گۈكنىڭ ئوغلى مۇساگۈك، مۇسا گۈكنىڭ ئوغلى ناسىرگۈك، ئەفرۇزگۈك، زايىتگۈك، ئىمىن ئەلەم، مەھەممەتخانگۈك، يەنە



بىر قانچە چوڭ - كىچىك گۈكلار ئۆتكەن بولۇپ ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

بۇلار ھېزىم شاھ ھېكىمدىن باشلاپ مەھەممەت ئېلىگۈكقىچىلىك ھاكىملىق مەنسەپ بىلەن ئۆتۈپ، مەھەممەت ئېلىنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە مەھەممەت ئېلى ھاكىمنى بېيجىڭغا خان قېشىغا بېرىش ئۈچۈن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتىدۇ، مەھەممەت ئېلى بېرىش ۋاقتىدا بىر ياغاچ ھارۋىنى مەپە قىلىپ ئۈستىگە بىر تۈپ نەشپۈتنى سېلىپ، بېيجىڭغا ئاپىرىپ خانغا تەقدىم قىلىدۇ. شۇنچە يىراق جايدىن ئۇزۇن يولنى بېسىپ، نەشپۈتنى مەپە ئۈستىدە قۇرۇتماي مېۋىسى پىشقان ھالەتتە ئېلىپ، بارغان سوۋغىسى خانغا يارىغاچقا، خان مەھەممەت ئېلىنىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ گۈك مەنسىپىنى بېرىدۇ، مەھەممەت ئېلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شۇنىڭدىن كېيىن «گۈك - غوجا» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ گۈك - غوجىلارنىڭ تارىخى ئەھۋالى، مەنسەپ ئەھۋالى 1780 - يىلى ھېزىم شاھ ھاكىمدىن باشلىنىپ 1948 - يىلى زايىتگۈكنىڭ ۋاپاتىغا قەدەم 168 يىل، ئالتە ئەۋلاد ھۆكۈم سۈرىدۇ. پەقەت 1949 - يىلى گۈكلۈق تۈزۈمى ئەمەلدىن قېلىپ ئاخىرلىشىدۇ. گۈك دېگەن شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنىدا مەنسەپنىڭ دەرىجە نامى بولۇپ ۋاڭ باشلىقى، گۈك ۋاڭنىڭ مۇئاۋىنى دېگەن مەنىدە ئىدى. گۈكلارنىڭ چوڭ تامغىلىرىدىكى خەنزۇچە خەتلەر «گۈك - يىيفۇ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، قۇمۇل، تۇرپان، كوچالاردا ۋاڭ ئۆتكەن، جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە گۈك ئۆتكەن. گۈكلۈق مەنسەپ ئۆز ۋاقتىدا يەرلىك ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە قويۇش، قالدۇرۇش، يۆتكەش ھەتتا ھاكىملارنىمۇ خالىغان

چە ۋەزىپىگە قويۇش ـ ئېلىۋېتىش، يەرلىك ئەمەلدارلارنى باشقۇرۇش، ئىشقا قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. يۇقىرىدىكى گۆكلار ئەينى ۋاقىتتا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن نۇرغۇن كەنتلەردە كۆپ مىقداردا يەر ئىگىلىگەن، بۇ تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

قاراقاش شەھەر ئىچىدە ئاق مەدرىس، چوك مەدرىس، جۇۋا مەدرىس، قۇخە كۆل مەسچىت، چاقار مەدرىس، سىرلىق مەسچىت قاتارلىق تۆت جايدا مەدرىس، تۆت جايغا مەسچىت بىنا قىلىپ، مەزكۇر مەدرىس، مەسچىتلەرگە كەنت ئىسمىنىڭ باش ھەرپىدە «ق ھەرپى كەلگەن كەنتلەردىكى يەرلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ۋەخپە قىلدىم» دەپ ۋەدە قىلغان. ھۆججەتكە ئاق ساراي قاتارلىق جايلاردىكى توپاقتا مىنىپ ئەلەملىك قىلىندىغان ئالتە نەپەر ئاخۇن مۆھۈر باسقان. گۆكلارغا خاننىڭ بۇيرىقى بويىچە قاراقاشتىن 50 ئۆيلۈك ئادەمنى خىزمەتكە بۇيرىغان. 50 ئۆيلۈك ئادەم پۈتۈنلەي گۆكلارغا يەر ئېچىش، يەر تېرىش، ئۆي خىزمىتى قىلىش جەريانىدا 50 ئادەم كۆپىيىپ نەچچە ھەسسىگە يەتكەن، كېيىن بۇلار زۇلۇمغا چىدىماي قارا قاشنىڭ ئامبىلى بىلىك دارىن ئارقىلىق بېيجىڭغا ئەرز قىلىپ گۆكلارنىڭ خىزمىتىدىن ئاجرىغان، گۆكلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان 16 نەپەر قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزغان، بۇلارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن تۇياق باج ئېلىپ يېيىش بەلگىلەنگەن بولۇپ، كېيىن بۇمۇ ئەمەلدىن قېلىپ گۆكلار بىلەن بىرلىكتە مائاش ھېسابىغا خوتەن ئاشلىق سېكىدىن بۇغداي ئالغان.

بەدۆلەت ھۆكۈم سۈرگەن يىللار مۇسا گۆك زامانىسى بولۇپ، خىزمىتى ۋە ئەمەلىي توختاپ قالغان، بەدۆلەت ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە بىر خەنزۇ دۇدۇ بولۇپ چىقىپ «بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز، ئاتا ـ بوۋىمىزغا خىزمەت



قىلغان مەھەممەت ئېلىگۆك، مۇساگۆك بار ئىكەن» دەپ ئۈرۈمچىدىن كىشى بۇيرۇپ ئۇلارنى ئىزلەپ تاپقاندىن كېيىن مۇسا گۆك، ئىمىن ئەلەم باشلىق بىر قانچە كىشىنى بېيجىڭغا ئېلىپ بارغان، مۇسا گۆكغا خان يەنە گۆكلۇق مەنسىپىنى بەرگەن، ئۈرۈمچىگە چىققاندىن كېيىن مۇسا گۆكنىڭ ئوغلى ناسىر گۆكنى چەرچەنگە ھاكىم، زايىت گۆكنى ھەربىي باشلىق قىلغان، بۇلار شۇ ۋاقىتنىڭ تۈزۈمى بويىچە تۆكلىك دەپ ئاتالغان، كېيىنچە سېيىت يېڭىسار ناھىيىسىدە گۆكلۇقنى، ناسىر گۆك ھاكىملىقنى، زايىت گۆك ھەربىي باشلىقلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن، زايىت گۆك غۇلجىغا خاكجاك بولغان، ئاقسۇغا ۋالىي بولغان، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ ۋە كۇچالاردا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ئەفرۇز بەگ قاراقاشتا بەگ بولغان، مەمەتخان غوجا قاراقاشتا بەگ بولغان، ماخۇسەن ۋاقتىغا كەلگەندە قاراقاشقا ھاكىم بولغان، گومىنداڭ ۋاقتىدا ئۇيۇشمىغا رەئىس بولغان، 1948 ـ يىلى قاراقاش قۇملۇقتا ۋاپات بولدى. ئىمىن ئەلەم گۆك قاراقاش ناھىيىسىگە بىر قانچە يىل ئەلەم بولغان، ئىسلام ۋاقتىدا يەكەنگە ۋالىي بولغان، ماخۇسەن ۋاقتىدا قاراقاشقا ھاكىم بولۇپ، كېيىن شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلگەن.

مەزكۇر گۆكلار ئەسلى قاراقاش ناھىيە چاقار يېزىسىدىن بولۇپ، ھېزىم شاھ ھېكىم بېيجىڭدا ۋاپات بولغان، قەبرىسى بېيجىڭدا، ئوغلى خۇش كىپەك، مۇبارەكشاھ، مەھەممەت ئېلى، مۇسا، ناسىر، ئەفرۇز، مەھەممەتخان غوجا، زايىت گۆك باشقا گۆكلارنىڭ ھەممىسى تۆۋەن يېزا چىقار مەدرىسى ئالدىدىكى زاراتگاھلىقتا شاھگۈ قىلىنغان.

گۆك ـ غوجىلارنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم يۇقىرىدىكىلەردىن ئىبارەت. كەم قالغان جايلىرى ۋە تەپسىلات جەريانلىرىنى يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن،

# كارىز توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم

ئەنۋەر ئەزىزى

بۇ ماتېرىيالنى ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان شۇغۇللىنىپ كەلگەن سۇچىلىق كەسپىي خىزمىتىم داۋامىدىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈشلىرىم ۋە نەزەرىيىۋى ماتېرىياللاردىن ئىزدىنىشلىرىم ئاساسىدا يېزىپ چىقتىم. ئۇنىڭ بەك مۇكەممەل بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى كەسپداشلارنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

كارىز — يەر ئاستى سۈيىنى يەر ئۈستىگە چىقىرىدىغان سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ بىرى، يەنى يەر ئاستى - ئۈستىدىكى كارىز دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەسلى ئۇيغۇرچە سۆزدۇر. كارىز سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەيى توغرۇلۇق بىرىلگەن ئىزاھاتلار كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن 1954- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى موسكۋادا رۇسچە نەشىر قىلىنغان «چەت تىللار لۇغىتى» دا كارىزنىڭ قەدىمكى تۈركلەر، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ كەشپىياتى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. شۇ لۇغەتنىڭ 388 - بېتىدىكى «كارىز» ماددىسىدا مۇنداق يېزىلغان: «كارىز — تۈركچە (ئۇيغۇرچە) سۆز، ئۇ نۇرغۇن قۇدۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يەر ئاستى سۆككۈچ (گاللىرىيە)ئارقىلىق قۇدۇقلارنى تۇتاشتۇرۇپ، يەر ئاستى سۈيىنى ئالىدىغان ئىنشائات. كارىز ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكازلاردا ئومۇملاشقان».

تۇرپان رايونىغا كىرگىنىمىزدە، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا تاغ باغرىدىن تۆۋەن تۇرپان ئويمانلىقىغا قاراپ قاتار تىزىلغان دۆۋىلىكلەر چېلىقىدۇ، مانا بۇ كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ يەر ئۈستىدى-



كى كۆرۈنۈشى، كارىز يەر ئاستىدىن سۇ ئاقىدىغان يەر ئاستى ئۆستىڭى. ھازىر تۇرپاندىكى كارىزلارنىڭ ئومۇمىي سانى 824 تاناپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 35 — 32 مىڭ كىلومېتىر، ئومۇمىي سۇ مىقدارى (يىللىق) 304 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ. سۇ راسخوتى سېكۇنتىغا 9.66 كۇب مېتىر، ھەر بىر كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش ئەمەس، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 45 كىلومېتىر، سۇغىرىدىغان يەر مەيدانى 4 مىليون مو.

**كارىزنىڭ تۈزۈلۈشى** — كارىز ئۈچ ئاساسىي قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرىنچىسى بويىتاق قىسمى بولۇپ، بۇ قىسىم يۇقىرى (ئىچكىرىسى) ئانا كارىزغا يەر ئاستىدىن توپلىنىپ چىققان سۇنى ئېلىپ، يەر يۈزىگە يەتكۈزىدىغان قىسمى (كارىزنىڭ بويىتاق قىسمىنى بويىتاق كارىز دەپ ئاتايدۇ). بويىتاق كارىزنىڭ ئۆزىدىن ئادەتتە سۇ چىقمايدۇ. بويىتاق كارىزنى مەھكەم گېئولوگىيىلىك جىنىستىن تەركىب تاپقان يەردىن قازغاندا ئەتراپ ئۈستىلىرىنى مەھكەملىمەي، توررۇس قىسمىنى ئەگمە قىلىپ قېزىپ چىقىدۇ. پەقەت بويىتاق كارىزنىڭ ئاستى تەرىپى سۇ سىڭىپ قاچىدىغان بولسا، سىڭمە سىلەشتۈرۈش مۇمكىن. كارىز ئۇزۇنلۇقىنىڭ كۆپ قىسمىنى بويىتاق قىسمى تەشكىل قىلىدۇ. كارىز بويىتاق قىسمىدىكى سۇنىڭ يەر يۈزىگە چىققان ئاغزى ئوبدان مەھكەم ئېتىلاپ قويۇلىدۇ، بويىتاق كارىزنى ئادەتتە ئانچە چوڭ قىلمايدۇ. چۈنكى، قازغاندىكى توپا مىقدارىنى مۇمكىنقەدەر ئازايتىپ چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. كەسمە يۈزىنى تەخمىنەن 0.6×1.6 قىلىدۇ.

**سۇ يىغىش (سۇ توپلاش) كارىزى** — بۇ قىسمىنى ئانا كارىز دەپمۇ ئاتايدۇ. ئانا كارىز يەر ئاستى سۇلۇق قەۋەتتىن كېسىپ ئۆتۈپ، يەر ئاستى سۈيىنى يىغىپ (توپلاپ) تۆۋەنگە قاراپ ئېلىپ مېڭىپ، بويىتاق كارىزغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئانا

كارىزغا يىغىلىدىغان سۇ سۇ راسخوتى، سۇلۇق قەۋەت جىنسىنىڭ يېرىكلىكىگە قاراپ، سۇلۇق قەۋىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئانا كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ كۆپ - ئاز بولىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ ئامىل چوڭ بولسا، سۇ راسخوتى كۆپ بولىدۇ. ئانا كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى، شاخاپچىلارنى كۆپەيتىش بىلەنمۇ كۆپەيتىلىدۇ. ئانا كارىزنىڭ كېسىش يۈزى ئۆلچىمى بويتاق كارىزغا ئوخشىمىسىمۇ، بۇ كارىزنىڭ سۇ ئەتراپى، ئاستى ھەتتا ئۈستىدىنمۇ سۇ چىقىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، سۇلۇق جىنسىنىڭ مەھكەملىكىگە قارىلىدۇ. كېسىش يۈز ئۆلچىمى ئېگىزلىكى 1.4—1.6، كەڭلىكى 0.5—0.6 قىلىنىدۇ.

قۇدۇق — كارىزنىڭ بويتاق قىسمى ۋە ئانا كارىزنىڭ ھەر ئىككىلىسىدىن قۇدۇق چىقىرىلىدۇ. قۇدۇقسىز كارىز بولمايدۇ، كارىز قۇدۇقتىن ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى، كارىزنى قېزىپ چىققان توپىنى قۇدۇق ئارقىلىقلا يۇقىرىغا چىقىرىدۇ، يەر ئاستىدا ھاۋا ئالمىشىش ئۈچۈنمۇ قۇدۇقنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ. كارىزدىن پايدىلانغاندا، ئۇنىڭ ئىچىنى تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىش ئۈچۈنمۇ قۇدۇق مۇھىم. كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ ئارىلىقلىرى 20 — 50 مېترغىچە قىلىنىدۇ. قۇدۇق چوڭقۇرلاشقانسېرى ئارىلىقى ئۇزۇن بولىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى، قۇدۇق چوڭقۇر بولغاندا توپىنى چىقىرىش ۋاقتى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئارىلىقىنىمۇ ئۇزۇن قىلىدۇ. قۇدۇق چوڭلۇقى ئادەمنىڭ چىقىپ - چۈشۈشىگە ماسلىشىشى لازىم. ئادەملەر قۇدۇق ئىچىگە چۈشكەن، چىققاندا قۇدۇق تاملىرىغا دەسسەپ (تىرەپ) ئارغامچىنى تۇتۇپ، چۈشۈپ چىقىدۇ. قۇدۇق چوڭلۇقى تەخمىنەن 1.2 مېتر دائىرىسىدە بولىدۇ. قۇدۇقنىڭ يەنە بىر خىزمىتى، كارىز ئېگىشلىكىنى بەلگىلەش ئۈچۈن پايدىلىنىدۇ. كارىزچىلار تەبىئىي يەر ئېگىشلىكى بىلەن كارىز ئېگىشلىكىنى قۇدۇق ئارقىلىق پەرق ئېتىپ كارىز چىقىرىدۇ.



**كارىز قۇرۇش** — كارىزنىڭ شىنجاڭدا تارىخىي ئىنتايىن ئۇزۇن. كارىز قۇرۇش ئىشى ئەۋلادتىن - ئەۋلاد خاس كارىز قېزىش ئۇستىلىرى بولىدۇ. چۈنكى، كارىزنى يەر ئاستىنىڭ تۇپراق قۇرۇلۇشى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ خاراكتېرى قاتارلىق ئامىللارغا قاراپ قۇرىدۇ.

**كارىزنىڭ كېلىپ چىقىشى** — كارىز بۇلىقىنىڭ كۆزىنى تازىلاش، سۈيىنى ئۇلغايتىش بىلەن ئىچكىرىلەپ كولاپ، قۇدۇق ئارقىلىق بۇلاق لېيىنى چىقىرىش بىلەن بۇلاق يولىنىڭ سۈزۈلىشىدىن، بۇلاق بىلەن قۇدۇقنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى بىلەن كېلىپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بەزى كارىزلارنىڭ ئىسمى بۇ جەھەتنى ئىسپاتلايدۇ. تۇرپاندا كارىزنىڭ مەركەزلەشكەن يەرلىرىدىكى كارىز ئىسىملىرى، مەسىلەن: پاقا بۇلاق كارىزى، مەڭگۈ بۇلاق كارىزى، كارىز كۆل، چىگە بۇلاق كارىزى ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت. كارىزلارنىڭ ئاتىلىشى بۇلاقتىن كارىزنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. كارىز قېزىش ئىشى تاغ باغرىدىن قېزىلىدۇ. كارىزغا باغلىق بۇلاقلار مۇشۇ تاغ باغرىنىڭ تۆۋەن تەرەپتە يەر ئۈستىگە ئۆسۈپ چىققان سىزما بۇلاقلاردىن بولىدۇ. شىنجاڭدا يەر ئاستى سۈيى، دەريا، تاغ ئاغزىدىن چىققاندىكى، ئىككى ياقتا ياتقان كونۇس شەكىللىك چۆكۈندە جىنىس ئاستىدىن ئاقىدۇ. كارىز بولسا، مانا شۇ چۆكۈندە سۇلۇق قاتلام سۈيىدىن چىقىرىلىدۇ. كارىز ئۇستىلىرى بۇلاق بولمىغاندىمۇ، تاغ باغرى سۇلۇق قاتلىمىنى بىلىپ كارىز چىقىرىدۇ. ماھىر ئۇستىلار تاغ باغرى يەرنىڭ تەبىئىي ئېگىشلىكىنى ئاساس قىلىپ، يەر ئېگىشلىكىدىن كارىز ئېگىشلىكىنى ئاستاراق ئېلىپ (پەرق ئېتىپ) پەقەت قۇدۇق چوڭقۇرلۇقى ئارقىلىقلا ئەسۋابسىز ئىچكىرىلەپ كارىز چىقىرىدۇ. كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى يەر ئاستى سۈيىنىڭ جايلىشىش چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ بولىدۇ، يەر ئاستى سۈيى چوڭقۇر جايلاشـ

قان كارىز ئۇزۇن بولىدۇ. كارىز يەرلىك ئۇسۇلدا قول بىلەن تولىمۇ جاپالىق قېزىلىدۇ ۋە خاس كارىز ئۇستىلىرى كارىزنى نەتىجىلىك قېزىيدۇ. كارىزنى قېزىش ئۈچۈن ئالتە-يەتتە ئادەم كۇپايە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئارتۇقچىلىق قىلىدۇ. ئەگەر نۆۋەتلىشىپ قازسا ئادەم كۆپىيىشى مۇمكىن، كارىز قېزىشنى جاپالىق دېگىنىمىز — يەر ئاستى سوغۇق، سۇلۇق قەۋەتكە بارغاندا تېخىمۇ سوغۇق، يەر ئۈستىدە بولسا شامال ياكى ئىسسىق. كارىز ئاستىدىكى توپىنى قۇدۇقچە توشۇپ كەلگەن ئادەم سېۋەتتىكى لاينى دۈمبىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ مېڭىشى كېرەك، چۈنكى كارىز تار بولىدۇ. كارىز قېزىش ئۈچۈن كېتىدىغان ئەسۋابلار: كەتمەن، شىن، سېۋەت (خاس توقۇلىدىغان مەھكەم سېۋەت)، ئارغامچا (خاس ئىشلىگەن مەھكەم ئارغامچا)، پول، هايۋان (ئادەتتە كالا)، رېزىنكە ئۆتۈك، تۆمۈر قالپاق، پەلەي ۋە باشقا بىخەتەر ۋە تازىلىق كىيىملىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

**كارىزنىڭ سۈيى** — بىر كارىزدىن چىقىدىغان سۇ راسخوتى، سۇلۇق قەۋەتنىڭ سۇ چوڭقۇرلۇقى، سۇلۇق قەۋەت جىنسىنىڭ يىرىكلىكى، ئانا كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ ئاز-كۆپ بولىدۇ. كارىزنىڭ سۈيى مۇقىم-سۈزۈك، پۇراقسىز، پاكىز بولىدۇ. كارىز سۈيى شاخاپچىلىق بولسا سۈيى كۆپ بولىدۇ. ھەر بىر كارىزدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 — 12 لىتىر سېكۇنتتا سۇ چىقىدۇ.

**كارىزنىڭ ئالاھىدىلىكى** — كارىزنىڭ تارىخى تولىمۇ ئۇزۇن بولۇشىغا قارىماي، ھازىرغىچە ئۆز قىممىتىنى، رولىنى ساقلاپ كەلمەكتە. مۇنداق بولۇشى: بىرىنچىدىن سۇ كارىز ئارقىلىق ئېنېرگىيە، ماشىنا ۋە باشقا ئۈسكۈنىسىز ئۆز ئېقىمى بىلەن مېڭىپ تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، كارىز سۈيىنىڭ پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى يۇقىرى (سۇنىڭ سىڭىپ، پارغا ئايلىنىشى ئاز). ئۈچىنچىدىن، كارىز دېھقانچىلىق رايونىغا يېقىن ئورۇندا ئۆزىنى



كۆرسىتىپ دېھقانلارنىڭ ئىچىملىك ۋە مەئىشەتتىكى سۇ تەمىناتى ئۈچۈن يارامىلىق، هايۋان ئۈچۈنمۇ ئەپلىك، پاكىز سۇ چىقىرىپ تۇرىدۇ. يېزىغا گۈزەللىك بېغىشلايدۇ. تۆتىنچىدىن، بىر قېتىم قېزىپ قويسا بىرنەچچە ئون يىلغىچە پايدىلانغىلى بولىدۇ.

**يېتەرسىزلىكى** — سۈيى قىسمەن سوغۇق. بەزى زىرائەتلەرگە سوغۇقراق. بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن: كارىزنى كەڭ قىلىپ ماشىنا بىلەن قېزىش، ئادەم ماڭىدىغان ئورۇن ئايرىم، سۇ يۈرىدىغان ئېرىقنى ئايرىم قىلىپ، ئىچىدە ئادەم ئەركىن ئازادە يۈرۈپ تەكشۈرۈشكە ئەپلىك قىلىپ قۇرسا، قۇدۇقلارنى پەلەمپەيلىك قىلىپ، ئادەمنىڭ چۈشۈپ-چىقىشى ئۈچۈن بىخەتەر قىلسا ياخشى بولار ئىدى. بۇ كېلەچەكنىڭ ئىشى.

**كارىزنىڭ تارىخى** — كارىزنىڭ تارىخى ئۈستىدە تۈرلۈك ئوخشىمىغان پىكىرلەر بار. ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنبەلىرى بۇنىڭدىن 2 مىڭ يىل ئىلگىرى كارىز بىنا بولغان دەيدۇ. بۇلارنىڭ مۇنداق دېيىشىدىكى ئاساس، كارىز ئاۋۋال تۇرپاندا ئىجاد بولغان، بۇ يەرنىڭ كارىز ئۇستىلىرى ئاتا-بوۋا، ئەجدادلىرىدىن كارىزچى بولۇپ، كارىز ئۇستىلىرى مىراس شەكلىدە بالىدىن-بالىغا ئىشلەپ كېلىدۇ. تارىخنىمۇ ئېغىزدىن-ئېغىزغا ياكى يازما شەكلىدە، كارىز تارىخىغا ئاساس سېلىپ كەلگەن. چەت مەنبەلەرمۇ ئۇيغۇر كارىزچىلىقىنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئىسپاتلاپ كەلگەن.

بۇنىڭدىن 700 يىل بۇرۇن (مىلادى 1982 - يىلى) سۇڭ خانلىقىدىن ئىدىقۇت خانلىقىغا مۇختار ئەلچى بولۇپ كەلگەن تارىخشۇناس ئالىم ۋاڭ يەندي، غەربىي دىياردا ئىككى يىل تۇرۇپ 984 - يىلى كەينىگە قايتىپ بېرىپ ئىدىقۇت خانلىقىنى يازغان ئومۇمىي ئەھۋال ئۈستىدىكى بىر ئۇزۇن دوكلاتىدا شۇ چاغدا كارىزنىڭ بارلىقىنى يازىدۇ.

1988 - يىلى تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئاكادېمىك ب. ل. تىخونىسكى تەھرىرلىكىدىكى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمقى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكىدىكى تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 330 - بېتىدىكى تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دېگەن بابىدا: «جۇڭگونىڭ سۇڭ خاندانلىقىدىن مىلادى 982 - يىلى ماي ئايلىرىدا تۇرپانغا كەلگەن ۋاڭ يەندې، خاندانلىققا تۇرپان (قوچو) ئۇيغۇر دۆلىتى ئۈستىدە بىر ئۇزۇن دوكلات يازغان. دوكلاتىدا تۇرپان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى خوتەن، غەربىي جەنۇبىي ئەرەبلەر ۋە پارسلار بىلەن، غەربىي تەرىپى ئىستامبول (پوروشالپور — ئا. م) بىلەن قارلىق تاغدىن پىيازلىق تاغ تىزمىلىرىغىچە بىرنەچچە مىڭلى زېمىنى قارايدىكەن، بۇ يەردە نە قار، نە يامغۇر ياغمايدىكەن، ئىنتايىن ئىسسىق بولىدىكەن. ئىسسىق ئەۋج ئالغاندا ئادەملەر گەمە كولاپ كىرىۋالىدىكەن. قۇش تۇپى، ھايۋان پادىلىرى سۇ بويلىرىغا بېرىۋالىدىكەن. مۇنداق ئىسسىقتا قۇشلار ئۇچسا قاناتلىرى قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ زېمىنغا ئۇچراپ يەرگە چۈشۈپ كېتىدىكەن. ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىنى بىر خىل ئاق سېغىز بىلەن ئاقلاۋالىدىكەن، ئالتۇن تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن جىلغا سۇلىرى مەركەزنى ۋە دائىرە رايونلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىكەن، قىسمەن تۈگمەنلەرنى چۆرۈشكە ئىشلىتىدىكەن، بۇلار دانلىق زىرائەتنى تېرىيدىكەن. لېكىن گاۋلياڭ بولمايدىكەن، ئاتاقلىق كىشىلىرى ئات گۆشى يەيدىكەن، ئادەتتىكى پۇقرالىرى قوي، غاز، ئۆردەك گۆشى يەيدىكەن...

ئۇيغۇرلار تاتلىق مېۋىلەرنى ئۆستۈرىدىكەن. بۇلارنىڭ ئۈزۈملىرىنىڭ خىللىرى كۆپ، تولىمۇ سورتلۇق بولىدىكەن. ئۈزۈمدىن ئېسىل ۋىنو ئىشلەپچىقىرىدىكەن. ئارسلانخاننىڭ قوي پادىلىرى، كالىلىرى ھەددى - ھېسابسىز بولۇپ، ئۆزى سانىنى بىلمەيدىكەن. بۇلارنىڭ كەڭ - كۆلەملىك تېرىلغۇلىرى ئۈچۈن



يەر ئۈستى سۈيى يەتمەيدىكەن. بۇلارنىڭ يەر ئاستى سۈيى تولىمۇ چوڭقۇرغا جايلاشقانىكەن. يەر ئاستى سۈيىنى قاتار قۇدۇقلارنى قېزىپ، قۇدۇق ئاستىلىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، كارىز دەپ ئاتالغان يەر ئاستى سۇ يولى بىلەن يەر ئۈستىگە چىقىرىپ ئېتىزلارنى سۇغىرىدىكەن، دەپ يازىدۇ ۋاڭ يەندې» دەپ كۆرسىتىلگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان ئالىمى پروفېسسور، دوكتور نارنبايوپ 1988 - يىلى نەشىردىن چىققان «ئۇيغۇرلارنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى فىلوسوفىيىلىك تەپەككۇرى» دېگەن كىتابىدا (11 - بەتتە) ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئىجاد قىلغان كارىزى (2500 كىلومېتىرلىق يەر ئاستى ئۆستىڭى) ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ باي، يۈكسەك مەدەنىيىتى بىلەن ماختىنىشىمىزغا ھەقلىق دەپ يازىدۇ.

سوۋېت ئالىمى، جۇغراپىيىشۇناس، ھايۋاناتشۇناس گىروم گرژمايلوۋ 1884 - 1890 - يىللىرى تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ مەخسۇس ئۆگىنىپ كارىزنى شۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجايىپ پاراسەتلىك بىلەن تۇرپاندا ئىجاد قىلىپ چىققان ھەيۋەتلىك قەدىمى كارىز سۇ ئىنشائاتى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ قەدىمدىن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كارىزى مىسىرلىقلارنىڭ پىرامىداسىدىن قېلىشمايدىغان، قايىل قىلارلىق كۈچكە ئىگە سۇ ئىنشائاتى».

پارس خرونولوگى گاردىزى، 1290 - يىللاردا مەركىزىي ئاسىيادا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ماركوپولو، مەشھۇر رۇس ئالىمى پرژىۋالىسكى قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىقى نۇقتىنى يېزىشىدۇ. ئاتاقلىق ۋىس ساياھەتچىسى چوقان ۋەلىخانوپ ئۆزىنىڭ قول يازمىسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈل - گىياھلىرى، با-

راڭلىرى، سورتلۇق دەرەخلىرىنى تەپسىلىي ئۆگەنگەنلىكىنى، دەرەخلەردىن كۆك تېرەك، ئاق تېرەك، سېدە، ئۈجمە، شاتۇت، جىگدە، تېرەك، ئاتۇش دەرىخى، قارىياغاچ، قېيىن، ئىلى ئالمىسى (مەشرەپ ئالمىسى)، سۆگەت (سېرىق سۆگەت ۋە قارا سۆگەت) قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ ئانا ۋەتىنى شىنجاڭ» دەپ يازىدۇ.

كارىز ئۈستىدە يۇقىرىدا تۈرلۈك مەنبەلەر سىتات كەلتۈرۈلدى. كارىزنىڭ ئاتىلىشى، كېلىپ چىقىشى، شىنجاڭدا تارقىلىشى ئۈستىدە ئۆز مەنبەمىزدىن ئالغاندا ئەڭ كېيىنكى بىلىنگەنلىرىگە 2000 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، بەزى رايونلاردىكى يەر ئاستىدىن چىققان كارىزلارنىڭ تارىخى ئۇنىڭدىنمۇ يىراقلىقى ئۆز مەنبەلىرىمىزدىن مەلۇم. بۇ يەرنىڭ تېرىقچىلىق تارىخى مۇنىڭدىن 7000 يىل بۇرۇنلىقىنى ئالىملارنىڭ يازغان مەنبەلىرى ئىسپاتلايدۇ. 1939 - يىلى موسكۋادا نەشىردىن چىققان، پروفېسسور ۋ. س. ئوۋودوف يازغان يېزا ئىگىلىك سۇ تەمىناتى كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «تۈرك خەلقىنىڭ سۇمىرلىقلىرى مىلادىدىن 3000 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىن شەتتۇلئەرەبكە (ئېفراتقا) بېرىپ شەھەرنى ۋە باغلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئۆستەڭ تورىنى قۇرغان» دەپ يازىدۇ.

ئۆز مەنبەلىرىمىزدىن ھىلالدىن تاشاخۇن ئوغلى ئەزىزى مۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ: مىلادىدىن 2700 يىل بۇرۇن مارالبېشىنىڭ ھازىرقى سەيپۇڭ كۆۋرۈك دەپ ئاتىلىدىغان يېرىدە ئۇيغۇرلار ياۋا پاختىنى تېرىپ، يىپ ئىگىرىپ رەخت توقۇپ كېيىشكەن. شۇنداقلا خوتەن قاراقاشنىڭ يوروڭقاش بويىدىنمۇ ياۋا پاختا يىغىپ ئالىدىكەن دەيدۇ. 1980 - يىلقى تارىمدىن چىققان قەدىمىي ئايال ۋە بالىنىڭ جەسىتى يېنىدىن چىققان بۇغدايمۇ مىلادىدىن 2 - 3 مىڭ يىل بۇرۇن تېرىلغان بۇغداينىڭ بولغانلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

دېمەك، شىنجاڭدا كارىزنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن،



ئەڭ ئاۋۋال بولغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان تارىخىي پاكىتلارغا ئىگە.

تۇرپاندىكى ئۇيغۇر كارىزچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىرىغا بىنائەن كارىزنىڭ قېزىلغىنىغا 2000 يىلدىن ئاشتى دېيىشىدۇ. بۇنى ھەقلىق دەپ مۇقىملاشتۇرىمىز.

شىنجاڭ مىلادىدىن بۇرۇن كارىز سۇ ئىنشائاتىنىڭ چىقىرىلىشى، بىر پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كەلتۈرگەن شان - شەرىپى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەقلىق رەۋىشتە پەخىرلىنىشكە ۋە ماختىنىشقا ئەرزىيدۇ. جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ھەر بىر مىللەتنىڭ قوشقان تۆھپىسى بولغاندەك، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كارىزى ۋە باشقا مەدەنىيەت تارىخى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىدۇر.

(ئاپتور — ش ئۇ ئا ر سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى ئىدى، ھازىر دەم ئېلىشقا چىقتى)

# شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرى ۋە ياردەملىرى

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

بۇ يىل ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلغىنىغا 45 يىل بولدى، بۇنىڭدىن 53 يىل ئىلگىرى، ياپون جاھانگىرلىكى «7 – ئىيۇل» ۋەقەسىنى قەستەن پەيدا قىلىپ، جۇڭگوغا قارشى ئاشكارا ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى ۋە ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ مەملىكىتىمىزنىڭ شەرق – شىمال رايونلىرىنى زورلۇقچە بېسىۋالدى. نەتىجىدە مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقى سەككىز يىل جاپا – مۇشەققەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئەنە شۇ سەككىز يىللىق جاپا – مۇشەققەتلىك يىللاردا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ كەڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ خەلقى بىلەن تەقدىرداش، ۋەتەنداش ئىكەنلىكىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارغا ئىنتايىن زور مىقداردىكى ماددىي ياردەملەرنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ياخشى بولغان سودىگەر ۋە بىر قەدەر ياخشى بولغان ھۈنەرۋەن، كاسىپلاردىن تارتىپ تاكى ئۆز – ئۆزىنى ئارانلا قامدايدىغان نامرات ئائىلىلەرگىچە بولغان ھەرقايسى تەبىقە كىشىلىرى ئىئانە توپلاش، خەير – ساخاۋەت قىلىشقا ئىنتايىن قىزغىن ئاۋاز قوشتى. ئۇلار، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي – شىمال رايونلىرىدىكى تۈمەنلىگەن



قېرىنداشلىرىنىڭ تارتقان ئازاپ – ئوقۇبەتلىرى، جەبىر – زۇلۇملىرىنى، نامراتلىق، ئاچارچىلىق، يېلىڭ – يالىڭاچ تۇرمۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىقى، ئىنسانپەرۋەرلىكى ھەسسىلەپ ئۇرغۇپ، ئۆزلىرى يېمىسىمۇ، كىيمىسىمۇ، ئائىلە قىيىنچىلىقى ئېغىر بولسىمۇ تاپقان – تەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەكلا ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئاتىدى. ئۇلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك ئىلھام بېرىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن شەرەپلىك تارىخىي تۆھپىلىرىنى قوشتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئۇنتۇلغۇسىز تارىخىي تۆھپىلىرى — ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى، جۇڭگو تۇپرىقىدىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى، غايىسى بىر ئىكەنلىكىنى، چاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پولاتتەك تارىخىي پاكىت بولۇپ قالدى.

**(1)**

1937 – يىل 7 – ئاينىڭ 7 – كۈنى، ياپون باسقۇنچىلىرى لوگوچياۋ ۋەقەسىنى قەستەن پەيدا قىلغاندىن باشلاپ، ئاشكارا ھالدا جۇڭگوغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى ھەم ئېلىمىزنىڭ شەرقى – شىمالىدىكى رايونلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بىر قىسىم جايلارنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالدى. ياپونىيە جاھانگىرلىكى يەنە تاشقى موڭغۇلىيىنى بېسىۋېلىپ شۇ ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىش، چاۋشيەندىن تارتىپ پامىرغىچە بولغان نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئارىلىقتا ئۆز ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى ئورنىتىش، شىنجاڭنى ئارقا سەپ قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىشتەك بىر قاتار فاشىستىك پىلانلىرىنى تۈزگەنىدى. بۇ ۋاقىتتا گېرمانىيە جاھانگىرلىكى ياپونىيىنىڭ بۇ فاشىستىك پىلانىغا ئاۋاز قوشۇپ، 2 – دۇنيا ئۇرۇش ئوتىنى ئاسىيادىن ياۋروپاغا، ئافرىقىغا تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، گىتلېر 1941 – يىل 6 – ئاينىڭ

22 - كۈنى سوتسىيالىستىك دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى ھەم 1942 - يىلى قىش پەسلىگىچە ستالىنگرادنى ئېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. نەتىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ شەرق - غەرب ئىككى تەرەپتىن ياپونىيە، گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، سوۋېت بىلەن دوست بولىدىغان بىر قوشنا دۆلەتنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. جۇغراپىيىۋى، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىياسىنىڭ، تارىختىن بىرى داۋاملىشىپ كەلگەن سودا - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق بولۇشىدەك ئەۋزەل شارائىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى.

بۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە كەلسەك، 1933 - يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى ئارقىلىق جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، شېڭ شىسەينىڭ سۇيىقەست ۋە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقى شېڭ شىسەينىڭ قولىغا ئۆتتى ۋە ئۇ «چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى» بولۇۋالدى. ئەمما شېڭ شىسەي تەختكە چىققان كۈندىن تارتىپلا ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانىدى، چۈنكى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ شىسەينىڭ كۈچى ئاجىز، ئىگىلىگەن زېمىنىمۇ تار ئىدى. ئەكسىچە ما جۇڭيىڭ، جاڭ پېيۈەن كۈچلىرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، شېڭ شىسەيگە قارىتا مۇھاسىرە ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەنىدى، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، شېڭ شىسەي ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا يېقىنلىشىش سىياسىتىنى قوللاندى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچى



بىلەن ئۆز رەقىبلىرىنى يېڭىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى. ئۇ، شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيىتىگە ئاساسەن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، ۋەزىيەتنىڭ قىستىشىدىن ساقلىنىش ھەم خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىش غەرىزى بىلەن بىر قاتار ھىيلە - مىكىر يوشۇرۇنغان ساختا تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ باردى.

مەسىلەن: دەسلەپتە، يەنى 1934 - يىلى كۆزدە مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىش، يېزىلارغا بېرىلىدىغان ئىجتىمائىي ياردەملەرنى يولغا قويۇش، مالىيىنى تەرتىپكە سېلىش، مەمۇرىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مائارىپنى كېڭەيتىپ يولغا قويۇش، ئاپتونومىيىنى يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت «سەككىز چوڭ خىتابنامە»نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارقىدىنلا، يەنە 1934 - يىلى 11 - ئايدا، ئۈزۈل - كېسىل پاك بولۇشنى يولغا قويۇش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مەدەنىيەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇرۇشتىن خالىي تىنچلىقنى ساقلاش، پۈتۈن ئۆلكىنى ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى ياخشى ئىشلەش، قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، شىنجاڭنى مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى قىلىپ ساقلاش، جاھانگىرلارغا، فاشىستلارغا قارشى تۇرۇپ، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق سىياسىتىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاش، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش، ھەر مىللەت ۋاڭ - گۇڭ، ئاخۇن، لامىلارنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنى قەتئىي قوغداشتىن ئىبارەت «توققۇز تۈرلۈك يېڭى ۋەزىپە»نى ئوتتۇرىغا قويدى. 1934 - يىلى قىش پەسلىگە كەلگەندە شېڭ شىسەي يەنە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەمىر قىلىشتىن ئىبارەت «ئالتە

بۈيۈك سىياسەت»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پەيدىنپەي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشكە باشلىدى.

1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. 1935 - يىلى 5 - ئايغا كەلگەندە، يۇ شۇسۇڭ (كومپارتىيىنىڭ 1 - تۈركۈمدىكى ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ، شىنجاڭدىكى تەخەللۇسى ۋاڭ شۇچىڭ) باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلدى، يۇ شۇسۇڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپلىقىنى ھەمدە شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئەمما شىنجاڭغا كەلگەن كوممۇنىستلارنىڭ سانى چەكلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىيەتتىكى قالايمىقانچىلىق، ئەنسىزلىك تۈپەيلىدىن ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، يەر ئاستى مەخپىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا ماسلىشىپ جەمئىيەتتىكى ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغان، تەشۋىقى - تەربىيە ئېلىپ بارىدىغانلار يەنىلا يەرلىك مىللەتلەر ئىدى. كوممۇنىستلار يەرلىك زىيالىيلار ۋە ئىلغار ئىدىيىدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ ئەدىپلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتە بۈيۈك سىياسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرمۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش نەزەرىيىسى دەرسلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى سەپەرۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى تەدرىجىي قانات يېيىپ كېڭىيىشكە باشلىدى.

1936 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگە كەلگەندە، شېڭ شىسەي گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ: (1)



پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە قېرىنداشلار بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ جۇڭگونى قۇتقۇزۇش؛ (2) ئىچكى ئۇرۇشنى قەتئىي توختىتىپ، تاجاۋۇزچىلار ۋە جۇڭگونى بۆلۈشۈۋالغۇچىلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش؛ (3) پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە قېرىنداشلىرى بارلىق ساتقىن، خائىنلار بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش؛ (4) جاھانگىرلارنىڭ قارشىلىق سىياسىتىدىن قەتئىي ۋاز كەچتۈرۈش ھەم ئەڭ كۈچلۈك دىپلوماتىيە سىياسىتىنى قوللىنىش؛ (5) سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ ئىقتىسادىي تاجاۋۇزى، ئەتكەسچىلىكى ھەم مال يۆتكەش قىلمىشلىرى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش؛ (6) بارلىق كۈچ بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەم يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودا ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ (7) سۈن جوڭشەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، دۇنيادا بىزنى ئۆزى بىلەن باراۋەر كۆرىدىغان مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىردەك كۈرەش قىلىش ئارقىلىق جۇڭگونى مۇنقەرزلىك خەۋپىدىن قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت «يەتتە ماددىلىق ۋەتەن قۇتقۇزۇش گاڭلىڭى»نى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇ يىل 11 - ئايدا سۈيۈەندە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ فۇ زۇيى قوماندانلىقىدا ياپونغا قارشى تۇرۇشى بىلەن، پۈتۈن مەملىكەتتە سۈيۈەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى قوزغالدى، بۇ چاغدا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ھالدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئىئانە توپلاشتىن ئىبارەت ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن سۈيۈەندىكى ئارمىيە، خەلققە زور ياردەملەرنى قىلدى. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 90 مىليون سەر ئۆلكە پۇلى ۋە كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلغانىدى.

1938 - يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭدا «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق ژۇرناللار نەشىر قىلىندى؛

«شىنخۇا گېزىتى»، «ئاۋام گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار
كەڭ تارقىتىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن كوم-
مۇنىستلار يەرلىك مىللەتلەر زىيالىيلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قول-
لىشى ۋە ياردەم قىلىشى بىلەن كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ باردى،
ئۈرۈمچىدىكى ۋە جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرمۇ ھەر
خىل شەكىللەر بىلەن ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرز-
لىكتىن قۇتقۇزۇش تەشۋىقاتلىرىنى كەڭ دائىرىدە ئېلىپ باردى.
خاتىرە كۈنلىرى، مەسىلەن: «4 - ماي»، «30 - ماي»، «18 -
سېنتەبىر»، «7 - ئىيۇل»، «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» كۈنلىرى تەش-
ۋىقات تېزىسلىرى تارقىتىش، كونسېرت نومۇرلىرى كۆرسىتىش...
قاتارلىق تەشۋىقات شەكىللىرى ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى كەڭ قانات يايدۇردى. نەتىجىدە
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ ياپونغا قارشى
تۇرۇشتىكى چۈشەنچىلىرى ئېخىمۇ چوڭقۇرلۇشۇپ، دۈشمەنگە بول-
غان غەزەپ - نەپرىتى ھەسسىلەپ كۈچەيدى.
ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەندى:
بىر كۈنى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كوچىلارغا چې-
قىپ كومېدىيە ئوينىغان، كومېدىيىدە بىر ئىشپىيوننىڭ دۈشمەن
ئايروپىلانىغا نىشاننى ئاشكارىلاپ قويۇشى ئارقىسىدا نۇرغۇن
ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى، ئىشپىيوننىڭ ئاخىر تې-
رىپىدىن تۇتۇلۇپ ئاممىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە ئۇچرىغانلىقى
كۆرسىتىلگەن؛ ئويۇن قويۇلۇۋېتىپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئويۇن
كۆرۈۋاتقان ئاخىر تەسىرلەنگەنلىكتىن ئۆزىنى يوقىتىپ، ئىشپىيون
رولىغا چىققان ئوقۇغۇچىنى تۇتۇۋېلىپ ساقچى ئىدارىسىگە ئاپې-
رىپ بەرمەكچى بولغان. دېمەك، بۇ ئاددىي بىر مىسالدىن ئەي-
نى ۋاقىتتىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا
بولغان ئۆچمەنلىكىنى، شۇنداقلا مۇھەببەت ۋە نەپرەتنىڭ قانچې-
لىك دەرىجىدە ئېنىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.



1938 - يىلى 10 - ئايدا ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان پۈتۈن
شىنجاڭ تەۋەسىدىكى 3 - قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى — يا-
پون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سىياسىي - ئىدىيىۋى سەپەرۋەرلىك
ھەرىكىتىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق چوڭ كۆرىكى بولدى. قۇرۇل-
تاي مەزگىلىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى
قۇتقۇزۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى شوئارلار
پۈتۈن ئۈرۈمچى (دىخۇا) شەھىرىگە چاپلىنىپ يەتتى؛ ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناخشىلار ھەممىلا جايلاردا ياڭرىدى؛
تىياتىرلار كېيىنى - كەينىدىن ئوينالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈم-
چىدىكى ھەرقايسى ئىدارە، جەمئىيەت خادىملىرىدىن تارتىپ يېزى-
لاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلارغىچە ھەممە ئادەمنىڭ ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى غەزىپى، قىزىل ئارمىيىگە بولغان ھېسداشلىقى
ئېخىمۇ ئۇلغىيىپ، بەس - بەس بىلەن ئالدىنقى سەپكە ئىئانە
توپلاش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى. شۇڭا، شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقى زىمىستان قىش يېتىپ كېلىش ئالدىدا، 8 -
ئارمىيە ۋە يېڭى 4 - ئارمىيەلەرنىڭ قىشلىق كىيىم - كېچەك-
لىرىنىڭ يېتىشمەي قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن 50 مىڭ دانە
جۇۋا تەييارلىدى، شىنجاڭ خەلقى ئارىلىقىنىڭ يىراق، قاتناشنىڭ
قۇلايسىزلىقىدىن ئىبارەت قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ،
1937 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بىرىنچى تۈركۈمدە 3 مىڭ
ئالتەيۈزدىن ئارتۇق جۇۋىنى لەنجۇغا ئەكىلىپ، شەئەن ئارقىلىق
يەنئەنگە يەتكۈزۈپ بەردى، 1938 - يىلى 1 - ئاينىڭ باشلىرىدا
لەنجۇغا يەنە 103 تاي سەر خىل تېرىلەرنى ئاپىرىپ، يەنئەنگە
يەتكۈزۈپ بەردى. ئالدىنقى سەپتىكى يارىدارلار ئۈچۈن يەنە
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارمىيىمىزگە قىلغان ھەرخىل ماددىي يار-
دەملىرى يەرلىك خەلقلەرنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئاۋۋال لەنجۇ-
غا، ئاندىن يەنئەنگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ قان-
تەر بەدىلىگە كەلگەن بۇ خىل ماددىي ياردەملەر شەرق -

شىمالدىكى قېرىنداش خەنزۇ خەلقىنىڭ جىددىي ھاجىتىنى قاندۇردى. 1937 - يىللارنىڭ قاتناش شارائىتىدا شىنجاڭدىن لەنجۇغا، لەنجۇدىن يەنئەنگە بېرىش ئۈچۈن ھەر قانچە قاتتىق پولاتتىن ياسالغان رېزىنكە چاقلىق ماشىنىلارمۇ بىخەتەر بارالمايتتى. قۇم - بورانلىق چەكسىز سايلىقلار، سۇسىز چۆللۈكلەر، داۋانلار يۈزلەرچە ئات - تۆگىلەرنىڭ ھاياتىغا زامىن بولۇپلا قالماستىن بەلكى كارۋانلارمۇ كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتەتتى. شىنجاڭ خەلقى پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادىگە، باتۇرلۇق، جەسۇرانە روھقا ۋە قېرىنداشلىرىغا ياردەم بېرىشتە ھېچنەرسىنى ئايىمايدىغان ئىنسانپەرۋەرلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، نەچچە مىڭ كىلومېترلىق قاقاسلىقنى ئۇلاغ قاتنىشى بىلەن بېسىپ ئۆتۈپ، خەنزۇ قېرىنداشلىرىغا ئاتىغان ياردەملىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگەنىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن تەربىيىلىنىپ چىققان ماركسىزمچە ئىدىيىگە ئىگە بىر قىسىم زىيالىيلار بىلەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئىلغارلارنىڭ تەشۋىق قىلىشى ۋە ئۆزلىرى ئۆلگە بولۇشى بىلەن «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن»، «پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش»، «بىلىمى بارلار بىلىمىنى چىقىرىش» شوئارى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغىچە، شەھەرلەردىن يايلاقلارغىچە ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى قانات يېيىشقا باشلىدى. مىڭلىغان ھاللىق ۋە كەمبەغەل ئامما ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقلارغا قارىماي سېخىيلىق بىلەن ئىئانە بەردى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەردە سودا - سېتىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان باي، ھاللىق سودىگەرلەر نەچچە مىليون سەر ئۆلكە پۇلى ئىئانە قىلدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئىئانە توپلاش پائالىيىتى شەھەر، بازارلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي بەلكى



كەڭ يېزىلاردىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىمۇ ئەۋج ئېلىپ، ئۆزلىرى ئاچ - يالىڭاچ قالسىمۇ شەرق - شىمال رايونلىرىدىكى قېرىنداشلىرى ئۈچۈن تاپقىنىنى ئىئانە قىلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، توپلىنىدىغان ئىئانىلەرنىڭ سانى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. يېزىلاردا ئىئانە توپلاشتا بولسا ئۇيۇشمىلارنىڭ رولى زور بولدى. «شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئارقا سەپ ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى»نىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1937 - يىلى 9 - ئايدىن 1938 - يىلى 9 - ئايغىچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىئانە توپلانغان پۇل 2 مىليارد 412 مىليون سەر (ئىسلاھ قىلىشتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ كونا پۇلى) دىن ئاشقان. ئۆكتەبىردە چاقىرىلغان 3 - قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى بۇ پۇلغا شىنجاڭ ماركىلىق دۆلەت مۇداپىئە ئايروپىلانىدىن ئونىنى سېتىۋېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم قىلىشنى قارار قىلغانىدى. شىنجاڭ ماركىلىق ئون ئايروپىلان تەقدىم قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلقى يەنە مەملىكەتلىك قىشلىق كىيىم - كېچەك توپلاش ھەرىكىتىنىڭ 4 مىليون جىلىتىكە، 5 مىليون كونا كىيىم توپلاش چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، شەھەر - بازارلاردىن يېزىلارغىچە بولغان زور كۆلەمدىكى قىشلىق كىيىم - كېچەك توپلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

1938 - يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى جىددىي يىغىن چاقىرىپ، شىنجاڭ قىشلىق كىيىم توپلاش ھەيئىتىنى قۇردى. 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ گېزىتى «ھەر مىللەت ھەر ساھەدىكى قېرىنداشلارغا قىشلىق كىيىم توپلاش توغرىسىدا مۇراجىئەتنامە» ئېلان قىلىپ، كۆپچىلىكنى «ئىئانە توپلاش»، «قىشلىق كىيىم - كېچەك يىغىش»قا چاقىردى. 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قىشلىق كىيىم-

كېچەك نىزامى ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ قىشلىق كىيىم - كېچەك توپلاش ھەيئىتىنىڭ ھەرقايسى مىللەت تەشكىلاتلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەشۋىق قىلىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ بىپايان يېزا - قىشلاقلىرىغىچە كىيىم - كېچەك توپلاش ھەرىكىتى تېز قانات يايدى. يەنە دىخۇا شەھىرىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار، مەكتەپلەر نەچچە يۈز كىشىلىك تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللىدى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما گىرىملىك نۇتۇق تەشۋىق ئەترىتى تەشكىللەپ، كوچىمۇ كوچا ئارىلاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقاتلارنى داۋاملىق ئېلىپ باردى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ھەر مىللەت ئاممىسى ئارقا - ئارقىدىن ئىئانە بەردى. چاپان، ئىشتان، قولاقچا، ئاياغ، پايپاق قاتارلىقلاردىن تاشقىرى ئاياللارنىڭ ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق نەرسىلەردە ياسالغان ھالقا، بىلەيزۈك، ئۈزۈك، ساپاقلارغىچە ئىئانە قىلدى. مەسىلەن: ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىسى ئۆزىنىڭ گەمپۇت ئالىدىغان پۇلىنى يىغىپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلغان بولسا، ئاقسۇدىن بىر ئۇيغۇر ئايال مەردانىلىق بىلەن 27 يامبۇنى ئىئانە قىلغان. دېمەك قىشلىق كىيىم - كېچەك توپلاش ۋە ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى خىزمەتچى خادىملاردىن دېھقانلارغىچە، چارۋىچىلاردىن ئۆسمۈرلەرگىچە ئومۇملاشقان ۋە ھەر ساھە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن زور ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە قىشلىق كىيىم - كېچەك ئۈچۈن توپلىنىپ ئەۋەتىپ بېرىلگەن ئىئانە پۇل 230 يۈەن پابى① بولغانىدى. شۇڭا شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان

① پابى — گومىنداڭنىڭ 1935 - يىلىدىن كېيىن تارقاتقان قەغەز پۇلى بولۇپ، بىر يۈەنلىك پابى 2000 سەرگە توغرا كېلىدۇ.



قىشلىق كىيىم - كېچەك توپلاش ۋە ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالاھىدە ھەم ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا بولغاچقا، مەمۇرىي پالاتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تېلېگرامما ئەۋەتىپ تەقدىرلىگەن. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى 1938 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى ئالدىنقى سەپكە 200 نەچچە مىڭ يۈەنلىك ئىئانە توپلاپ بېرىپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئالىي جاناب روھىنى ئىپادىلىدى.

قىشلىق كىيىم - كېچەك توپلاش ھەرىكىتى بىلەن بىللە شىنجاڭدا يەنە پۇل تەقدىم قىلىش ھەرىكىتىمۇ ئېلىپ بېرىلدى. 1940 - يىلى 6 - ئايغىچە، شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى توپلانغان پۇلنىڭ ئومۇمىي سانى بىر مىليون 250 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

**(2)**

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى تېزلىتىش ھەم ئۇرۇش رايونلىرىدىكى ئارمىيە، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ خەلقى ئىنتايىن ئورغۇن مالىيە كۈچىنى سەرپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى «پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 1942 - يىلى ۋە 1943 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ئىتتىپاق غالىبىيەت خەزىنە چېكىنى كەڭ تارقاتتى. بۇ خەزىنە چېكىنى ئىختىيارىي ھالدا ساتقاندىن باشقا يەنە ھەرقايسى ناھىيىلەرگە تەقسىم قىلىش ئارقىلىقمۇ تارقاتتى.

1942 - يىلى تارقىتىلغان خەزىنە چېكى 10 مىڭ ۋاراق ئۆلكە پۇلى (ھەر بىر ۋارىقى 1000 يۈەن ئۆلكە پۇلى) بولۇپ، جەمئىي 10 مىليون يۈەن؛ ئامېرىكا دوللىرى خەزىنە چېكى

10 مىڭ ۋاراق (ھەر بىر ۋارىقى 100 يۈەن ئامېرىكا دوللىرى) بولۇپ، جەمئىي 1 مىليون يۈەن ئامېرىكا دوللىرى بولغان. بۇنى ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرغاندا 16 مىليون 666 مىڭ 600 يۈەن ئۆلكە پۇلىغا باراۋەر بولغان. ئۆلكە پۇلى ۋە ئامېرىكا دوللىرى خەزىنە چېكى قوشۇلۇپ جەمئىي 26 مىليون 666 مىڭ 600 يۈەن ئۆلكە پۇلى بولغان.

1943 - يىلى تارقىتىلغان ئىتتىپاق غالىبىيەت خەزىنە چېكى 76 مىڭ 440 ۋاراق (100 مىڭ يۈەنلىكتىن 140 ۋاراق، 10 مىڭ يۈەنلىكتىن 1000 ۋاراق، 5000 يۈەنلىكتىن 300 ۋاراق، 1000 يۈەنلىكتىن 10 مىڭ ۋاراق، 500 يۈەنلىكتىن 5000 ۋاراق، 200 يۈەنلىكتىن 60 مىڭ ۋاراق) ئۆلكە پۇلى بولۇپ، جەمئىي 50 مىليون يۈەن بولغان. 1944 - يىلدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ھەرقايسى ئايلىق سانلىرىدىكى ئىتتىپاق غالىبىيەت خەزىنە چېكى تەقسىم قىلىش، سېتىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلىك خەۋەرلەرگە ئاساسەن، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىنىڭ قىزغىنلىق بىلەن خەزىنە چېكى سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن تەپسىلىي كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1. دىخۇا (ئۈرۈمچى) رايونى: دىخۇا شەھىرى بىلەن دىخۇا ناھىيىسىنىڭ 1944 - يىلى سېتىۋالغان ئىتتىپاق غالىبىيەت خەزىنە چېكى 137 مىڭ يۈەن، سانجى ناھىيىسى 49 مىڭ يۈەن، قۇتۇبى ناھىيىسى 49 مىڭ يۈەن، ماناس ناھىيىسى 96 مىڭ يۈەن، پىچان ناھىيىسى 18 مىڭ 980 يۈەن، توقسۇن ناھىيىسى 1902 يۈەن، مىچۇەن ناھىيىسى 13 مىڭ يۈەن، فۇكاڭ ناھىيىسى 49 مىڭ يۈەن، جىمسار ناھىيىسى 60 مىڭ يۈەن، گۇچۇڭ ناھىيىسى 107 مىڭ يۈەن، تۇرپان ناھىيىسى 156 مىڭ يۈەن، مورى ناھىيىسى 13 مىڭ يۈەن، جەمئىي 10 مىليون يۈەن ئۆلكە پۇلى خەزىنە چېكى سېتىۋالغان.

2. ئاقسۇ رايونى: ئاقسۇ ناھىيىسى 170 مىڭ يۈەن،



كۇچا ناھىيىسى 200 مىڭ يۈەن، كونىشەھەر ناھىيىسى 190 مىڭ يۈەن، ئۇچتۇرپان ناھىيىسى 17 مىڭ يۈەن، باي ناھىيىسى 120 مىڭ يۈەن، ئاۋات ناھىيىسى 70 مىڭ يۈەن، شايار ناھىيىسى 70 مىڭ يۈەن، توقسۇن ناھىيىسى 50 مىڭ يۈەن، كەلپىن ناھىيىسى 40 مىڭ يۈەن، ئاقچى ناھىيىسى (بۇ چاغدا ئاقچى بولۇپ، ئاقسۇغا قارايتتى) 20 مىڭ يۈەن، جەمئىي 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئۆلكە پۇلى خەزىنە چېكى سېتىۋالغان.

3. ئالتاي رايونى: بۇرچىن ناھىيىسى 15 مىڭ يۈەن، قابا ناھىيىسى 15 مىڭ يۈەن، جىمىنەي ناھىيىسى 15·000 يۈەن، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى 10 مىڭ يۈەن، چىڭگىل ناھىيىسى 3000 يۈەن، ئالتاي ناھىيىسى 40 مىڭ يۈەن، جەمئىي 500 مىڭ يۈەن ئۆلكە پۇلى خەزىنە چېكى سېتىۋالغان.

4. قەشقەر رايونى: قەشقەر شەھىرى 178 مىڭ 900 يۈەن، يېڭىشەھەر ناھىيىسى 284·000 يۈەن، كونا شەھەر ناھىيىسى 259 مىڭ يۈەن، پەيزاۋات ناھىيىسى 219 مىڭ يۈەن، يېڭىسار ناھىيىسى 215 مىڭ يۈەن، مارالبېشى ناھىيىسى 123 مىڭ يۈەن، ئاتۇش ناھىيىسى 101 مىڭ يۈەن، ئۇلۇغچات ناھىيىسى 29 مىڭ 800 يۈەن، يوپۇرغا ناھىيىسى 64 مىڭ يۈەن، تاشقورغان ناھىيىسى 26 مىڭ 200 يۈەن، جەمئىي 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئۆلكە پۇلى خەزىنە چېكى سېتىۋالغان.

5. چۆچەك رايونى: چۆچەك ناھىيىسى 360 مىڭ يۈەن، دۆربىلجىن ناھىيىسى 420 مىڭ يۈەن، شىخۇ ناھىيىسى 180 مىڭ يۈەن، ساۋەن ناھىيىسى 140 مىڭ يۈەن، چاغانتوقاي ناھىيىسى 120 مىڭ يۈەن، قوبۇقسار ناھىيىسى 80 مىڭ يۈەن، جەمئىي 650 مىڭ يۈەن ئۆلكە پۇلى خەزىنە چېكى سېتىۋالغان.

يۇقىرىقىدىن باشقا يەنە، پۈتۈن ئىلى رايونى 10 مىليون يۈەنلىك، پۈتۈن خوتەن رايونى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك، پۈتۈن يەنجى خۇيزۇ رايونى 1 مىليون يۈەنلىك، پۈتۈن قۇمۇل

رايونى 500 مىڭ يۈەنلىك، پۈتۈن يەكەن رايونى 5 مىليون يۈەنلىك (ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا) خەزىنە چېكى سېتىۋالغان. (بۇ سان ـ سىغىرلىق تەپسىلاتلار 1944 ـ يىلدىكى شىنجاڭ گېزىتىدىن باشقا، جاڭ داجۈن يازغان «شىنجاڭدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق 70 يىل» دېگەن كۆپ قىسىملىق ئەسەردىمۇ ناھايىتى ئېنىق ۋە تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن.)

دېمەك، شۇ چاغدىكى (1944 ـ يىلدىكى) 14 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 4 مىليوندىن ئارتۇق شىنجاڭ خەلقى (ئۇيغۇرلار 60% ئەتراپىدا ئىدى) نەچچە مىليارد يۈەنلىك قەرز چېكىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ شەرق ـ شىمالى رايونلىرىدىكى قېرىنداش خەلقلەرگە ناھايىتى نۇرغۇن مالىيە ئىقتىسادىي ياردەملەرنى قىلغانىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، شەھەر ـ يېزا خەلقىگە ئىقتىسادچىل بولۇش، ئاز ـ تولا ئېشىنىغىچىلىك ئىمكانىيەت بولسا خەزىنە چېكى سېتىۋېلىش، تاپاۋىتى ياخشى، ھال ـ ئوقىتى ياخشى ۋە تۇرمۇش شارائىتى ياخشى بولغانلار بولسا كۆپرەك نەق پۇل ئىئانە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەرلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ مالىيە خىراجىتىنى قىسىپ ئىشلىتىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە نەچچە يۈز مىڭ يۈەن تېجەپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن خېلى زور مىقداردىكى كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، دورا ماتېرىياللىرى ۋە نەق پۇللارنى ياردەم قىلغان.

(3)

1943 ـ يىلى، خەلقئارا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، گېرمانىيە، ياپونىيە فاشىستلىرى بارغانچە يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشقا باشلىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كونسايىن غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ،



جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىمۇ مۇداپىئە باسقۇچىدىن قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا ئۆتتى. بۇ خىل خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەتتىن خەۋەر تاپقان شىنجاڭ خەلقى تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش روھىنى ئاخىرغىچە جارى قىلدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنى 1943 ـ يىلى «بىر ناھىيە بىر ئايروپىلان ئىئانە قىلىش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى، بۇ ھەرىكەتكە ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى ئاممىا ئىنتايىن قىزغىن ئاۋاز قوشتى، بولۇپمۇ كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەر ئاممىسى قوي، ئات، كالا ئىئانە قىلدى ۋە بۇنى ئالتۇنغا سۇندۇرۇپ ئايروپىلان سېتىۋېلىشقا ھەدىيە قىلدى. بۇ ھەرىكەت 1943 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى باشلىنىپ، 1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تەقدىم قىلغان ئايروپىلان ئەسلى پىلاندىكى ئاتمىش تۆتتىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ، جەمئىي بىر يۈز قىرىق تۆت تەقدىم قىلىندى. بۇنىڭغا ئالدىدىكى شىنجاڭ مار كىلىق 10 ئايروپىلاننى قوشقاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا تەقدىم قىلغان ئايروپىلان بىر يۈز ئەللىك تۆتتىن ئېشىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن: (1) دىخۇا شەھىرىگە تەقسىم قىلىنغان سان 40 مىليون يۈەن ئۆلكە پۇلى، نەق توپلانغان پۇل 158 مىليون 192 مىڭ 403 يۈەن، ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغىنى 142 مىليون 192 مىڭ 403 يۈەن، تەقدىم قىلىنغان ئايروپىلان 40 دانە.

(2) دىخۇا رايونى، تەقسىم قىلىنغان سان 40 مىليون يۈەن ئۆلكە پۇلى، نەق توپلانغىنى 57 مىليون 9 مىڭ 886 يۈەن، ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغىنى 17 مىليون 9 مىڭ 885 يۈەن، تەقدىم قىلىنغان ئايروپىلان 13 دانە.

(3) ئىلى رايونى، تەقسىم قىلىنغان سان 480 مىليون يۈەن ئۆلكە پۇلى، نەق توپلانغىنى 54 مىليون 251 مىڭ 737 يۈەن، ئاشۇ ـ

روپ ئورۇنلانغىنى 6 مىليون 251 مىڭ 737 يۇەن، تەقدىم قىلىنغان ئايروپىلان 13 دانە.

(4) قەشقەر رايونى، تەقسىم قىلىنغان سان 44 مىليون يۇەن ئۆلكە پۇلى، نەق توپلانغىنى 48 مىليون 325 مىڭ 878 يۇەن، ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغىنى 4 مىليون 328 مىڭ 878 يۇەن، تەقدىم قىلىنغان ئايروپىلان 12 دانە.

(5) ئاقسۇ رايونى، تەقسىم قىلىنغان سان 44 مىليون يۇەن ئۆلكە پۇلى، نەق توپلانغىنى 59 مىليون 308 مىڭ 827 يۇەن، ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغىنى 15 مىليون 308 مىڭ 827 يۇەن، تەقدىم قىلىنغان ئايروپىلان 15 دانە.

(6) چۆچەك رايونى، تەقسىم قىلىنغان سان 280 مىليون يۇەن ئۆلكە پۇلى، نەق توپلانغىنى 54 مىليون 891 مىڭ 595 يۇەن، ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغىنى 26 مىليون 891 مىڭ 595 يۇەن، تەقدىم قىلىنغان ئايروپىلان 14 دانە.

(7) يەنجى رايونى، تەقسىم قىلىنغان سان 16 مىليون يۇەن ئۆلكە پۇلى، نەق توپلانغىنى 21 مىليون 881 مىڭ 865 يۇەن، ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغىنى 5 مىليون 881 مىڭ 865 يۇەن، تەقدىم قىلىنغان ئايروپىلان بەش دانە.

(8) ئالتاي رايونى، تەقسىم قىلىنغان سان 8 مىليون يۇەن ئۆلكە پۇلى، نەق توپلانغىنى 20 مىليون 991 مىڭ 980 يۇەن، ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغىنى 12 مىليون 991 مىڭ 989 يۇەن، تەقدىم قىلىنغان ئايروپىلان بەش دانە.

(9) خوتەن رايونى، تەقسىم قىلىنغان سان 32 مىليون يۇەن ئۆلكە پۇلى، نەق توپلانغىنى 39 مىليون 147 مىڭ 990 يۇەن، ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغىنى 7 مىليون 147 مىڭ 990 يۇەن، تەقدىم قىلىنغان ئايروپىلان 10 دانە.

(10) قومۇل رايونى، تەقسىم قىلىنغان سان 40،000،00 يۇەن ئۆلكە پۇلى، نەق توپلانغىنى 87·357·33 يۇەن، ئاشۇرۇپ



ئورۇنلانغىنى 4 مىليون 735 مىڭ 733 يۇەن، تەقدىم قىلىنغان ئايروپىلان ئىككى دانە.

(11) يەكەن رايونى، تەقسىم قىلىنغان سان 28 مىليون يۇەن ئۆلكە پۇلى، نەق توپلانغىنى 35 مىليون 565 مىڭ 152 يۇەن، تەقدىم قىلىنغان ئايروپىلان توققۇز دانە، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى دانە ئايروپىلان تەقدىم قىلىنغان.

(يۇقىرىدىكى سان - سىپىرلىق ھۆججەتلىك ماتېرىياللارنىڭ تەپسىلاتى جاڭ داجۇن يازغان «شىنجاڭدىكى بوران-چاپقۇنلۇق 70 يىل» دېگەن كىتابتا ئېنىق ھەم تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن.)

دېمەك، ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تۆت مىليوندىن ئارتۇق شىنجاڭ خەلقى، زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئايروپىلان تەقدىم قىلىش سوممىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، مەملىكەت بويىچە قوزغالغان ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىدە ئەڭ ئالدىدا تۇرغان، قىسقىسى پۈتكۈل ئۇرۇش رايونلىرىنى ماددىي مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي بازا بولغان.

(4)

1944 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ گېرمانىيە بىلەن ياپونىيىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ فاشىستلار گۇرۇھىنىڭ خەلقئارادىكى كۈچى ئاجىزلاپ، ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەسىدە زور مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى خەلقئارا سوتسىيالىزم لاگېرى كۈنسايىن كۈچىيىپ، دۇنيادىكى ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەر ۋە خەلقئارانىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن فاشىستلارنى ئۆز زېمىنلىرىدىن قوغلاپ

چىقىرىپ، مۇستەقىللىق ھەم ئەركىنلىككە ئېرىشىشكە باشلىدى. شۇ قاتاردا جۇڭگو خەلقىمۇ يەتتە يىللىق ئېغىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيە ۋە ئىشچى - دېھقان قوشۇنلىرىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى بىلەن ياپون ئالۋاستىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش چوڭ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، يەنى 1944 - يىل 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋە 19 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى «دەربىي ئات تەقدىم قىلىش چارىسى»، «ھەربىي ئات تەقدىم قىلىش ھەققىدە كەڭ ئاممىغا چاقىرىقنامە» ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدا: «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىنۋاتقىنىغا يەتتە يىل بولدى، ھازىر دەل قايتۇرما ھۇجۇم باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ، پۈتۈن ئۆلكىمىزدىكى قېرىنداشلار پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ، مىللىتىمىز ئازادلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشايلى؛ ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ئەسكەر ئېلىش، ئاشلىق يىغىش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مەركەز، رايونىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئات بولىدۇ دەپ قاراپ، ئەسكەر ئېلىش، ئاشلىق يىغىش مەجبۇرىيىتى ئورنىغا 10مىڭ دانە ھەربىي ئات تەقدىم قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى...» دېيىلگەن.

1944 - يىلى 4 - ئايدىن كېيىنكى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ھەرقايسى ئايلىق سانلىرىدىكى ستاتىستىكىلىق خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئات تەقدىم قىلىش ھەيئىتى»لىرىنى ۋە تەشۋىقات گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ، ئىئانە ياردەم چوڭ يىغىنلىرىنى ئاچقان ھەم ئىئانە توپلاش، ئات تەقدىم



قىلىشنى مەزمۇن قىلغان كونسېرتلارنى ئويناپ، ھەرقايسى كەنت ھەم يېزا - قىشلاقلارغىچە چوڭقۇر چۆككەن. بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى ئات تەقدىم قىلىش ھەرىكىتىدە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ساھە ئاياللىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان.

مەسىلەن: ئۆلكىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئالدى بىلەن ئاكتىپ باشلامچى بولۇپ، 200 ئات تەقدىم قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە چاغانتوقاي ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئۈچ ئات تەقدىم قىلغان، دۆربىلجىن ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تۆت ئات تەقدىم قىلغان. بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 3500 يۈەن بولۇپ، ئەسلىدىكى بەلگىلىمىدىن 2800 يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغان. پىچان ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئۈچ ئات تەقدىم قىلغان، بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 2100 يۈەن بولۇپ، ئىككى ئات ئارتۇق تەقدىم قىلغان. توققۇزتارا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئات تەقدىم قىلىش سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئاچقان، مەزكۇر ناھىيىدىكى بارلىق ئاياللار بۇنىڭغا ناھايىتى قىزغىن ئاۋاز قوشقان ھەم نەق يىغىن مەيدانىدىلا توققۇز ئات تەقدىم قىلغان، بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 6000 يۈەن بولۇپ، ئەسلىدىكى پىلاندىن 5000 يۈەن ئاشۇرۇپ تاپشۇرۇلغان، بورتالا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئۈچ ئات تەقدىم قىلغان، بۇنىڭ پۇلى 2100 يۈەن بولۇپ، ئەسلىدىكى پىلاندىن بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغان. قورغاس ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 6 - ئاينىڭ ئاخىرى ئات تەقدىم قىلىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچقاندا، بىر ئات، بەش قوي تەقدىم قىلغان. 7 - ئاينىڭ بېشىدا يەنە بىر قېتىم ئومۇمىي يىغىن چاقىرغاندا، 2800 يۈەن قىممىتىدىكى چارۋا تەقدىم قىلغان. سۈيدۈڭ ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئالتە ئات، غۇلجا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئىككى ئات، قورغاس ناھىيىلىك ئاياللار

بىرلەشمىسى بىر ئات تەقدىم قىلغان، بۇ ئۈچ ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەقدىم قىلغان سەككىز ئات 5653 يۈەن قىممىتىدە بولۇپ، 700 يۈەن ئاشۇرۇپ تەقدىم قىلغان. نىلقا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى توققۇز ئات تەقدىم قىلىپ، ئەسلى پىلاندىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان، بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا، 8500 يۈەندىن ئاشقان، قارىقاش ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئات تەقدىم قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلىپ، خىزمەتنى يېزىلارغىچە قانات يايدۇرغان ھەم ئاكتىپلىق بىلەن ھەر خىل ئاممىۋى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە ئەسلى پىلاندىكىدىن يەتتە ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، ئۆلكىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن ئالاھىدە مۇكاپاتلانغان.

ئۆلكىلىك سودا - سانائەتچىلەر ساھەسىدىكىلەرمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئات تەقدىم قىلىش تەشەببۇسنامىسىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز ساھەسى بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. دىخۇا شەھىرىدىكى سودا - سانائەتچىلەر ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىكتە كېلىپ، 300 مىڭ يۈەن نەق پۇل تەقدىم قىلىش ئارقىلىق 428 ئات سېتىۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئاقسۇ ناھىيىلىك سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەر ئاتقا ۋەكالىتەن 49 مىڭ يۈەن نەق پۇل تەقدىم قىلغان. بۇ ۋاقىتتىكى پۇل 74 ئاتقا (تەخمىنەن ھەر بىر ئات 700 يۈەن ھېسابىدا) توغرا كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى سودا - سانائەتچىلەرمۇ ئات ھېسابىغا نۇرغۇنلىغان نەق پۇللارنى تەقدىم قىلغان.

ئۆلكىلىك مائارىپ ساھەسىدىكىلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئات تەقدىم قىلىش توغرىسىدىكى مۇراجەتنامىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز ساھەسىدىكى بارلىق مەكتەپلەرگە بولغان تەشۋىقاتىنى كۈچەيتكەن، شىنجاڭدىكى



ھەرقايسى مەكتەپلەر ۋە مائارىپ تارماقلىرى بىر تەرەپتىن ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ يېزا - قىشلاقلارغىچە ئات تەقدىم قىلىشنى كەڭ تەشۋىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئۆزلىرىدىن نەق پۇل توپلاش ئارقىلىق ئات تەقدىم قىلىشقا نۇرغۇن ئەمەلىي ياردەملەرنى قىلغانىدى.

مەسىلەن: شىنجاڭ قىزلار شۆيۈەنى (گىمنازىيىسى) 24 ئات تەقدىم قىلغان؛ چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى ھەرقايسى مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى بىرلىشىپ 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈچ ئات ھېسابىدا 1082 يۈەن نەق پۇل تەقدىم قىلغان، چۆچەك ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇ شەرەپلىك ھەرىكەتكە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئىككى ئاتقا ھېسابلاپ مىڭ نەچچە يۈز يۈەن تەقدىم قىلغان. توققۇزتارا ناھىيىسىدە ئات تەقدىم قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن باشقا يەنە ئۈچ تەشۋىقات ئەترىتى تەسىس قىلىنىپ، شەھەر، بازار ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 17 ئائىلە بىردىن يارامىلىق ئاتنى تەقدىم قىلغان. نىلقا ناھىيىسىدىكى بىر دېھقان يالغۇزلا 25 ئات تەقدىم قىلغان. يەنە دىخۇا شەھەرلىك ۋە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار قارمىقىدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئويۇن قويۇپ تاپقان بىر قىسىم پۇللىرىنى ئات ھېسابىغا سۇندۇرۇپ، 12 مىڭ 600 يۈەن نەق پۇل تەقدىم قىلغان.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ 10 مىڭ ھەربىي ئات تەقدىم قىلىش توغرىسىدا چۈشۈرگەن ۋەزىپە بۇيرۇقىنى تامامەن ئورۇنداپ بولغان ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان. ئىلى، چۆچەك ۋە يەنجى بۇ ئۈچ ئورۇن يارامىلىق ھەر-

بىي ئاتلارنى تاپشۇرغان، قالغان ۋىلايەت، ناھىيىلەر ئاتنى پۇلغا سۇندۇرۇپ نەق پۇل تاپشۇرۇپ، بۇ پۇللارغا ئىلى، چۆچەك ۋە يەنجىلەردىن ئات سېتىۋېلىنغان.

مەسىلەن: ئىلى رايونى 2200 ئات تەقدىم قىلغان ۋە ۋەكالىتەن 4100 ئات سېتىپ بەرگەن، چۆچەك رايونى 1300 ئات تەقدىم قىلغان ۋە ۋەكالىتەن 900 ئات سېتىپ بەرگەن، يەنجى رايونى 200 ئات تەقدىم قىلغان ۋە ۋەكالىتەن 1000 ئات سېتىپ بەرگەن؛ دىخۇا رايونى 1800 ئات ئۈچۈن نەق پۇل تاپشۇرغان؛ قەشقەر رايونى 1500 ئات ئۈچۈن نەق پۇل تاپشۇرغان؛ ئاقسۇ رايونى 1100 ئات ئۈچۈن نەق پۇل تاپشۇرغان؛ خوتەن رايونى 700 ئات ئۈچۈن نەق پۇل تاپشۇرغان؛ قۇمۇل رايونى 100 ئات ئۈچۈن نەق پۇل تاپشۇرغان؛ يەكەن رايونى 1000 ئات ئۈچۈن نەق پۇل تاپشۇرغان. ئالتاي رايونى 100 ئات تاپشۇرغان، ئەمما شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى، يەرلىك مىللەتلەر ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ھېچنەرسىسىنى ئايىماي تەقدىم قىلىۋاتقانلىقىنى، «ھەممە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن» دېگەن چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ مەملىكەت بويىچە ئىئانە توپلاشتا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالمىدى، ئەكسىچە، ئۆزلىرى چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ چىرىكلىشىپ، يەرلىك مىللەتلەر ئۈستىدىكى باج - سېلىق ۋە ئالۋان - ياساقلارنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. نەتىجىدە نىلقا خەلقىنىڭ ۋەزىپىدىن تاشقىرى يەنە ئات تەقدىم قىلىشقا مەجبۇرلىنىشى سەۋەبى بىلەن گومىنداڭ چىرىك ھاكىمىيىتىگە قارشى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشىدىكى ئوت پىلتىسى بولۇپ قالدى.

(تەپسىلاتىنى جاڭ داجۈن يازغان «شىنجاڭدىكى بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىل» دېگەن كىتابتىن كۆرۈڭ).



(5)

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، ئىككىيۈزلىمىچى، ئالدامچى، ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن پەدەزلەنگەن جاللات شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن تازىلاش ئېلىپ باردى ۋە ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغان بولدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1937 - يىلى 7 - ئايدىن 1941 - يىلى 6 - ئايغىچە ھەربىي ئەشيا، ھاۋا ئارمىيىسى ۋە ھەربىي مەسلىھەتچىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بەرگەن ياردىمى 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو قىلغان ماددىي ياردەملىرى ئىچكىرىگە شىنجاڭ تاشيوللىرى ئارقىلىق توشۇلاتتى، شىنجاڭدىن لەنجۇغا ۋە يەنئەنگە توشۇلىدىغان كىيىم - كېچەك، يۇڭ - تېرە، چارۋا، دورا...... قاتارلىق ياردەملەرمۇ شىنجاڭ تاشيوللىرى ئارقىلىق توشۇلاتتى؛ يەنە كېلىپ كومپارتىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئىنتېرناتسىئونال بىلەن بولىدىغان بارلىق ئالاقىسىمۇ مۇشۇ يول ئارقىلىق قاتنىلاتتى. شۇڭا، شىنجاڭ تاشيولى ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ مۇھىم خەلقئارا يول بولۇپ قالغانىدى.

شىنجاڭ خەلقى يۇقىرىقىدەك ئىنتايىن زور مىقداردىكى ماددىي ياردەملىرى بىلەن ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپنىڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغاندىن تاشقىرى، خەلقئارا قاتناشنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ماددىي ياردەملەرنى ئالدىنقى سەپكە ئۈزۈلدۈرمەي يەتكۈزۈپ بېرىپ ئۇرۇش ئۈچۈن يە-

ئە شىنجاڭ تاشيوللىرىنى ياسىدى ۋە رېمونت قىلدى. 1937 -
يىلىدىن باشلاپ سانسىزلىغان ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە ما-
لىيە كۈچى سەرپ قىلىپ، دىخۇا — ئىلى، دىخۇا — قۇمۇل تاش-
يولىنى ئاساسەن دېگۈدەكلا قايتا ياساپ چىقتى؛ شۇ قاتاردا
دىخۇا — قۇمۇل تاشيولىنى قۇمۇلدىن شىڭشىڭشاغىچە كېڭەي-
تىپ، غەربىي - شىمال تاشيولىنى تۇتاشتۇردى؛ دىخۇا — ئىلى
تاشيولى شىئەندىن تاكى جۇڭگو، سوۋېت چېگرىسىدىكى قورغاس-
قىچە ئۇلاندى. بۇ ئىككى لىنىيە قۇرۇلۇشىدا كولانغان تۇپا جەم-
ئىي 6 مىليون 457 مىڭ كۇب مېتر، پارتلىتىلغان تاش 120 مىڭ كۇب
مېتر، سەرپ قىلىنغان ئەمگەك كۈچى 3 مىليون 230 مىڭ، پولات ماتېرى-
ياللىرى 710 توننا، پارتلاتقۇچ دورا 160 توننا، سېمونت 1500
توننا، تاماملانغان 250 تونىنلىق كۆۋرۈك 2439، پۈتكەن قاتناش
بېكەتلىرى 91، ياسالغان ئۆي 1650 ئېغىزدىن ئاشىدۇ. ئىنتايىن
ئېغىر ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلىدىغان بۇ تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ
ئىنژېنېر - تېخنىكلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن
بولغان بولسا، ئەمگەك كۈچى يەرلىك مىللەتلەردىن، يەنى ئا-
ساسەن جاپاكەش ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن بولغانىدى. جەنۇبىي
شىنجاڭدىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ ھاشارغا تۇتۇپ ئېلىپ كېلىن-
گەن ئاچ - يالىڭاچ ئۇيغۇر دېھقان يىگىتلىرى (بۇلارنىڭ ئارى-
سىدا مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارمۇ بار) نىڭ بىر قىسمى-
لىرى شىمالىي شىنجاڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا، بىر قىسىملىرى ئۈ-
رۈمچى - قۇمۇل ۋە قۇمۇل - شىڭشىڭشا تاشيول قۇرۇلۇشىغا
ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلار يازنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرىغا، زىمىستان
قىشنىڭ نەشتەردەك سانجىلىدىغان دەھشەتلىك سوغۇقلىرىغا بەر-
داشلىق بېرىپ ئىشلىدى. سۇيى يوق باياۋان قۇملۇقلاردا، ئا-
دەمسىز چۆللۈكلەردە گەمە كولاپ يېتىپ قوپتى. ئاچلىق، يالى-
ڭاچلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى، ھەتتا بىرەر زاغرا نانغا،
بىرەر قاچا تالقانغا تەشنا بولۇپ ھاياتىدىن ئايرىلغانلارمۇ ئاز



كۆرۈلمىدى. ئاچلىق، سوغۇق دەستىدە ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا
بولۇپ، جەسىتى چۆلدە قالغانلار، خېيىم - خەتەرگە يولۇقۇپ
ئىز - دېرەكسىز يوقالغانلارمۇ ئاز بولمىدى. ھاياتىنى ئالدىنقى
سەپكە ياردەم بېرىشكە ئاتىغان بۇ مىڭلارچە قەھرىمانلىرىمىزنىڭ
باللىرى يېتىم قالدى، خوتۇن - چوكانلىرى تۇل قالدى. ئاتا-
ئانىلىرى يىغلىشىپ نەزر - چىراق قىلدى. كۆيگەن - سۆيگەن
ئاشىق - مەشۇقلىرى لېۋىنى چىشلەپ، ئېتىزلىقتا ئۆتكەن كۆل-
پكە - چاقچاقلىق مۇھەببەت ھاياتىنى ئەسلەپ مەڭگۈلۈك خىيال
دېڭىزىغا غەرق بولدى..... لېكىن، قان ئىچەر شېڭ
شىسەي ئۇلارنىڭ تىرىكىگە ئىگە بولۇپ، ئۆلىكىگە
ئىگە بولمىدى، ئۇلارنىڭ ئائىلە قىيىنچىلىقىدىن خەۋەر ئالمى-
دى، ھەتتا ئۇلارنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىدى، كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈ-
شى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىسمى - جىسمى ئۇنتۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ
ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

* * *

1937 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇراجىئەتنامە ئېلان قى-
لىپ، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش
توغرىسىدا كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ باردى، شۇ قاتاردا ھەرقايسى
ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ئۈرۈمچىگە ۋە قوشنا ۋىلايەتلىرىگە
تۇتىشىدىغان تاشيوللىرىنى جىددىي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ۋىلايەت-
لەردىن ئۈرۈمچىگە ۋە ئۈرۈمچىدىن ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىلىدى-
غان ماددىي ياردەملەرنىڭ قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تاپ-
شۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر پۇقرا-
لارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ قېلىشىغا قارىماي ئومۇميۈز-
لۈك ھاشارغا ھەيدەپ، تاشيول قۇرۇلۇشىنى جىددىي تۇتتى.
1938 -، 1939 - يىللىرى دۆربىلجىن - چۆچەك تاشيولى، ئۈ-

رۇمچى - يەنجى تاشيولى، يەنجى - ئاقسۇ تاشيولى، ئاقسۇ - قەشقەر تاشيولى، قەشقەر - خوتەن تاشيولى چوڭ رېمونت قىلىندى ۋە 1564 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يېڭىدىن ياسالدى. 1937 - يىلى 7 - ئايدىن 10 - ئايغىچە بولغان قىسقىغىنە ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە: (1) 362 كىلومېتىر تاشيول يېڭىدىن ياسالدى؛ (2) 26 كىلومېتىر تاشيول ئەسلىدىكى ئاساسىدا قايتا رېمونت قىلىندى؛ (3) تۆت چوڭ كۆۋرۈك ياسالدى؛ (4) تۆت ئورۇنغا تاشيول بېكەتلىرى قۇرۇلدى، ئەمما بۇ ۋەزىپىلەر ئىنتايىن مۇشكۈل شارائىتتا ئورۇندالدى؛ بۇ يېڭى ياسالغان تاشيوللار: 1 - دىخۇا - ئىلى تاشيولى لىنىيىسىدە سەنتەيگىچە سەككىز كىلومېتىر، دۇۋوپۇغىچە 14 كىلومېتىر ياسالدى؛ 2 - دىخۇا - قۇمۇل تاشيولى لىنىيىسىدە داۋانچىڭدا بەش كىلومېتىر، چىگىتتەيدىن - سەنباۋغىچە 202 كىلومېتىر ياسالدى؛ 3 - قۇمۇل، چىتەي، يەتتە قۇدۇق، تۇرپان ئارىلىقىدا 131 كىلومېتىر يول ياسالدى؛ 4 - ئۇقبۇلاققىچە يەنە ئىككى كىلومېتىر يېڭىدىن ياسالدى، گوزىگو جىلغىسىدىكى 26 كىلومېتىر كېلىدىغان تار يوللار كېڭەيتىلدى.

بۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە يەنە تۆت چوڭ كۆۋرۈك يېڭىدىن سېلىندى. بۇلار 1 - دىخۇادىكى شىداچاۋ، يەنى ھازىرقى قىزىلتاغ كۆۋرۈكى؛ 2 - داۋانچىڭ كۆۋرۈكى؛ 3 - كۈيتۈن دەرياسى كۆۋرۈكى؛ 4 - قۇتۇبى چوڭ كۆۋرۈكىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئارىسىدا قىزىلتاغ كۆۋرۈكى ھەممىدىن مۇھىم ھەم قۇرۇلۇشى ئەڭ مۇرەككەپ بولۇپ، ئۈچ يۈزدىن كۆپ ئادەم ئۈچ ئاي كېچە - كۈندۈز ئىشلەش ئارقىلىق ناھايىتى قىيىندا پۈتتۈرگەنىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە ۋىلايەت، ناھىيىلەردىمۇ بىر قىسىم كۆۋرۈكلەر يېڭىدىن ياسالغان ۋە رېمونت قىلىنغانىدى. مەسىلەن: چۆچەك - دۆربىلجىن كۆۋرۈكى قايتىدىن سېلىنغاندىن باشقا، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى 35 كىلومېتىر يول قايتا رېمونت قىلىندى؛ خوتەننىڭ قارىقاش ۋە يۇرۇڭقاشقا ئىك-



كى چوڭ كۆۋرۈك يېڭىدىن سېلىندى؛ باي ناھىيىسىنىڭ قاپسىلاڭ، تەلۋىچۇك دەرياسىغا يېڭىدىن ئىككى كۆۋرۈك سېلىندى؛ تۇرپان تەۋەسىدە چوڭ - كىچىك 15 كۆۋرۈك سېلىندى. يۇقىرىقى كۆۋرۈك ۋە تاشيوللار پۈتۈنلەي (ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ھۆكۈمەت تېخنىك ئىشچىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) پۇقرالارنى ھاشارغا ئىشلىتىش، ھەقسىز ئىشلىتىش بەدىلىگە پۈتتۈرۈلدى.

يەنە، ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە توشۇلىدىغان ياردەم ۋە ماددىي ئەشيالارنى توشۇش - يۆتكەش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە مەخسۇس ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، يەرلىكتە، يەنى ھەرقايسى غول قاتناش لىنىيىلىرىدە 25 ئورۇندا ترانسپورت تارماق ئىدارىسى ۋە ترانسپورت پونكىتلىرى قۇرۇلدى؛ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 400 يۈك ماشىنىسى سېتىۋېلىنىپ، شىنجاڭدىن يەنئەنگە توشۇلىدىغان ياردەم ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنىڭ ۋاقتىدا يۆتكىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ئۈرۈمچى، دۆربىلجىن، چۆچەك، شىخو، قۇمۇل، كورلا، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ماشىنا - ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. سوۋېتتىن يەنە ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ھەر خىل ماشىنا زاپچاس سايمانلىرى، ماي قاتارلىقلار سېتىۋېلىندى. شۇ قاتاردا يەنە ئۈرۈمچىدىكى ماشىنىسازلىق مەكتىپىدە (بۇ مەكتەپ 1935 - يىلى تەسىس قىلىنغانىدى) 300 نەپەردىن ئارتۇق شوپۇرلار بىلەن ماشىنا رېمونت ئىشچىلىرى ئوقۇتۇلۇپ، مەلۇم دەرىجىدىكى تېخنىكىلىق سەۋىيىگە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تۆگە ترانسپورت ئەترىتىنى تەسىس قىلىپ، ئۇلاغ كۈچى بىلەنمۇ يۈك توشۇشنى يولغا قويدى.

1939 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن باشلاپ ئۈرۈمچى - چۆچەك، ئۈرۈمچى - قۇمۇل، قۇمۇل - لەنجو - شىئەن تاشيوللىرىدىكى ترانسپورت توشۇش كۈچلىرى جەھەتتە ماتورلۇق

قاتناش ئاساس، ئۇلاغ ترانسپورتى ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى، يەنى 60% ماشىنا ترانسپورتى، 40% ئۇلاغ ترانسپورتى بىلەن قاتناش، توشۇش يولغا قويۇلدى. 1939 - يىلى پۈتۈن يىللىق ماشىنا قاتناش قېتىم سانى 1938 - يىلىدىكىدىن 50%؛ پۈتۈن يىللىق يۆتكەش، توشۇش مىقدارى 1938 - يىلىدىكىدىن 28%؛ پۈتۈن يىللىق ترانسپورت مال مىقدارى 1938 - يىلىدىكىدىن 23%؛ پۈتۈن يىللىق يولۇچىلار توشۇش مىقدارى 1938 - يىلىدىكىدىن 45%؛ ھەرقايسى لىنىيىلەردىكى پۈتۈن يىللىق نورمال يۆتكەپ - توشۇش ماشىنا قېتىم سانى 21% ئاشتى. ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پۈتۈن يىللىق تىجارەت كىرىمى (ساپ پايدا) 26 مىليون 274 مىڭ 385 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

1940 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى تاشيوللارنى قايتا ياساش، رېمونت قىلىش ۋە كۆۋرۈك سېلىش ئىشلىرى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى. 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پۈتتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تاشيوللار ۋە كۆۋرۈكلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) دىخۇا - ئىلى تاشيولى (تارماق يوللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ ياسالغان ئورۇنلۇقى 370 كىلومېتىر؛ ياسالغان، رېمونت قىلىنغان كۆۋرۈكلەر 1430 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ۋە چوڭ تىپتىكى كۆۋرۈكلەر 25) دىن ئېشىپ كەتتى.

(2) ئۈرۈمچى - قۇمۇل، شىنجاڭ - گەنسۇ چېگرا پاسىلى تاشيول لىنىيىسى؛ بۇ لىنىيىدىكى پۈتتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 831 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن بىرىنچى دەرىجىلىك تاشيول 422 كىلومېتىر، پۈتتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن كۆۋرۈك 194 (بۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كۆۋرۈك ئۈچ) دىن ئاشىدۇ.

(3) قۇمۇل - سۈڭشۇتاڭ لىنىيىسىدىكى پۈتتۈپ ئىشقا كى-



رىشتۈرۈلگەن تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 32 كىلومېتىر، ياسالغان چوڭ ۋە كىچىك تىپتىكى كۆۋرۈكلەر تاتمىش بىردىن ئاشىدۇ.

(4) دىخۇا - مورى دەرياسى لىنىيىسى؛ بۇ ئارىلىقتا پۈتتۈرۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 266 كىلومېتىر، ياسالغان چوڭ ۋە كىچىك تىپتىكى كۆۋرۈكلەر يەتتە يۈز يىگىرمە بىردىن ئاشىدۇ.

شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئېلىپ بارغان شۇنچە كۆپ جاپالىق تاشيول قۇرۇلۇشلىرى پەقەت يەرلىك خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن ئۈرۈمچىگە بىۋاستە كەلتۈرۈلىدىغان ئاشلىق، چارۋا، گۆش، ياغاچ ماتېرىياللىرى، پاختا، كىگىز...... قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى يۆتكەش؛ بۇ ماددىي بۇيۇملارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم ھېسابىدا بەرگەن ماددىي بۇيۇملىرى بىلەن قوشۇپ ئۈرۈمچىدىن لەنجۇ، شىئەن ۋە يەنئەنلەرگىچە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق جىددىي تاشيول ياساش دولقۇنى قوزغالغانىدى. چۈنكى، 1939 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، دىخۇا تاشيول باش ئىدارىسى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى چاقىرىپ، ئۆلكە تەۋەسىدىكى بارلىق ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەيدىغان ماددىي ياردەملىرىنى بىخەتەر توشۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يول، كۆۋرۈكلەرنى ياساشنىڭ زۆرۈرلىكى؛ ئەگەر يول كۆۋرۈكلەر ۋاقتىدا پۈتمەي، يەنئەنگە توشۇلىدىغان شىنجاڭ خەلقىنىڭ ماددىي ياردەملىرى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىلمىسە، ئالدىنقى سەپنىڭ ھەل قىلغۇچ قىيىنچىلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش چاقىرىقى بويىچە ھەرقايسى ئورۇنلار تەۋەسىدىكىلەرنى جىددىي

ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، يول، كۆۋرۈك ياساشنى نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي ۋەزىپە دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. شۇڭلاشقا ھەرقايسى ناھىيىلەر ۋىلايەتلىك ۋە ئۆلكىلىك تاشيول قۇرۇلۇشىغا بىر تۈركۈم ئەمگەك كۈچىنى ھاشارغا ئەۋەتكەندىن سىرت، قالغان ئادەملىرىنى ئۆز تەۋەلىكىدىكى يوللارنى ياساشقا ئومۇميۈزلۈك جىددىي سەپەرۋەر قىلدى، بۇ جەريانىدا، ھەرقايسى ناھىيىلەر ياسىغان يوللار تۆۋەندىكىچە:

ئىلى رايونىنىڭ توققۇزتارا ناھىيىسى 1941 - يىلى 10 - ئاي ئاخىرىغىچە پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، قاۋۇل ئەمگەك كۈچلىرىنى تاللاپ كېچە - كۈندۈز نۆۋەت بىلەن ئىشلىتىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاساسلىق قاتناش يوللىرىنى بىخەتەر قاتناش يولىغا ئايلاندۇردى؛ ھەر كۈنى ھەر قېتىمدا 1500 ئادەم ئالمىشىپ ئىشلەپ، ئۆلكە چۈشۈرگەن پىلاننى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداپ بولدى ھەم تاشيول قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

ئۇنىڭدىن قالسا، يەكەن - قاغىلىق ئىككى ناھىيە قىسقىغىنە نەچچە ئاي ئىچىدە تەۋەسىدىكى يوللارنى ۋە شەھەر قاتناش يوللىرىنى 1941 - يىلى 11 - ئايدا پۈتۈنلەي ياساپ تاماملاپ، شۇ كۈنى ئۆلكىگە خۇش خەۋەر تېلېگراممىسى يوللىدى ھەم ئۆز ناھىيىلىرىدە قاتناش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

لوپنۇر ناھىيىسىمۇ ئۆز تەۋەسىدىكى بارلىق ئەمگەك كۈچىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، تەۋەلىكىدىكى بارلىق يوللارنى بىخەتەر قاتناشقا لايىقلاشتۇرۇپ ياسىدى ھەمدە لوپنۇردىن كۇچاغىچە، لوپنۇردىن چاقىلىققىچە بولغان قاتناش لىنىيىسىنى تۇتاشتۇردى. 1941 - يىلى 12 - ئايدا پىلاندىكى يول قۇرۇلۇشىنى ئۈزۈل - كېسىل تاماملاپ تۈگەتتى.

1939 - يىلى 9 - ئايدىن 1941 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە



ئىلى - قورغاس تاشيولى ياسالدى، ئەمما بۇ قاتناش لىنىيىسى ھەم ئۇزۇن ھەم خەتەرلىك بولغانلىقى ئۈستىگە، چوڭ - كىچىك كۆۋرۈكلەر كۆپ ياسالدى، سەرپ قىلىنغان ئەمگەك كۈچىمۇ بىر قەدەر زور سالماقنى تەشكىل قىلدى.

ئاۋات ناھىيىسى ئاقسۇ ناھىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ساچىڭزىدىن لاۋتاڭغىچە بولغان تاشيولنى ياسىدى، بۇ يول قۇرۇلۇشى 1941 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 1942 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە داۋاملاشتى. مەزكۇر يولنى ياساش داۋامىدا ھەر قېتىم 7240 ئادەم 15 كۈندىن نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىدى؛ يەنە 845 دانە ياغاچ ھارۋا ھەر 15 كۈندە بىر ئالماشتۇرۇلۇپ تاش، قۇم، ياغاچ ۋە شاخ - شۇمبا توشۇدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 300 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بۇ يولنىڭ كەڭلىكى ئون مېتىر، شالغۇم يېيىتىلغان قىسمىنىڭ كەڭلىكى ئالتە مېتىر، يېيىتىلغان شالغۇمنىڭ قېلىنلىقى ئون مىللىمېتىر بولدى.

1941 - يىلى 10 - ئايدا، ئىلى رايونلۇق مەھكىمە تەۋەسىدىكى ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملارنى يىغىپ تاشيول قۇرۇلۇشى مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچتى ھەمدە سۈيدۈڭدىن سەنداۋخېزىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاشيوللارنى ياساشنى قارار قىلدى. شۇ قاتاردا تاشيول قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى تەسىس قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىش تەشۋىقاتىنى ئېلىپ باردى. نەتىجىدە 13 مىڭ ئادەم ھەقسىز ياردەم ھېسابىدا ئىشلىگەندىن تاشقىرى، يەنە نەچچە مىڭ ئادەمنى كۈنلىكىگە ئىككى يۈەن پۇل بېرىپ ئىشلەتتى، يالغۇز غۇلجىدىلا 831 ئادەم كۈنلىكىگە ئىككى يۈەندىن توختاملىق ئىشچى بولۇپ ئىشلىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئادەتتىكى تۇپا يوللار ۋە كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ

بىرىلىپ، يەرلىك قاتناش ترانسپورتى راۋانلاشتۇرۇلدى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) دۆربىلجىن - چۆچەك ئارىلىقىغا 377 كىلومېتىر توپا يول ياسالدى، 38 ئورۇنغا چوڭ - كىچىك تىپتىكى كۆۋرۈكلەر ياسالدى.

(2) يەنجىدە ھەرقايسى رايونلار ئارا تۇتۇشىدىغان 82 كىلومېتىردىن ئارتۇق توپا يول ياسالدى، 27 ئورۇنغا چوڭ - كىچىك تىپتىكى كۆۋرۈكلەر ياسالدى.

(3) ئاقسۇ رايونىدا ھەرقايسى ناھىيە ۋە رايونلارغا بارىدىغان 4435 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى توپا يول ياسىلىپ، جەمئىي 19 ئورۇنغا چوڭ - كىچىك تىپتىكى كۆۋرۈكلەر ياسالدى.

(4) قەشقەر رايونىدا 390 كىلومېتىر توپا يول ياسىلىپ، 33 ئورۇنغا چوڭ - كىچىك تىپتىكى كۆۋرۈكلەر ياسالدى.

(5) خوتەن رايونىدا 255 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى توپا يول ياسىلىپ، 243 كۆۋرۈك سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى كۆۋرۈك چوڭ ھەم ئۇزۇن بولۇپ، بىر يىلدا ئارانلا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

1939 - يىلدىن 1941 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى رايونلاردا نەچچە مىڭ كىلومېتىر تاشيول ۋە توپا يول ياسىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن توشۇلىدىغان ماددىي ياردەملەرگە، ترانسپورت قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، شۇ قاتاردا يەنە ئۈرۈمچىدىن باشقا ۋىلايەت، رايونلاردىكى قاتناش لىنىيىلىرىدە شۆبە ترانسپوت ئىدارىسى، پونكىتلار ھەم ۋەكالەتەن ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىمۇ قۇرۇلدى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۈرۈمچى - ئىلى لىنىيىسىدە ترانسپوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىدىن بىرى، پونكىتتىن ئىككىسى، شۆبە پونكىتتىن ئىككىسى، ۋەكالەتەن ئىش بېجىرىش ئورنىدىن تۆتى قۇرۇلدى.



(2) ئۈرۈمچى - چۆچەك لىنىيىسىدە ترانسپورت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىدىن بىرى، پونكىتتىن ئىككىسى، شۆبە پونكىتتىن بىرى، ۋەكالەتەن ئىش بېجىرىش ئورنىدىن ئۈچى قۇرۇلدى.

(3) ئۈرۈمچى - قۇمۇل لىنىيىسىدە ترانسپورت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىدىن بىرى، پونكىتتىن تۆتى، شۆبە پونكىتتىن ئىككىسى، ۋەكالەتەن ئىش بېجىرىش ئورنىدىن ئۈچىسى قۇرۇلدى.

(4) ئۈرۈمچى - قەشقەر لىنىيىسىدە ترانسپورت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىدىن بىرى، پونكىتتىن تۆتى، شۆبە پونكىتتىن ئۈچى، ۋەكالەتەن ئىش بېجىرىش ئورنىدىن ئۈچى قۇرۇلدى. بۇ يوللاردىكى ماشىنا قاتناش قېتىم سانى ۋە يۆتكەپ توشۇلغان يۈك مىقدارى تۆۋەندىكىچە:

1940 - يىلى نورمال يۆتكەپ توشۇشقا قاتناشقان ماشىنا قېتىم سانى 1680 ماشىنا قېتىم، توشۇلغان يۈك مىقدارى 9 مىليون 759 مىڭ تونىنا؛ 1941 - يىلى نورمال يۆتكەپ توشۇشقا قاتناشقان ماشىنا 2520 ماشىنا قېتىم، يۆتكەپ توشۇلغان يۈك مىقدارى 14 مىليون 587 مىڭ 500 تونىنا؛ 1942 - يىلى نورمال يۆتكەپ توشۇشقا قاتناشقان ماشىنا قېتىم سانى 3420 ماشىنا قېتىم، يۆتكەپ توشۇلغان يۈك مىقدارى 19 مىليون 237 مىڭ 500 تونىنا بولغانىدى. 1942 - يىلى يۆتكەپ توشۇلغان يۈك مىقدارى 1940 - يىلدىكىدىن 103% كۆپ بولدى، ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 1940 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىل جەريانىدىكى تىجارەت كىرىمى جەمئىي 1 مىليارد 318 مىليون 446 مىڭ 259 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي چىقىم 1 مىليارد 119 مىليون 219 مىڭ 482 يۈەن بولۇپ، ئېشىپ قالغان ساپ پايدا 199 مىليون 226 مىڭ 777 يۈەن بولدى.

ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە، 1940 - يىلى 100

ماشىنا، 1941 - يىلى 200 ماشىنا، 1942 - يىلى 200 ماشىنا، جەمئىي 500 ماشىنا سېتىۋالدى؛ بۇ ئۈچ يىلدا ماشىنا - ئۈسكۈنە، سايمان، زاپچاس خىراجىتى 71 مىڭ 360 يۈەنگە يەتتى. بۇ ئۈچ يىلدا يەنە 600 نەپەر تېخنىكنى ئوقۇتۇش - تەربىيەلەش ئۈچۈن 253 مىڭ 332 يۈەن چىقىم قىلدى.

1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كوللېكتىپ ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ماشىنا سانى 1100 گە يەتتى، 37 ئورۇندا بېكەت تەسىس قىلىندى، بەش ئورۇنغا ماشىنا رېمونت قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى، ئۈچ ئورۇنغا چوڭ تىپتىكى ماشىنا رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى، تېخنىك دەرىجىلىك شوپۇرلار سانى 565 نەپەرگە، ئادەتتىكى شوپۇرلار سانى 750 نەپەرگە، رېمونتچىلار سانى 157 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنۈپ، بۇرۇنقى تۆگە، ئات، كالا، ئېشەك ترانسپورتى ئىككىنچى ئورۇنغا، ماشىنا ترانسپورتى ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈشكە باشلىدى.

دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1938 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1940 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگوغا بەرگەن 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ئايروپىلان، تانكا، زەمبىرەك، يېنىك تىپتىكى قوراللار، ئوق - دورا، قاتناش ئەسلىھەلىرى، يېقىلغۇ ماي، ھەربىي ماشىنا ۋە سانائەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بىلەن شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىن يۆتكىلىدىغان زور مىقداردىكى ماددىي بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن تاشيوللار ۋە ماشىنا، ئۇلاغ ترانسپورتى ئارقىلىقلا ئالدىنقى سەپ ئۇرۇش مەيدانلىرىغا يەتكۈزۈلگەن ھەم ئۇرۇش رايونلىرىدىكى قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ھەل قىلغۇچ جىددىي ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىنغانىدى.



(6)

1943 - يىلدىن باشلاپ خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. جاللات، مىلىتارىست شېڭ شىسەي ئىلغارلىق نىقاۋىنى يىرتىپ تاشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستلارغا ۋە خەلققە ئاشكارا ھالدا قارشى چىقىشقا باشلىدى. ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، شىنجاڭدا پائالىيەت قىلىۋاتقان كوممۇنىستلارنى ۋە ئۇلارغا ياردەملىشىپ خىزمەت ئىشلەۋاتقان ئىنقىلابچىلارنى، يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىلغار، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر زاتلارنى تۈرمىلەرگە قاماپ، ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىيىن - قىستاق قىلدى ۋە ئۇلارغا پۈتۈنلەي زىيانكەشلىك قىلدى. ئۆزىنى گومىنداڭ جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولۇۋاتقان دوستانە مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىدى؛ سوۋېتلىك ئالىم، مۇتەخەسسىس، ئىنژېنېر ۋە مەسلىھەتچى - تېخنىكلارنى شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، گومىنداڭنىڭ زور تۈركۈمدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، ئىشپىيونلىرىنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ، شىنجاڭدا فاشىستلىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى باشلىدى. نەتىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى كوممۇنىستلارغا بېرىدىغان ھەر تەرەپلىمە ياردىمى ئۈزۈلۈپلا قالماستىن بەلكى شىنجاڭنىڭ ئالدىنقى سەپكە بېرىدىغان ياردەملىرىمۇ شېڭ شىسەينىڭ خەزىنىسىگە كىرىپ كەتتى، سوۋېت - شىنجاڭ قاتنىشى توختىتىلدى؛ شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت كەيپىياتى، تىنچلىق مۇھىتى بۇزۇلۇپ، پۇقرالار قايتىدىن غەم - ئەندىشىگە چۈشتى. شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش ۋە سانائەت

ئىشلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، پۇقرالار ئۇستىدىكى ئالۋان - ياساقلار بىلەن باج - سېلىقلار ھەسسىلەپ كۆپىيىپ، نامراتلىق، ئاچارچىلىق دەستىدىن خەلقلەر كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ھالەتكە بېرىپ يەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شېڭ شىسەي ۋەكىللىكىدىكى فاشىستلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىشپىيون، جاسۇسلىرى يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئىناۋەتلىك، ئابرويلۇق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئاشكارا ھەم خۇپىيانە ھالدا تۇتقۇن قىلىپ، ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتتى. تۈرمىدە ۋە سىرتلاردا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. فاشىستلار يەنە ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پەس كۆرۈش، ھاقارەتلەش، تۇسالغۇسىزلا ئاياغ - ئاستى قىلىش بىلەن مىللىي زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى. مانا شۇنداق بىر ۋەزىيەت ئاستىدا زۇلۇمغا چىدىمىغان ئىلى، چۆچەك ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقى قوزغىلىپ چىقىپ، گومىنداڭ فاشىستلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنى پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسىگە قانات يايدۇردى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1) 1938 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ۋە 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنلىرىدىكى خەنزۇچە شىنجاڭ گېزىتى.

2) 1941 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى خەنزۇچە شىنجاڭ گېزىتى.

3) جاڭ داجۇننىڭ «شىنجاڭدىكى 70 يىللىق بوران - چاپقۇن» دېگەن ئەسىرىنىڭ 5 -، 6 -، 7 - توملىرى.

4) شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ ئۇيۇشمىسى نەشر قىلغان «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ»نىڭ 3 -



توم، 2 - سانلىرى، شۇ توپلامنىڭ 1940 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ قاتناش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى.

5) «بۈگۈنكى شىنجاڭ» 1943 - يىلى گۇيياڭ مەركىزىي گېزىت ئىدارىسى نەشر قىلغان.

6) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (3 - قىسمى)، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» ۋە «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» قاتارلىق كىتاب - ژۇرناللاردىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار.

**新疆文史资料选辑（29）　（维吾尔文）**
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会　编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷三厂印刷
850×1168毫米　32开本　13印张
1990年11月第1版　1990年11月第1次印刷
印数：1——3,000

ISBN7—228—01478—2/K·126　定价：3.00元
（内部发行）

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (29)**
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى 54 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 13
1990 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1990 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 3,000
ISBN 7—228—01478—2/K·126
باھاسى: 3.00 يۈەن
(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)